قۇرئانى-كەرىم نۇرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەر تارىخى



# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

## (مەدىنە دەۋرى)

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

2013-يىلى 5-ئاي

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئىرفان
گرافىك لايىھىلىگۈچى: راسىم شاكىرئوغلى
ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
astane3@gmail.com

ئوسمان نۇرى توپباش

قۇرئانى-كەرىم نۇرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەر تارىخى

# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

**مەدىنە دەۋرى (2 ـ قىسىم)**

ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ

**«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»** (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت)

لَقَدْ جَاءكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ
حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِالْمُؤْمِنِينَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ

**«(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر. مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 128-ئايەت)

قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ
لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ناھايىتى مېھرىباندۇر»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 31-ئايەت)

قُلْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ فإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْكَافِرِينَ

**«ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كافىرلارنى (يەنى**

**ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 32-ئايەت)

مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَكِن رَّسُولَ اللَّهِ
وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا

**«مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ). ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، (سىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپى ئەمەس)»** (ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت)

وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَآمَنُوا بِمَا نُزِّلَ عَلَى مُحَمَّدٍ
وَهُوَ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ كَفَّرَ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَأَصْلَحَ بَالَهُمْ

**«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا-قۇرئان ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر-ئىمان ئېيتقانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ)»** (مۇھەممەد سۈرىسى، 2-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كەۋسەر بۇلىقىغا تۇنجى ئېرىشىدىغانلاردىن بولۇپ، سىلەرنى ئۇ يەردە كۈتىمەن! سىلەر بىلەن ئۇچرىشىش يېرىمىز ھەۋزى كەۋسەردۇر. مەن ھازىر ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن! مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا گۇۋاھلىق بېرىمەن! ھازىر ماڭا زېمىننىڭ خەزىنە ۋە ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى، مۇشرىكلىككە قايتىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقمايمەن! لېكىن سىلەرنىڭ دۇنيا ئۈچۈن بىر-

بىرىڭلاردىن قىزغىنىپ، بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلىشىدىن قورقىمەن!»
(بۇخارى: «جەنائىز»، 73؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 31)

«شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن ۋە سىلەرنى كۈتىمەن! دىققەت قىلىڭلاركى، (ئەتە ئاخىرەتتە) سىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىغان يېرىمىز ھەۋزى كەۋسەرنىڭ بېشىدۇر. ئەتە مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىغان كىشى قولى ۋە تىلىنى گۇناھتىن ساقلىسۇن!»
(بۇخارى: «سەلات»، 80؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 227-بەت)

دۇنيا نېمىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئېرىشتى.
ئۇنىڭغا جەمئىيەت ۋە ھەر بىر شەخس قەرزدار! ياق!
ئۇنىڭغا پۈتكۈل ئىنسانىيەت قەرزدار!
ئى ئاللاھ! بىزنى مەھشەردە بۇ ئىقرارىمىز بىلەن تىرىلدۈرگىن!

-مەھمەد ئاكىف ئەرسوي

# مۇندەرىجە

## ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى / 15


رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كېلىشى .......................... 15

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھىبخېنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .... 17

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىشى .......................... 19

مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئەھدى .................. 22

مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پەزىلەتلىرى .......................... 26

مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ بەلگىلىمىلىرى .......... 41

مەدىنىنىڭ ھەرەم ئېلان قىلىنىشى .......................... 46

مەدىنە بازىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ رەتكە سېلىنىشى ........... 48

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ۋە ھوجرىسىنىڭ سېلىنىشى .... 53

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەشۋىق قىلىش .......................... 63

تۇنجى ئەزان .......................... 70

ئەسھابى سۇففە (سۇففە ئەھلى) ئىلىم-ئېرپان مەكتىۋى .............. 74

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئۆيلىنىشى ....... 81

مەدىنىنىڭ ئەھۋالى .......................... 83

ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلىشى
سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا سىلەرمۇ ئۇرۇش ئېچىڭلار! ................ 88

ئاللاھ يولىدا جىھاد .......................... 93

بەزى سەرىييەلەر .......................... 102

## ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى / 107

بەزى غازاتلار ۋە بەتنى نەھلە سەپىرى ......107
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ......111
روزا، فىتىر سەدىقىسى ۋە زاكات ......117
ئېتىكاپ ......129
بۈيۈك بەدىر ئۇرۇشى ......132
پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى ......153
بەدىر شېرلىرى ......158
بەدىردىن قايتىش ......164
ئەسىرلەرگە مۇئامىلە ......166
غەنىيمەتلەر ھەققىدىكى ھۆكۈم ......179
شېھىدلىك دەرىجىسى ......182
پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەبنىڭ مەدىنىگە كەلتۈرۈلۈشى ......189
يەھۇدىلار ۋە بەنى قەينۇقا غازىتى ......192
سەۋىق غازىتى ......199
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئۆيلىنىشى ......200
ئەھلى بەيت ۋە ئەھلى بەيت مۇھەببىتى ......206

## ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى / 211

ئىبرەت تەجەللىلىرى بىلەن تولغان ئۇرۇش: ئوھود غازىتى ......211
ساھابىلارنىڭ شاھادەت ئاشقى ......213
شېھىدلەرنىڭ خوجىسى ھەزرىتى ھەمزە ......221
ئۆزرە ئىشىگىنى تاقىغان ساھابە: سەئىد ئىبنى رەبى ......235
ئوھود شېھىدلىرى ......235
بىز ئوھۇدنى ياخشى كۆرىمىز، ئوھۇدمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ! ......244
ئوھۇد غازىتىدىكى ھېكمەتلەر ......245

ھەمرائۇل ئەسەد غازىتى........................................247
مىراس مەسىلىسى........................................250


## ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى / 255


رەجى ۋەقەسى........................................255
بىرى مائۇنە ۋەقەسى........................................261
بەنى نەزىرنىڭ خائىن پىلانى........................................264
ھاراق ۋە قىمارنىڭ چەكلىنىشى........................................272
زاتۇر رىقا غازىتى........................................278
كىچىك بەدىر غازىتى........................................284


## ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلى / 287


سەلمان فارىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ھۆرلۈككە ئېرىششى........287
تەبەننى (بالا قىلىۋېلىش)نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى........296
ھىجابنىڭ پەرز قىلىنىشى........................................300
مۇرەيسى غازىتى........................................303
تەيەممۇم........................................306
ئىفك (تۆھمەت) ۋەقەسى........................................309
دۈشمەن ئۆلاردۇر: ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلە!........................318
چىدىغۇسىز مۇشەققەت ۋە ئازاب ئۈستىگە ئازاب: خەندەك غازىتى.....323
خەندەكتە بېرىلگەن بىشارەت........................................327
ھەزرىتى جابىرنىڭ تامىقىنىڭ بەرىكەتلەندۈرۈلۈشى..................329
خەندەكتە تارتىلغان مۇشەققەتلەر........................................333
خەندەك غازىتىدىكى قەھرىمانلىقلار........................................337
بەنى قۇرەيزە غازىتى........................................345

## ھجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى / 351

پەتىھلەرنىڭ ئاچقۇچى: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى
كەبە ئىشتىياقى بىلەن قىلىنغان سەپەر ............................351
رىزۋان بەيئىتى: ئاللاھ رازى بولغان بەيئەت ...........................355
ھۇدەيبىيە سۈلھىسى: دەۋەتنىڭ يېڭى باسقۇچى.........................359
روشەن پەتىھ: قاتمۇ ـ قات ئاشقان ھىدايەت بەرىكىتى ...............368

## ھجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى / 374

پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش .............................374
يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى سېھىرلىشى .........................397
خائىن ۋە پاساتچى يەھۇدىيلارغا ئاخىرقى زەربە:
خەيبەرنىڭ پەتىھ قىلىنىشى ..........................................399
بەندىنىڭ ھەققىگە ئەھمىيەت بېرىش ................................410
دەۋسلەرنىڭ مەدىنىگە كېلىشى .......................................412
ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشى ........................413
يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى زەھەرلىمەكچى بولۇشى...............415
مۇتئە مەسىلىسى.....................................................417
خەيبەردىن قايتىش...................................................420
قازا ئۆمرىسى ........................................................423

## ھجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى / 429

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەبنىڭ ۋاپاتى.....................429
بىر توپ ساھابىلار يازغان داستان: مۇئتە ئۇرۇشى (جەيشۇل ئۇمەرا)...430
خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ماھىر قۇماندانلىقى ...........................439
ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى: مەككىنىڭ پەتىھ قىلىنىشى ...........443
كەچۈرۈم بايرىمى ......................................................460

مەككىلىكلەرنىڭ بەيئىتى ........................... 466
ئامانەتنى ئۆز ئەھلىگە بېرىڭلار ........................... 467
تەڭداشسىز ۋاپا ........................... 472
ھۇنەين غازىتى ........................... 474
ئەۋتاس ئۇرۇشى ........................... 480
تائىف مۇھاسىرىسى ........................... 480
غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ........................... 484
بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ........................... 495
مەككىگە ۋالى ۋە مۇئەللىم تەيىنلەش ........................... 498

## ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى / 501

تىل قىلىچى ........................... 501
پاسىقنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاڭلار ........................... 507
بۈيۈك بىر ئىمتىھان: تەبۇك غازىتى ........................... 509
ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك ........................... 519
سائەتۇل ئۇسرە: قىيىنچىلىق ۋاقتى ........................... 524
تەبۇك شېھىدى ........................... 534
مۇناپىقلارنىڭ خىيانىتى ۋە زىرار مەسجىدى ........................... 537
كىچىك جىھادتىن بۈيۈك جىھادقا ........................... 539
تەۋبىلىرى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ ساھابە ........................... 539
ئاسمان-زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھقا ئائىتتۇر ........................... 540
ئىبادەتسىز دىندا ياخشىلىق يوق! ........................... 549
تەبۇكتىن كېيىنكى باشقا ۋەقەلەر ........................... 553
ئەلچىلەر يىلى ........................... 556
ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى ........................... 559

**ھىجرەتنىڭ ئونىنچى يىلى / 563**

ئەدىي ئىبنى ھاتىمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى..........................563
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەججى:
ۋىدالىشىش ھەججى ..........................................566
بۈگۈن دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم ..........................580
غەزەپ تەجەللى قىلغان يەر ....................................582

**ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى / 588**

ئۇچرىشىش ۋە بۆيۈك ۋىدا: ئۇ ئالەمگە سەپەر ........................588
كائىناتنى قاپلىغان قايغۇ.......................................608

**ئەڭ گۈزەل ئۆلگە / 618**

**ئاخىرقى سۆز / 636**

# ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە بىر ئىلتىجا قىلغۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە كەلگۈسى بىر دۇنيانىڭ قۇرغۇچىسى، رەھبىرى، يېڭى قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسى، قىسقىسى ھەممە نەرسىسى ئىدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار زور كۆچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "مەسجىدى نەبى" سېلىنىپ بولغىچە، ئەبۇ ئەييۇب ئەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە يەتتە ئاي تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ئەييۇب ئەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىشىنىڭ بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخى بار.

يەتتە يۈز يىل ئىلگىرى مەدىنىگە (يەسرىب) كەلگەن يەمەن ھۆكۈمدارلىرىدىن تۇببە ئەبۇ كەرىب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئاشكارا بولۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى يەھۇدىي ئالىملاردىن بىلگەندە، ئۇ يەرگە بىر ئۆي سالدۇرغان. مەكتۇب يېزىپ ئالتۇن بىلەن مۆھۈرلىگەندىن كېيىن مەدىنىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن بىرىگە بەرگەن. ئەگەر بۇ ئۆيگە ئۆزى ئېرىشەلمىسە، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشنى بۇيرىغان[1]

1. ئىبنى ئەساكىر، -3جىلد، 334-335؛ سىھۇدى، 1-جىلد، 188-189

تۇببە ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان[2].

بۇ ئۆي ئەۋلاتتىن-ئەۋلادقا، دادىدىن-بالىغا مىراس قېلىپ، مەدىنە ئالىملىرىدىن بىرىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەبۇ ئەييۇب خالىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېلىپ توختىغان. بۇ ئۆي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى.

تۇببەنىڭ مەكتۇبىنى ساقلىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىشۋاتقانلىقىنى بىلىشى بىلەن مەكتۇبنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن سۈلەيم قەبىلىسىدىن ئىشەنچلىك بىر ئادەم بولغان ئەبۇ لەيلانى ئەۋەتكەن. ئەبۇ لەيلا مەككە يولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا يېنىغا چاقىرىپ:

- سەن ئەبۇ لەيلا بولامسەن؟ - دەپ سورىغان.

ئەبۇ لەيلا:

- شۇنداق! - دېيىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭ يېنىڭدا تۇببەنىڭ مەكتۇبى بار، مەكتۇبنى ماڭا بەرگىن! - دېگەن.

ئەبۇ لەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونىمايتتى. ھەيرانلىق بىلەن:

- سەن كىمسەن؟ چىرايىڭدىن سېھىرگەرنىڭ ئالامىتىنى كۆرمىدىم. مەكتۇبنىڭ مەندە بارلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟ - دەپ سورىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەن مۇھەممەد! مەكتۇپنى ماڭا بەر! - دېگەن.

ئەبۇ لەيلا مەكتۇپنى يۇشۇرۇپ قويغان يەردىن چىقىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەكتۇپنى ئوقۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم:

- مەرھابا، سالىھ قېرىنداش تۇببە! - دېگەن.

2. ئەھمەد: 5-جىلد، 340-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ لەيلاغا مەدىنىگە قايتىشنى بۇيرىغان. ئەبۇ لەيلا مەدىنىگە قايتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر مەدىنىلىك سۆيۈنچە بەرگەن[3].

**رەسۇلۇللاھنىڭ ساھىبخېنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ**

پەيغەمبەرلەر سۇلتانىنى ئۆز ئۆيىدە يەتتە ئاي كۈتۈۋېلىش شەرىپىگە نائىل بولغان ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆينىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە قېلىشى ئۈچۈن قانچىلىك چىڭ تۇرغان بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەبۇ ئەييۇب! ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە قېلىش بىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق» دېگەن.

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئائىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن خىزمەت قىلىپ، ياتقان يەرلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياق تەرىپىگە كېلىپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ، تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلىغان.

بىر كۈنى سۇ تولمى چېقىلىپ كېتىپ، سۇنىڭ ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇنىڭ بۇ ئەزىز مېھمىنىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ، بىئارام قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىردىنبىر يېپىنچىسى بولغان پاختا يوتقانىنى ئېلىپ، جىددىيلىك بىلەن يەرلەرنى تۇسۇۋالغان. ئەتىسى ئەتىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشنى ئۆتۈنگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاستىنقى قەۋەت تېخىمۇ مۇۋاپىق!ـ دېگەندە، ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

3. ئىبنى ئەساكىر: 3ـ جىلد، 335ـ بەت، 5ـ جىلد، 176ـ بەت.

- سىز ئاستىنقى قەۋەتتە قالسىڭىز، بىز ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقالمايمىز! - دېگەن.

بۇنىڭ بىلەن ئورنىنى ئالماشتۇرغان[4].

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلغان كۈنلەردە تاماق ئېتىپ كىرگۈزگەن. تاماقنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بەرىكىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى تەككەن يەرلەرنى ئىزدىگەن. بىر قېتىم پىيازلىق ياكى سامساقلىق بىر تاماق كىرگۈزگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېمىگەن.

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاماقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماق ئىزىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەندىشە قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چىقىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ تاماق ھاراممۇ؟ - دەپ سورىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق! لېكىن پۇرىقىنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى مەن پەرىشتىلەر بىلەن سۆزلىشىمەن. - دېگەن.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سەن ياقتۇرمىغان نەرسىنى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن! - دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەر ئۇنى يەڭلار! - دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىممۇ ئۇ كۆكتاتتىن تاماق قىلمىغان[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ۋە پەرىشتىلەرنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن قانچىلىك ئەستايىدىل بولغانلىقىنى بۇ مىسالدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

---

4. مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 171؛ ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 116-بەت.
5. مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 170-171؛ ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 116-بەت.

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىق مەزگىلىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قوستانتىنىيە (ئىستانبۇل) پەتھە قىلىنىدۇ، ئۇنى پەتھە قىلغان قوماندان نېمىدېگەن ياخشى قوماندان، ئۇنى پەتھە قىلغان ئەسكەر نېمىدېگەن ياخشى ئەسكەر!» دېگەن مەدھىيەسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەكسەن ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئىككى قېتىم ئىستانبۇل قورشاۋىغا قېتىلىپ، كېيىن قىلىنىدىغان پەتھىنىڭ تۈنجى نەپەرلىرىدىن بولۇپ، بۇ يولدا روھىنى ئاللاھقا تەسلىم قىلغان. ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن كېيىن پەتھە قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا جەستى بىلەن بولسىمۇ، نىشان كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرگە: «جەسىتىمنى قەدىمىڭلار يەتكەن ئەڭ ئاخىرقى نوقتىغا كۆمۈڭلار!» دېگەن[6].

**ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىشى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، ئۆگەي دادام ئەبۇ تەلھە قولۇمدىن تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئەنەس ئەقىللىق بىر بالا، ساڭا خىزمەت قىلسۇن!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى بولدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىلىدە، سەپەردە ئون يىل خىزمەت قىلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىلىپ سالغان بىر خاتالىقىم تۈپەيلىدىن: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» ياكى ئۆز جايىدا ئادا قىلمىغان بىر ئىشقا: «بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ؟» دەپ باقمىدى. (مۇسلىم: «فەزائىل»، 52)

6. ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 484 ـ 485 ـ بەتلەر.

باشقا بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئەنەسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە كىرىشى مۇنداق بولغان:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم-تەشرىپ قىلغاندا ئەر-ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئەنسارلار بىر قىسىم ھەدىيەلەر بەرگەن. لېكىن ئۇممۇ سۇلەيم ھەدىيە قىلىدىغان بىر نەرسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ، كۆڭلى يېرىم بولغان. كېيىن ئوغلى ئەنەسنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئەنەس ساڭا خىزمەت قىلسا مۇناسىپ كۆرەمسەن؟" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلغان. (سىيمەۋدى: 1-جىلد، 271)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مېنى بىر يەرگە ئەۋەتمەكچى بولدى، مەن: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بارمايمەن" دېدىم. ھالبۇكى، كۆڭلۈمدە بېرىشنى قارار قىلغان ئىدىم. چۈنكى بۇيرۇقنى بەرگۈچى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىدى. يولغا چىقتىم. كوچىدا ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئويناپدىم. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن كېلىپ مۈرەمدىن تۇتتى، ئۆرۈلۈپ ئارقامغا قارىغىنىمدا، كۈلۈمسىرەپ:

«بالام ئەنەس! مەن دېگەن يەرگە باردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى.

"ھازىرلا بارىمەن ئى رەسۇلۇللاھ!" دېدىم. (مۇسلىم: «فەزائىل»، 54)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا بىر خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

"بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن "پەيغەمبىرىمىزنى قەيلۇلە ئۇيقۇسىدا" (چۈشلۈك ئارام ئۇيقۇسى) دەپ، باللارنىڭ يېنىغا باردىم، مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرىۋاتقان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئويناۋاتقان باللارغا سالام بېرىپ، مېنى چاقىرىپ بىر يەرگە ئەۋەتتى. مەن باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن

قايتىپ كەلگىچە بىر سايىدا ئولتۇرۇپ ساقلاپ تۇردى. ئانامنىڭ يېنىغا قايتىشتا كېچىكىپ قالغان ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ئانام:

- نېمىشقا كېچىكتىڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى.

- دېدىم.

ئانام:

- ئۇ نېمە ئىشتى؟ - دەپ سورىدى.

بۇنىڭ بىلەن مەن:

- بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سىرىدۇر! - دېدىم.

ئانام:

- ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھنىڭ سىرىنى ساقلىغىن! - دېدى.

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان سابىت مۇنداق دەيدۇ:

ئەنەس ماڭا: " ئى سابىت! ئەگەر ئۇ سىرنى بىرسىگە ئېيتىدىغان بولسام، ساڭا ئېيتاتتىم!" دېگەن. (ئەھمەد: 3 - جىلد، 195 - بەت)

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا ئۆز تەڭتۇشلىرىدەك مۇئامىلە قىلىپ، بىر قىسىم سىرلارنى بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بويى باللارغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، باللار بىلەن باللارچە دوست بولغان. بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە:

«كىمنىڭ بىر بالىسى بولسا ئۇنىڭ بىلەن (ئوينىشىپ) كىچىك باللاردەك بولسۇن!»(دەيلەمى: 3 - جىلد، 513 - بەت)

«باللىرىڭلارغا ئىكرام ۋە ياخشى تەربىيە قىلىڭلار!»(ئىبنى ماجە: «ئەدەب»، 3) دەپ، باللىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈرنەك ھاياتى باللارنىڭ تەربىيىلىنىشى جەھەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ يېنىدىكى ئەنەسكە قانداق بىر تەربىيە بەرگەن بولغىيدى؟، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى بىرەر قېتىممۇ ئاچچىقلىنىش

ئېھتىياجى بولمىغان. 55 ياشلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ياشلىق ئەنەسنىڭ روھىغا كىرىشتە قانداق بىر يول تۇتقان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ بىلەن دوستلاردەك چاقچاقلىشالىغان، ۋاقتى كەلگەندە ئۆز سىرىنىمۇ بېرەلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدە يېتىشكەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك بالا بولۇشىغا قارىماي، ۋايىغا يەتكەن بىر ئادەمگە ئوخشاش ئىش قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماي، ئۇ سىر بىلەن قەبرىگە كىرگەن. ھەزرىتى ئەنەسنى بۇ سەۋىيەگە يەتكۈزگەن شۈبھىسىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىدۇر.

## مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئەھدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغاندىن باشلاپ ئىسلامغا كىرگەنلەرگە قانداق ئىرق، قانداق مىللەت بولىشىدىن قەتئىي نەزەر باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئىسلام قېرىنداشلىقىنى ئورناتقان. بىرى ھەجرەتتىن ئىلگىرى، يەنە بىرى ھەجرەتتىن كېيىن ئىككى قېتىم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا "قېرىنداشلىق ئەھدى" قىلغۇزغان. مەككىدىكى ئەھدە قۇرەيشكە مەنسۇپ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇللار بىلەن قېرىنداشلىقنى ئېلان قىلىشى بىلەن بولغان. مەسىلەن: زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ھەزرىتى ھەمزە؛ ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى سالىم بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ؛ بىلال ھەبەشى بىلەن ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس قېرىنداش بولغان[7].

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ بۇ شەكىلدە بىر-بىرلىرىگە كىرىشىپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ھەجرەتتىن كېيىن ئىككىنچى بىر قېرىنداشلىق ئۆرنىكىنى كۆرسەتكەن.

مۇھاجىرلار مەدىنىگە تۇنجى كەلگەن كۈنى ئۇلارنى ئۆيلىرىدە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەنسارلار بىر-بىرلىرى بىلەن مۇسابىقىلاشقان. ھەتتا، بۇ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا كېلىشىپ بولالماي، چەك تاشلاشقان[8].

7. ئىبنى سەييىدىن ناس: 1-جىلد، 321-بەت: ئىبنى ھەبىب: 70-بەت.
8. بۇخارى: «جەنائىز»، 3؛ «مەناقىبۇل ئەنسار»، 46.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بەش ئايدىن كېيىن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى ئىككى-ئىككىدىن قىلىپ، قېرىنداش قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېرىنداشلىق ئەھدىسىنى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە قىلغان[9].

مەسىلەن: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھارىسە ئىبنى زەيد بىلەن؛ ھەزرىتى ئۆمەر ئۇتبان ئىبنى مالىك بىلەن؛ ئەبۇ ئۇبەيدە سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن؛ ھەزرىتى ئوسمان ئەۋس ئىبنى سابىت بىلەن[10]؛ ھەزرىتى بىلال ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان بىلەن[11]؛ ھەزرىتى سەلمان ئەبۇ دەردا بىلەن[12]؛ سالىم مۇئاز ئىبنى مائىز بىلەن[13]؛ ئەممار ھۇزەيفە بىلەن (ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قېرىنداش بولغان[14]. بۇ قېرىنداشلىق ئەھدىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ مىجەزلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىشىغا دىققەت قىلىنغان.

ھەر بىر مۇھاجىر ئائىلىنى مەدىنىلىك بىر ئائىلە ئۆز يېنىغا ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىلىرىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىلغان ساھابىلەر بىرلىكتە ئىشلەپ، قولغا كەلتۈرگەن پايدىنى تەڭ بۆلگەن. ئەنسارلار ئارتۇق يەرلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرلەرنى مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلغان. ئەنسارلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان:

«ئى رەسۇلۇللاھ! خورمىزارلىقىمىزنىمۇ مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە شېرىك قىلدۇرغىن!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

9. بۇخارى: «ئەدەب»، 67.
10. ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 124-125
11. ئىبنى سائاد، 3-جىلد، 233-234
12. بۇخارى، "ئەدەب"، 67
13. ئىبنى ئابدىلەر، 2-جىلد، 567-بەت
14. ھاكىم، 3-جىلد،

«ياق، ئۇنداق بولمايدۇ!» دەپ، قوبۇل قىلمىغاندا ئەنسارلار مۇھاجىرلارغا:

”ئۇنداق بولسا دەرەخلەرنىڭ پەرۋىش قىلىنىش ئىشىنى سىلەر ئۈستۈڭلارغا ئېلىڭلار ـ دە، مەھسۇلىنى ئورتاق ئالايلى!“ دەپ تەكلىپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ:

ـ ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق! ـ دەپ، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان.

(بۇخارى: «ھەرس»، 5)

بۇ قېرىنداشلىق ھەممە نەرسىسىنى مەككىدە تاشلاپ، تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاش ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان ئەنسارلارنىڭ ماددى، مەنىۋى ياردەملىشىشنى ئاساس قىلغان. دىنى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان مۇھاجىرلارغا غېرىپلىق ھېس قىلدۇرماي، مەدىنىگە كۆندۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك قۇرۇشنى نىشانلىغان.

كۆز ـ كۆز قىلىشتىن يىراق ۋە ئىمان سۆيگۈسىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ قېرىنداشلىق ئەھدىسى مىراس ھوقۇقىدىن تارتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەق، باراۋەرلىك، ياردەملىشىش قاتارلىق بىر مۇنچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[15].

قېرىنداش بولغانلار بىر ـ بىرلىرىنىڭ ۋەلىيسى ۋە مىراسخورى بولغان. بۇ قېرىنداشلىق ئەھدىسى كېيىن بىر پرىنسىپ بولۇپ داۋاملىشىش بىلەن بىرلىكتە، مىراسقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋەھيىگە بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋارىس بولۇش پەقەت نەسەب جەھەتتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىلا خاس قىلىنغان[16].

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

15. بۇخارى: «كەفالە»، 2، «ئەدەب»، 67.

16. سۈرە ئەنفال، 72 ـ 75؛ بۇخارى: «فەرائىز»، 16.

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەسىس قىلغان قېرىنداشلىق سەۋەبى بىلەن بىر مۇھاجىر، ئەنسار قېرىندىشىغا قانداش ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بۇرۇن ۋارىس بولغان.“ لېكىن:

وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَالِيَ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالأَقْرَبُون

**«ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق، ئۇلار ئاتا-ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 33-ئايەت)

دېگەن ئايەت بىلەن بۇ ۋارىسلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئايەتنىڭ داۋامىدا تىلغا ئېلىنغان:

وَالَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ فَآتُوهُم

**«سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ-پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار.»** ئىپادىسى بىلەن ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ھوقۇقى ياردەم، قوللاش، نەسىھەت، خەيرخاھلىق قىلىش بىلەن كۈپايىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ھوقۇقى بولغان (يەنى قانۇنى جەھەتتىن ھەققى دەپ ھېسابلىنىدىغان) مىراسخورلۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. لېكىن بىر كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن (مالنىڭ ئۈچتە بىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن) ۋەسىيەت قىلالىغان (بۇخارى: «تەپسىر»، 4/7؛ ئەبۇ داۋۇد: «فەرائىز»، 16/2922)

بۇ ئەھدە بىلەن ئىسلامدىن ئىلگىرى مەدىنىدە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا يىللاردىن بۇيان داۋاملاشقان خۇن داۋالىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر تۇققان قېرىنداشلاردىنمۇ كۈچلۈك قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان. ئۇلار بىر-بىرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن تاڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن. بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا سەمىمى ھۆرمەت بىلەن: ”مەن سىنى كۆرمىگەندىن بۇيان ئەھۋالىڭ قانداق؟“ دەپ ئەھۋال سورىغان. ئومۇمى قىلىپ ئېيتقاندا، بىر-بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراشماي

ئۈچ كۈن ئۆتكۈزمىگەن. ئىلاھىي ئىلتىپاتقا نائىل بولغان بۇ قېرىنداشلىق قۇرئانى-كەرىمدىمۇ مەدھىيىلەنگەن[17].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى ئىشنى ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئورنىتىش بىلەن باشلىغان. چۈنكى جەمئىيەت ئىچىدىكى ھەمكارلىقنى ئەڭ ياخشى ساقلايدىغان ئامىللار، ئۆزئارا مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ۋە بىر-بىرىگە ياردەملىشىش ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان بۇ قېرىنداشلىق دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇلۇۋاتقان جەمئىيەتنى قەبىلە، قەۋم، ئىرق، قۇل-ھۆر، باي-كەمبەغەل قاتارلىق تەبىقىلەر ئاساسىغا ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ئىسلام قېرىنداشلىقى ئۈستىگە قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئېتىبارى بىلەن چوڭ ئوخشىماسلىقققا ئىگە بولغان ئىنسان تەبىقىلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان.

## مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ پەزىلەتلىرى

"بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە كۆچكەن" دېگەن مەنىدىكى "مۇھاجىر" كەلىمىسى كۆپىنچە، مۇشەققەت ۋە ئەزىيەتلەرنىڭ چىدىغۇسىز ھالەتكە كېلىشى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مەككىلىك مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

مۇھاجىرلار يانلىرىدا كۆتۈرەلەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ سىرتىدا پۈتۈن مال-مۈلكىنى تاشلاپ، كۆچ-كۆچ قىلغان. مۇشرىكلار مۇھاجىرلار تاشلاپ كەتكەن ماللارنى شۇ ھامان مۇسادىرە قىلغان. مۇسۇلمانلار چوڭ ئىقتىسادىي زىيان تارتقان. لېكىن ئۇلار مال-دۇنيا ياكى ھەر قانداق بىر مەنپەئەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمىگەن. چۈنكى ساھابە-كىرام ئىمانىنىڭ لەززەت ۋە ھالاۋىتىنى تېتىغان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ يولىدا ھەممە نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرغان.

17. سۈرە ھەشر، 9-ئايەتكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلارغا ھەرقانداق بىر ئىشنى بۇيرىغاندا: "ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ!" دەپ، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئارزۇسىنىمۇ بۇيرۇق شەكلىدە قوبۇل قىلىپ، ئەمرىگە تەييار تۇرغان. مەدىنىگە كېتىشكە توسقۇن بولماقچى بولغان مۇشرىكلەرگە مەككىدىكى بايلىقىنىڭ ساقلانغان يېرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ھىجرىتىنى تاماملىغان سۇھەيب ئىبنى سىنان يەنى مەشھۇر ئىسمى بىلەن سۇھەيبى رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ يولىدا ئېغىر قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلاردىن بىرى بولغان سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان. مەككىلىكلەردىن بەزىلىرى ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ:

"سەن بۇ يەرگە كەمبەغەل ۋە ئاجىز بىر كىشى بولۇپ كېلىپ، ئارىمىزدا كاتتا بايلىقلارغا ئېرىشتىڭ! ئاخىرىدا ئۆزەڭ بىلەن مال-دۇنيالىرىڭنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچىمۇ سەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز!" دېگەن.

سۇھەيب شۇ ھامان ئۇلاقتىن يەرگە چۈشۈپ، ئوقداندىكى ئوقلارنى چىقىرىپ:

"ئى قۇرەيش جامائىتى! سىلەر ياخشى بىلىسىلەركى، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۇستا مەرگەنلەردىن بىرىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يېنىمدىكى ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئېتىپ، ئوق تۈگىگەندە قىلىچىم بىلەن ئېلىشىمەن. بۇلاردىن بىرسى قولۇمدىلا بولسا سىلەر ماڭا يېقىنلىشالمايسىلەر. لېكىن بۇلار قولۇمدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا خالىغىنىڭلارنى قىلالايسىلەر. ئەمدى مەن سىلەرگە بايلىقىمنىڭ يېرىنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇنى سىلەرگە بېرىۋەتسەم، يولۇمنى ئېچىپ، قويىۋېتەمسىلەر؟" دېگەن.

مۇشرىكلار تەكلىپنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايلىقىنىڭ ساقلانغان يېرىنى ئېيتىپ بېرىپ يولنى داۋاملاشتۇرغان. رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇباغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇلسۇم ئىبنى ھىمد ئېلىپ كەلگەن ئۇممۇ جىرزان خورمىلىرىدىن بىر ساپاق بولۇپ، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولدا كۆزى ئاغرىپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، خورمىلاردىن يېيىشكە باشلىغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقچاق قىلىپ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! سۇھەيبنى كۆردىڭىزمۇ؟ كۆزى ئاغرىپ تۇرۇقلۇق ھۆل خورما يەۋاتىدۇ؟!“ دېگەندە:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيبكە:

«كۆزۈڭ ئاغرىپ تۇرۇپ، ھۆل خورما يەۋاتامسەن؟» دەپ سورىغان.

سۇھەيبمۇ:

”مەن ئۇنى كۆزۈمنىڭ ئاغرىمىغان تەرىپى بىلەن يەۋاتىمەن!“ دەپ، جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلىپ (سۇھەيبنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بېرىپ مەككىلىك مۇشرىكلاردىن جېنىنى قۇتقازغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ):

«سۇھەيب غەلىبە قىلدى! سۇھەيب غەلىبە قىلدى! ئەي ئەبۇ يەھيا! سودا پايدىلىق چىقتى! سودا پايدىلىق چىقتى!» دېگەن. (ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 226 ـ 230؛ ھاكىم: 3 ـ جىلد، 450 ـ 452)[18]

مۇھاجىرلار بۇ پىداكارلىق بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىۋاتقاندا، مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىمان كۈرىشىگە يارىشىدىغان ئىمان مۇھەببىتى بىلەن ئۇلارنى باغرىغا باسقان. ئۆزلىرىگە قۇچاق ئېچىپ ھەممە نەرسىلىرىنى ئورتاق ئىشلىتىشكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولغان ئەنسار

18. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلد، 332 ـ بەتكە قاراڭ

قېرىنداشلىرىغا يۆلەك بولۇشنى خالىمىغان بەزى مۇھاجىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەمگەكسىز بېرىلگەن نەرسىلەرنى ئالمىغان. بەزىلىرى پەقەت ئەنسارلارنىڭ خورما باغچىلىرىدا ئىشلەپ ئۆز ئەمگىكى بىلەن پۇل تېپىشنى ئارزۇ قىلغان. يەنە بىر قىسىم مۇھاجىرلار تىجارەت قىلىشنى تاللىغان. دەرۋەقە، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلاردىن بىرسىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداش ئېلان قىلىنغان سەئىد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

ـ مانا ماللىرىم، ئۇلارنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاللاھ ماللىرىڭغا بەرىكەت، ئائىلەڭگە ئامانلىق بەرسۇن. سەن ماڭا مەدىنە بازىرىنى كۆرسەتكىن، يېتەر.ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ شەكىلدە تىجارەت قىلىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا باي بولغان.

(بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 3)

ۋەھيىنىڭ تۇنجى چاقىرىلغۇچىلىرى بولغان، قىينچىلىقلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقان، بۇ يولدا ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچراپ، ئاخىرىدا يۇرتلىرىدىن چىقىرىلغان مۇھاجىرلار ئاللاھتائالانىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن. چۈنكى ئۇلار ھېچبىر دۇنيا مەنپەئەتىنى ئەمەس، پەقەتلا ئېتىقادى بىلەن ئەركىن ياشاش ئۈچۈن پۈتۈن نەرسىلىرىنى تاشلىغان. مۇھاجىرلار بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىپلا قالماي، دىنىي ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلغان. چۈنكى قۇرئانى ـ كەرىم ۋاقتى كەلگەندە، ھىجرەت قىلمىغانلارنى تەنقىتلىگەن[19].

ئاللاھتائالا قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇھاجىرلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

19. نىسا سۈرىسى، 97 ـ ئايەتكە قاراڭ

فَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَأُخْرِجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَأُوذُواْ فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُواْ وَقُتِلُواْ لأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ ثَوَابًا مِّن عِندِ اللّهِ وَاللّهُ عِندَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ

**«ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغفىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن.» بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 195 ـ ئايەت)

ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُواْ مِن بَعْدِ مَا فُتِنُواْ ثُمَّ جَاهَدُواْ وَصَبَرُواْ إِنَّ رَبَّكَ مِن بَعْدِهَا لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ

**«ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغفىرەت قىلىدۇ). شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت ۋە جىھادقا سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر.»**

(نەھل سۈرىسى، 110 ـ ئايەت)

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇھاجىرلار ئىنسانلاردىن يەتمىش يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن ساقلىتىلىدۇ.»(ھەيسەمى: 10 ـ جىلد، 15 ـ بەت)

مۇھاجىرلار ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دۇنيا ھاياتىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن كۆپلىگەن رەببانى مەرھەمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىم مۇنداق دېگەن:

وَالَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي اللّهِ مِن بَعْدِ مَا ظُلِمُواْ لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَأَجْرُ الآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ

**«زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇلار بىلىدىغان بولسا ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر.»** (نەھىل سۈرىسى، 41-ئايەت)

ئاللاھتائالا مۇھاجىرلار مەھرۇم قالغان نەرسىلىرىنىڭ ھېسابىغا ئۇلارغا بېرىلىدىغان غەنىيمەتلەردىن، باشقا ئىنسانلارغا نىسبەتەن كۆپرەك ئايرىغان. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

لِلْفُقَرَاء الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا وَيَنصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ

**«(ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 8-ئايەت)

مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە غېرىپلىق دەردىدىن باشقا مەدىنىنىڭ ھاۋاسىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۆنەلمەي، قىزىتما ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللەرگە گىرىپتار بولدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دادىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ ئۆرلىگەنلىكى

ۋە مەككە ھەسرىتىنى كۆرۈشى بىلەن ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى پەرۋەردىگارىم! مەككىنى بىزگە سۆيۈملۈك قىلغىنىڭدەك، مەدىنىنىمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن! شۇنداق سۆيۈملۈك قىلغىنكى، مەدىنىنى مەككىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەيلى. ئاللاھىم! مەدىنىنىڭ مەھسۇللىرىغا بەرىكەت ئاتا قىل، ھاۋاسىنى گۈزەللەشتۈر، قىزىتما ۋە بەزگەكلىك كېسەلنى جۇھفەگە[20] يۆتكە.» (بۇخارى: «فەزائىلۇل مەدىنە»، 12؛ مۇسلىم: «ھەج»، 480)

مەككىدىن ھىجرەت قىلغان جاپاكەش مۇھاجىرلارغا قۇچاق ئېچىپ، ئۇلارغا پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن سېخىلىق قىلغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى قوللىغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارغا "ياردەمچىلەر" مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان "ئەنسار" دېگەن ئىسىم بېرىلدى. ئەنساردىن يالغۇز بىر كىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "ئەنسارى"، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپ قىسمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن "ئەنسارىيۇن" دېگەن ئىسىملار قوللىنىلدى.

غەيلان ئىبنى جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ھەققىڭدە ئىلگىرى ئەنسار ئىسمى قوللىنىلغانمىدى؟ ياكى بولمىسا بۇ ئىسىمنى ساڭا ئاللاھ بەردىمۇ؟ - دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

- بۇ ئىسىمنى بىزگە ئاللاھ بەردى. - دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 1).

ئەنسارلار، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن تەركىپ تاپقان مەدىنىلىك ئىككى قېرىنداش قەبىلە ئىدى. پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون بىرىنچى يىلىدا خەزرەج قەبىلىسىدىن ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت ئۇرۇشۋاتقان ئەۋس

20. جۇھفە: ئۇ ۋاقىتلاردا يەھۇدىي ۋە مۇشرىكلارنىڭ توپلاشقان ئورنى ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان ئاھالىلەرگە قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرىدا پىتنە-پاسات چىقارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋابا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كاپىرلارغا ياردەم قىلىشقا ۋە پىتنە-پاسات چىقىرىشقا پۇرسەت تاپالماسلىقىنى تىلىگەن. (ئايىنى ئەسەر، 10-جىلد، 251-بەت)

قەبىلىسىگە قارشى قۇرەيشنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە مەككىگە كەلدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ تەبلىغ ۋە يول كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. خەزرەج قەبىلىسى مەدىنىگە قايتقاندا، ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ بۇ دىن سايىسىدە يوقىلىدىغانلىقى ۋە بۇرۇنقىغا ئوخشاش قېرىنداش بولىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىپ ئەۋس قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يىللارچە داۋام قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ھارغىنلىقى، ئىسلامنىڭ ياخشىلىقى بىلەن بىرلىككە كېلىپ كۈچلەندى. ئىككى قېرىنداش قەبىلە بىر يەرگە كېلىپ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئىككى، ئون ئۈچىنچى يىللىرىدا مەككىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئەتلىرى ئەمەلگە ئاشتى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە ئۆز مەملىكىتىگە ھىجرەت قىلغان تەقدىردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى قوغداپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. بۇنىڭ بىلەن ھىجرەت ۋە ئىسلام تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ئېچىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى ئىككى-ئىككىدىن قېرىنداش قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئەنسارلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى مەدىنىدىكى ئۆيلىرىگە، ئائىللىرىغا، باغ ۋارانلىرىغا شېرىك قىلىپ بىر تۇققان قېرىنداشتىنمۇ ئۈستۈن، ھەمكارلىق ئۈلگىسى كۆرسەتتى. قۇرئانى-كەرىم ئەنسارلارنىڭ بۇ سەممى مۇئامىلىسىنى مۇنداق مەدھىيىلىدى:

وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ

**«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) ئۇلارغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر**

**ئۇچۇن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 9-ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى دەپ خاتىرلەنگەن شۇ ۋەقە ئەنسارلارنىڭ پىداكارلىقىغا گۈزەل بىر مىسالدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئاچلىقتىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن بىرسى كېلىپ ياردەم سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ قېرىندىشىڭلارنى كىم مېھمان قىلىدۇ؟- دېدى.

ئەنسارلاردىن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مەن مېھمان قىلىمەن ئى رەسۇلۇللاھ! - دەپ، ئۇ يوقسۇلنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۆيىگە كەلگەندە، ئايالىغا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنىنى كۈتۈۋالايلى! ئۆيدە يەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئايالى:

- يوق! پەقەت بالىلىرىمغا يەتكىدەكلا بىر نەرسە بار. - دېدى. ساھابە:

- ئۇنداق بولسا بالىلارنى بەزلەپ تۇر. داستىخانغا كەلمەكچى بولسا ئۇلارنى ئۇخلىتىۋەت. مېھمىنىمىز ئۆيگە كىرگەندە، چىراقنى بىر باھانە قىلىپ ئۆچۈرىۋەت. داستىخاندا بىزمۇ يەۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلايلى. - دېدى.

داستىخاندا ئولتۇردى، مېھمان قورسىقىنى تويغۇزدى، ئۇلار ئاچ ھالەتتە ياتتى. ئەتىسى ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا:

- بۇ كېچە مېھمانغا قىلغان مۇئامىلەڭلەردىن ئاللاھتائالا رازى بولدى. - دېدى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 6/59؛ مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 172-173)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، مۇھاجىرلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھىجرەت قىلىپ كەلگەن بۇ قەۋمدەك مەرت كىشىلەرنى كۆرمىدۇق. مېلى كۆپ بولغىنى مال بەردى، ئاز بولغانلىرى پىداكارلىق

كۆرستىپ ياردەم قىلدى. دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ، ماللىرىغا شېرىك قىلدى. بىز پۈتۈن ئەجىر ۋە ساۋابلارنى بۇلار ئېلىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمىز" دېدى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- ياق! ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭلار ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپلا تۇرساڭلار، سىلەرمۇ (ساۋابقا نائىل بولىسىلەر)» (تىرمىزى: «قىيامەت»، 44/2484)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئەنسارلار خورمىلارنى بىر يەرگە توپلىغاندا ئىككىگە ئايرىيتتى. بىر تەرەپكە كۆپ، يەنە بىر تەرەپكە ئاز خورما قوياتتى. كېيىن ئاز بولغان تەرەپكە خورما تاللىرىنى قويۇپ (ئاز بولغان تەرەپنى كۆپ كۆرستىپ) مۇھاجىرلارغا: "قايسىسىنى خالىساڭلار شۇنى ئېلىڭلار" دەيتتى. ئۇلار (كۆپ كۆرۈنگەن دۆۋە ئەنسار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بولسۇن دەپ، ئاز كۆرۈنگەن دۆۋىنى ئالاتتى) بۇنىڭ بىلەن خورمىنىڭ كۆپ تەرىپى ئۇلارغا قالاتتى. ئەنسارلار بۇ ئۇسۇل بىلەن ئاز بولغان قىسمىنى ئۆزىگە ئايرىغان بولاتتى. خەيبەر پەتھ قىلىنغۇچە ئەنسارلارنىڭ بۇ ئالىيجانابلىقى داۋاملاشتى" (ھەيسەمى: 10-جىلد، 40)

ئەنسارلارنىڭ مۇھاجىرلارغا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەھرەيىن زېمىنىنى پارچە-پارچىگە ئايرىپ، ساھابىلەرگە بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەنسارلارنى چاقىردى. ئەنسارلار مەردانىلىك بىلەن:

"ئى رەسۇلۇللاھ! مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزغا بۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق تەقسىم قىلمىغۇچە بىزگە ھېچقانداق نەرسە بەرمىگىن!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەي ئەنسارلار! مادامىكى (باشقىلارنى ئۆز نەپسىڭلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ) ئېلىشنى خالىمىدىڭلار، ئۇنداقتا ھەۋزى كەۋسەردە ماڭا ئۇچراشقىچە سەۋر

قىلىڭلار! چۈنكى مەندىن كېيىن باشقىلار سىلەردىنمۇ ئەۋزەل كۆرۈلىدىغان بىر زامان كېلىدۇ.» دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 8)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى مۇنداق مەدھىيلىگەن:

«قارىشىمچە، سىلەر غازاتقا ۋە موھتاجلارغا ياردەمگە چاقىرىلغان ھامان كۆپىيىپ، توپ-توپ كېلىدىكەنسىلەر، دۇنيالىق بىر نەرسە بېرىلىش ئۈچۈن چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا، ئازىيىپ ئۇنىڭدىن ئۆزەڭلارنى بىھاجەت سانايدىكەنسىلەر.» (ئەلى ئەلمۇتتەقى: 14-جىلد، 66-بەت)

ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىرلارغا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە جەننەتكە، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولغان.

بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَالسَّابِقُونَ الأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُم بِإِحْسَانٍ رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**«ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 100-ئايەت)

ئەنسارلار ئىسلام دىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشتىن چېكىنمىدى. بەدىر غازىتىدا بۈيۈك پىداكارلىق كۆرسەتتى. ئەنسارلار، ئوھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار ئارقىدىن ھۇجۇمغا

ئۇچراپ، كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغان خەتەرلىك ئەھۋالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۆز بەدىنىنى قالقان قىلىپ، كائىناتنىڭ يولباشچىسىنى قوغداشتا پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىللاردا داستان بولغىدەك ساداقەت بىلەن باغلاندى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى ھەققىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ[21] بىلەن بىر سەپەرگە چىققان ئىدىم. (مەندىن چوڭ تۇرۇپ) جەرىر ماڭا خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭغا:

"بۇنداق قىلما!" دېيىشىم بىلەن:

"مەن ئەنسارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۆز-ئۆزەمگە: "ئەگەر ئەنسارلاردىن بىرى بىلەن قېرىنداش بولسام مەنمۇ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىمەن" دەپ قەسەم قىلغان ئىدىم" دېدى.

(بۇخارى: «جىھاد»، 71؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇسسەھابە»، 181)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر ھىجرەت بولمىسا ئىدى، مەن ئەنسارلاردىن بىرى بولاتتىم» دەپ، ئەنسارلارنىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىنى ئېيتقان.

ئەنسارلار (ئاللاھ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن)نىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى:

«ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقانلار ئەنسارلارغا غەزەپلەنمىسۇن.»

( بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 2)

21. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىكى بەجىلە قەبىلىسىنىڭ رەئىسى. ھىجرەتنىڭ 10-يىلى رامىزان ئېيىدا يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن ئۈچ ئاي بۇرۇن 150 كىشىلىك بىر ھەيئەت بىلەن مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەك ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە تەبەسسۇم قىلاتتى.

«ئۇلارنى پەقەت مۇئمىنلار ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا پەقەت مۇناپىقلار نەپرەت قىلىدۇ. ئەنسارلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا غەزەپلەنگەن كىشىگە ئاللاھمۇ غەزەپ قىلىدۇ.» (تىرمىزى: «مەناقىب»، 25/3906)

«ئەي ئىنسانلار! ئىنسانلار كۆپىيىۋاتىدۇ، لېكىن ئەنسارلار ئازلاۋاتىدۇ، ھەتتا تاماقتىكى تۇزچىلىك ئازلايدۇ.»(تىرمىزى: «مەناقىب»، 25/3900)

«سىلەرگە ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقىلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئۇلار مېنىڭ جامائىتىم، سىرداشلىرىم ۋە ئىشەنچىلىك كىشىلىرىمدۇر. ئۇلار ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلدى. خىزمەتلىرىنىڭ مۇكاپاتى تېخى تولۇق بېرىلمىدى. (ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ.) بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىغا ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، يامانلىق قىلغانلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار.» (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 11)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەنسار، مۇھاجىر ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە قارىتا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ شۇنداق مۇھەببەتكى، پۈتۈن ساھابىلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆزىنى ھەممە كىشىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلىقى چۈشەنچىسىدە ياشايتتى.

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەسجىدىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇراتتۇق. ئەنسار، مۇھاجىر ۋە قۇرەيش جەمەتىدىن بولۇپ، ھەممىسىدىن بىردىن گۇرۇپ بار ئىدى. "ئەجىبا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىچىمىزدىن قايسى گورۇپنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ؟" دەپ، تالاش-تارتىش قىلدۇق. بىز ئەنسارلار جامائىتى:

"بىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، دۈشمىنىگە قارشى يېنىدا ئۇرۇشتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزنى بەكراق ياخشى كۆرىدۇ" دېدۇق.

مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز:

”بىز ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۈچۈن ھىجرەت قىلدۇق، بۇ يولدا بالا-چاقىلىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى تاشلىدۇق. ماللىرىمىزدىن ۋاز كەچتۇق، سىلەر قاتناشقان ئۇرۇشلارغا بىزمۇ قاتناشتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ رەسۇلى بىزنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ“ دېدى.

بەنى ھاشىم جەمەتىلىك قېرىنداشلىرىمىز:

”بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرى، سىلەر قاتناشقان ئۇرۇشلارغا بىزمۇ قاتناشتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ رەسۇلى بىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كېلىپ:

«سىلەر بىر نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان ئىدىڭلار، نېمە توغرىسىدا سۆزلەشتىڭلار؟» دېدى.

ھەر بىرى سۆزلىگىنىنى تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر گۇرۇپقا:

«توغرا سۆزلەپسىلەر! كىم بۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلالايدۇ؟» دېگەندىن كېيىن:

- ئاراڭلاردا ھۆكۈم قىلىشىمنى خالامسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- ئەلۋەتتە ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن. - دېدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سىلەر، ئەي ئەنسارلار جامائىتى! مەن سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار - دېدى.

ئەنسارلار خۇشاللىقتىن:

- ئاللاھۇ ئەكبەر! كەبىنىڭ رەببىگە قەسەمكى، ئۇنى بىز ئۇتتۇق.- دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى مۇھاجىرلار جامائىتى! مەن سىلەردىنمەن. - دېدى.

مۇھاجىرلارمۇ خۇشاللىقتىن:

ـ ئاللاھۇ ئەكبەر! كەبىنىڭ رەببىگە قەسەمكى، ئۇنى بىز ئۇتتۇق. ـ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى بەنى ھاشىم جەمەتى! سىلەرگە كەلسەك، سىلەر مەندىن ۋە ماڭا كەلدىڭلار ـ دېدى.

بەنى ھاشىم جەمەتىمۇ خۇشاللىقتىن:

ـ ئاللاھۇ ئەكبەر! كەبىنىڭ رەببىگە قەسەمكى، ئۇنى بىز ئۇتتۇق. ـ دېيىشتى. ھەممىمىز خۇشاللىق بىلەن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ھەربىر گۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇشال بولدى.(ھەيسەمى: 10ـ جىلد، 14)

مەدىنىدە قۇرۇلغان ۋە تەخمىنەن تۆت يۈز ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان كىچىك ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئون يىلدا ئىراق، پەلەستىنگە قەدەر كېڭەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات مەزگىلىدە ۋىزانتىيە، ئىران بىلەن ئۇرۇشۇلدى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ ئون يىل ئىلگىرىكى ئەھۋالى، مۇئامىلىسى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئۆيلىرىنىڭ سىلىنىش شەكلى ھېچ ئۆزگەرمىدى. تۇرمۇشى رىيازەت ھالىتىدە داۋاملاشتى. ئىسراپخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھەشەمەتچىلىك، كۆز-كۆز قىلىش ساھابە جەمئىيىتى تونۇمايدىغان تۇرمۇش شەكلى ئىدى. ئۇلار داۋاملىق: "ئەتە بۇ جانىنىڭ ياتىدىغان يېرى قەبرە بولىدۇ" دېگەن چۈشەنچىدە ياشىدى. بۇ سەۋەبتىن دۇنيا نېمەتلىرىنى نەپسىگە خاس قىلىش ۋە ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىشتىن يىراق تۇردى. ئىمانىنىڭ لەززىتى بىلەن بۇ نېمەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ ئىشلەتتى. ھاياتنى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش پرىنسىپىدا شەكىللەندۈردى. دەرۋەقە، ئىسلامنىڭ مەزلۇم، ئۇرۇپ-سوقۇلغان ئىنسانلىرى ئارىسىدا سەھەردىكى تاڭ نۇرىغا ئوخشاش تارقىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ساھابىلەرنىڭ قەدىمى باسقانلىكى يەردە مۇكەممەل ئىسلام كىملىكىنى نامايەن قىلىشى ئىدى.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاس ئوقۇغۇچىلىرى بولغان ساھابە-كىرام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە شەپقەت، مەرھەمەت نەزىرى بىلەن قاراپ، غەمگۇزار، دۇرۇس، ئادىل، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، قەلبى رىسالەت نۇرى بىلەن تولغان ئالاھىدە مۇئمىنلەر ئىدى.

**مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ بەلگىلىرى**

مەدىنە مۇنەۋۋەر مەككىنىڭ شىمالىدا، ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن قورشالغان، جەنۇبى ئويمانلىق بىر شەھەردۇر. بۇ شەھەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ساپ، خورما باغچىلىرى كۆپ ۋە پاكىزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا مەدىنىدە ئەۋس، خەزرەج ئىسىملىك ئىككى ئەرەب قەبىلىسى بىلەن قەينۇقا، نەزىر ۋە قۇرەيزە ئىسىملىك ئۈچ يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. ئەرەب قەبىلىلىرى بۇ يەرگە "سەيلۇل ئەرم" دېيىلگەن سەل ئاپىتىدىن كېيىن يەمەندىن؛ يەھۇدىلار رۇملارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن پەلەستىندىن كەلگەن ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىلارنىڭ ئارىسى ئېچىلدى. نەتىجىدە ئەرەبلەر يەھۇدىلارنى يېڭىپ، مەدىنىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. لېكىن بىر مۇددەتتىن كېيىن يەھۇدىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن بۇ ئىككى قېرىنداش قەبىلە بىر-بىرلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ يىللارچە ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بۇئاس ئۇرۇشىدۇر. ئانچە-مۇنچە توختاپ قالغانلىرىنى قوشقاندا 120 يىل داۋاملىشىپ، ھىجرەتتىن تەخمىنەن 5 يىل بۇرۇن ئاخىرلاشقان بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر زىيان تارتىپ، ئاجىزلىدى. بۇ سەۋەبتىن ھىجرەت مەزگىلىدە يەھۇدىلار بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە مەدىنىنىڭ ھۆكۈمران كۈچى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن ئاللاھنىڭ مەرھىمىتى سايىسىدا بۇ ئىككى قېرىنداش قەبىلە ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك تۈگىدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَاعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ اللّهِ جَمِيعًا وَلاَ تَفَرَّقُواْ وَاذْكُرُواْ نِعْمَةَ اللّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَاء فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنتُمْ عَلَىَ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ النَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللّهُ لَكُمْ آيَاتِهِ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

**«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار، (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدى ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 103 ـ ئايەت)

ھىجرەتتىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىدە يەرلىشىپ كۈچلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن مەدىنىلىك مۇشرىك، يەھۇدىلارغا كۈشكۈرتۈش مەكتۇپلىرى ئەۋەتتى. بىر مەكتۇپتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، ئەۋس،خەزرەج قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە بولغان مۇشرىكلارغا مۇنداق تەھدىت قىلىندى:

”سىلەر بىزنىڭ ئادىمىمىزنى يېنىڭلاردا ساقلاۋاتىسىلەر، سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشىڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىشىڭلار كېرەك! ئەكسىچە بولغاندا پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بىز بىلەن ئۇرۇشقانلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىڭلارنى ئۆزىمىزگە ھالال قىلىمىز!“

بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغان مەدىنىلىك مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"ھەر ھالدا قۇرەيشنىڭ تەھدىتى سىلەرگە بەكلا تەسىر قىپتۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان زىيىنى سىلەرنىڭ بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆزەڭلارغا بېرىدىغان زىيىنىڭلاردىن ئارتۇق ئەمەس! دېمەك، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ جەمەتى ۋە قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سىلەر؟!" دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارقىلىپ كەتتى. (ئەبۇ داۋۇد، "ھاراج" 3400 /23ـ22؛ ئابدۇررازراق، 5ـ جىلد، 358ـ359)

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىز قالدى. تەلەپلىرى ئورۇنلانمىغان قۇرەيشنىڭ مەدىنىگە ئومۇمى ھۇجۇم قىلىشى، مۇسۇلمان، مۇشرىك، يەھۇدىي دەپ ئايرىماي پۈتۈن خەلقنى قەتلىئام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئىككى خەتەر مۇسۇلمان بولمىغان مەدىنىلىكلەرنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىشىغا ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا توپلىنىشىغا ۋەسىلە بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا بۇرۇندىن تارتىپلا ئەۋس، خەزرەج ۋە يەھۇدىيلاردىن ھەر بىرى، ئۆز جەمەتىنىڭ مەدىنىدە ھۆكۈمران بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مەسىلەن: خەزرەج قەبىلىسى ئۆزىنىڭ رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىشقا تەييارلىدى. ھالبۇكى، ئەۋس قەبىلىسى بىر خەزرەجلىكنى، خەزرەج قەبىلىسى بىر ئەۋسلىكنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈمران بولۇشىنى خالىمايتتى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مەدىنىلىكلەر ئۈچۈن بىرلەشتۈرگۈچى بىر ئىسىم بولدى.

بۇ شەرتلەر ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "مۇئاھات" دېيىلىدىغان ئەنسار، مۇھاجىر قېرىنداشلىقى بىلەن مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا جەمئىيەت نىزامىنى تەسىس قىلىپ، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنى پۇخرالىققا قوبۇل قىلىپ، مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. "مەدىنە ۋەسىقىسى" دەپ ئاتىلىپ، ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغان بۇ ئاساسى قانۇننىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

«بسم الله الرحمن الرحيم»

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»

1. قۇرەيش ۋە يەسرىبلىك (مەدىنىلىك) مۇئمىنلەر بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلغانلار، باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىم بىر ئۈممەتتۇر.

2. بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. تەقۋا ئىگىلىرى بولغان مۇئمىنلەر ئازغۇنلۇق قىلغان، زۇلۇم قىلماقچى بولغان، گۇناھ قىلغان، دۈشمەنلىك قىلغان ۋە مۇئمىنلەر ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق چىقارغان كىشىلەرگە قارشى بىرلىكتە قارشى چىقىدۇ. ئەگەر بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ بالىسى بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ.

3. جىنايەت قىلىشقا بولمايدۇ، قىلىنغان تەقدىردە مۇھاجىرلار ۋە مەدىنىدىكى ھەر بىر ئائىلە خۇن ھەققىنى بىرلىشىپ، ئۆرپ-ئادەتكە ئاساسەن ئۆتەيدۇ. ھەر بىر قەبىلە ئەسىرلىرىنىڭ قۇتۇلۇش يوللىرىنىمۇ مۇئمىنلەر ئارىسىدا مەلۇم بولغان ئادالەت دائىرىسىدە بىرلىكتە ھەل قىلىدۇ.

4. مۇئمىنلەر قەرزدار ۋە بالا-چاقىسى كۆپ بولغانلارنى ئۆز ئەھۋالى بىلەن قويۇۋەتمەي، ئۇلارنىڭ قۇتۇلۇش يوللىرى ياكى خۇن ھەققىنى ئۆز ئىچىدە مەلۇم بولغان ئادالەت ئاساسىدا ھەل قىلىدۇ.

5. مەدىنە ئىچى ۋە سىرتىدا ئامانلىق قوغدىلىدۇ. مەدىنىدىن چىققان ياكى مەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر خاتىرجەملىكتە بولىدۇ. لېكىن زۇلۇم قىلغان ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى بۇنىڭدىن خالى.

6. يەھۇدىلار دىنى ئەركىنلىككە ئىگە. يەھۇدىلار ئۆز دىنىدا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۆز دىنىدا قالسا بولىدۇ. بىزگە ئەگەشكەن يەھۇدىلار ھېچبىر زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن ۋە ئۇلارغا قارشى بىر ئىتتىپاق تۈزۈلمەستىن ياردەم قىلىنىدۇ. يەھۇدىلار مۇئمىنلەرنىڭ يېنىدا ئۇرۇشقا داۋام قىلىپلا تۇرسا، ئۇرۇش چىقىملىرىغىمۇ ئورتاق بولىدۇ.

7. ھەر ئىككى تەرەپ مۇشرىكلارنى ھىمايە قىلمايدۇ. قۇرەيش قەبىلىسى ۋە باشقا ياردەم قىلغانلار، ھېچبىر شەكىلدە ھىمايە قىلىنمايدۇ.

8. مەدىنە ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش چەكلىنىدۇ. يەسرىب ۋادىسىنىڭ ئىچى بۇ كېلىشىم ئىگىلىرى ئۈچۈن ھارام (يەنى دەخلى-تەرۇز قىلىنماس) بىر رايۇندۇر. ئەگەر سىرتتىن ھۇجۇم قىلىنسا، ھەر تەرەپ ئۆز رايۇنىنى قوغدايدۇ. بىر تەرەپنىڭ ئېلىپ بارغان سۈلھىسىنى باشقا تەرەپمۇ قوبۇل قىلىدۇ (ئۇرۇش ۋاقتىدا)، يەھۇدىيلارنىڭ چىقىملىرىمۇ ئۆزىگە ئائىت، مۇسۇلمانلارنىڭ چىقىملىرىمۇ ئۆزىگە ئائىت بولىدۇ. شۇ قەدەركى، ئۇلار بۇ كېلىشىم ئىگىلىرىگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ ۋە بىر-بىرلىرىگە قارشى يامانلىقنىڭ ئورنىغا نەسىھەت، ياخشىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ھەر قانداق كىشى ئىتتىپاقداشىغا يامانلىق قىلمايدۇ. زۇلۇم قىلىنغۇچىغا مۇتلەق ياردەم قىلىنىدۇ.

9. كېلىشمەسلىك چىقسا، مەسىلە ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئېيتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن ھۆكمىگە بويسۇنۇلىدۇ.

10. ئاللاھنىڭ ئەھدى ۋە تەمىناتى بىر (ئوخشاش سەۋىيەدىدۇر)؛ يەنى ئۇلارنىڭ ئەڭ پەس كۆرۈنگەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى مۇئمىنلەر باشقا ئىنسانلاردىن ئايرىم ھالدا بىر-بىرلىرىنىڭ ئىگىسى، ئىتتىپاقدىشى ۋە دوستىدۇر.

11. ئۇلاردىن (يەھۇدىيلاردىن) ھەرقانداق بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىسىز ھەربى سەپەرگە چىقالمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھتائالا بۇ كېلىشىملەرگە رىئايە قىلماسلىقتىن قاتتىق ساقلانغان، دۇرۇسلۇقنى شۇئار قىلغان كىشىلەردىن رازى بولىدۇ. بۇ بەلگىلىملەر بىر زالىمنى ۋە جىنايەتچىنى جازالاندۇرۇشقا ئەسلا توسقۇن بولمايدۇ.

ئاللاھ ياخشىلىق قىلغان ۋە يامانلىقلاردىن يىراق تۇرغان كىشىلەرنى ھىمايە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر."(ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 119-123؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 263-264؛ ھەمدۇللاھ: «ئەلۋەسائىق»، 57-64)

بۇ بەلگىلىمىلەر جەمئىيەتتە ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى ئۈچۈن لازىم بولغان ئاساسلار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق.

بىر شەھەر ئەھدىنامىسى بولغان مەدىنە شەھەر دۆلىتىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىسلامنىڭ مۇئامىلە بىلمەيدىغان، قانۇن ـ ھۆكۈم چىقارمايدىغان، پەقەت ئىبادەتتىنلا رەتكە سالىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى باتىل سەپسەتىلەرگە قارشى كەسكىن جاۋابتۇر.

مەدىنە بەلگىلىمىلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنى مەزمۇنى بىلەن ھەرخىل تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەھدىنامىدۇر. بۇ بەلگىلىمە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلىغان يېگانە ئامىلىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشى، ئادالەت، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، ھەرقانداق بىر ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ئۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ بەلگىلىمىلەر ئەرەبلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان قەبىلىۋازلىقنى، ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش پرىنسىپى بىلەن نىزامغا كىرگۈزگەن. ناھەقچىلىق قىلغان بىر كىشىنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بولسىمۇ جازالاندۇرۇلىشىنى بۇيرىغان. بۇ ئەھدىنامە يەھۇدىلارغا مۇلۇكدارلىق ۋە دىنى ئەركىنلىك بېرىلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئادالەتنىڭ بىر بەلگىسىدۇر. ئەگەر يەھۇدىلار بۇ ئەھدىنامىنى ئۆز قولى بىلەن بۇزمىغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنامە داۋاملاشقان بولاتتى.

## مەدىنىنىڭ ھەرەم ئېلان قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قارارلارنىڭ كەينىدىن مەدىنە ھەرىمىنىڭ چېگرالىرىنى بېكىتتى:

«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھەرەم دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. مەنمۇ مەدىنىنىڭ ئىككى تۆپىلىك ئارىسىنى ھەرەم دەپ ئېلان قىلىمەن.»

(ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 141)

بۇ سۆزدىن كېيىن بېكىتىلگەن يەرلەرگە تاشلار تىكلىنىپ مەدىنە ھەرىمىنىڭ چېگرالىرى بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن چېگرا ئىچىگە ئېلىنغان مەدىنىگە "ھەرەمى رەسۇل" "رەسۇلۇللاھنىڭ ھەرىمى" دېيىلدى. مەدىنىنىڭ ئايىر[22] بىلەن سەۋر تۆپىلىكى ئارىسىدىكى ئۈچ پەرسەخلىك مۇساپىنىڭ ئەتراپى توسۇلدى. (بۇخارى: «فەزائىلۇل مەدىنە»، 1؛ مۇسلىم: «ھەج»، 472-471)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى ھەرەم ئېلان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئۇنىڭ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئۇ يەردە گۇناھ قىلىنمايدۇ. كىمكى ئۇ يەردە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە سۈننەتكە خىلاپ بىر ئەمەل قىلسا، ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى ئۇنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ!»(بۇخارى: «فەزائىلۇل مەدىنە»، 1)

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ شەھەر ئۈچۈن دۇئا قىلدى. بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن مەدىنە ئاشۇ زاماندىن بۇ زامانغا قەدەر پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ خۇشاللىق، رەھمەت ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى بولغان بىر سائادەت شەھىرى بولدى.

ساھابە-كىرام مەدىنىنىڭ ھەرەملىكىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلدى. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلىكىنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

"ئەگەر مەدىنىدە ئوتلاۋاتقان بىر كىيىك كۆرسەم، ئۇنى ئەسلا ئۈركۈتمەيمەن! چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەدىنىنىڭ ئىككى قىيا تېشىنىڭ ئارىسى ھەرەمدۇر» دېگەن"(مۇسلىم: «ھەج»، 471)

ساھابە-كىرام كىچىك بالىلارنىڭمۇ بۇنىڭغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا كۆز يۇممىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

22. زۇلھۇلەيفە ئەتراپىدىكى ئايىر (ياكى ئائىر) تېغى بىلەن ئوھود تېغىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك سەۋر تۆپىلىكى ئارىسىدىكى رايون. بۇ يەردىكى سەۋر تۆپىلىكى، مەككىدىكى سەۋر تېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك.

”مەن ئەبۇ ئىھاب قۇدىقى يېنىدا قۇش ئوۋلاۋاتاتتىم. دادام ئۇبادە مېنى كۆرۈپ قولۇمدىكى قۇشنى قويغۇزىۋېتىپ:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى ھەرەم قىلغىنىغا ئوخشاش مەدىنىنىڭ ئىككى قىيا تاشلىقىنىڭ ئارىسىنى ھەرەم قىلدى“ دېدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3 ـ جىلد، 159 ـ بەت)

## مەدىنە بازىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ رەتكە سېلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىيلاردىن ئايرىم بىر بازار ئورنىنى كۆرسىتىپ، بۇ يەردە تىجارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى تىجارەتتە مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن مۇستەقىل بازارلار قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارلارنى يېقىندىن كۆزەتتى، تىجارەتچىلەر ۋە تىجارەت ماللىرىنى تەپتىش قىلدى.

بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازاردا بىر ساتقۇچىغا ئۇچرىدى. ئالدىدىكى بۇغداي دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، ھۆل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى بىلەن:

ـ بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم:

ـ يامغۇر ھۆل قىلىۋەتتى، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ھۆل قىسمىنى ئۈستىگە قويۇپ ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان قىلالمامتىڭ؟ ئالدىغۇچى مەندىن ئەمەس ـ دېدى.(مۇسلىم: «ئىمان»، 164)

قەيس ئىبنى ئەبى غەرىزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”بىز رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە ”بېدىك“ دەپ ئاتىلاتتۇق. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۇچرىدى ۋە تېخىمۇ گۈزەل بىر ئىسىم بولغان“تىجارەتچى“ دېگەن ئىسىمنى بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ئى تىجارەتچىلەر جامائەتى! شەكسىزكى، ئىلىم-سېتىمدا يالغان ۋە قەسەم ئارىلىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرمۇ ئۇنىڭغا سەدىقە ئارىلاشتۇرۇڭلار!»(ئەھمەد؛ 4-جىلد، 6؛ ئەبۇ داۋۇد: «بۇيۇئ»، 1/3326)

ئىنسان مەيلى قانچىلىك دىققەت قىلسىمۇ ئۇنتۇپ ياكى غەپلەت بېسىپ، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ناھەقچىلىق قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەدبىرلىك بولۇپ، پايدىدىن كۆپلەپ سەدىقە بېرىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوقىرىدىكى ھەدىستە بۇ جەھەتكە دىققىتىمىزنى تارتقان.

رىفائە ئىبنى رافى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مۇسەللاغا[23] كېتىۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سودا-سېتىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

«ئى تىجارەتچىلەر جامائەتى!» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىتابىغا قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۈبھىسىزكى، تىجارەتچىلەر قىيامەت كۈنى فاجىرلار بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ. لېكىن ئاللاھتىن قورققان، ياخشىلىق قىلغان ۋە سەدىقە قىلغانلار بۇنىڭدىن خالى» دېدى (تىرمىزى: «بۇيۇئ»، 4/1210)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىجارەتتىكى ئەخلاق-پەزىلەتكە دائىر بەنى ئىسرائىلنىڭ سالىھ كىشىلىرىدىن ئىككى كىشى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن شۇ ۋەقەنى نەقىل قىلدى:

---

23. مۇسەللا: بىر شەھەر خەلقىنىڭ جۈمە، ھېيت ۋە جىنازا نامازلىرىنى بىر يەردە ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭرى ئورۇنغا بېرىلگەن ئىسىم. ئىلگىرىكى زامانلاردا، ئومۇمى جەھەتتە شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا جامائەت نامازلىرى ئۈچۈن مۇسەللەلار تەييارلىناتتى. ھېيت، جۈمە قاتارلىق جامائەت نامازلىرى بۈگۈنكىدەك ھەرخىل مەسجىدلەردە ئەمەس، پەقەت نامازگاھ دېيىلگەن بۇ مۇسەللالاردا ئوقۇلاتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر يەرگە جەم بولىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

«سىلەردىن ئىلگىرى ياشىغانلاردىن بىر ئادەم بىر كىشىدىن ئۆي سېتىۋالدى. بۇ ئۆينى سېتىۋالغان كىشى ئۇ ئۆيىنىڭ ئاستىدىن، ئىچىدە ئالتۇن بار بىر كۈپ تېپىۋالدى. ساتقۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئالتۇنىڭنى ئال! مەن سەندىن يەر سېتىۋالدىم، ئالتۇننى سېتىۋالمىدىم!" دېدى.

ساتقۇچىمۇ:

"مەن ساڭا بۇ يەرنى ئىچىدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسى بىلەن بىللە ساتتىم!" دېدى.

(كېلىشەلمىگەندىن كېيىن) بىر ئادەمنى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئادەم (ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن):

"سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بارمۇ؟" دېدى.

ئۇلارنىڭ بىرى ئوغلىنىڭ، يەنە بىرى قىزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

كېلىشتۈرگۈچى:

"ئۇنداقتا ئوغۇل بىلەن قىزنى ئۆيلەندۈرۈڭلار! بۇ پۇلدىن ئىككىسى ئۈچۈن چىقىم قىلىپ، سەدىقە قىلىڭلار!" دېدى. (بۇخارى: «ئەنبىيا»، 54؛ مۇسلىم: «ئەقدىيە»، 21؛ ئىبنى ماجە: «لۇقاتە»، 4)

ياشلىقىدا تىجارەت كارۋانلىرى بىلەن ئۇزۇن ساياھەت قىلغان ئۇستا بىر تىجارەتچى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە تىجارەت ھەققىدىمۇ بىر قىسىم ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق دېگەن:

«پايدىنىڭ ئوندا توققۇزى تىجارەتتىدۇر»(سۇيۇتى: 1-جىلد، 113)

«كىشىنىڭ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ ھالال ۋە گۈزەل بولغىنى بىۋاستە (ئۆزى كۈچى بىلەن) ئىشلەپ يېگىنىدۇر»(ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 1)

چۈنكى غىزانىڭ ماددى تەسىرىنىڭ يېنىدا مەنىۋى تەسىرىمۇ بار. لوقمىنىڭ ھالال-ھارام ياكى شۈبھىلىك يوللاردىن كېلىشى، روھىمىزنى تەسىرى ئاستىغا ئالىدۇ. يەنى بىز يەۋاتقان لوقمىنىڭ مەنىۋى تەرىپى ھېس-تۇيغۇمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئىبادەتلەر بىلەن بىرلىكتە،

بولۇپمۇ ھەج ئىبادىتىدە ھالال پۇلنىڭ ئەھمىيىتى ھەدىس-شەرىفلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«كىم بۇ ئۆيىنى ھارام پايدىدىن قولغا كەلتۈرگەن پۇل بىلەن زىيارەت قىلسا، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان بولىدۇ. بۇنداق بىر ئىنسان ھەجگە نىيەت قىلىپ ئىھرامغا كىرىپ ئۇلىغىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە پۇتىنى قويۇپ ،تۆگىسىنى ماڭغۇزغاندىن كېيىن "لبيك اللهم لبيك" "لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك" يەنى (ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ يېنىڭغا سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم) دېسە، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ: "ساڭا خۇشاللىقمۇ، بەختمۇ بولمىسۇن، چۈنكى سېنىڭ ئالغان پايدىلىرىڭ ھارام، ئوزۇقۇڭ ھارام، مىنگەن نەرسەڭ ھارامدۇر. ھېچبىر ساۋابقا ئېرىشەلمەي، گۇناھكار ھالەتتە قايت! سەن خۇشال بولمايدىغان نەرسە بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىڭ سەۋەبلىك غەمكىن بول!»

بىر كىشى ھالال پۇل بىلەن ھەج سەپىرىگە چىقسا، ئۇلىقىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە پۇتىنى قويۇپ ئۇ ھايۋاننى ماڭغۇزسا ۋە "لبيك اللهم لبيك" "لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك" (ئى ئاللاھ مەن سېنىڭ يېنىڭغا سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم) دېسە، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ: "لبيك وسعديك" "لەببەيكە ۋە سەئدەيك" (يەنى مەنمۇ ساڭا كەلدىم، ئى بەندەم بەختلىك بول!) سېنىڭكىنى ئىجابەت قىلدىم، چۈنكى سېنىڭ مىنگىنىڭ ھالال، كىيىمىڭ ھالال، ئوزۇقۇڭ ھالالدۇر. كاتتا ساۋابلارغا ئېرىشكەن ۋە ھېچقانداق گۇنا قىلمىغاندەك ھالەتتە قايت! سېنى مەمنۇن ۋە خۇشال قىلىدىغان نەرسە بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن سۆيۈن!»(ھەيسەمى: 3-جىلد، 209-210)

يېمەك-ئىچمەك ۋە پايدىدا ھالال-ھارام مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم. بۇ مەسىلە كۆپ خىلاپلىق قىلىنغان مەسىلە بولغانلىقتىن، سۈرە بەقەردە ئىلاھىي ھۆكۈملەر بىلەن، چوڭ شېرىكتىن كېيىن تۇنجى بولۇپ بۇ ئىشىك تاقالغان. كۆپ ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئەنئام، ئەئراف، يۇنۇس، نەھل قاتارلىق مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىمۇ ئەقىدە مەسىلىسىنىڭ

ئارقىسىدىنلا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تىجارەتتىكى ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان[24]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىجارەتتە دۇرۇس، جەسۇر بولۇش لازىملىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: «مېلىنى سېتىش ئۈچۈن (بېسىۋالماي) چىقارغان جەسۇر تىجارەتچى مەرزۇقتۇر (يەنى رىزىقلاندۇرىلىدۇ) مۇھتەكىر يەنى مالنى بېسىۋېلىپ، باھا ئۆرلىگەندە ساتىمەن دېگۈچى مەلئۇندۇر.» (ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 6)

«قورقۇنچاق تىجارەتچى مەھرۇم قالىدۇ، جەسۇر تىجارەتچى كۆپ رىزىقلاندۇرىلىدۇ.» (دەيلەمى: 2 ـ جىلد، 79 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىجارەت جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان بايانلىرىنىڭ بەزىلىرى:

«سودا ـ سېتىق قىلغان ئىككى كىشى بىر ـ بىرلىرىدىن ئايرىلمىغانلا بولسا ئايرىلغانغا قەدەر يېنىۋېلىشتا ئىختىيارلىقتا ئىگە. ئەگەر دۇرۇسلۇق بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىپ، (مالنىڭ) ھەممە تەرىپىنى ئاشكارىلاپ، (ئەيىبىنى ئېيتىپ، سودا ـ سېتىق قىلسا) قىلغان سودا ـ سېتىق بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئەگەر بەزى ئەيىپلەرنى يوشۇرۇپ يالغان سۆزلىسە، سودا ـ سېتىقنىڭ بەرىكىتى كېتىدۇ.» (بۇخارى: «بۇيۇئ»، 8؛ مۇسلىم: «بۇيۇئ»، 8)

«قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، لېكىن بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ.» (بۇخارى: «بۇيۇئ»، 26؛ مۇسلىم: «مۇساقات»، 13)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىجارەت ماللىرىنىڭ بازارغا كەلتۈرۈلمەي، يولدا ئالدىغا چىقىشنى، سېتىۋېلىنىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن سېتىشنى، يېنىدا بولمىغان بىرمالنى بازاردىن سېتىۋېلىپ سېتىۋالغۇچىغا سېتىشنى، بىر ـ بىرلىرىنىڭ سودا ـ سېتىقى ئۈستىگە (ئۇلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ) سودا قىلىشنى، سېتىۋالغۇچىلارنى (ھەرخىل

24. سۈرە ئەنئام، 136 ـ دىن 152 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە ئەئراف، 32 ـ 33، 169 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە يۇنۇس، 59 ـ 60 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە نەھل، 95، 115 ـ 116 ـ ئايەتلەر.

ھىيلە بىلەن) قىززىقتۇرۇشنى چەكلىگەن. (بۇخارى: «بۇيۇئ»، 26؛ مۇسلىم: «مۇساقات»، 13)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىجارەت ماللىرىنىڭ بازارغا كەلتۈرۈلمەي يولدا سېتىلىشىنى، سېتىۋالغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ سېتىشنى، خېرىدارلارنى تالاشقا سېلىشنى چەكلىگەن[25].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سودا ـ سېتىقنى ئاسانلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن:

«ئېلىم ـ سېتىمدا، قەرزىنى تۆلەشتە مەرت ۋە كەچۈرۈمچان بولغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ!»(بۇخارى: «بۇيۇئ»، 16)

«ئاللاھ سىلەردىن ئىلگىرى ياشىغان بىر كىشىگە رەھمەت قىلدى. چۈنكى ئۇ ئادەم ساتقاندا، ئالغاندا، قەرزىنى تەلەپ قىلغاندا ئاسانلىق كۆرستەتتى.»(تىرمىزى: «بۇيۇئ»، 75/1320)

مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكى بىلەن دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويغان بۇ پرىنسىپلارغا رىئايە قىلماي تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىشنى ئويلىغانلارنىڭ ئاخىرەت كەمبەغىلى بولۇش ئېھتىمالى بار. ئاللاھنىڭ رىزاسى ۋە ئاخىرەت ئوزۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولغان دۇرۇس، راستچىل تىجارەتچىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىشارەت بەرگەن:

«ئىشەنچلىك، توغرا سۆزلۈك ۋە مۇسۇلمان بىر تىجارەتچى قىيامەت كۈنى شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.»(ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 1)

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ۋە ھوجرىسىنىڭ سېلىنىشى

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مەدىنىدە مەسجىد يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە بولسا نامىزىنى شۇ يەردە ئادا قىلاتتى. ئۇزۇن

25. بۇخارى، "بۇيۇ"، 70 ـ 72؛ مۇسلىم، "بۇيۇ"، 29

ئۆتمەي پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇبادىن كېيىنكى ئىككىنچى مەسجىدنى بىنا قىلدى. بۇ مەسجىد ھازىرقى پەيغەمبەر مەسجىدىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بەنى نەججار جەمەتىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۆگىسى قەسۋا مەسجىد سېلىنىدىغان يەرگە چۆكتى. بۇ يەر ئۇ ۋاقىتلاردا بەنى نەججار جەمەتىدىن سەھل ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئىككى يېتىم بالىغا تەۋە خورما قۇرۇتۇش يېرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قەسۋانىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ:

«ئىنشائاللاھ چۈشىدىغان ئورۇن بۇ يەر!» دېدى. كېيىن:

- بۇ يەر كىمنىڭ؟ - دەپ سورىغاندا، مۇئاز ئىبنى ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئامرىنىڭ ئوغۇللىرى سەھل بىلەن سۇھەيلنىڭ! - دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى چاقىرىپ بۇ يەرنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ:

- بۇ يېرىڭلارنىڭ بەدىلىنى ئېيتىڭلار؟ - دېدى.

باللار:

- ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بۇ يەرنى ساڭا ھەدىيە قىلىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ بەدىلىنى ئاللاھتىن باشقىسىدىن تەلەپ قىلمايمىز!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەرنى ھەدىيە قىلىشىغا قوشۇلماي سېتىۋالدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45، «سالات»، 48؛ مۇسلىم: «مەساجىد»، 9)

بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى، چۇقۇرلۇق، تۆپىلىك ۋە خورما دەرەخلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئېچىپ سۆڭەكلىرىنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىشكە بۇيرىدى. چۇقۇرلۇق ۋە

ئېگىزلىكلەر تۈزلىنىپ، خورما دەرەخلىرى كېسىلدى[26]. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەك قۇيۇلۇپ تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى[27].

مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە كېسەك توشۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن:

هذا الحمال لا حمال خيبر

هذا أبر ربنا وأطهر

”بۇ بۇيۇك خەيبەر يۈكى ئەمەس. بۇ رەببىمىز ئۈچۈن ئەجرا قىلىنىۋاتقان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پاك بىر ئىشتۇر“ دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى بىلەن توشۇۋاتقان بۇ يۈكلەرنىڭ دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى، كىشىلەرنىڭ خەيبەردىن تىجارەت غايىسى بىلەن ئەكەلگەن خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق ماددى نەرسىلەردىن خەيرلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

توپا توشۇۋاتقان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! رۇخسەت قىلىڭ، بۇ كۆتۈرۈۋالغان كېسەكنى مەن كۆتىرەي! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

ـ سەن بېرىپ باشقا بىرىنى ئال! چۈنكى سەن ئاللاھقا مەندىن بەكرەك موھتاج ئەمەسسەن! ـ دېدى. (سەمھۇدى: 1ـ جىلد، 333)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنىۋى مەسئۇلىيىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىدى[28]. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلاردىن بىرى شۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

26. مۇسلىم: «مەساجىد»، 9.
27. ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 239ـ بەت
28. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشى بىلەن رەھبەر بولىدىغان شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر ئىشتا ئالدىدا بولۇش ۋە قانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىنەزەر كىچىك

لئن قعدنا والنبي يعمل

لذاك منا العمل المضلل

”پەيغەمبەر ئىشلەۋاتقان ئىكەن بىز ئولتۇرساق، قەسەمكى، بۇ ئەمەل بىز ئۈچۈن پەقەت زالالەت بولىدۇ!“ (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 114)

مەسجىد بىنا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ھەزرەمەۋتلىك ئۇستا بىر لايچى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە:

«ھۈنىرىنى گۈزەل ۋە پۇختا قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! سەن بۇ ئىشقا داۋام قىلغىن، قارىسام سەن بۇ ئىشنى ياخشى قىلىدىكەنسەن» دېدى. (سىمھۇدى: 1 ـ جىلد، 333 ـ بەت؛ دىياربەكرى: 1 ـ جىلد، 344)

ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ئىشنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە: أحسنوا: «قىلغان ئىشلىرىڭلارنى گۈزەل ۋە ياخشى قىلىڭلار» دېگەن. شۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدىنلا: «ئاللاھ ئىشنى گۈزەل قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دەيدۇ. (سۈرە بەقەر 195 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىد قۇرۇلۇشىدا ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە كېسەك توشۇۋاتقاندا، بىر ساھابە ئېيتقان شۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

اللهم إن الأجر اجر الأخرة

فارحم الأنصار والمهاجرة

---

كۆرمەي قىلىش، كىبىرلىك قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەخلاقىدىن ئۆرنەك ئالغان سۇلتان I ـ ئەھمەدخان ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىناكارلىق سەنئىتىدە ئابىدە بولۇپ ئاجايىپ مۇكەممەل بولغان مەسجىدنىڭ سېلىنىشىدا، قولىدا كەتمەن تۇتۇپ، بىر ئىشچىدەك ئىشلىگەن. ۋاپاتىدىن كېيىن قىزى گەۋھەر نەسىبە خانىم چۈشىدە ئۇنى جەننەتتە كاتتا بىر ئورۇندا كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن سورىغان: ”دادا، قايسى ئەمەلىڭىز بىلەن بۇ كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشتىڭىز؟“ سۇلتان ئەھمەد: ”قىزىم، بۇ مەسجىدنى سالدۇرغاندا دۈمبەمدە تاش توشۇدۇم. بۇ ئورۇنغا ئېرىششىمنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن ئىبارەت!“ دېگەن. I ـ ئەھمەدخان بۇ ئەخلاققا ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئوسمانلى دۆلىتى زېمىن جەھەتتىن ئەڭ چوڭ تېررىتورىيەگە ئىگە ئىدى. دۇنيا پادىشاھلىرى بۇ دۆلەتنىڭ بۈيۈكلىگى ئالدىدا ئېگىلگەن ۋە باش ۋەزىرلەرنىڭ تەيىنلىشى بىلەن تەختكە چىققان.

«ئى ئاللاھ! ھەقىقىي مۇكاپات ئاخىرەت ئەجرىدۇر. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارغا رەھمەت قىل!» (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45)

ھەممەيلەن كېسەكنى بىردىن كۆتۈرسە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرنى ئۆزى، يەنە بىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن دەپ ئىككىدىن توشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، ئۈستىدىكى توپا-چاڭلارنى قېقىپ:

«ئى ئەممار! سەن نېمە ئۈچۈن كېسەكلەرنى قېرىنداشلىرىڭغا ئوخشاش بىردىن توشۇمايسەن؟» دەپ سورىدى.

ئۇ: "ئاللاھتىن بۇنىڭ ئەجرىنى تىلەيمەن!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ:

«ئى سۇمەييەنىڭ ئوغلى! باشقا ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئەجىر بار، لېكىن سېنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئەجىر بار!» دېدى. (ئەھمەد: 3-جىلد، 91؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 256-بەت)

بۇ رىۋايەتمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەر-ئايال پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشتىياق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى ۋاپات بولغاندا خەلقكە شۇنداق خىتاب قىلدى:

"ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈڭلار، ھەمدە ئىشتىياق بىلەن كۆتۈرۈڭلار! چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ قۇللىرى، تەقۋالىق ئۈستىگە قۇرۇلغان پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ تاشلىرىنى كېچىلىرى توشۇيتتى، بىز (ئەرلەر) كۈندۈزلىرى ئىككىدىن توشۇيتتۇق" (ھەيسەمى: 2-جىلد، 10-بەت)

پەيغەمبەر مەسجىدى كۇۋادىرات شەكىللىك بولۇپ، ھەر تەرىپى يۈز گەزدىن[29] ئىدى. ئېگىزلىكى ئۈچ گەزلىك تاشنىڭ ئۈستىگە كېسەكتىن بەش ياكى يەتتە گەزلىك قىلىپ تەخمىنەن ئون گەز ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلدى[30].

29. بىر گەز 75 سانتىمېتىردۇر.
30. ئىبنى سائىد: 1-جىلد، 239-بەت.

قۇرۇلۇشتا لاي ئىشلىتىلدى[31]. مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە تۈۋرۈك قىلىنىپ خورما ياغاچلىرى تىزىلدى. ئۆگزىسى ۋە تۈۋرۈكلىرى خورما تاللىرى بىلەن يېپىلدى[32]. بىر مىھرابى ۋە ئۈچ ئىشىكى بار ئىدى. مىھرابى بەيتۇلمەقدىسكە قارايتتى، قىبلە بەيتۇلمەقدىستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى ئىشىكنى تاقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا شام تەرەپتىن باشقا بىر ئىشىك ئاچتى[33].

مەسجىدنىڭ يېنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىككى ھوجرا سېلىندى[34]. كېيىن بۇ ھوجرىلارنىڭ سانى كۆپەيتىلدى.

ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ دېدىكى بولغان ۋە بۇ سەۋەب بىلەن باللىق دەۋرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر يەردە ئۆتكۈزگەن. ھەسەن بەسرى ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ ئۆينىڭ تورۇسىغا قولىنى تەككۈزەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان[35]. بۇ ئېيتقاندىن ئۇلارنىڭ ئېگىز ئەمەسلىكى مەلۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرى قارا يۇڭدىن ياسالغان كىگىزلەردىن ئىبارەت ئىدى[36].

تابىئىنلارنىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەمەۋىيلەر دەۋرىدە يىقىلىپ، پەيغەمبەر مەسجىدىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكى توپەيلى ھېس قىلغان ھەسرىتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇلارنىڭ ئۆز پېتى قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم! بۇنداق بولغاندا يېڭى يېتىشكەن نەسىللەر ۋە بۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلغان كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتتا نېمە بىلەن كۇپايىلەنگەنلىكىنى

31. دىيەربەكرى، 1-جىلد، 344-بەت
32. بۇخارى: «سەلات»، 62.
33. دىيەربەكرى، 1-جىلد، 346-بەت
34. ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 240-بەت
35. ئىبنى سائاد: 7-جىلد، 161؛ سۇھەيلى: 1-جىلد، 248-بەت.
36. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 499-بەت

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەتتى ـ دە، مال ـ دۇنيا كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماختىنىشقا قىزىقمىغان بولاتتى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 499 ـ 500)

مەسجىدنىڭ ئۈستى خورما يوپۇرماقلىرى بىلەن يېپىلغانلىقى ئۈچۈن يامغۇر ياققاندا ئىچى لاي بولۇپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ۋاقىتتا، يامغۇر مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئېقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولغاندا ئۇنىڭ مۇبارەك پېشانىسى ۋە يۈزلىرىدە لاينىڭ ئىزلىرى كۆرۈلدى[37].

يەنە بىر كېچىسى يامغۇر يېغىپ كېتىپ، يەرلەر ھۆل بولۇپ كەتتى. بىر ئادەم كىيىمى بىلەن قۇم توشۇپ مەسجىدنىڭ يەرلىرىگە سەپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندا:

«بۇ، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!» دەپ، خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 15\458)

تەمىمىددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدىن مەدىنىگە قايتقاندا يېنىدا بىر مۇنچە ياغ چىراق ۋە يىپ ئەكەلدى. مەدىنىگە جۈمە كۈنى كېلىپ، خىزمەتچىلىرىدىن ئەبۇل بەررادقا يىپنى باغلاپ، چىراقلارنى ئېسىشنى، ئۇلارغا سۇ ۋە ياغ قويۇپ پىلتىسىنى تاقاشنى بۇيرىدى. ئەبۇ بەرراد دېيىلگەننى قىلدى ۋە قۇياش پاتقاندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن چىراقلارنى ياقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كېلىپ ئىچىنىڭ يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن:

ـ بۇنى كىم قىلدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇ يەردىكىلەر:

ـ تەمىم قىلدى، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، مۇنداق دېدى:

ـ ئىسلامنى نۇرلاندۇردۇڭ ۋە مەسجىدنى بېزىدىڭ، ئاللاھ سېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇرلاندۇرسۇن! (سېمھۇدى: 2 ـ جىلد، 596 ـ 597 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2 ـ جىلد، 18)

---

37. بۇخارى: «ئېتىكاف»، 1

پەيغەمبەر مەسجىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپادىسى بىلەن، ئىبادەت ۋە زىيارەت مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىشقا بولىدىغان ئۈچ مەسجىدنىڭ بىرىدۇر. (بۇخارى: «فەزلۇس سەلات»، 1؛ مۇسلىم: «ھەج»، 505ـ510)

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر، مۇنبىرىم ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۈستىدىدۇر.» (بۇخارى: «فەزلۇس سەلات»، 5، «فەزائىلۇل مەدىنە»، 11؛ مۇسلىم: «ھەج»، 502)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر مەسجىدىدە ئوقۇلغان نامازنىڭ، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا يەرلەردە ئوقۇلغان نامازدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان..(بۇخارى: «فەزلۇس سەلات»، 1؛ مۇسلىم: «ھەج»، 505ـ510)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر خورما ياغىچىغا تايىنىپ، خۇتبە ئوقۇيتتى. ئېھتىياج تۈپەيلى بىر مۇنبەر ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇغان خورما ياغىچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى تاشلاپ قويغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ، تۆگە ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋاز بىلەن ئىڭراپ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ياغاچنى سىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ياغاچ ئىڭراشتىن توختاپ جىم بولدى. (بۇخارى، "جۇمە"، 62؛ تىرمىزى، "مەناقىب"،3627 /6)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«خورما ياغىچى ئۆزىنىڭ يېنىدا قىلىنغان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يىراق قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىدى» دېدى. (بۇخارى: «مەناقىب»، 25؛ ئەھمەد: 3ـ جىلد، 300)

كېيىن بۇ خورما كۆتىكى مۇنبەرنىڭ ئاستىغا بىر ئۆرەك كولىنىپ، كۆمۈۋېتىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە مەسجىد يېڭىدىن سېلىنىش ئۈچۈن ئۆرۈلگەندە، بۇ ياغاچنى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ئىلىپ، قۇرتلار تەرىپىدىن يېيىلىپ ئۇن بولۇپ كەتكىچە ئۆيىدە ساقلىدى[38].

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى بۇ خورما ياغىچىنى لىسانى ھال بىلەن سۆزلىتىپ، بۇ ۋەقەنى مەسنەۋىسىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشتى ۋە مۇبارەك قوللىرى بىلەن خورما ياغىچىنى سىلاپ تۇرۇپ:

"ئى خورما ياغىچى! نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق پەرياد قىلىسەن؟ دەپ سورىدى. خورما ياغىچى سۆزلەشكە باشلاپ، كۆز ياشلىرى بىلەن دېدىكى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ ھىجرانىڭ مېنى قاتتىق ئازابلىدى. ئىچىم تەرىپلىگۈسىز ھەسرەتكە تولدى. ئىلگىرى خۇتبە ئېيتقىنىڭدا سەن يۆلەنگەن ئاشۇ تەلەيلىك ياغاچ مەن ئىدىم. ئەمدى مېنى تەرك ئەتتىڭ. بىر مۇنبەرگە چىقتىڭ، ئەمدى سېنىڭ تايانچىڭ ئۇ مۇنبەر. لېكىن ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆتۈنەي، مېنى توغرا چۈشەن، دۇنيادا قايسى مەخلۇق سېنىڭ ھىجرانىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟"

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خورما ياغىچىنىڭ قاتتىق پەريادى ئالدىدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

«ئى خورما ياغىچى! مادامىكى بۇ پەريادىڭ ئايرىلىش ئازابىدىن بولسا، مەندىن خالىغىنىڭنى تىلە، نېمە تىلەيسەن؟ سېنى شەرقتىن غەربكىچە پۈتۈن ئىنسانلارغا مېۋە بېرىدىغان يېشىل، كۆركەم بىر دەرەخ قىلىشنى تىلەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇشۇمنى خالامسەن؟ ياكى سېنى جەننەتتە ياش كۆچەت قىلىسۇنكى، مەڭگۈ گۈزەل ۋە ياش قالىسەن!

بۇ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن خورما ياغىچى ئوتتەك مۇھەببىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنى تەلەپ قىلدى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككىلىسىنى خالىمايمەن. يېگانە ئارزۇيۇم سېنىڭ ئۈچۈن يوق بولۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى كۆمۈپ يوق قىلىپ، مېنى بۇ

38. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 251 ـ 252 ـ بەتلەر.

پانى ۋۇجۇدۇمدىن قۇتقازغىن. چۈنكى بىر ياغاچ قانچىلىك ياش، گۈزەل بولسۇن، ئۇزۇقنى قۇياش ۋە سۇدىن ئالىدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭ ھاياتىم سېنىڭ نۇرانىيىتىڭنىڭ نۇرى بىلەن ئوزۇقلاندى، ساڭا تايانچ بولۇشنىڭ، سېنىڭ ئىسسىقلىقىڭ بىلەن ئىسسىنىشنىڭ، سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيۈشنىڭ لەززىتىنى تېتىدى. مەن ئەمدى بۇ تاتلىق نېسىۋىدىن ئايرىلالمايمەن، باقى (ئەبەدى) بولغاننى تاللايمەن. مېنى شۇنداق كۆم ۋە يوق قىلغىنكى، سېنىڭ نۇرۇڭدا تىرىلىپ ئەبەدى بولاي."

بۇ خورما ياغىچى قىيامەت كۈنى ئىنسانغا ئوخشاش تىرىلسۇن دەپ تۇپراققا كۆمۈلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىدا، بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ساغلام ئىسلام جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باسقان تۇنجى قەدەملەرنىڭ بىرى، پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ بىنا قىلىنىشىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئاساسىدا مال، ئورۇن ۋە تەبىقە پەرقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، ھەركۈنى بەش قېتىم ئاللاھنىڭ ئۆيىدە بىر يەرگە كېلىشىنىڭ مۇھىم تەسىرى بار. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەھەرلىرى ئومۇمى قىلىپ ئېيتقاندا مەركەزدىن سىرتقا قاراپ كېڭەيگەن بىر ھالەتتە شەكىللەنگەن، شەھەر مەركەزلىرىگە مەسجىدلەر بىنا قىلىنىپ، ئەتراپىغا ئۆيلەر سېلىنغان.

سائادەت ئەسرىدە مەسجىد ئىبادەتخانا بولۇش بىلەن بىرگە مەكتەپ، كوللىكتىپ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىدىغان ئورۇن، مەمۇرى، ھەربى ئىشلار قىلىنىدىغان بىر مەركەز، بىر دوختۇرخانا ۋە بىر ئارام ئېلىش ئورنى ئىدى. مەسجىدتىكى دەرس، سۆھبەت ۋە زىكىر مەجلىسلىرىنىڭ داۋاملىق قاتناشقۇچىلىرى بار ئىدى. بويتاق ۋە ئۆيسىز ساھابىلەرنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرىمۇ يەنىلا مەسجىدنىڭ سۇپىلىرى ئىدى. بۇ ھالەتتە پەيغەمبەر مەسجىدى بىر قاراشتىن مېھمانخانا ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن.




## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەشۋىق قىلىش

ئىجتىمائىي تەربىيە ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئىجتىمائىي تەربىيىسى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن باشلىنىدۇ. ناماز ئىسلام جەمئىيىتىنى تىك تۇرغۇزغان ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. قەيەردە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇلسا، ئۇ يەردە ئىسلامنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. دەرۋەقە، ئىسلام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ تەسىس قىلىنىشىدا،

مۇسۇلمانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى بولغان نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، مەسجىدكە داۋاملىق بېرىشنى مۆئمىن بولۇشنىڭ بىر دەلىلى دەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ داۋاملىق مەسجىدگە بارغىنىنى كۆرسەڭلەر، ئۇنىڭ ئىمانلىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇڭلار. چۈنكى ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللّٰهِ مَنْ آمَنَ بِاللّٰهِ

**«ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ.»**(سۈرە تەۋبە، 18-ئايەت. ئىبنى ماجە: «مەساجىد»، 19)

دېمەككى، مەسجىدلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىن بىنا قىلىنىشى مۇھىم بولغاندەك، داۋاملىق جامائەتكە بېرىش شەكلى بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋات قىلىنىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

”دۇنيادا ئەڭ غېرىپ بولغان تۆت نەرسە بار:

زالىم ياد ئالغان قۇرئان، مۇسۇلمان بىر رايوندا بولۇپ ئىچىدە ناماز ئوقۇلمىغان مەسجىد، بىر ئۆيىنىڭ تېمىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھالدا ئوقۇلمىغان قۇرئان ۋە پاسىق بىر جامائەت ئىچىدە ياشىغان سالىھ زات“ (دەيلەمى: 3-جىلد، 108/4301)

ئاللاھتائالا نامازنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇلىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا ئۇرۇشتىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى بۇيرۇپ، قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى قۇرئانى-كەرىمدە تەلىم بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردە، دەجنان بىلەن ئۇسفان ئارىسىغا ئارام ئېلىشقا تۇرغانىدى. مۇشرىكلار:

”ئۇلارنىڭ بىر نامىزى باركى، ئۇلار ئۇچۇن دادىلىرى ۋە بالىلىرىدىنمۇ قىممەتلىك. ئۇ ئەسىر نامىزىدۇر. تەييارلىقىڭلارنى قىلىپ (ئۇلار نامازغا تۇرغاندا) بىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار!“ دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن جىبرائىل

ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇرۇش جەريانىدا قانداق ناماز ئوقۇشنى بايان قىلغان سۈرە نىسانىڭ 102 ـ ئايىتىنى ئېلىپ كەلدى. (تىرمىزى: «تەپسىر»، 4\21)[39]

وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَى أَن تَضَعُواْ أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ إِنَّ اللّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن. قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن. سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن. (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن.) ئۇلارنىڭ ئورنىغا ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن. (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر**

39. 254 ـ بەتكە قاراڭ

**سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار (بۇ چاغدا) قۇراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.»**

شەرت-شارائىت قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نامازنى كېچىكتۈرۈشكە ۋە جامائەت بىلەن ئوقۇشنى تەركېتىشكە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا تەشۋىق قىلغان ھەدىسلىرىدىن بەزىلىرى:

«جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇقتۇر.» (بۇخارى: «ئەزان»، 30)

«كىمكى ئەتىگەن-ئاخشامدا نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتىكى ئىكرامنى تەييارلايدۇ.» (بۇخارى: «ئەزان»، 37)

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار كامىل تاھارەت ئېلىپ نامازغا چىقسا، ئوڭ پۇتىنى ھەر كۆتەرگەنىدە ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ، سول پۇتىنى ھەر قويغاندا بىر يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ، مەسجىد يىراق-يېقىن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەسجىدكە كېلىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇسا گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەگەر مەسجىدكە كەلگىنىدە (جامائەت) نامازنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بولغان بولسا ئۇلارغا ئىقتىدا قىلىپ، كېيىن قالغان رەكئەتلەرنى تاماملىسا يەنىلا جامائەت بىلەن ئوقۇغان بولىدۇ. ئەگەر مەسجىدكە كەلگىنىدە جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولغان بولۇپ، بۇ كىشى نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇسا، يەنىلا جامائەت بىلەن ئوقۇغاندەك بولىدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 50/563)

«(بىر مۇئمىن) مەسجىدكە كىرىپ نامازنى ساقلاپ تۇرسا، نامازنىڭ ئىچىدە سانىلىدۇ.» (ئىبنى ماجە: «مەساجىد»، 14)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرگەن ۋە دەرىجىلەرنى يۇقىرىلاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەيمۇ؟» دېدى.

ساھابە ـ كىرام:

"بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!" دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

«قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە (بېرىش ئۈچۈن) بېسىلغان قەدەملەرنى كۆپەيتىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش. مانا ھەقىقىي رىبات[40] بولاردۇر». (مۇسلىم: «تاھارەت»، 41)

يەزىد ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا يېنىغا باردىم، ئولتۇردۇم ئەمما جامائەتكە قوشۇلمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن بىز تەرەپكە قاراپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

- ئى يەزىد، سەن مۇسۇلمان بولمىدىڭمۇ؟ - دېدى.

مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ، مۇسۇلمان بولدۇم! - دېدىم.

رەسۇلۇللاھ:

«ئۇنداق بولسا جامائەتكە قوشۇلۇشتىن سېنى نېمە توسۇپ قويدى؟» دېدى.

"سىلەرنى نامازنى ئوقۇپ بولدى دەپ ئويلاپ، ئۆيۈمدە ئوقۇۋالغان ئىدىم" دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر نامازغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇ. ئەگەر ئىلگىرى ناماز ئوقۇپ بولغان

40. رىبات: نەپسىنى ئىتائەتكە قارىتىش، چېگرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قاراۋۇللۇق قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىق مەنىلىرى بار. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە رىبات ناھايىتى مەدھىيلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك مۇكاپات ۋەدە قىلىنغان

بولساڭ،بۇ سېنىڭ ئۈچۈن نەفلە بولىدۇ، ئۆيدە ئوقۇغىنىڭ بولسا پەرز بولىدۇ.» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 56/577)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش جەھەتتە ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ھەر قانداق ئۆزرىنى قوبۇل قىلمىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ۋە شەرت ـ شارائىتىنى ئەزانغا ئاساسەن توغرىلاشنى تەلەپ قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! كۆزۈم كۆرمەيدۇ، ئۆيۈم مەسجىدكە يىراق، بىر يولباشلىغۇچۇم بار، ئەمما ماڭا ياردەم قىلمايدۇ، نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇشقا رۇخسەت بېرەمسىز!" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئەزاننى ئاڭلامسەن؟ دەپ سورىدى ۋە "شۇنداق" دېگەن جاۋابنى ئېلىشى بىلەن:

«سېنىڭ ئۈچۈن (جامائەتكە كەلمەسلىك توغرىسىدا) بىر رۇخسەت بېرەلمەيمەن» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 46/552)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىراق يەرلەردىن كېلىپ جامائەت نامىزىغا قوشۇلۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ناماز سەۋەبلىك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەجرگە نائىل بولغانلىرى يىراق يەرلەردىن مېڭىپ كەلگەنلەردۇر، ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئوقۇي دەپ نامازنى ساقلىغان كىشى ئۆيىدە ئوقۇۋېلىپ ياتقان كىشىنىڭ ئەجرىدىن بۈيۈك ئەجرگە ئېرىشىدۇ.» (بۇخارى: «ئەزان»، 31.)

«بىر كىشىنىڭ تۇرغان ئۆيى مەسجىدكە قانچە يىراق بولسا، نامازغا بارغاندا شۇ قەدەر كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 48/556)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئاگاھلاندۇرغان.

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:
«پالانى كىشى نامازغا كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى.
"كەلمىدى» دېيىشتى.
«پالانى كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى يەنە:
"كەلمىدى" دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن:
«مانا بۇ ئىككى ناماز مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كەلگەن نامازدۇر. بۇلاردا قانچىلىك ئەجىر ۋە ساۋابنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولساڭلار ئىدى، تىزىڭلار بىلەن ئۆمىلەپ بولسىمۇ جامائەتكە كېلەتتىڭلار. بىرىنچى سەپ پەرىشتىلەرنىڭ سېپىگە ئوخشاش. ئۇ يەردىكى پەزىلەتنى بىلسەڭلار ئىدى، ئۇنىڭغا مۇسابىقىغە چۈشۈپ كىرەتتىڭلار. بىركىشىنىڭ يەنە بىر كىشى بىلەن ئوقۇغان نامىزى، يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن بەرىكەتلىك ۋە ساۋابى ئارتۇق. ئىككى كىشى بىلەن ئوقۇلغان نامازمۇ بىر كىشى بىلەن ئوقۇلغان نامازدىن بەرىكەتلىك. ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا، ئاللاھتائالا شۇنچە مەمنۇن بولىدۇ.». (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 47/554)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە:
«مەسجىدكە قوشنا بولغان كىشىنىڭ نامىزى، پەقەت مەسجىدتە ئوقۇلغاندىلا (كامىل مەنادا) ناماز بولىدۇ» دېگەن. (ئىبنى ئەبى شەيبە: 1 ـ جىلد، 303 ـ بەت)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەسجىدنىڭ قوشنىسى كىم؟ دەپ سورالغاندا:
"مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەممە كىشى" دەپ جاۋاب بەرگەن. (بەيھاقى: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 3 ـ جىلد، 57)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى جامائەتنى تەرك ئەتكەنلەرگە ئېغىر تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
«بىر يېزا ياكى كەنتتە ئۈچ كىشى بولۇپ، نامازنى ئوتتۇرلىرىدا جامائەت بىلەن ئوقۇمىسا، شەيتان ئۇلارنى قورشاپ مەغلۇب قىلىدۇ، ئۇنداقتا

داۋاملىق جامائەتكە قاتنىشقۇچىلار، شەكسىزكى، توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ.». (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 46/547)

«بىر بۆلۈك كىشىلەر يا جامائەتنى تەرك ئېتىشتىن ۋاز كېچىدۇ، ياكى بولمىسا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە مۆھۈر باسىدۇ ـ دە غاپىللاردىن بولىدۇ.» (ئىبنى ماجە: «مەساجىد»، 17)

## تۇنجى ئەزان

ناماز ۋاقتىنى جامائەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرى پەقەت "نامازغا" "نامازغا!" دەپ سۆزلىنەتتى. كېيىن ئەزان ئوقۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلقنى نامازغا چاقىرىش شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

بەزىسى: "ناماز ۋاقتى بولغان ھامان بىر بايراق چىقىرايلى، مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈشى بىلەن بىر ـ بىرلىرىگە خەۋەر قىلسۇن" دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى ياقتۇرمىدى.

يەھۇدىلارنىڭ بۇرغىسىنىڭ چېلىنىشى تەكلىپ قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ياقتۇرماي: «بۇ يەھۇدىلارنىڭ ئەسۋابىدۇر» دېدى.

قوڭغۇراق چېلىنىشى توغۇرلۇق مەسلىھەت بېرىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇمۇ خرىستىئانلارنىڭ ئىشىدۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش دەرتلەنگەن ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد[41] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. چالا ئۇيقۇدا

41. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىم ئەلئەنسارى ئوھود غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇرۇشتا پەقەت ئابدۇللاھ ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بۈيۈك قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئۆزى بىلەن قوشنا بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پات ـ پات ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇ يەردە تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئەل ئانسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن مەپتۇن ساھابىلەردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات تاپقان خەۋىرىنى ئالغاندا بۇ ئەلەملىك خەۋەر بىلەن چۆچۈپ كەتكەن ھەزرىتى ئابدۇللاھ: "ئى ئاللاھ كۆزۈمنى ئېلىپ

ئۇنىڭغا ئەزان مەرھەمەت قىلىندى، شۇ ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"مەن چالا ئۇيقۇدا تۇرسام بىرى كېلىپ، ئەزاننى ئۆگەتتى" دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئوخشاش چۈشنى كۆرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى بىلال! ئورنۇڭدىن تۇر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ ئېيتقىنىنى تەكرارلا!» دېدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى تەكرارلاپ، ئەزان توۋلىدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 27/498)

بۇنىڭ بىلەن ئەزان ۋاجىب دەرىجىسىدە كۈچلۈك بىر سۈننەت بولدى. چۈنكى ئۇ راست چۈش، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى، ھەمدە ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن سابىت بولدى. بۇ ھەقتە قۇرئانى ـ كەرىمدە:

وَإِذَا نَادَيْتُمْ إِلَى الصَّلاَةِ

**"سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا"**

(سۈرە مائىدە، 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئەزاننىڭ يولغا قويۇلىشىدا ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاستە بولغان بولسىمۇ، ۋەھىيگە ۋە غەيبى سىرلارغا نائىل بولغان، ھەر زامان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئەزان ئۇنىڭ تەستىقى بىلەن يولغا قويۇلدى ۋە ئىنسانلار مەسجىدكە، جامائەتكە چاقىرىلىشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى ئەزاننى ئوقۇغاندا، بۇ ئۇلۇغ چاقىرىق مەدىنىنىڭ بىر ئۈچىدىن يەنە بىر ئۈچىغىچە

---

كەتكىنىكى، يېگانە دوستۇم بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ھېچكىمنى كۆرۈشنى خالىمايمەن" دەپ دۇئا قىلدى ۋە شۇ ۋاقىتتىلا ئەما بولدى. (قۇرتۇبى: 5 ـ جىلد، 271 ـ بەت) ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاررە ۋەقەسى دەپ بىلىنگەن ئۇرۇشتا ئىككى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە شېھىد بولدى.

يېتىپ باردى، ئەزان ساداسى بىلەن ئاسمانلار لەرزىگە كەلدى، مۇئمىنلەر جۇشقۇنلۇق ئىچىدە مەسجىدكە يۈگۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللار تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمىدى. لېكىن ئەزاننى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئەزان ئىسلامنىڭ ئاللاھ، پەيغەمبەر، ئىبادەت ۋە ھايات چۈشەنچىسىنى قىسقا سۈرەتتە خۇلاسىلاپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساغلام بىر ئالاقە قۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا چاقىرىش جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل بىر يولنى تاللىغان.

ئەزان، ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىلەن تەكىتلەنگەن بولۇپ، 1400 يىلدىن بۇيان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئالى بىر چاقىرىق بولۇپ، جاھانشۇمۇللۇقىنى ساقلىماقتا. بۇ سەۋەبتىن ئەسلى ھالىتىدىن باشقا بىر ھالەتتە ئوقۇلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقتىڭلاردا مۇئەززىنىنىڭ سۆزلىگىنىنى (كەلىمە-كەلىمە) تەكرارلاڭلار. كېيىن ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاڭلار. چۈنكى كىم ماڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت يوللايدۇ، كېيىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلە سوراڭلار. چۈنكى ۋەسىلە جەننەتتىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا بەندىگە بېرىلىدۇ، شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن. كىمكى ماڭا ئاللاھتىن شۇ ئورۇننى سورىسا، مېنىڭ شاپائىتىم ئۇنىڭغا ۋاجىب بولىدۇ» (مۇسلىم: «سەلات»، 11؛ ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 36/523)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە:

«مۇئەززىن بىلەن بىرلىكتە ئەزاننى تەكرارلىغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان» ئەزاندىن كېيىن قىلىنىدىغان دۇئا ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

«اللهم رب هذه الدعوة التامة والصلاة القائمة ات محمدا الوسيلة والفضيلة وابعثه مقاما محمودا الذي وعدته»

«مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇماقچى بولغان نامازنىڭ رەببى ئى ئاللاھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەسىلە ۋە پەزىلەتنى بەرگىن، ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان، ماختىلىدىغان مەرتىۋىگە يەتكۈزگىن» دېسە، ئۇنىڭغا مەن چوقۇم قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىمەن.» (بۇخارى: «ئەزان»، 8؛ ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 37/529)

ئىلاھىي بىر سادا بولغان ئەزاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار، بۇلاردىن بىر قانچىسى:

«ئىككى دۇئا باركى، ئەسلا رەت قىلىنمايدۇ ياكى نادىر رەت قىلىنىدۇ: ئەزان ئوقۇلۇۋاتقاندا قىلىنغان دۇئا بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، ئىككى تەرەپ مەيداندا بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ۋاقىتتىكى دۇئا» (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 39/2540)

«ئەگەر كىشىلەر ئەزان ئېيتىشنىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە، ئاندىن ئۇ پەزىلەتكە (ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن) چەك تاشلاپ ئېرىشىشتىن باشقا يول بولمىسا، ئۇ پەزىلەت ئۈچۈن ئەلۋەتتە چەك تاشلىشاتتى.» (بۇخارى: «ئەزان»، 9، 32؛ مۇسلىم: «سەلات»، 129)

«قاچانكى نامازغا ئەزان ئېيتىلسا، شەيتان كەينىنى قىلىپ ئۇسۇرغان ھالەتتە ئەزان ئاڭلانمايدىغان يەرگە قاچىدۇ. قاچانكى ئەزان ئېيتىلىپ بولسا، قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا يەنە قاچىدۇ، تەكبىر ئېيتىلىپ بولسا يەنە كېلىدۇ. ھەتتاكى ئىنساننىڭ دىلىغا ۋەسۋەسە سېلىپ، ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە، دەپ بۇنىڭدىن ئاۋۋال كۆڭلىگە كەچمىگەن نەرسىلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئېزىپ قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى بىلمەي قالىدۇ.» (بۇخارى: «ئەزان»، 4؛ مۇسلىم: «سەلات»، 19)

## ئەسھابى سۇففە (سۇففە ئەھلى) ئىلىم ـ ئېرپان مەكتىۋى

پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ بىر تەرىپىگە، ئەتراپى ئوچۇق ۋە ئۈستى خورما شاخچىلىرى بىلەن يېپىلغان بىر سۇفا[42] سېلىندى. ئۆيى ۋە ئائىلىسى بولمىغان كەمبەغەل مۇسۇلمانلار بۇ يەردە قالدى ۋە ئۇلارغا "ئەسھابى سۇففە" يەنى "سۇففە ئەھلى" دېيىلدى[43]. ئارىسىدىن بىرى ئۆيلەنگەن، سەپەرگە چىققان، باشقا بىر يەرگە يەرلەشكەن ياكى ۋاپات بولغان ھامان سانى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازلاپ كېتەتتى. بىر قېتىم سانى يەتمىشكە يەتكەن.

بەزى مەلۇماتلاردا سۇففە ئەھلىدىن بولغانلىقى ئېيتىلغان يۈزدىن ئارتۇق ساھابىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمىنلىگەن. ئەھۋالى يار بەرگەن، قول ئىلكىدە بار ساھابىلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشىنى بۇيرىغان.

سۇففە ئەھلىدىن بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"سۇففە ئەھلى ئىسلام مۇساپىرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ پاناھلانغۇدەك ئائىلىسى، ماللىرى ۋە ئىگە ـ چاقىلىرى يوقتى. بىر سەدىقە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇلارغا ئەۋەتەتتى، ئۆزى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالمايتتى. ئەگەر كەلگەن نەرسە بىر ھەدىيە بولسا، ئۇنىڭدىن بىر پارچە ئېلىپ، قالغىنىنى يەنىلا سۇففە ئەھلىگە ئەۋەتەتتى. بۇنىڭ بىلەن كەلگەن ھەدىيەنى ئۇلار بىللە ئالاتتى" (بۇخارى: «رىقاق»، 17)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

"مەن سۇففە ئەھلىدىن يەتمىش كىشىنى كۆردۈم. ھېچبىرىنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر كىيىم يوق ئىدى. بەلدىن تۆۋەن كىيىلىدىغان بىر پارچە رەخت، يا بەلنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدىغان بىر تون بار ئىدى. كىيىملىرىنى بوينىلىرىغا باغلىۋالاتتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى

42. سۇفا: سايىۋەنلىك

43. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 255 ـ بەت.

پاچاقلىرىنىڭ يېرىمىغا، يەنە بىر قىسمى تاپانلىرىغا ئۇلىشاتتى، ئەۋرەتلىرى كۆرۈلۈپ قالمىسۇن دەپ كىيىملىرىنى قوللىرى بىلەن يىغىۋالاتتى. (بۇخارى: «سەلات»، 58)

فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆرە تۇرالماي يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتەتتى. بۇلار سۇففە ئەھلى ئىدى. چۆلدىن كەلگەن بەدەۋىلەر: "بۇلار ساراڭ" دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاچلىقتىن ھوشىدىن كەتكەنلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ: «ئاللاھتائالانىڭ ھۇزۇرىدا سىلەر ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ تەييارلانغانلىقىنى بىر بىلسەڭلار ئىدى، تېخىمۇ يوقسۇل ۋە موھتاج بولۇشنى خالايتتىڭلار» دېدى. (تىرمىزى: «زۇھد»، 39/2368)

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ۋەقەنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"سۇففە ئەھلى بەكمۇ كەمبەغەل كىشىلەر ئىدى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئىككى كىشىلىك تاماقى بار كىشى (سۇففە ئەھلىدىن) ئۈچىنچى بىر كىشىنى، تۆت كىشىلىك تاماقى بار كىشى بەشىنچى كىشىنى، ھەتتا ئالتىنچى كىشىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتسۇن!»

دادام ئەبۇ بەكرى ئۇلاردىن ئۈچ كىشىنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئون كىشىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، يېگەن ھەربىر لوقمىنىڭ ئاستىدىن تاماق كۆپىيىپ چىقتى. ئاخىرى مېھمانلار تويدى، تاماق باشتا ئېلىپ كېلىنگىنىدىن كۆپرەك ئوتتۇرىدا تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى تاماققا قارىدى ۋە ئايالىغا:

"ئى بەنى فىراسنىڭ قىزى! بۇ نېمە ئىش؟" دېدى.

ئۇ: "قەسەم قىلىمەنكى، تاماق ھازىر ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ" دېدى. (بۇخارى: «مەۋاقىت»، 41، «مەناقىب»، 25، «ئەدەب»، 87 ـ 88؛ مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 176 ـ 177)

بۇ مەنزىرە ئىخلاس كەلتۈرگەن بەرىكەتتىن بىر مىسالدۇر.

سۇففە ئەھلى ئىش تاپقان ۋاقىتلاردا ئىشلەيتتى، باشقا ۋاقىتلاردا مەسجىدتە ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. دەرۋەقە، كۈچ ـ قۇۋۋىتى جايىدا بولغان سۇففە ئەھلى تاغلاردىن دۆمبىسىگە ئوتۇن ئارتىپ كېلىش، سۇ توشۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. تاپقان پۇللىرىغا قېرىنداشلىرىغا تاماق سېتىۋالاتتى[44]. يۈز ئابرۇيىغا قاتتىق دىققەت قىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز شەخسىيىتىنى پەس كۆرىدىغان كىشلەردىن يىراق تۇراتتى. ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايتتى.

سۇففە ئەھلى دىنىنىڭ مەنبەسىگە ئەڭ يېقىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىگە باشقىلاردىن كۆپ قاتنىشىدىغان كىشلەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىلىمدە تەرەققى قىلىشى تېز بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئىبنى مەسئۇد، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئۇبادە ئىبنى سامىت قاتارلىق ئالىم ساھابىلەرگە مۇئەللىم بولغان ئىدى.

سۇففە ئەھلى يۇقىرى سەۋىيەدە تەربىيە كۆرگەن. دەرۋەقە، ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەر ئومۇمى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان. بۇلارنىڭ بېشىدا بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئىنسانلار: "ئەبۇ ھۇرەيرە بەك كۆپ ھەدىس نەقىل قىلىدۇ" دەپ ھەيران قېلىشىدۇ. مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز بازاردا تىجارەت بىلەن، ئەنسار قېرىنداشلىرىمىز ئېتىزلاردا دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتىدا، ئەبۇ ھۇرەيرە قورسىقى تويسىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۇلار

44. بۇخارى: «مەغازى»، 28، «جىھاد»، 9؛ ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 514 ـ بەت.

شاھىد بولمىغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە شاھىد بولۇپ، يادا ئالمىغان نەرسىلىرىنى يادلايتتى.» (بۇخارى: «ئىلىم»، 42)

ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق مەدىنىگە كەلگەن ھەيئەتلەر بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۇففە ئەھلىدىن بىلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۆگىنەتتى. مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغان قەبىلىلەرگە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئەللىم ئەۋەتىش كېرەك بولغاندا، بۇلار ئارىسىدىن تاللىناتتى.

ساھابىلەر ئارىسىدا پەزىلەت جەھەتتىن تۆت خەلىپە، جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە ۋە بەدىر ئەھلىدىن كېيىن سۇففە ئەھلى كېلەتتى. ئاللاھتائالا ئۇلارنى قۇرئانى ـ كەرىمدە مەدھىيىلىگەن. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

لِلْفُقَرَاء الَّذِينَ أُحصِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاء مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لاَ يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ

**«ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان (تېرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلىش كېرەك. ئەھۋالنى بىلمىگەنلەر ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن. ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەيرى ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.»**

(بەقەرە سۈرىسى، 273 ـ ئايەت)

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"تەكەببۇر مۇشرىكلاردىن ئەقرە ئىبنى خابىس بىلەن ئۇيەينە ئىبنى ھىسن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى بىلال، سۇھەيب، ئەممار، خەبباب قاتارلىق كەمبەغەل ۋە ئىگە ـ چاقسى يوق مۇسۇلمانلارنىڭ

ئارىسىدا ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتراپىدىكى بۇ ئاجىز مۇسۇلمانلارنى پەس كۆرۈپ پەيغەمبىرىمىزگە:

"بىز ئۇچۇن بۇلارغا ئوخشىمايدىغان بىر مەجلىس تەييارلىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر بىزنىڭ بۇلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىمىزنى بىلسۇن. سەن بىلىسەنكى، بىزگە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر مۇنچە ھەيئەتلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزنى بۇ قۇللار بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەلگەندە ئۇلارنى يېنىڭدىن يىراقلاشتۇرغىن. سېنىڭ بىلەن ئىشىمىز پۈتكەندىن كېيىن، خالىساڭ يەنە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغىن" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بولىدۇ - دېدى.

ئۇلار:

- بولىدۇ دېيىشىڭ يەتمەيدۇ! بىز ئۈچۈن ئۇنى بىر پۈتۈكچە قىلىپ يازغىن - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى چاقىردى ۋە يېزىش ئۈچۈن قەغەز تەلەپ قىلدى. بىز بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتۇق، شۇ ئەسنادا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ئېلىپ كەلدى:

وَلاَ تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَيْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ عَلَيْهِم مِّن شَيْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ الظَّالِمِينَ

**«ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن. ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ**

**ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.»** (ئەنئام سۈرىسى، 52-ئايەت)

وَكَذَلِكَ فَتَنَّا بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لِّيَقُولواْ أَهَؤُلاء مَنَّ اللّهُ عَلَيْهِم مِّن بَيْنِنَا أَلَيْسَ اللّهُ بِأَعْلَمَ بِالشَّاكِرِينَ

**«ئۇلارنىڭ: «ئاللاھ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق. (يەنى پېقىر ئاجىز كىشلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن باي چوڭ كىشلەرنى سىنىدۇق). ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ! (يەنى شۈكرى قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ)»** (ئەنئام سۈرىسى، 53-ئايەت)

وَإِذَا جَاءكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِنَا فَقُلْ سَلاَمٌ عَلَيْكُمْ كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ

**«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى.»** (ئەنئام سۈرىسى، 54-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كېلىشمنى يېزىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان قەغەزنى دەرھال بىر تەرەپكە تاشلاپ، بىزنى يېنىغا چاقىردى، ھۇزۇرىغا كەلگىنىمىزدە:

سَلاَمٌ عَلَيْكُمْ كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ

**«سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن. پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى.»** دېدى.

ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇق، ھەتتا شۇ قەدەر يېقىنلاشتۇقكى، تىزلىرىمىزنى ئۇنىڭ تىزلىرىغا تەككۈزدۇق، بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، بىز ئىلگىرىكىدەكلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردۇق، لېكىن ئۇ خالىغان ۋاقىتتا يېنىمىزدىن تۇرۇپ كېتەتتى. قاچانكى:

وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا

**«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئەتىگەن ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن. ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن.»** (كەھف سۈرىسى، 28-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز تېخىمۇ دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدۇق. بىرلىكتە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا ۋاقىت خېلى ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەركىن تۇرۇپ كېتىشى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كېتەتتۇق"
(ئىبنى ماجە: «زۇھد»، 7؛ تەبەرى: «تەپسىر»، 7-جىلد، 262-263)

بۇ ئاخىرقى ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان كەمبەغەل ساھابىلىرىنى ئىزدەپ، ئۇلارنى مەسجىدنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتقان ھالەتتە تاپتى. بۇنىڭ بىلەن:

«جېنىمنى ئېلىشتىن بۇرۇن، ئۈممىتىمدىن بۇ ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە سەۋر قىلىشىمنى بۇيرىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئەمدى ھاياتىم ۋە ماماتىم سىلەر بىلەن بىرگە» دېدى. (ۋاھىدى: 306-بەت)

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"مۇھاجىرلارنىڭ كەمبەغەللىرىدىن بىر گۇرۇپ جامائەت بىلەن ئولتۇرغان ئىدىم، بۇلاردىن بىر قىسمى (پۈتۈن بەدىنىنى ياپقىدەك كىيىمى بولمىغانلىقى

ئۆچۈن) باشقىلىرىنىڭ (كۆلەڭگۈسى بىلەن) ياخشى ئورنىنىشقا تىرىشاتتى. بىر كىشى بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشى ئوقۇشنى توختاتتى. رەسۇلۇللاھ سالام بېرىپ:

- نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ شەيخىمىزدۇر، بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ، بىزمۇ ئاللاھتائالانىڭ كىتابىنى ئاڭلاۋاتىمىز" دېدۇق.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۈممىتىم ئارىسىدا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەۋر قىلىشىم بۇيرۇلغان كىشىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! - دېدى[45].

كېيىن رەسۇلۇللاھ، ئۆزىنى بىز بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە قويۇپ ئوتتۇرىمىزدا ئولتۇردى ۋە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

- مۇنداق (ھالقىسمان شەكىلدە ئولتۇرۇڭلار!) - دېدى.

جامائەت شۇ ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ ئولتۇردى، نىھايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى:

- ئى كەمبەغەل مۇھاجىرلار! مۇبارەك بولسۇن! سىلەرگە قىيامەت كۈنىدە بىر نۇر بىلەن بىشارەت بېرىمەن. سىلەر جەننەتكە ئىنسانلارنىڭ بايلىرىدىن يېرىم كۈن ئىلگىرى كىرىسىلەر. بۇ يېرىم كۈن (دۇنيا كۈنلىرىدىن) 500 يىلدۇر. (ئەبۇ داۋۇد: «ئىلىم»، 13/3666)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئائىشە ئانىمىزنىڭ نىكاھى ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدە قىلىنغان بولۇپ، تويى مەدىنىدە بولغان.

45. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى بىلەن كەھف سۈرىسى 28-ئايەتنى ئىزاھلىغان. بۇ يەردە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىسلامغا تۇنجى كىرگەن پېقىر ۋە ئاجىزلار بىلەن بىرلىكتە بېشىدىغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار سەبرى قىلىشنى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتتا بىزنى ۋە قىزلىرىنى مەككىدە قويۇپ قويغان ئىدى. كېيىن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەبۇ رافىنى ئىككى تۆگە ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 500 دەرھەم بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى. دادام ئەبۇ بەكرىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى ئىككى، ئۈچ تۆگە بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتتى، ئاكام ئابدۇللاھقا ئانام ئۇممۇ رۇماننى، مېنى ۋە سىڭلىم ئەسمانى تۆگىلەرگە مىنگۈزۈپ ئەۋەتىشى ئۈچۈن خەۋەر يوللىدى.

ئەبۇ رافى پاتىمە، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە سەۋدە بىنتى زەمئەنى؛ زەيد بولسا ئۇممۇ ئەيمەن ۋە ئوغلى ئۇسامەنى تۆگىلەرگە مىنگۈزدى. ھەممەيلەن بىرلىكتە يولغا چىقتۇق.[46] مىنادىن بەيز دېگەن يەرگە كەلگەندە تۆگىلىرىمىز قاچتى، بىز ھەۋدەجنىڭ[47] ئىچىدە ئىدۇق. ئانام: "ۋاي بىچارە قىزىم! ۋاي كېلىنىم!" دەپ ۋارقىرىدى. ئاللاھتائالا تۆگىمىزنى جىمىقتۇرۇپ بىزنى سالامەتلىككە ئېرىشتۈردى.

ئاخىرى ساق-سالامەت مەدىنىگە يېتىپ كەلدۇق. (رەسۇلۇللاھ بىلەن نىكاھىمىز مەككىدە قىلىنىپ بولغان) مەن ئائىلەم بىلەن بىرلىكتە تۇراتتىم، ئۇ ۋاقىتلاردا مەسجىد ۋە ئەتراپىغا ئۆي سېلىنىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسى ئۆز ئۆيىگە يەرلەشتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن دادام:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھلىڭ بىلەن بىرگە بولماسلىقتىن سېنى نېمە توسۇپ قويىدى؟ - دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەھرى ھەققى- دېدى.

---

46. ھەزرىتى زەينەپ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئېرى ئەبۇل ئاس ئىبنى رەبى رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل مەككىدە قالدى.

47. ھەۋدەج: ئاياللارنىڭ مىنىشى ئۈچۈن تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان كىچىك تەخترىۋاندەك نەرسە.

بۇنىڭ بىلەن دادام ئەبۇ بەكرى ياردەم سۈپىتىدە ئون ئىككى يېرىم ئۇقىيە[48] ئەۋەتىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھرى ھەققىنى بېرىپ شەۋۋال ئېيىدا مەن بىلەن ئۆيلەندى[49] توي ئۈچۈن تۆگە، قوي بوغۇزلانمىدى، پەقەت سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[50] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭ بىر قاچىدا تاماق ئەۋەتتى[51].

## مەدىنىنىڭ ئەھۋالى

مۇسۇلمانلار ھۆكۈمران بولغان مەدىنە دەۋرى پۈتۈن جاھاننى يورۇتقان ھەق دىنىنىڭ جاھانشۇمۇل پرىنسىپلىرى يەرلەشكەن، غازاتلاردىكى شېھىد قانلىرى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن ھەرىكەتچان بىر دەۋردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىرلارغا پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن قۇچاق ئاچقان مەدىنىنىڭ شەرت-شارائىتى، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا دېگۈدەك راھەت، بىخەتەر ئەمەس ئىدى. بىر قىسىم خەتەرلەر بار ئىدى، چۈنكى

48. ئۇقىيە: قەدىمقى كۆمۈش پۇل بىرلىكى. بىر ئۇقىيە تەخمىنەن 128 گىرامغا تەڭ، ئۇقىيە ئۇ زامانلاردا ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپمۇ قوللىنىلغان.
49. ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 58، 62-63-بەتلەر.
50. سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مۇسۇلمان بولغان. ئۇ يەردە تاللانغان ئون ئىككى ۋەكىلنىڭ بىرى، باي ۋە سېخى بىر كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىدە يەتتە ئاي تۇرغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى سەئىد ھەر كۈنى تاماق ئەۋەتەتتى، قەلئە شەكلىدە بىر ئۆيى بولۇپ، ئۇ يەردە تۇراتتى ۋە ھەركۈنى بۇ يەردە زىياپەت بېرەتتى. ھەممە كىشى ئۇ يەرگە بېرىپ يەپ-ئىچەتتى، سۇففە ئەھلىنى ھەركۈنى تويغۇزاتتى. كۆپلىگەن ئۇرۇشلاردا خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بايراقلىرىنى كۆتۈردى. زۇقارىد غازىتىدا، قوشۇنغا ئون تۆگە يۈكى مىقدارى خورما بەردى. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ سەئىدكە ۋە سەئىد ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن!» دەپ، دۇئا قىلدى. بەنى قۇرەيزە غازىتىدا پۈتۈن قوشۇنغا يېمەكلىك بەردى. ۋاپات بولغانغا قەدەر جېنى، مېلى بىلەن خىزمەت قىلدى. مەدىنە ئەتراپىدا زېمىنى ۋە باغچىلىرى بار ئىدى، ئۆيى مەدىنىنىڭ چەت بىر مەھەللىسىدە ئىدى، پەيغەمبەر مەسجىدىگە يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردە بىر مەسجىد سالدۇردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خىلاپىتىدىن كېيىن شام تەرىپىدىكى ھورانغا كەتتى. ھىجرىيەنىڭ 635-يىلى ئۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، غوتا بازىرىغا دەپنە قىلىندى.
52. ئەخمەت، 6-جىلد، 211-بەت

مەدىنىدە ئەنسار، مۇھاجىرلاردىن باشقا يەنە مۇناپىق ۋە يەھۇدىيلارمۇ بار ئىدىكى، بۇلار ھەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تىرىشاتتى.

مۇناپىقلار تاشقى جەھەتتىن مۇسۇلمان بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدە بۇرۇنقى بۇتپەرەستلىكنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئۆز نۇرىنى شەكسىز تاماملايدىغان ئاللاھتائالا ئۇلارغا قاتتىق شەكىلدە تەھدىت قىلىپ مۇنداق دىدى:

وَمِمَّنْ حَوْلَكُم مِّنَ الأَعْرَابِ مُنَافِقُونَ وَمِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ مَرَدُواْ عَلَى النِّفَاقِ لاَ تَعْلَمُهُمْ نَحْنُ نَعْلَمُهُمْ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَى عَذَابٍ عَظِيمٍ

**«ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار. مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرىدىغانلار بار. ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز. ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتلى قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت)

ھەقىقەتەن، مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىدا شۇ دەرىجىدە ماھارەتلىك بولۇپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سېزەلمەي قالاتتى، پەقەت ئاللاھ بىلدۈرگەن تەقدىردە خەۋىرى بولاتتى. چۈنكى، مۇناپىقلار ئۆزلىرىگە كېلىدىغان كىچىككىنە تەنقىد يوللىرىنىمۇ ھېس قىلىپ، شۇنىڭغا كۆرە ئىش تۇتاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەرنى ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان مەككىلىك مۇشرىكلارمۇ جىم تۇرماي، مەدىنىدىكى مۇناپىقلار تۇتاشتۇرغان پىتنە ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئىسلامنىڭ مەدىنىدە يەرلىشىپ، تارقىلىشىغا چىدىيالمىدى. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق مۇناپىقلارغا خەۋەر يوللىدى. ئەگەر بۇنى ئىجرا قىلمىغان تەقدىردە، پۈتۈن ئەرەبلەرنى توپلاپ، ئۇلارغا باستۇرۇپ كېلىپ مۇئمىن،

مۇناپىق، مۇشرىك دەپ ئايرىماي پۈتۈن مەدىنىلىكلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمىز دەپ تەھدىت قىلدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قورقۇتۇپ مۇئمىنلەرگە قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن بىر گورۇھ كىشىلەرنى ئەۋەتىپ مەدىنىدىكى پادىلارنىمۇ بۇلاپ كەتتى.

ئەھۋال خېلىلا خەتەرلىك ئەھۋالغا كەلدى. مۇسۇلمانلار كېچىلىرى مەدىنە كوچىلىرىدا نۆۋەتچىلىك قىلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا قارشى ھەرتۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئالدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كېچىلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. مەدىنە سىرتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ھەر تەرەپنى كونترول ئاستىغا ئالدى.

يەنە بىر تەرەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى ۋە ھەر ۋاقىت پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان يەھۇدىيلار بار ئىدى. يەھۇدىيلار ئىلگىرىكى دىنى مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ جېدەل چىقاردى. بۇ سەۋەبتىن مەدىنىدە نازىل بولغان تۇنجى سۈرە بەقەردە يەھۇدىيلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇمۇمى قىلىپ پۈتۈن ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، 40–162-ئايەتلەر ئارىسىدا، 123-ئايەتتە مەخسۇس بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا سۆزلەنگەن. گاھىدا ئۇلارغا بىۋاستە خىتاب قىلىنغان، گاھىدا ئۇلار ئۈچىنچى شەخس شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان، گاھىدا دەۋالىرى رەت قىلىنغان، گاھىدا ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى ئەسلىتىپ، كۆڭلىدە ئىمان ئارزۇسىنى ئويغۇتۇش مەقسەت قىلىنغان[52].

يەھۇدىي شائىر كەئب ئىبنى ئەشرەف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتتى. قۇرەيشنىڭ مۇشرىك شائىرلىرىمۇ رەسۇلۇللاھنى شېئىرلىرى بىلەن مەسخىرە قىلدى. ئەنسارنىڭ مەشھۇر شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىلىك مۇشرىكلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر

52. ئەننەبەئۇل ئەزىم: 178-بەت.

ئەلەيھسسالامدىن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام رۇخسەت بەردى[53].

ئۇ دەۋردە شېئىر بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئۆن ـ سىن ۋە يازما ئەسەرلەرگە ئوخشاش كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى. رەسۇلۇللاھ شائىر ھەسسان ئىبنى سابىت ئۈچۈن مەسجىدكە مەخسۇس بىر مۇنبەر قويۇپ بەردى. ھەسسان ئۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ كۆڭلىنى سۆزلىرى بىلەن ئاغرىتقان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى مۇداپىئە قىلغان مۇددەتچە روھۇل قۇددۇس (جىبرائىل)، ھەسسان بىلەن بىرلىكتە» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 87/5015)

يەھۇدىي، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ساھابىلىرىگە بۇ شەكىلدە ئەزىيەت بېرىۋاتقاندا ئاللاھتائالا ھەبىبىگە سەۋر قىلىشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام بەدىر غازىتىدىن ئىلگىرى بىر كۈنى كېسەل بولۇپ قالغان سەئىد ئىبنى ئۇبادەنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلاققا مىنىپ، ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئارقىسىغا ئېلىۋالدى. يولدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئىبنى سەلۇلمۇ قاتناشقان بىر مەجلىسكە ئۇچرىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىدىم دەپ بەيئەت قىلمىغان ئىدى. (كۇپۇرلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا قىلاتتى) مەجلىس مۇسۇلمان، يەھۇدىي، بۇتپەرەست قاتارلىق ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ ئۇ مەجلىستە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۇلىقىنىڭ پۇتىدىن چىققان چاڭ ـ توزان مەجلىسكە كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي بۇرنىنى كىيىمىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن توسۇۋېلىپ:

"بىزگە چاڭ ـ توزان توزۇتما!" دېدى.

53. بۇخارى: «مەناقىب»، 16 مۇسلىم: «فەزائىلۇس ساھابە»، 156 ـ 157.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سالام قىلىپ توختىدى، ئۇلىقىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىپ، قۇرئان ئوقىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي:

”ۋاي بولدى! بۇلارنى سۆزلەش بىلەن ياخشى قىلمىدىڭ، ئەگەر سۆزلىگەنلىرىڭ ھەق بولسا مەجلىسىمىزگە دەخلى قىلما، ئۆيۈڭگە كەت، بۇلارنى سېنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە سۆزلەپ بەر!“ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

”ئەكسىچە، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەن بىزنىڭ مەجلىسىمىزگە كەل، بىز بۇنى ياخشى كۆرىمىز“ دېدى.

مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىلار جېدەللىشىشكە باشلاپ، بىر-بىرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تاس قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بېسىقتۇردى.

بۇ جېدەل بېسىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇقىغا مىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. سەئىد:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى كەچۈرگىن، ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە بۇ شەھەر خەلقى ئۇنى رەئىس قىلىش ۋە بېشىغا پادىشاھلىق تاجىنى كەيدۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈشكەنىدى. ئاللاھ سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى سۇغا چۈشۈرگەندە ئۇ قاتتىق بىئارام بولدى. يەر يۈزى تار كېلىپ، نەپەس ئالالماس ئەھۋالغا كەلدى. بەلكىم قىلغانلىرى بۇ سەۋەپتىن بولىشى مۇمكىن“ دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ بۇ قوپاللىغىنى كەچۈرۈۋەتتى.

بۇ ۋەقە ئۈستىگە:

لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُواْ أَذًى كَثِيرًا وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الأُمُورِ

**«سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار)دىن مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر. ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار، (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 186 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇرۇش ئايىتى نازىل بولۇشتىن بۇرۇن مۇشرىك ۋە ئەھلى كىتابتىن كۆرگەن بۇ خىل ئەزىيەتلەر سەۋەبلىك ئۇلارنى بۇيرۇلغانلىرى بويىچە كەچۈرەتتى[54].

### ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلىشى
### سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا سىلەرمۇ ئۇرۇش ئېچىڭلار!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا رۇخسەت بېرىلمىدى. مۇشرىكلارنى ئاللاھتائالانىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىش، قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىش، جاھىللارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا سەۋر قىلىش ۋە بۇلارغا كۆز يۇمۇشقا بۇيرۇلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاقلارنى كۈچەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى بۇ چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلار بىلەن دىنىدىن قايتۇرۇلدى، بەزىسى ئۆز دىنى ئۈچۈن ھەبەشىستانغا، يەنە بەزىسى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدى.

ۋەقەلەر شۇنداق بىر شەكىلدە ئۆستى ـ ئۈستىگە كېلىشكە باشلىدىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ كۈنگە قەدەر تۇتۇپ كېلىۋاتقان "سەۋر ۋە تاقەت"

---

54. بۇخارى: «تەپسىر»، 3/15.

سىياستى بىلەن سۈلھى تۈزۈش ئەمدى مۇمكىن بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋردىن كېيىن مۇراجىئەت قىلغان مۇداپىئە قوراللىنىشمۇ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارىغا يالۋۇردى. ئۇنىڭ ۋەھىيسىنى كۈتتى.

نىھايەت، مۇشرىكلار قاتتىق ئازغان، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئەلچىسىنى يالغانغا چىقارغان، مۇسۇلمانلارنى شىددەت بىلەن قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدا پاراكەندە قىلغان بۇ زاماندا دىنىنى، ۋەتەننى ۋە مۇئمىنلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر بىر ھالغا كەلگەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ئايەتلەر نازىل بولدى:

أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ، الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَن يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ

**«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.»** (ھەج سۈرىسى، 39-40-ئايەت)

وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللهَ لاَ يُحِبِّ الْمُعْتَدِينَ

**«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار. تاجاۋۇز قىلماڭلار. تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 19 - ئايەت)

ئاللاھتائالا ئۇرۇشنىڭ قايسى سەۋەب ۋە غايە ئۈچۈن قىلىنىدىغانلىقىغا دائىر ھۆكمىنىمۇ مۇنداق بىلدۈردى:

وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلّهِ

**«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.»** (ئەنفال سۈرىسى، 39 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلىشى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىنىڭ نەتىجىسىدۇر. جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان "بەش زۆرۈرىيەت" دەپ ئاتالغان بەش نەرسىنىڭ، يەنى: "مال، جان، ئەۋلاد، ئەقىل، دىن"نىڭ قوغدىلىشى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇداپىئە قىلىنىش ئۈچۈن جىھاد پەرز قىلىندى. بۇ ئىلاھىي بۇيرۇق بىلەن، دىندىن ئېزىقتۇرغۇچىلارنىڭ جازاسىنى تارتىشى ۋە ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ تەبلىغ قىلىنىشىغا توسالغۇ بولغان توساقلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى مەقسەت قىلىندى.

ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر سۇلتانىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر مەرھەمىتىگە قارىماي، بۇيۈك ئۇرۇشلارنى قىلىشى، خاتىرجەملىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە تەۋھىد كۆرىشى زۆرۈرىيىتىگە بىنائەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە:

«مەن رەھمەت ۋە ئۇرۇش پەيغەمبىرىمەن!» دېگەن. (ئەھمەد: 4 - جىلد، 396)

ئاللاھتائالا جىھاد رۇخستى ۋە بۇيرۇقنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر بىلەن بىرگە، رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەرنى بۇ ئىلاھىي بۇيرۇققا تەشۋىق قىلغان ئايەتلەرنىمۇ نازىل قىلدى:

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَسْبُكَ اللّهُ وَمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ، يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِن يَكُن مِّنكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُواْ مِئَتَيْنِ وَإِن يَكُن مِّنكُم مِّئَةٌ يَغْلِبُواْ أَلْفًا مِّنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لاَّ يَفْقَهُونَ

**«ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، كافىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ، چۈنكى ئۇلار جاھىل قەۋم بولۇپ (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ.»** (ئەنفال سۈرىسى، 64 ـ 65 ـ ئايەت)

أَلاَ تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُواْ أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّواْ بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُم بَدَؤُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤُمِنِينَ، قَاتِلُوهُمْ يُعَذِّبْهُمُ اللّهُ بِأَيْدِيكُمْ وَيُخْزِهِمْ وَيَنصُرْكُمْ عَلَيْهِمْ وَيَشْفِ صُدُورَ قَوْمٍ مُّؤْمِنِينَ، وَيُذْهِبْ غَيْظَ قُلُوبِهِمْ

**«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە)دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچمامسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر. ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ كافىرلارنى جازالاپ) مۇئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ.**

**ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ.»**(تەۋبە سۈرىسى، 13 ـ 15 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىقماي قېلىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش نازىل بولدى:

كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ

**«سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار.»** (بەقەرە سۈرىسى، 216 ـ ئايەت)

مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ الأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن رَّسُولِ اللّهِ وَلاَ يَرْغَبُواْ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِ

**«مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللا بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس.»** (تەۋبە سۈرىسى، 120 ـ ئايەت)

قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّى يَأْتِيَ اللّهُ بِأَمْرِهِ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ

**«ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار، (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار) تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار) ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھ قىلىش ئىزنى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 24-ئايەت)

بۇ ئىلاھىي بايانلاردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ھەرتەرەپتىن جىددى تەييارلىققا كىرىشتى.

### ئاللاھ يولىدا جىھاد

جىھادنى ئومۇمى مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، كىشىنىڭ ئۆز نەپسىنى تەربىلەش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش، ھاراملاردىن يىراق تۇرۇش[55]، مۇسۇلمان قېرىنداشىغا نەسىھەت قىلىش، مۇسۇلمان بولمىغانلارغا ئىسلامنى دەلىللىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش[56]، دىننى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى، جېنىنى، ۋەتىنىنى، نەسلىنى، مال-مۈلكىنى قوغداش، ئىسلامنى تارقىتىش ۋە بۇنىڭغا قارشى بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن جان، مال، تىل ۋە باشقا بارلىق ۋاستىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش قاتارلىق مەنىلىرى بار[57].

---

55. نەسەئى: «ھەج»، 4
56. ئەھمەد: 3-جىلد، 456-بەت.
57. بۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە نىسا، 95-ئايەت؛ سۈرە ئەنفال، 72-ئايەت؛ سۈرە تەۋبە، 20، 41، 44، 81، 88-ئايەتلەر. ھەدىسلەر

بۇ سەۋەب بىلەن جىھاد كەلىمىسى نەپسلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قاراشتىن رەسۇلۇللاھنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ تامامەن بۇ يولدا ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەش مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئاللاھتائالا جان ۋە مالنى ئىمتىھان سەۋەبى قىلىپ، بۇلار بىلەن ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشىمىزنى بۇيرىغان. ئاللاھتائالا بۇ جەھەتتىكى ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ:

لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ جَاهَدُواْ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ وَأُوْلَئِكَ لَهُمُ الْخَيْرَاتُ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**«لېكىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار، ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقىغا نائىل بولىدۇ. ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 88-ئايەت)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ، تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر. ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر.»** (سەپ سۈرىسى، 10-11-ئايەتلەر)

---

ئۈچۈن: بۇخارى: «مەزالىم»، 33؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 226؛ ئەبۇ داۋۇد: «سۈننەت»، 28-29غا قاراڭ.

بىر كۈنى ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزگە:
"ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشى ئىنسان كىم؟" دەپ سورىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«جېنى ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۆئمىن!» دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: «جىھاد»، 2؛ مۇسلىم: «ئىمارەت»، 122)

ئايەت، ھەدىسلەردە ئىپادىلەنگەن مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىشتىن مەقسەت، پەقەتلا قورال بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەمەستۇر. چۈنكى قورال زۇلۇمنى يوقۇتۇش، ھەقنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش قاتارلىق زۆرۈر ئەھۋاللاردا قوللىنىدىغان بىر ۋاستىدۇر. ئەسلى پەتىھ بولسا كۆڭۈللەرنىڭ پەتھىسىدۇركى، ئۇ باشتا سۆز ۋە يازما تەبلىغ شەكلىدە بولۇش بىلەن بىرگە ناھايىتى كۆپ ۋاستە بىلەن ئورۇنلىنىشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، جىھاد ئايەتلىرى كۆپلەپ نازىل بولغان مەككە دەۋرىدە مۆئمىنلەرنىڭ ئۇرۇشۇش كۈچى يوق ئىدى. ئۇلار جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسلامنى، يەنى ئىنسانلىقنى، ھەقنى، ئادالەتنى قوغداش ۋە تەبلىغ قىلىش ئىسمى بىلەن پەقەت بىر مۆئمىن شەخسىيىتىنى كۆرسىتەلەيتتى. قۇرئانى-كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى "بۈيۈك جىھاد" دەپ ئاتىدى. ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُم بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا

**«شۇنىڭ ئۈچۈن كافىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن.»** (فۇرقان سۈرىسى، 52-ئايەت)

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان "جِهَادًا كَبِيرًا" تەبىرى ئىسلامنىڭ غالىب بولۇشى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشى يولىدا پۈتۈن ئىمكانىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تەبلىغ قىلىش دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى يىللاردا جىھادنى پەقەت قۇرئان بىلەن قىلغان.

قۇرئانى-كەرىمدە ئىنسانلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش غايىسى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا دائىر نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار. لېكىن بۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىلا قوراللىق ئۇرۇش قىلىش تىلغا ئېلىنغانكى، ئۇ پەقەت زۆرۈر بولغان ھالەتتىلا ئىشلىتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان غازاتلار كۆپىنچە مۇداپىئە ئۇرۇشىدۇر. بەدىر، ئوھود، خەندەك قاتارلىق. مۇئتە ۋە تەبۇك، ئېھتىمال قىلىنغان بىر ھۇجۇمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر مۇداپىئەدۇر. مەككىنىڭ پەتھى، مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋېلىنغان ھەقلىرىنى قايتۇرىۋېلىش چۈشەنچىسىدە ۋە مەككىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان كېلىشىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. يەنى ”رەھمەت پەيغەمبىرى“ بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن ئۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسىدا چوڭقۇر مەرھەمەت ۋە ئادالەت چۈشەنچىسى يەر ئېلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت بولغان. چۈنكى ئىسلامدا ئۇرۇشنىڭ ئەسلى نىشانى: ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش[58]، غەنىمەت قولغا

58. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنلاشتۇرغان 29 غازات ۋە 91 سەرىييە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قاتناشمىغان ئۇرۇش) بولۇپ، جەمئى 120 قېتىملىق ھەربى ھەرىكەتتە شۇنداق بىر سىياستى يۈرگۈزگەنكى، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان ئەھۋالدىمۇ، مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدا ھەم دۈشمەن قوشۇنلىرىدا كۆپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولمىغان. رەسۇلۇللاھنىڭ 11 يىل جەريانىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئېلىپ بارغان چوڭ-كىچىك بولۇپ 120 ھەربى ھەرىكەتتە سەھىھ رىۋايەتلەرگە كۆرە مۇسۇلمانلاردىن تەخمىنەن 340 تىن كۆپرەك كىشى شېھىد بولغان، دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئۆلگەنلەر تەخمىنەن 800 دىن كۆپرەك ئىدى. يەنى چوڭ-كىچىك 120 قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا پەقەت 1200 ئەتراپىدا بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاستە قاتناشقان غازاتلارنى ئاساس قىلىدىغان بولساق، ئېلىپ بېرىلغان 29 غازاتنىڭ 16 قېتىملىقىدا ھېچبىر توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن. ئەمما مەقسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. قالغان 13 قېتىملىق غازاتتا توقۇنۇش يۈز بەرگەن ۋە مۇسۇلمانلاردىن تەخمىنەن 140 كىشى شېھىد بولغان، دۈشمەندىن تەخمىنەن 335 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان يەرلەرنى ئۇرۇش باشلانماستىنلا، ئىلمي سىياسەت ئىشلىتىپ ئۆزىگە باغلىغان. يەنە بىر مۇنچە يەرلەرنى خەلقنىڭ ھىدايەتكە ئېرىششى بىلەن تاپشۇرۇۋالغان ۋە بۇنى ئالاھىدە يۇقىرى بىلىپ، قورال ئىشلىتىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق تۇرغان. بەزىدە سىياسەت ۋە دىپلوماتىيەنى ئۇچۇر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۈشمەننى

كەلتۈرۈش، يەر-يۈزىنى ۋەيران قىلىش، شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلەش، ماددى مەنپەئەت قولغا كەلتۈرۈش، ئىنتىقام ئېلىش ئەمەس؛ ئەكسىچە، زۇلۇمنى يوقۇتۇش، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ھەرتۈرلۈك ھەقسىزلىقنى يوقۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر..

رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن ئۇرۇشلىرىنى كۆزەتكىنىمىزدە شۇ كۆرۈلىدۇكى، ئىسلامدا مۇداپىئە ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش غايىسىنىڭ سىرتىدا قىلىنىدىغان بىر ئۇرۇش يوقتۇر. پەقەت يەر-زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشلار، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەھشي زۇلۇمدۇر. ھالبۇكى، ئىسلامدىكى ئۇرۇش ھەقنى تارقىتىش، ھىدايەتكە ۋاستە بولۇش ۋە زۇلۇمنى يوقۇتۇش قاتارلىق ئۇلۇغ مەقسەتلەرگە تايىنىدۇ. چۈنكى قۇرئانى ئىپادە بىلەن:

مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا

**«كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قىلىشىغا سەۋەبچى بولسا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى، 32-ئايەت)

ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن تۆكۈلگەن قاننىڭ ئەڭ ئاز دەرىجىدە بولىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇرۇشنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن، قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ ئەۋەتىلگەن رايۇندىن بولىشى ياكى دۈشمەن قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلىرىگە سۆزىدە تۇرۇشنى، ھەددىدىن ئاشۇرماسلىقنى، ئەھدىنى بۇزۇپ زۇلۇم قىلماسلىقنى، بىكاردىن بىكار ئىنسانلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، بولۇپمۇ قۇللارغا، بالىلارغا، ئاياللارغا، ياشانغانلارغا ۋە چېركاۋغا يوشۇرۇنىۋالغان كىشىلەرگە چېقىلماسلىقنى، خورمىلىقلارغا زىيان سالماسلىقنى، دەل-دەرەخلەرنى كەسمەسلىكنى ۋە ئۆي-ۋارانلارنى چاقماسلىقنى بۇيرىغان.

مانا بۇ ئۆلچەم ۋە غايىلەر يولىدا مۇئمىنلەرنىڭ مال، جانلىرى بىلەن قىلىدىغان ھەرتۈرلۈك پىداكارلىقى ئاللاھ دەرگاھىدا جەننەتنى سېتىۋېلىشقا ئوخشاش، ئىلاھىي مەرھەمەتكە نائىل بولىدۇ. لېكىن ھەرنەرسىگە ئوخشاش بۇ جەھەتتىمۇ ئىخلاس ناھايىتى مۇھىم. دەرۋەقە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا جىھاد ھەققىدە مەلۇمات بەرگىن“ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئابدۇللاھ! ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، زورلۇقلارغا چىداپ ئۇرۇشساڭ، ئاللاھمۇ سېنى قىيامەت كۈنى شۇ ھالىتىڭدە تىرىلدۈرىدۇ. ئەگەر سەن كىشىلەرگە كۆرستىش ۋە ماختىنىش ئۈچۈن ئۇرۇشساڭ، ئاللاھمۇ سېنى قىيامەت كۈنى ئاشۇ ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ.» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 24/2519)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر بەدەۋى كېلىپ:

”شان ـ شەرەپ قازىنىش، مەدھىلىنىش، غەنىمەت قولغا كەلتۈرۈش ياكى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان كىشى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟“ دەپ سورىدى.

يەنە بىرى:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇش دېگەن نېمە؟ بەزىلەر غەزەپ بىلەن، بەزىلەر قىزىققانلىق سەۋەبىدىن ئۇرۇشىدۇ“ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كىمكى پەقەت ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن بولسۇن دەپ ئۇرۇشقان بولسا، ئەنە شۇنىڭ جىھادى ئاللاھ يولىدىدۇر!» دېدى. (بۇخارى: ئىلىم 45؛ مۇسلىم: «ئىمارە،» 149 ـ 150)

يەنە بىرى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇش بىلەن بىرگە دۇنيا مېلىدىن بىر نەرسە قولغا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلسا، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنىڭغا ھېچبىر ساۋاب يوق!» دېدى.

بۇ جاۋاب ساھابىلەرگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى، (چۈنكى بۇ دەرىجىدە ئىخلاس ئىگىسى بولۇش ئاسان ئەمەس ئىدى) ساھابىلار سوئال سورىغان ساھابىگە:

"سەن رەسۇلۇللاھتىن سوئالنى قايتا سورىغىن، ھەرھالدا جاۋابنى ياخشى چۈشىنەلمىدىڭ" دېدى. (چۈنكى ساھابىلار تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرغۇچى بىر جاۋاب ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى) ئۇ ئادەم بۇ شەكىلدە سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

رەسۇلۇللاھ ھەر قېتىمدا:

«ئۇنىڭغا ھېچبىر ئەجىر ـ ساۋاب يوق!» دەپ جاۋاب بەردى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 24\2519)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر سۆزلەنگەن، بۇلاردىن بىر نەچچىسى:

«چېگرانى قوغداپ بىر كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەتتە تۇرۇش، كۈندۈزى روزا، كېچىسى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئايدىن ياخشىراق. ئەگەر كىشى بۇ نۆۋەتچىلىك جەريانىدا ئۆلسە، شۇ قاراۋۇللۇقتىكى ئىشىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدۇ، شېھىد بولۇپ (جەننەتتىكى) رىزقىمۇ داۋام قىلىدۇ ۋە قەبرىدىكى سوئال سورىغۇچى پەرىشتىلەردىن ئامان بولىدۇ.» (مۇسلىم: «ئىمارە»، 163)

«ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز چېگرادا نۆۋەتتە تۇرۇش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. بەندىنىڭ ئەتىگەن ياكى ئاخشامدا ئاللاھ يولىدا

غازاتقا ئاتلىنىشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.» (بۇخارى: «جىھاد»، 6، 73، «رىقاق»، 2؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 113 ـ 114)

«ئاللاھتائالا ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە: ”ئۇنى پەقەت مېنىڭ يولۇمدىكى جىھاد، ماڭا بولغان ئىمان، مېنىڭ رەسۇللىرىمغا بولغان تەستىق يولغا چىقاردى“ دەپ ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىنى شېھىد بولسا جەننەتكە كىرگۈزۈشكە، غازى بولسا مەنىۋى ئەجىرگە ۋە دۇنيالىق غەنىيمەتلەر بىلەن ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىل بولىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ يولىدا يارىلانغان ئەزا، قىيامەت كۈنى يارىلانغان كۈندىكى شەكلىدە كېلىدۇ: رەڭگى قان رەڭگى، پۇرىقى ئەنبەر پۇرىقىدۇر.» (مۇسلىم: «ئىمارە»، 103؛ نەسەئى: «ئىمان»، 24)

«جەننەتكە كىرگەن ھەر قانداق كىشى دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ، يەر يۈزىدە بولغان ھەر قانداق نەرسە (نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپلەپ) ئۇ يەردە بار. لېكىن شېھىد كۆرگەن ئىززەت ـ ئىكرام سەۋەبىدىن دۇنياغا ئون قېتىم قايتىپ ھەر قېتىمدا شېھىد بولۇپ يىقىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.» (بۇخارى: «جىھاد»، 21؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 108 ـ 109)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە غازاتنىڭ غايىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇپ زاكات بەرگەنگە قەدەر ئىنسانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ماڭا بۇيرۇلدى. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا، ئىسلام بۇيرىغان جازالار سىرتىدا، جان ۋە ماللىرىنى قولۇمدىن قۇتقازغان بولىدۇ.» (بۇخارى: «ئىمان»، 17)

مانا بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە كېچىسى ھۇجۇم قىلماي تاڭ ئېتىشنى ساقلاپ، ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىسا توختىتاتتى[59].

59. بۇخارى: «ئەزان»، 6؛ مۇسلىم: «سەلات»، 9.

ئەۋەتكەن قوشۇنلارغا:

«بىر مەسجىد كۆرگەن ياكى مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇ يەردە ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 2635\91؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 448 ـ 449)

مۇسلىم ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سەرىييە ھالىتىدە ئەۋەتكەنىدى، ھۇجۇم قىلىدىغان يەرگە كەلگىنىمىزدە ئېتىمنى تىزلىتىپ، قېرىنداشلىرىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، پەرياد قىلىۋاتقان ئايال ۋە باللار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلاردىن:

- جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇشنى خالامسىلەر؟ - دەپ سورىدىم.

- شۇنداق - دېيىشتى.

- ئۇنداق بولسا "لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دەپ، قۇتۇلۇڭلار - دېدىم. ئۇلارمۇ بۇنى سۆزلىدى. قېرىنداشلىرىمدىن بەزىلىرى:

- سەن بىزگە غەنىمەتنى ھارام قىلدىڭ - دەپ مېنى ئەيىبلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتقىنىمىزدا ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ مېنى چاقىرىپ تەقدىرلەپ:

- شۇبھىسىزكى، ئاللاھ ساڭا ئۇلاردىن ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن شۇ قەدەر، شۇ قەدەر ساۋاب يازدى - دېدى (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 100 ـ 101/5080)

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر قوشۇننى جىھادقا ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا قوماندانغا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى، يېنىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دەيتتى:

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاللاھ يولىدا غازات قىلىڭلار، ئاللاھنى تونۇمايدىغانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، غەنىمەتلەرگە خىيانەت قىلماڭلار، زۇلۇم قىلماڭلار، بۇرۇن، قۇلاق كەسمەڭلار، كىچىك باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار،

مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتتا، ئۇلارنى شۇ ئۈچ نەرسىدىن بىرىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىڭلار:

1. ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار، قوبۇل قىلسا ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا قويۇۋېتىڭلار.

2. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا، ئۇلارنى جىزيە تۆلەشكە دەۋەت قىلىڭلار، بۇنى قوبۇل قىلسا يەنە ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا قويۇۋېتىڭلار.

3. ئەگەر جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلمىسا، ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار! (مۇسلىم: «جىهاد»، 3؛ تىرمىزى: «سىيەر»، 48/1617؛ ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 352، 358)

**بەزى سەرىييەلەر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلغان، ئۆمرە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان ۋە مۇناپىقلارنى مۇئمىنلەرگە قارشى كۈشكۈرتكەن مەككىلىكلەرنىڭ سۈرىيەگە ماڭغان تىجارەت يوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ[60] ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا چۈشۈرۈپ،

60. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى كۈنلەردە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دۈشمەنلىكىنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئىقتىسادىي ئامبارگو يۈرگۈزدى. بۇ مەقسەتتە قوشنا قەبىلىلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كېلىشىم تۈزدى. مەككە تىجارىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى تەشكىل قىلغان قۇرەيش كارۋانلىرىنى كۆزىتىش بىلەن بىر مۇنچە غازات، سەرىييەلەر ئورۇنلاشتۇردى. مۇھەممەد ھەمدۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشگە تەۋە كارۋانلارغا قىلىنغان ھۇجۇملار ئاددى بىر بۇلاڭچىلىق دەپ مۇلاھىزە قىلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى قۇرەيش گۇناھسىز ، ھۇجۇم قىلغانلار مەخسۇس بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن بىر گورۇھ ئەمەس ئىدى. ئىككى شەھەر دۆلىتى ئارىسىدا، روشەن بىر ئۇرۇش ھالىتى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بىر ئۇرۇش ئەھۋالىدا، ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە جان، مال ۋە دۈشمەننىڭ باشقا مەنپەئەتلىرىگە قارشى زىيان سېلىش ھەققىنى بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىككى جەمئىيەت ئارىسىدا ئۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ خىل ئەسكىرى ھەرىكەتلەر ئاددى مەنادا بىر كارۋاننى بۇلاش قىلمىشىدىن تامامەن يىراقتۇر. بۇ يەردە دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان يەنە بىر جەھەت بۇ مەقسەت بىلەن قىلىنغان پۈتۈن ھەرىكەتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەتلا مەككىلىكلەرگە تەۋە بولغان كارۋانلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدۇر. ھالبۇكى، باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن غەيرى مۇسلىم

مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈچلىنىشكە تۇسالغۇ بولۇشنى ئويلىدى[61]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەقسەت بىلەن ھىجرەتتىن يەتتە ئاي كېيىن رامىزان ئېيىدا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا 30 مۇھاجىرنى سىئفۇل بەھىرگە [62]ئەۋەتتى.

شامدىن مەككىگە قايتىۋاتقان تىجارەت كارۋىنى 300 كىشىنىڭ ھىمايىسىدە سىئفۇل بەھىرگە كەلدى، ئىچىدە ئەبۇ جەھىلمۇ بار ئىدى. ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزگەن ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپنىڭ دوستى ۋە ھەمكارلاشقۇچىسى بولغان مەجدى ئىبنى ئەمر ئارىغا كىرىپ ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشۇشتىن ۋاز كەچتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەجدىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۇرۇشنى توسۇپ قالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى تەقدىرلىدى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگىمۇ كىيىم-كېچەك ھەدىيە قىلدى[63].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 8-ئېيىنىڭ بېشى شەۋۋال ئېيىدا ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوخشاش مەقسەت بىلەن رەبىغ[64]دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇندا تەخمىنەن 60 ياكى 80 ئەتراپىدا مۇھاجىر بار ئىدى.

قۇرەيش ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قوماندانلىقىدا 200 كىشى بولۇپ، ئۇرۇش ئۈچۈن سەپ تۈزمىدى، قىلىچنى قىنىدىن چىقارمىدى. پەقەت، ئارىلىرىدا يېنىك بىر توقۇنۇش ۋە ئوقيا ئېتىشىش بولدى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس

كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن كارۋانلىرى بۇ خىل ھۇجۇملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ساق-سالامەت ئۆتكەن. (ئىسلام پەيغەمبىرى: 1-جىلد، 219-بەت؛ پەيغەمبەرنىڭ ئۇرۇشلىرى: 56-بەت).

61. بۇخارى: «مەغازى»، 2؛ ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 23-23\3004.

62. سىئفۇل بەھىر: ئىيس تەرىپىدە بولۇپ، جۇھەينىلەرنىڭ زېمىنىدۇر. دېڭىز ساھىلىدىكى بىر ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان.

63. ۋاقىدى: 1-جىلد، 9-10؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 6-بەت.

64. رەبىغ: ھاجىلار مەككىگە ماڭغاندا ئۆتىدىغان ئەبۋا بىلەن جۇھفە ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋادى بولۇپ، جۇھفەگە 3 مىل كېلىدۇ.

رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئۇ كۈنى تۇنجى ئوقنى ئاتتى ۋە ئىسلامدا تۇنجى ئوق ئېتىش شەرىپىگە نائىل بولدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن كېلىدۇ دەپ قورقتى ۋە ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن ئايرىلدى.

مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان مىقداد ئىبنى ئەمر بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان، ئارزۇسىغا يېتىش ئۈمىدى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ سېپىغا قوشۇلۇپ يولغا چىققانىدى. مۇسۇلمانلارنى كۆرۈشى بىلەنلا، مۇشرىكلاردىن قۇتۇلۇپ مۆئمىنلەرنىڭ سېپىغا ئۆتتى[65].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن 9 ئاي كېيىن يەنى زۇلقەئدە ئېيىدا (ھىجرەتنىڭ 1-يىلى زۇلقەئدە ئېيى/ مىلادى 623-يىل 5-ئايدا) سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى 8 ياكى 20 كىشى بىلەن ھەررارغا[66] ئەۋەتتى.

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«ئى سەئد! ھەررارغا بارغىچە ماڭغىن! چۈنكى قۇرەيشنىڭ كارۋىنى ئۇ يەردىن ئۆتىدۇ» دېدى.

كۈندۈزلىرى يوشۇرۇنۇپ، كېچىلىرى يۈرۈپ يولغا چىقتۇق. بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ يەرگە بارغىنىمىزدا كارۋان بىر كۈن ئىلگىرى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. رەسۇلۇللاھ ھەرراردىن نېرىسىغا ئۆتمەسلىكىمنى بۇيرىغان ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ئىدى، بەلكى ئۇلارغا يېتىشىۋالاتتىم". مۇھاجىرلار ھېچبىر توقۇنۇش چىقارماي، مەدىنىگە قايتتى[67].

65. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 224-225؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 10-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 7-بەت.

66. ھەررار: ھىجازدا جۇھفەنىڭ يېنىدا بىر سۇنىڭ ئىسمىدۇر. جۇھفەدىن مەككىگە كېلىشتە مەھەججەنىڭ سول تەرىپىدە. ئەرەبچىسىگە قاراڭ: 91.

67. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 238-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 11-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 8-بەت.

ھىجرەتنىڭ 11-ئېيىنىڭ باشلىرىدا، سەپەر ئېيىدا (ھىجرەتنىڭ 2-يىلى/ مىلادى 623-يىلى 8-ئاي) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىۋاستە ئەبۋا[68] (ۋەددان) غازىتىغا چىقتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان تۇنجى قېتىم بولۇپ، ئەنسارلاردىن سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە ئورنىغا ۋەكىل قىلدى.

بۇ غازاتتا مۇشرىكلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بەرمىدى، لېكىن كىنانە قەبىلىسىدىن زەمرە جەمەتى بىلەن بىر كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمىغىنىدەك، ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلانمايدۇ، دۈشمەن تەرەپكىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتە ئوتتۇرىلىرىدا بىر توختامنامە يازدۇردى. ئەبۋا سەپىرى 15 كۈن داۋاملاشتى[69].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر پۇرسەتتە سۈلھى تۈزۈش ۋە تىنچلىققا مايىل بولۇپ، ئىنسانلارغا داۋاملىق رەھمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

68. ئەبۋا: فۇرۇ بىلەن جۇھفە ئارىسىدىكى بىر يېزا بولۇپ مەدىنىگە تەخمىنەن 23 مىل كېلەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئامىنەنىڭ قەبرىسى بۇ يەردە. ۋەددان مەدىنە بىلەن مەككە ئارىسىدا بولۇپ ئەبۋاغا 8 مىل يىراقلىقتا، جۇھفە يېنىدىكى زەمرە، غىفار ۋە كىنانە قەبىلىلىرىگە ئائىت بولغان زېمىن ئىچىدە.

69. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 223-224-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 12-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 8-بەت.


ئاق دېڭىز
قۇددۇس
مۇتە
ئەيلە
سىنا
تەبۇك
ئۇزرە
دۇمەتۇل جەندەل
كەلب بىن ۋەبرە
تاي
تەمىم
قاتان
تەيما
فەدەك
زاتۇس سەلاسىل
ۋادىل قۇررا
ھىبات
مەدىنە مۇنەۋۋەر
بىرىمائۇنە
مىسىر
ئىدام
يەنبۇ
ۋەددان
قارەد
زابۇل ئىرك
رابىغ
ئۇسفان
ئادەل ۋە قارە
باتنى نەھلە
مەككە
ھەۋازىن
رەجى
تائىف
قىزىل دېڭىز
نەجران
ھەمدان
سانا
يەمەن

# ھجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى

## بەزى غازاتلار ۋە بەتنى نەھلە سەپرى

ھجرەتنىڭ 2ـ يىلىنىڭ باشلىرى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى ئىچىدە (ھجرەتنىڭ 2ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل/ مىلادى 623ـ يىل 9ـ ئاي) يۈز كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ ھىمايىسىدىكى 2500 تۆگىلىك قۇرەيش كارۋىنى بىلەن ئۇرۇشۇش مەقسىتى بىلەن بۇۋات[70] غازىتىغا ئاتلىنىلدى.

ئەنسارلاردىن سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ قويغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى يۈز مۇسۇلمان بىلەن يولغا چىقتى. لېكىن ھېچقانداق بىر ئۇرۇش ۋە توقۇنۇش يۈز بەرمەي مەدىنىگە قايتتى[71].

شۇ كۈنلەردە مەدىنىگە ئۈچ مىل يىراقلىقتا بولغان جېمما تېغىدا يايلاۋاتقان تۆگە ۋە كالىلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن كۈرز ئىبنى جابىرنى تۇتۇش ئۈچۈن سەفۋان[72] غازىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ "بەدرىل ئۇۋلى" "تۇنجى بەدر سەپىرى" دەپمۇ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ، سەفۋانغىچە بارغان بولسىمۇ كۈرز قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قايتىپ كەلدى. بۇ كىشى كېيىن ئىسلامغا كىرىپ ياخشى بىر مۇسۇلمان بولدى[73].

70. بۇۋات: جۇھەينىلەرنىڭ تاغلىرىدىن بىر تاغ بولۇپ، مەدىنىگە تەخمىنەن 36 مىل كېلىدۇ.

71. ۋاقىدى: 1ـ جىلد، 12ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 8ـ 9ـ بەتلەر.

72. سەفۋان: بەدىر ئەتراپىدىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمى.

73. ئىبنى ھىشام: 2ـ جىلد، 238ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 9ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 4ـ جىلد، 468ـ بەت.

ھىجرەتنىڭ 2ـ يىلى، جەمادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ ئىچىدە (ھىجرەتنىڭ 2ـ يىلى، جەمادىيەل ئاخىر/ مىلادى 623ـ يىلى، 11ـ ئاي) زۇل ئۇشەيرە غازىتى بولدى. مۇدلىج جەمەتى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈلدى[74].

بۇ ۋاقىتتا، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن قوماندانلىق قىلىنغان بىر قوشۇن "بەتنى نەھلى" دېگەن يەردە مەككىلىكلەرنىڭ بىر كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالنى پۇرسەت بىلگەن ۋە داۋاملىق مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەپ يۈرگەن مەككىلىك مۇشرىكلار غەليان چىقاردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىغۋا چىقارغان مۇشرىكلار "بەتنى نەھل" ۋەقەسىنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردىن رەجەب ئېيىغا توغرا كەلگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن: "مۇھەممەد ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى ھالال قىلىپ قان تۆكتى، ئەسىرگە ئالدى ۋە مال ـ مۈلكنى بولىدى" دېدى.

ئەسلىدە بۇ ئۇرۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىمىغان ئىدى، ۋەقەنى كېيىن ئاڭلىغاندا، ئابدۇللاھقا:

«مەن سىلەرگە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇشۇشنى بۇيرىمىدىم!» دېگەن ۋە غەنىمەتتىن بىر نەرسە ئېلىشتىن باش تارتقان. بۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ھالاك بولارمىزمۇ دەپ قورققان[75]. لېكىن مۇشرىكلار بۇ ئىشنى بەكلا چوڭايتىپ قارشى تەشۋىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل بولدى:

74. ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 9ـ10ـ بەتلەر.
75. ئىبنى ھىشام: 2ـ جىلد، 241ـ بەت.

يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِندَ اللّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ

**« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارسەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى: «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدە (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى 217-ئايەت)

ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن خۇشال بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە قېرىنداشلىرى:

”ئى رەسۇلۇللاھ! مۇھاجىرلارغا بېرىلگەن ئەجىرگە ئوخشاش بىزگىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟“ دەپ سورىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى:

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أُوْلَئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ اللّهِ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار-ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 218-ئايەت)

بۇ ئىلاھىي بايانلار مۇئمىنلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندۈرسە، مۇشرىكلارنىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى بارغانسىرى كۈشكۈرتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ

ئايەت نازىل بولمىسمۇ مۇشرىكلار مۇئمىنلەرگە قارشى نەپرەت تۇيغۇسىدا ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، ئىسلام دۆلىتى كۈچلىنىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇ ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە قىلدۇرغان نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا، ئىمان ئېيتقان ئەر كىشىلەرنىڭ سانى 1500 دەپ ئېنىقلانغان ئىدى[76]. بۇ سانىنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقى چۈشىنىلسە، ھەرگىزمۇ كىچىك سانايدىغان بىر سان بولمىغانلىقتىن، تەبىئىيلا مۇشرىكلار ئۈچۈن ئاستا-ئاستا چوڭ بىر خەتەر ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۈنىڭدىن باشقا مەدىنە، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ جان تومۇرى بولغان تىجارەت يولى ئۈستىدە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەتەر چوڭايماستىن بىرتەرەپ قىلىشنىڭ چارىسىنى ئويلىدى، نەتىجىدە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسىر ئالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەكەم ئىبنى كەيسانمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەكەمنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئىسلامنى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا چۈشەندۈردى، شۇبھىلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن قايتا-قايتا تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قەدەر غەيرەت كۆرسەتكەنلىكىگە قارىماي تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغانلىقىغا غەزەپلەنگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قىلىپ كېتىسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەرگىز مۇسۇلمان بولمايدۇ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، بويىنىغا بىرلا چېپىپ جەھەننەمگە يوللىۋېتەي! - دېگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەكەمگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. ھەكەم دىققىتىنى يىغىپ:

- ئىسلام دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

76. بۇخارى: «جىھاد»، 181.

ـ ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قىلماي، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭ ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى، رەسۇلى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىشىڭدۇر! ـ دېدى.

ھەكەم:

ـ مۇسۇلمان بولدۇم ـ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ:

ـ ئەگەر مەن، بىرئاز بۇرۇن سىلەرگە ئەگەشكەن بولسام، ئۇ ھازىر جەھەننەمدە بولغان بولاتتى! ـ دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

ـ ھەكەمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكتىكى نەرسىلەر مېنى سىققاندەك بولدى، ئۆز ـ ئۆزەمگە: "پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەندىن ياخشى بىلىدىغان تۇرسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى بىر نەرسە تەلەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم؟" دېدىم. كېيىن: "مېنىڭ مەقسىدىم پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدى" دەپ ئۆز ـ ئۆزەمگە تەسەللى بەردىم. ھەكەم مۇسۇلمان بولدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەك ياخشى مۇسۇلمان بولدى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلدى ۋە بىئرى مەيمۇنە ئۇرۇشىدا شېھىد بولدى. (ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 137 ـ 138 ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 15 ـ 16)

بۇ ۋەقەدىن ئىسلامنى ئاچچىقلانماي، يۇمشاق، سىلىق، سەۋر، ھېكمەت ۋە گۈزەل تەربىيە بىلەن تەبلىغ قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار مەسجىدى ئەقساغا قاراپ ناماز ئوقۇدى. بۇ ئەھۋال ھىجرەتتىن كېيىنكى 16 ياكى 17 ئايغىچە داۋاملاشتى. لېكىن يەھۇدىلار بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى دەۋا قىلدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. چۈنكى

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قىبلە كەبە ئىدى. بۇ ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردە، ئەينى ۋاقىتتا مەككىنىڭ پەتھى ئۈچۈن تۈنجى قەدەم بېسىلغان بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي رۇخسەتنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. تېخى بۇ رۇخسەت كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئارزۇسى چۈشەنچىنىڭ نېرىسىغا كەتمىدى. نىھايەت، رەجەب ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلىم جەمەتىنىڭ مەسجىدىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا جانابى ئاللاھ بۇ ۋەھيىنى نازىل قىلدى:

قَدْ نَرَى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاء فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ

**«بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس.»** (بەقەرە سۈرىسى، 114 ـ ئايەت)

بۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن رەسۇلۇللاھ دەرھال يۈزلىنىشىنى كەبە تەرەپكە بۇرىدى. جامائەتمۇ سەپلىرى بىلەن بىراقلا بۇرالدى، ھەممىسى بىرلىكتە يېڭى قىبلىگە يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن نامازنىڭ قېلىپ قالغان ئاخىرقى ئىككى رەكئىتى كەبىگە قاراپ ئوقۇلدى. بۇ سەۋەبتىن

ئۇ مەسجىد، ئىككى قىبلىلىك مەسجىد دېگەن مەنىدە "مسجد القبلتين" "مەسجىدۇل قىبلەتەين" دەپ ئاتالدى[77].

بۇ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇغانلاردىن بىرى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن باشقا بىر مەسجىدنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، جامائەت ناماز ئوقۇۋاتاتتى ۋە رۇكۇ ھالىتىدە ئىدى. ئۇلارغا:

"گۇۋاھلىق بېرىمەنكى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كەبىگە قاراپ ناماز ئوقۇدۇق!" دەپ ئاۋازنى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن جامائەت شۇ ھالىتىدىلا كەبىگە يۈزلەندى.

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، مۇئمىنلەر ئارىسىدا گۈزەل نەتىجىلەر بەرگەن بولسا، مۇشرىك، مۇناپىق ۋە يەھۇدىلار ئارىسىدا ئىگىز-پەس گەپلەرگە يول ئاچتى. ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەرخىل سۆزلەرنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئايەت نازىل بولدى:

سَيَقُولُ السُّفَهَاء مِنَ النَّاسِ مَا وَلاَّهُمْ عَن قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُواْ عَلَيْهَا قُل لِّلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ يَهْدِي مَن يَشَاء إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

**«بەزى ئەخمەق كىشىلەر: «ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 142-ئايەت)[78]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئايەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىنى كەبىگە بۇرىغاندا مۇسۇلمانلار:

77. ئىبنى سائد: 1-جىلد، 241-242-بەتلەر.
78. بۇخارى: «ئىمان»، 30، «سەلات»، 31؛ مۇسلىم: «مەساجىد»، 11.

”ئى رەسۇلۇللاھ! بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغان ۋە ۋاپات بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نامازى قانداق بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى.

بۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُواْ شُهَدَاء عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا وَمَا جَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتِي كُنتَ عَلَيْهَا إِلاَّ لِنَعْلَمَ مَن يَتَّبِعُ الرَّسُولَ مِمَّن يَنقَلِبُ عَلَى عَقِبَيْهِ وَإِن كَانَتْ لَكَبِيرَةً إِلاَّ عَلَى الَّذِينَ هَدَى اللّهُ وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُضِيعَ إِيمَانَكُمْ إِنَّ اللّهَ بِالنَّاسِ لَرَؤُوفٌ رَّحِيمٌ

**«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر»** (سۈرە بەقەرە، 143- ئايەت)[79]

قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى مۇھىم ۋە بۈيۈك بىر ۋەقەدۇر. بولۇپمۇ ئىلگىرىكى قىبلىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ۋەقەسى شەيتاننىڭ پىتنە-پاسات چىقىرىپ، ئىنسانلارنى ئالداشقا باھانە، پۇرسەت تاپىدىغان ئىنچىكە بىر مەسىلىدۇر. بۇ سەۋەبتىن قىبلە ھەققىدىكى بۇيرۇقلار بىر قانچە قېتىم

79. تىرمىزى: «تەپسىر»، 2/2964.

تەكرارلانغان. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىر قېتىم مۆئمىنلەرگە، يەنە بىر قېتىم ھەر ئىككى گورۇھقا بىرلىكتە، مەيلى مۇقىم تۇرغان ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى سەپەردە بولسۇن، قىسقىسى ھەرقانداق يەردە بولسا بولسۇن، بۇ قىبلىدە مۇستەھكەم تۇرۇش تەكىتلەنگەن[80].

تۆۋەندىكى ئايەتتە، بەزى ھېكمەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ جەھەتتىكى تەكىتلىنىش ئايرىم مەناغا ئېرىشكەن. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنتُمْ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلاَّ الَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنْهُمْ فَلاَ تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي وَلأُتِمَّ نِعْمَتِي عَلَيْكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

**«كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار)غا سىلەرگە قارشى دەلىل-ئىسپات بولماسلىقى ئۈچۈن (ئى مۇھەممەد! سەپەر قىلىشقا) قەيەردىن چىقمىغىن، (نامىزىڭدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆئمىنلەر!) سىلەرمۇ قەيەردە بولماڭلار (نامىزىڭلاردا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىشۋالىدۇ) ئۇلار. (يەنى زالىملار)دىن قورقماڭلار (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار. (قىبلىنى ئۆزگەرتىشكە ئەمر قىلىشىم) سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزۈشۈم ئۈچۈن ۋە توغرا يولدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 150-ئايەت)

تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىلاھىي بايانلاردىن مۇنۇ ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىمىز:

1. ئايەتكە نىسبەتەن قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ بىرىنچى ھېكمىتى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنىڭ قولىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر دەلىل

80. بەقەرە سۈرىسى، 148-149-ئايەتلەرگە قاراڭ

قويماسلىق. چۈنكى ئىلگىرىكى كىتابلاردا ۋەدە قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا قىبلىنى كەبىگە ئۆزگەرتىش بار ئىدى.

دەرۋەقە، "ئەھدۇل ئەتىق" كىتابىنىڭ "كىتابۇل ئىشايە" بابىدا مەككىنىڭ كەلگۈسىگە ئائىت بايانلار بۇنى ئوچۇق ئىشارەت قىلماقتا. بۇ سەۋەب بىلەن ئەھلى كىتاب: "ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ قىبلىسى مەككە تەرەپكە بولىدۇ، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تېخىچە بەيتۇلمۇقەددەسكە (مەسجىدى ئەقساغا) قاراپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ" دەپ شۈبھە قىلالايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسىگە يۈز كەلتۈرمەسلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىبراھىمنىڭ مىللىتى" ئۈستىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانىغا زىت كېلەتتى. مۇشرىكلار بۇنى ئەقلىي بىر دەلىل قىلىپ ئوتتۇرىغا قويالايتتى. لېكىن قىبلە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، زۇلۇمنى ئادەت قىلىۋالغان جاھىللاردىن باشقا ھېچكىم بۇنداق بىر ئېتىرازنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى[81].

2. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى ئاللاھتائالانىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان نېمىتىنى تاماملىشىدۇر. مانا بۇ سايىدا ئۇلار ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ ۋە توغرا يولدا مېڭىپ ئارزۇ قىلغان نىشانلىرىغا يېتىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي نېمەت، توغرا يولغا ئېرىشىشتۇر. قىبلە بۇ توغرا يولنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ئايلاردا بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشىنىڭ بىر ھېكمىتى ساماۋى دىنلارنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ۋەقە ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دۆلىتىنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش باسقۇچىدا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىر ئەمەل بىلەن ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي، ئاستا ـ ئاستا يۇمشۇتۇش كۆزلەنگەن دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

81. ئەلمالىلى، 1 ـ جىلد، 537 ـ بەت

بۇ مەسىلە ئوخشاش ۋاقىتتا، قۇرئانى-كەرىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىر نەرسە قوشۇلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىنىڭ كەبە تەرەپكە بورۇلۇشىنى بۇرۇندىن تارتىپلا ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ جەھەتتىكى ئىلاھىي بۇيرۇق نازىل بولغان ھىجرەتنىڭ 16-ئېيىغىچە ساقلاش مەجبۇرىيىتىدە قالدى.

### روزا، فىتىر سەدىقىسى ۋە زاكات

ئىسلام ئۇرۇشلار بىلەن بىر تەرەپتىن سىياسىي قۇرۇلمىسىنى كۈچلەندۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە خاس روھانىي ھاياتىنىمۇ تەدرىجى ھالەتتە مۇكەممەللەشتۈرمەكتە ئىدى. بۇ جۈملىدىن ”رامىزان روزىسى“ مۇئمىنلەرگە پەرز قىلىندى. روزا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بىر يېرىم يىل بولغاندا، قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىدىن كېيىن، شەبان ئېيىدا بۇيرۇلدى[82].

جانابى ئاللاھ رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغانلىقىنى شۇ ئايەت بىلەن بىلدۈردى:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»** (بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەجگە بېرىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش» (بۇخارى: «ئىمان»، 1،2؛ «تەپسىر»، 2\30؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 19-22)

82. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 248-ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ھەدىسلىرىدىن بىر نەچچىسى:

«ئاللاھتائالا ئىنساننىڭ روزا سىرتىدىكى پۈتۈن ئەمىلى ئۆزى ئۈچۈن. روزا بولسا مەن ئۈچۈندۇر، (بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ) مۇكاپاتىنىمۇ مەن بېرىمەن» دېگەن.

«روزا قالقاندۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنى يامان سۆز قىلمىسۇن ۋە جېدەللەشمىسۇن، ئەگەر بىرى ئۇنى ئەيىبلىسە ياكى ئۇرۇشسا: "مەن روزىدارمەن" دېسۇن.

«مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. روزىدار ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار. بىرى ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى روزىسىنىڭ ساۋابى بىلەن پەرۋەردىگارىغا ئۇچراشقان چاغدىكى خۇشاللىق.» (بۇخارى: «روزا»، 9؛ مۇسلىم: «روزا»، 163)

«ئادەم بالىسىنىڭ ھەر ياخشى ئەمىلىنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچىلىك كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: "لېكىن روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزەم بېرىمەن. (چۈنكى) ئۇ مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ شەھۋىتى ۋە تامىقىنى تەركېتىدۇ.» (مۇسلىم: «روزا»، 164)

«كىمكى ئاللاھ يولىدا جۈپ-جۈپى بىلەن نەرسە سەرپ قىلسا ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! بۇ يەردە ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بار، دەپ چاقىرىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، مۇجاھىد بولسا جىھاد ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان ئىشىكىدىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن (جەننەتكە كىرىشكە) چاقىرىلىدۇ.»

ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! گەرچە بۇ ئىشىكلەرنىڭ بىرەرىدىن چاقىرىلغان كىشىنىڭ باشقا ئىشىكلەردىن چاقىرىلىشىغا ئېھتىياجى يوق، ئەمما ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىدىغان كىشىلەر بارمۇ؟" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق بار، مەن سېنىڭ ئاشۇ كىشىلەر قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. (بۇخارى: «روزا»، 4، «جىھاد»، 37؛ مۇسلىم: «زاكات»، 85 ـ 86)

روزا بىز نائىل بولىۋاتقان ساناقسىز نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلدۈرگەن، ئۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ھېسلىرىنى ئويغىتىدىغان، نەپسانى ئارزۇلارنى بىرتەرەپ قىلىدىغان، كۆڭۈلنى ماددىغا قۇل بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ "سەۋر" دېيىلگەن گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. روزا يوقسۇل ۋە چارىسىزلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ھېسسىياتى ئاتا قىلغاندەك، كۆڭۈلنى مەرھەمەت تۇيغۇلىرى بىلەن تولدۇرىدۇ. دەرۋەقە، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن خەزىنىلەر قول ئاستىدا بولۇشىغا قارىماي كەمبەغەل، پېقىرلارنىڭ ئەھۋالىدىن غەپلەتتە قالماسلىق ئۈچۈن تويغىچە تاماق يېمىگەن.

روزا پۈتۈن بۇ ھېكمەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئۆچمەنلىك، ھەسەت، قىزغىنىش قاتارلىق جەمئىيەتنى بىئارام قىلىدىغان سەلبىيلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەڭ تەسىرلىك ئىلاھىي بۇيرۇقتۇر. پانىي لەززەتلەردىن ۋاز كېچىپ باقىي لەززەتلەرگە نائىل بولۇشنىڭ سىرىغا، جانابى ئاللاھ بۇيرىغان روزا نېمىتى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئىبادەت ئىنسان نەپسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە شەھۋەتتىن باشقا، تۈگىمەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە قارشى ئىنساننىڭ شەرىپىنى قوغدايدىغان بىر قالقاندۇر.

كۈندۈزلىرىنى روزا، كېچىلىرىنى تەراۋىھ نامىزى بىلەن بەرىكەتلەندۈرۈش، كائىناتقا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. چۈنكى ئۇ بىر ھەدىسىدە:

«ئاللاھتائالا رامىزاندا روزىنى پەرز قىلدى، مەنمۇ (تەراۋىھ) نامىزىنى سۈننەت قىلدىم.» دېگەن. (ئىبنى ماجە: «ناماز»، 173)

رامىزاندىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشنىڭ يېنىغا، كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، ھەرتۈرلۈك مەنىسىز ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، تىلىمىزنى دۇئا، زىكىر بىلەن، قەلبىمىزنى ئىستىغفار ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇشىمىز كېرەك. ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپقا كىرىش مۇھىم بىر سۈننەتتۇر. رامىزان كېچىلىرىنى ئاللاھقا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، رەھمەت ۋە مەغفىرەتكە ۋەسىلە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزسە ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ.» (بۇخارى: «تەراۋىھ»، 46)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ بىر كېچىسى مەسجىدتە نەپلە ناماز ئوقۇغان ئىدى، بىرمۇنچە كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدى. ئەتىسى ساھابىلەر:

"رەسۇلۇللاھ تۈنۈگۈن كېچە مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى كېچىمۇ ناماز ئوقۇدى. كىشىلەر يەنە بۇ توغرىدا پاراڭلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسىرى كۆپەيدى. ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى كېچە كىشىلەر يەنە توپلاندى. شۇنداق بولۇپ كەتتىكى، ئۇلار مەسجىدكە سىغماي قالدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قىلغانلىرىڭلارنى كۆردۈم، يېنىڭلارغا چىقىشتىن مېنى توسقان نەرسە بۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورققانلىقىمدۇر» دېدى. (مۇسلىم: «تەراۋىھ»، 1؛ مۇسلىم: «مۇسافىرىن»، 177)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇمىغان. ھەركىشىنىڭ كۈچى يەتكەن نىسبەتتە ئىبادەت قىلىشىنى مۇناسىپ كۆرگەن. تەراۋىھ نامىزى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خىلاپەتلىك دەۋرىدىمۇ ھەر كىشى تەرىپىدىن شەخسى ئوقۇلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە جامائەت بىلەن ئوقۇلۇشقا باشلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىدا ئىبادەت ۋە ئېھسانلىرىنى كۆپ قىلاتتى. پەرۋەردىگارى بىلەن قانمايدىغان بىر مۇلاقەت ئىقلىمىغا كىرەتتى، دەرۋەقە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرت، سېخىيسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ سېخى بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى رامىزاندا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتلىرى ئىدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قۇرئان ئوقۇيتتى. بۇ سەۋەب بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخىلىشىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سېخىلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى" (بۇخارى: «ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى»، 5ـ6، «روزا»، 7؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 48، 5)

روزىنىڭ كەينىدىن "ھېيت نامىزى " ۋە "پىتىر سەدىقىسى" بۇيرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر-سەدىقىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، ھۆر-قۇل ئۈستىگە بىر سا[83] خورما ياكى بىر سا ئارپا قىلىنىپ پەرز قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى[84].

ئېھتىياج ئىگىلىرى ھەققىدە:

83. سا: 1040 دەرھەم ئېغىرلىقىدىكى بۇغداي ياكى ئارپىنى ئۆلچەيدىغان ھەجىم ئۆلچىمىدۇر. بىر سا شەرئى دەرھەمگە كۆرە تەخمىنەن 2.917 kg، ؛ ئۆرپى دىرھەمگە كۆرە 3.333 kg غا تەڭ كېلىدۇ.

84. بۇخارى: «زاكات»، 70ـ 78؛ مۇسلىم: «زاكات»، 13.

«ئۇلارنى بۇ (ھېيت) كۈندە ئاچ يۇرۇشتىن قۇتقۇزۇڭلار» دېدى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 248 ـ بەت)

فىتىر ـ سەدىقىسى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بېرىلسە مەقبۇل بىر سەدىقە بولىدۇ، نامازدىن كېيىن بېرىلسە فىترىنىڭ سىرتىدا بېرىلگەن سەدىقىگە ئايلىنىدۇ[85].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئىككى (بايرام) كۈنى بار ئىدى. ئۇ كۈنلەردە كۆڭۈلنى ئېچىپ ئوينىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ ئىككى كۈن (نىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى) نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇلار:

"بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ كۈنلەردە ئايلىناتتۇق!" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ بۇ ئىككى بايرىمىڭلارنى بۇلاردىن خەيرلىك باشقا ئىككى كۈنگە ئالماشتۇردى: قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت!» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 239/1134؛ نەسەئى: «ئىككى ھېيت»، 1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئون يىل تۇردى ۋە ھەر يىلى قۇربانلىق قىلدى[86]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىقنى بىر جۈپ قىلاتتى. بىرسىنى قۇربانلىق قىلالمىغان ئۈممىتى ئۈچۈن، يەنە بىرسىنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن قىلاتتى[87].

ھانەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى قوچقار قۇربانلىق قىلغانلىقىنى كۆردۈم:

85. ئىبنى ماجە: «زاكات»، 21.
86. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 248 ـ 249 ـ بەتلەر.
87. ئەبۇ داۋۇد: «قۇربانلىق»، 3 ـ جىلد، 4\2792؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 249 ـ بەت.

- نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ - دەپ سورىدىم.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈنمۇ قۇربانلىق قىلىشىمنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. مانا مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىۋاتىمەن! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلىمەن!“ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، "قۇربانلىق"، 1-2790/2؛ ئەخمەت،1، 701)

قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى بامدات نامىزىدىن ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى پېشىن نامىزىغا قەدەر 23 قېتىم، يالغۇز ياكى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان پەرز نامازلارنىڭ كەينىدىن بىر قېتىمدىن:

اللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ لَا إِلَهَ إِلّا اللّٰهُ وَاَللّٰهُ أَكْبَرُ اللّٰهُ أَكْبَرُ وللهِ الْحَمْدُ

**يەنى: (ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھتىن باشقا (ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، پۈتكۈل ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر)** دەپ تەكبىر ئېيتىش ئەر-ئايال، ئىمام-جامائەت، مۇقىم-مۇساپىر ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىبتۇر. بۇ تەشرىق تەكبىرى دېيىلىدۇ[88].

فىتىر سەدىقىسىدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ”زاكات“ بۇيرۇقى كەلدى. ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

**«ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى. (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)»** (زارىيات سۈرىسى، 19-ئايەت)

وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ

**«ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.»** (مۆئمىنۇن سۈرىسى، 4-ئايەت)

88. مۇۋەتتا: «ھەج»، 205.

خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ
إِنَّ صَلاَتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن. ئۇلارغا دۇئا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 103 ـ ئايەت)

زاكات، قۇرئانى ـ كەرىمدە 26 يەردە ناماز بىلەن بىرلىكتە، تۆت قېتىم مۇستەقىل تىلغا ئېلىنغان. بۇلاردىن سۈرە مۇئمىنۇندا نامازدىن ئايرىم بىر ھالەتتە تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى "بەدەن، مال" دەپ ئىككى گۇرۇپقا ئايرىلغان ئىبادەتلەردە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ باشتا ۋە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولغان ئاساستا يەر ئالغانلىقىدۇر. بىر ھەدىستە:

«ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ نامىزى (دا ياخشىلىق) يوقتۇر!» دېيىلگەن. (ھەيسەمى: 3 ـ جىلد، 62 ـ بەت)

زاكات مەكتەپ، كۇرس، دوختۇرخانا قاتارلىق ئىگىسى مەۋھۇم بولغان مۇئەسسەسەلەرگە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ جانابى ئاللاھ بۇيرىغاندەك، سەككىز تۈرلۈك موھتاج كىشىگە ئائىت ھەقتۇر.[89] (بېرىلگەن تەقدىردە) بۇنداق مۇئەسسەسەلەر ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان زاكاتنى پېقىرلارنىڭ ئەسلى ئېھتىياجلىرى سىرتىدا ئىشلىتەلمەيدۇ. لېكىن كۇرستىكى موھتاج ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش مەقسىدى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى زاكاتنىڭ ئۆز تۈرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان ئاجىز كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش

89. سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەتكە قاراڭ.

ئۇچۇن بېرىلىشى ۋە بۇنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىشى ئۇنىڭ توغرا بولۇشىدىكى شەرتلەردۇر. بۇ سەۋەبتىن زاكات تاپشۇرۇلغان مۇئەسسەسەلەر بۇ پرىنسىپقا ئەستايىدىللىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە زاكاتنىڭ قايسى يەرلەرگە بېرىلىشى شۇ شەكىلدە تۈرلەرگە ئايرىلغان:

إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاء وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

**«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 60-ئايەت)

جەمئىيەت ۋە ۋەخپە قاتارلىق شەخسلىرى مەۋھۇم بولغان ئورۇنلارغا پەقەت ئايەتتە بۇيرۇلغان سەككىز يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتى بىلەنلا زاكات بېرىلىدۇ. بۇ دىققەت قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ھەققىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇق بىلەن، زاكاتنىڭ نېمىلەردىن، قانچىلىك مىقداردا بېرىلىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك مېلى بولغان كىشىگە پەرز قىلىنغانلىقى ھەققىدە بىر پۈتۈك يازدۇرۇپ، ئۇنى قىلىچىغا باغلىدى. ۋاپات تاپقىچە بۇ پۈتۈكنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭغا كۆرە ئەمەل قىلدى[90].

زاكاتنىڭ قول ئىلكىدە بار ئىنسانلارنىڭ بايلىققا رام بولۇش نەتىجىسىدە ئازغۇنلىققا چۈشمەسلىكى، موھتاجلارنىڭ بايلارغا قارشى ئۆچمەنلىك قىلىش قاتارلىق سەلبى ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قوغداش، شەخسلەرنى بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن باغلاش قاتارلىق ھېكمەتلىرى بار. كەمبەغەل، باي ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق، ئۆزئارا مېھرى-شەپقەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام نىزامىدا "زاكات ۋە (ئاللاھ يولىدا) چىقىم قىلىش" ئىبادىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى بار.

ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىشتىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرى شەخسىي سەرمايىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەسەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بايلىق ماختىنىش ۋە چوڭچىلىق قىلىش ۋەسىلىسى بولسا، باي ئۈچۈن ئاقىۋەت تراگېدىيەلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، بىر جەمئىيەتتە ياردەم قىلغان ۋە ياردەم قىلىنغان پۈتۈن شەخسلەر ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە موھتاجدۇر.

شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى، مال-مۈلۈك مۇتلەق مەنادا ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئىنسانلارنىڭ مۈلۈك ئۈستىدىكى ئىگىدارچىلىقى، دەۋرىمىزدە يېڭى ئىجاد قىلىنغان ئايلانما مۈلۈك ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. يەنى بايلىق ئاللاھنىڭ بەندىسىگە ئۆتكۈنچى قىلىپ بەرگەن بىر ئامانىتىدۇر. بۇ سەۋەبتىن شەخسلەرنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشى بىر قىسىم ئىلاھىي ئۆلچەملەرگە باغلانغان. ئۇ مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىشلىتىلىشى ۋە سەرپ قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر بايلىق ئىلاھىي بۇيرۇقلارغا زىت بولغان شەكىلدە ئىشلىتىلسە، ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشقا، كىبىر، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق بىر ئاپەتكە چۈشۈپ قالغانلاردا مال-دۇنيا سۆيگۈسى قەلبىگە يەرلەشكەن بولىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ دۇنيا نېمەتلىرى ئىچىدە

90. بۇخارى: «زاكات»، 38؛ ئەھمەد: 2-جىلد، 14-بەت.

پەقەت مال ۋە ئەۋلادنى ”پىتنە“ دەپ تىلغا ئېلىشى بۇلارنىڭ كۆڭۈلگە كىرىپ بۇتلىشىش خەتىرىگە بىنائەندۇر. بۇ بەدبەختلىككە چۈشكەنلەرنى ئاللاھتائالا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّ كَثِيرًا مِّنَ الأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ، يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأَنفُسِكُمْ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ. (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ. ئالتۇن- كۆمۈش يىغىپ ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۆمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار. (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 34 ـ 35 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ زاكاتقا سەل قارىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى مۇنداق بايان قىلغان:

«ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، ئاللاھتائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن ـ كۈمۈش (چوڭ تەخسىدەك) كەڭ قىلىنىپ جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ تۇرۇلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: ئى

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! (زاكىتىنى بەرمىگەن) تۆگىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلىقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، ئاللاھتائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر، تۈپتۈز يەردە تۆگىگە تاشلاپ بېرىلىدۇ. تۆگە كۈچتۈڭگۈر ھالىتىدە پۈتۈن بوتىلاقلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىر-بىرلەپ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ، چىشلەپ ئۆتىدۇ. ئايىغى ئۆتۈپ بولغاندا قايتا بېشىدىن باشلاپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. تۆگىدىكى ھەقنىڭ بىرى، ئۇنى سۇغارغان كۈنى سېغىپ سۈتىنى پېقىرلەرگە بېرىش. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كالا بىلەن قوينىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوخشاش» دەپ جاۋاب بەردى. (مۇسلىم: «زاكات»، 24؛ بۇخارى: «جىھاد»، 48)

زاكات ۋە سەدىقىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەك. مىننەت قىلىش، ناچارلىرىدىن بېرىش قاتارلىق زاكات ۋە سەدىقىنى يوققا چىقىرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. بۇلۇپمۇ بەرگەن كىشى، ئالغان كىشىگە رەھمەت ئېيتىش تۇيغۇسىدا بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۇنى پەرز بولغان بىر مەجبۇرىيەتتىن قۇتقۇزۇپ ئەجرگە نائىل قىلغانلىقى ئۈچۈن. بېرىلگەن سەدىقىلەر، بەرگەن كىشىنى كېسەللىك ۋە مۇسىبەتتىن ساقلايدۇ. يوقسۇللار، پېقىرلار، غېرىپلار، ئەسلىدە قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ئۈچۈن بۇيۇك بىر نېمەتتۇر. چۈنكى جەننەت ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ دۇئالىرى بىلەن ئېچىلىدۇ. سەدىقە بەرگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەدەبنى بۇ ئايەتلەر گۈزەل تەلىم بېرىدۇ:

الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ ثُمَّ لاَ يُتْبِعُونَ مَا أَنفَقُواُ مَنًّا وَلاَ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ، قَوْلٌ مَّعْرُوفٌ وَمَغْفِرَةٌ خَيْرٌ مِّن صَدَقَةٍ يَتْبَعُهَآ أَذًى وَاللّٰهُ غَنِيٌّ حَلِيمٌ، يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ

صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ وَلاَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لاَّ يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِّمَّا كَسَبُواْ وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ

**«پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەيرى- ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ. ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر. ھەلىمدۇر. (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئى مۇئمىنلەر! پۇل مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى 262-264-ئايەتلەر)

### ئېتىكاپ

ئېتىكاپنىڭ لۇغەت مەنىسى: ئۆزىنى بىر يەرگە سولاپ كۈتۈش، ماددى-مەنىۋى، ئىجابى-سەلبى بىر نەرسە ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق مەنىلىرى بار. ئىستىلاھى (كۆچمە) مەنىسى: ئىبادەت ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن مەسجىدتە مەلۇم بىر ۋاقىت تۇرۇش دېيىلىدۇ. مەلۇم بىر ۋاقىتتا

بويسۇنۇش دەيدىغان بىر بەلگىلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈنۈش (يەنى مەسجىدتە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش، نىيەتلا قىلغان بولسا) بىر سائەت (ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز) بولسىمۇ ئېتىكاپقا كىرگەن بولىدۇ. بۇ نەپلە ئېتىكاپ دېيىلىدۇ.

ئەمما:

وَلاَ تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ

**«سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن) ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.»** (بەقەرە سۈرىسى، 187-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېگەن ئايەت ئېتىكاپتا روزىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ سەۋەبتىن ئېتىكاپ مۇددىتىنىڭ بىر كۈندىن ئاز بولمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئەسلى شەرئى ئېتىكاپتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئېتىكاپ كۆپىنچە رامىزان ئايلىرىدا روزىدار ھالەتتە مەسجىدتە قېلىش شەكلى بىلەن ئىجرا قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئېتىكاپ كۈندۈزلىرىنى روزا، كېچىلىرىنى ئىبادەت، زىكىر بىلەن مەسجىدتە ئۆتكۈزۈپ، ھەقىقىي مەنىدە بەندىچىلىككە غەرق بولۇپ كېتىشتۇر.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ئېتىكاپ كۈپايە شەكلىدە تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. (شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەھەرنىڭ) بىر يېرىدە بۇ سۈننەت تەتبىقلانغاندا، باشقا مۇسۇلمانلاردىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئېتىكاپ نەزىر قىلىنغاندا، يەنى (ئەگەر ئاللاھ مېنى بۇ مۇسىبەتتىن قۇتقازسا ئون كۈن ئېتىكاپتا تۇرىمەن دېگەنگە ئوخشاش ئۆز-ئۆزىگە نەزىر قىلسا) ۋاجىبقا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا رامىزان سىرتىدا ئىبادەت مەقستى بىلەن قىلىنغان ئېتىكاپلار مۇستەھەبتۇر.

ئېتىكاپتا، تاھارەتكە ئوخشاش زۆرۈر ئېھتىياجلارنىڭ سىرتىدا ھېچبىر سەۋەب بىلەن مەسجىدتىن سىرتقا چىقماسلىق كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۆز ھوجرىلىرىدا ئېتىكاپ قىلغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۈچۈن مەسجىدتە تىكلىگەن چىدىرلارنى ئالغۇزىۋەتكەن. بۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مەسجىدلەردە ئەمەس، ئۆيلىرىدە داۋاملىق ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىپ قوللانغان مەخسۇس بۇلۇڭلاردا ئېتىكاپ قىلىشى ئۇيغۇندۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە، كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئاياللىرىنىمۇ ئويغىتاتتى. ئادەتتىكىدىن ئارتۇقراق ئىبادەت قىلاتتى. بەلۋېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى.) (بۇخارى: «قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتى»، 5؛ مۇسلىم: «ئېتىكاپ»، 7)

يەنە ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ۋاپات بولغان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئاياللىرى بۇ سۈننەتنى داۋاملاشتۇردى[91].

تۆۋەندىكى ۋەقە ئېتىكاپنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرگىمۇ سەل قارىماسلىق لازىملىقىنى نەقەدەر گۈزەل ئىپادىلىگەن ـ ھە!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا، يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى. ئىبنى ئابباس:

ـ قېرىندىشىم، بەك ھارغىن ۋە غەمكىن كۆرۈنىۋاتىسەن؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، غەمكىنمەن! پالانىنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە ھەققى بار (مال بەدىلىگە مېنى ئازاد قىلغان

91. بۇخارى: «ئېتىكاپ»، 1،17؛ مۇسلىم: «ئېتىكاپ»، 5.

ئىدى)، ئەمما شۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى) ھەققى ئۈچۈن دەيمەنكى، ئۇنىڭغا بولغان قەرزىمنى ئۆتىيەلمەيمەن ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سەن ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقايمۇ؟ ـ دېيىشى بىلەن، ئۇ مىسكىن ئادەم:

ـ ئىختىيارىڭ! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياقلىرىنى ئېلىپ مەسجىدتىن چىقتى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا:

ـ ئېتىكاپتا ئولتۇرغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ياق! مەن شۇ قەبرىدە ياتقان ۋە ئارىمىزدىن تېخى يېڭىلا ئايرىلغان زاتتىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) ئاڭلىدىمكى:

(ئىبنى ئابباس بۇلارنى سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى)

«كىمكى دىن قېرىندىشىنىڭ بىر ئىشىنى شۇ ئىش پۈتكىچە ھەل قىلىپ بەرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرغىنىدىن ياخشىراق. بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر كۈن ئېتىكاپقا كىرسە جانابى ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن دوزاخ ئارىسىغا ئۈچ خەندەك يارىتىدۇكى، ھەر خەندەكنىڭ ئارىسى شەرق بىلەن غەربچىلىك كېلىدۇ.» (بەيھاقى: «شۇئەبۇل ئىمان»، 3 ـ جىلد، 424 ـ 425)

## بۈيۈك بەدىر ئۇرۇشى

(ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى، رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى/ مىلادى 624 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلىدا مەككە قۇرەيشتىن پۈتۈن ئەر ـ ئايال ھەممە كىشى قوشۇلغان، تەخمىنەن 50.000 دىنار سەرمايىلىك، مىڭ تۆگىدىن تەشكىللەنگەن كاتتا بىر تىجارەت كارۋىنىنى شامنىڭ غەززە بازىرىغا ئەۋەتتى. كارۋاندا مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئەبۇ سۇفيان،

مۇھەممەد ئىبنى نەۋفەل ۋە ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق ئوتتۇز ياكى قىرىق مۇشرىك بار ئىدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ شام تىجارەت يولىنى كېسىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەرۋەقە شامدىن قورقۇنچ ئىچىدە يولغا چىقتى. ئەبۇ سۇفيان كارۋاندىكى زەمزەمە ئىبنى ئەمرنى يىگىرمە مىسقال ئالتۇنغا ياللاپ تەبۇكتىن تېز سۈرئەتتە مەككىگە ئەۋەتتى[92].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ئاتىكە زەمزەمەنىڭ مەككىگە كېلىشىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بىر چۈش كۆردى ۋە بەك قورقۇپ كەتتى. قېرىندىشى ئابباسقا:

- قېرىندىشىم! كۆرگەن چۈشۈم مېنى بەكمۇ قورقۇتتى. قەۋمىڭنىڭ بېشىغا بىر پالاكەت كېلىشىدىن قورقىمەن! ساڭا دەپ بەرمەكچى بولغان بۇ چۈشنى مەخپىي تۇت، ھېچكىمگە سۆزلىمە! - دېدى.

ھەزرىتى ئابباس:

- نېمە كۆردۈڭ؟ سۆزلىگىن؟ - دېدى.

ھەزرىتى ئاتىكە:

- تۆگىگە مىنگەن بىر ئادەم كېلىپ ئەبتەھتە (مۇھەسسەب بىلەن مەككە ئارىسىدا) تۇردى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

- ئى ۋاپاسىز جامائەت! ئۈچ كۈنگىچە جەڭ مەيدانىغا، قاتتىق ۋەيران بولىدىغان يېرىڭلارغا يېتىشىڭلار! - دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى. ئۇنى كۆرگەن ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. كېيىن ئۇ ئادەم مەسجىدى ھەرەمگە كىردى، خەلقمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرگەن ئىدى. كىشىلەر ئەتراپىنى ئورىۋالغان ھالدا يەنە كەبىنىڭ ئارقىسىدا ئوخشاش ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى. كېيىن ئەبۇ قۇبەيس تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇ يەردىمۇ

92. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 244-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 27-28-بەتلەر.

ئوخشاش ۋارقىرىدى. كېيىن يوغان بىر تاشنى تۇتۇپ دومىلىدى. بۇ يوغان تاش يۇقىرىدىن تۆۋەنگە دوملاپ چۈشۈپ تاغنىڭ ئاستىدا پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى. مەككە ئۆيلىرىدىن ئۇ پارچىلار تەگمىگەن بىر ئۆي، بىر يەرمۇ قالمىدى! ـ دېدى.

ھەزرىتى ئابباس:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر چۈش! چۈشۈڭنى ھېچكىمگە سۆزلىمە! ـ دېدى.

ھەزرىتى ئابباس ھەزرىتى ئاتىكەنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ دوستى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا بۇ چۈشنى سۆزلەپ بېرىپ مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋەلىد دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ چۈش مەككىگە يېيىلىپ، قۇرەيشنىڭ مەجلىسلىرىدە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى.

ھەزرىتى ئابباس مۇنداق دەيدۇ:

ئەبۇ جەھىل ماڭا:

ـ ئەي ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتى! سىلەرنىڭ بۇ ئايال پەيغەمبىرىڭلار قاچان پەيدا بولدى؟ سىلەر ئەرلىرىڭلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قانائەت قىلمىغان ئىدىڭلار، ئەمدى ئاياللىرىڭلار پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ قويتىمۇ؟! گويا ئاتىكە چۈشىدە "ئۈچ كۈنگىچە ئۇرۇشۇش ئورنىغا، ئۇرۇلۇپ يىقىلىدىغان يېرىڭلارغا يېتىشىڭلار!" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىش. ئۈچ كۈن ساقلايمىز. ئەگەر سۆزلىگەن سۆزى توغرا بولسا بىر نەرسە ئاشكارا بولىدۇ. ئەگەر ئۈچ كۈن توشۇپمۇ بىرەر ئىش يۈز بەرمىسە ھەققىڭلاردا يازىدىغان بىر پۈتۈك بىلەن، ئەرەبلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن بەكرەك يالغانچىلارنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز.ـ دېدى.

بۇنداق بىر ئىش بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۈچۈن بۇنى ئىنكار قىلىشتىنمۇ ئېغىر بىر ئىش بولمىدى. ئاتىكەنىڭ چۈشىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، قاچۇرۇپ قويغان پۇرسەتنى قولغا

كەلتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن غەزەپلەنگەن ھالەتتە مەسجىدى ھەرەمگە كىردىم. باشتا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى تەكرارلاپ ئەبۇ جەھىلنى جىلە قىلماقچى ئىدىم. ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ سەھىم جەمەتى ئىشىكىگە قاراپ تېز-تېز مېڭىشىغا، ئۆز-ئۆزەمگە: "ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىدىغانلىقىمدىن قورقۇپ مەندىن قاچتى" دېدىم. ھالبۇكى ئۇ زەمزەمەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىكەن! مەن ئۇنى ئاڭلىمىغان ئىدىم. قارىدىمكى زەمزەمە تۆگىسىنىڭ بۇرنىنى كەسكەن، ئىگىرىنى تەتۈر ئۆرىگەن، كۆينىكىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن ھالدا، مەككە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۆگە ئۈستىدە ئاۋازىنىڭ بارىچە:

- ئەي قۇرەيش جامائىتى! كارۋان! كارۋان! مۇھەممەد ۋە ساھابىلىرى ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىكى ماللىرىڭلارنى مۇسادىرە قىلدى! ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشىڭلارغا كۆزۈم يەتمەيدۇ! قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! دەپ ۋارقىرىدى. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ ئىش ئىككىمىزنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 244-دىن247-بەتلەرگىچە؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 29-دىن 31-بەتلەرگىچە)

قۇرەيش تېزلىك بىلەن تەييارلاندى. تەييارلىقنى ئىككى، ئۈچ كۈندە پۈتكۈزدى. قورالسىزلار ئۈچۈن قورال سېتىۋالدى. بايلار ئاجىزلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمر، زەمئە ئىبنى ئەسۋەد قاتارلىق كاتتىۋاشلار:

- تۆگە خالايدىغانلار، مانا تۆگە! يېمەك-ئىچمەك خالايدىغانلارغا، مانا يېمەك-ئىچمەك! ھەممىڭلار ئۇرۇشقا چىقىڭلار! سىلەردىن ھېچكىم ئارقىدا قالمىسۇن! ئەگەر مۇھەممەد تىجارەت كارۋىنىڭلارنى قولغا كىرگۈزىدىغان بولسا، شەكسىزكى، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرگە يۈرۈش قىلىپ، مەككىگىمۇ كىرىدۇ.- دېيىشتى.

سەپەرگە پۈتۈن ئەر كىشىلەر قاتناشتى. قاتنىشالمىغانلارمۇ ئۆز يەرلىرىگە ئادەم قويۇپ ئەۋەتتى. بەدرىگە چىقىدىغان كۈنى، ئەبۇ

جەھىل كىشىلەرگە: "تۆگىلىرىڭلارغا مىنىڭلار!" دەپ تەلىمات بەرگەندە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف مەككىدىن چىقىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ زالىم مۇشرىك ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەۋەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد سۆزلىگەندە قەتئىي يالغان سۆزلىمەيدۇ!" دەپ قاتتىق قورقۇنچقا چۈشكەنىدى.

ئەبۇ جەھىل كېلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن چىقىشقا قايىل قىلغىچە يېنىدىن ئايرىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ تەييارلىنىپ سەپەرگە چىقتى.

ئۇتبە ئىبنى رەبىئە بىلەن قېرىندىشى شەيبە ئۇرۇش سايمانلىرىنى رەتلەشكە باشلىغاندا، قۇللىرى ئەدداس:

- نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- تائىفتىكى ئۈزۈم بېغىمىزدا سەن ئۇنىڭغا ئۈزۈم ئىكرام قىلغان ھېلىقى زاتنى بىلمەمسەن؟ - دېدى.

ئەدداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- شۇنداق، بىلىمەن! - دېدى.

- مانا بىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىز! - دېدى.

ئەدداس چاچراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ:

- بارماڭلار! ئۇ شەكسىز پەيغەمبەردۇر! سىلەر پەقەت يېڭىلىپ ۋەيران بولىدىغان يەرگە كېتىۋاتىسىلەر! - دەپ يىغلىدى ۋە كۆز ياشلىرى مەڭزىنگە تۆكۈلدى. ئەمما ئۇتبە ۋە شەيبە ئاڭلىماي كەتتى.

مۇشرىكلارنىڭ سانى 950 بىلەن 1000 ئەتراپىدا ئىدى. يۈز ياكى ئىككى يۈزى ئاتلىق، 700ى تۆگىلىك ئىدى. كۆپىنچىسى ساۋۇت دۇبۇلغا كېيگەن، قۇرەيشنىڭ پۈتۈن كاتتىۋاشلىرى كەلگەن ئىدى. يانلىرىغا ناخشا ئېيتىدىغان دېدەك قىزلارنىمۇ ئېلىپ، داپ چالدۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان شېئىرلارنى ئوقۇتۇپ يولغا چىقتى[93].

93. ۋاقىدى:1-جىلد، 31-دىن39-بەتلەرگىچە؛ بۇخارى: «مەناقىب»، 25؛ ئىبنى كەسىر:

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى، رامىزان ئېيىنىڭ ئون ئىككىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدە ۋەكىل قىلىپ، 313 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەھەردىن چىقتى. بۇلارنىڭ ئاتمىش تۆتى مۇھاجىر، قالغانلىرى ئەنسارلاردىن ئىدى. ئۈچى ئاتلىق، يەتمىشى تۆگىلىك، قالغانلىرى پىيادە ئىدى[94].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بىر مىل يىراقلىقتىكى جايلاشقان بۇيۇتۇس سۇقىيادا مۇجاھىدلارنى توختۇتۇپ، يېشى كىچىك بولغانلارنى قايتۇرۇۋەتتى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى كىچىك بولغانلارنى قايتۇرىشىدىن بىر ئاز بۇرۇن ئۇكام ئۇمەيرنىڭ يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولغانلىقىنى كۆردۈم:

- ئۇكام، ساڭا نېمە بولدى ؟ - دېدىم.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن!. ھالبۇكى، مەن بۇ سەپەرگە چىقىشنى بەكمۇ خالايمەن ۋە ئاللاھنىڭ ماڭا شېھىدلىكنى ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن! - دېدى.

ئۇكام، رەسۇلۇللاھقا كۆرسىتىلگەندە، ئۇنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

- سەن قايتقىن! - دېدى. ئۇمەير يىغلاشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يول قويدى. ئۇمەير كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىچىنى مەن باغلاپ بېرەتتىم. ئۇ بەدرىدە شېھىد بولغاندا 16 ياشتا ئىدى. (ۋاقىدى: 1-جىلد، 21-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 149-150-بەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن يولغا چىققاندا، تۆگە سانى ئاز بولغانلىقتىن بىر تۆگىگە نۆۋەت بىلەن ئۈچ كىشى مىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ تۆگىسىگە ھەزرىتى ئەلى ۋە ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ

---

«ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 294-295-بەتلەر

94. ۋاقىدى: 1-جىلد، 31-دىن 39-بەتلەرگىچە؛ ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 250-251-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 12-بەت.

ئەنھۇمالار بىلەن نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. پىيادە مېڭىش نۆۋىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىشى بىلەن ھەمراھلىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆتۈنۈپ قالايلى، سىلە مىنسىلە! بىز سىلىنىڭ نۆۋەتلىرىدىمۇ ماڭايلى. ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەر پىيادە مېڭىشقا مەندىن بەكرەك چىدامچان ئەمەسسىلەر. يەنە كېلىپ مەنمۇ ساۋاب ئېلىش جەھەتتە سىلەردىن بەكرەك موھتاجمەن! ـ دېدى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 21 ـ بەت؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 422 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمىلى بىلەن ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى، ئىبادەت، خىزمەت بىلەن جانابى ئاللاھقا يېقىنلىششقا قانچىلىك ئىشتىياقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، كىم بولسا بولسۇن، ھەممە كىشى ئۇچۇن ئادالەت، ھەق ـ ھوقۇققا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى تەلىم بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزىگە ۋەكىل بولۇشى ئۈچۈن مەدىنىگە قايتۇردى[95].

ئاللاھتىن باشقا ئىلتىجا قىلىنغۇچىنى تونۇمىغان ۋە پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى ئۇنىڭدىن سورىغان ئالەملەرنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرىگە كەلگەن ئۈممىتىنى ئاجىز، موھتاج ھالەتتە كۆرۈشى بىلەن شۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاللاھ! بۇلار ئۇلاقسىز، سەن ئۇلارغا مىنىدىغان ئۇلاق بەرگىن! ئى ئاللاھ! بۇلار كىيىمسىز، سەن ئۇلارنى كەيگۈزگىن! ئى ئاللاھ! بۇلار ئاچ، سەن ئۇلارنى تويغۇزغىن!»

ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەدرىدە ئۇلارغا زەپەر ئاتا قىلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر ياكى ئىككى تۆگە بىلەن قايتتى، كېيىم كەيدى ۋە قورساقلىرى تويدى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 45/2747)

95. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 251 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىغا ئۇدۇل كەلگەن بۇ زور كۆلەمدە ئەسكەرلەرنىڭ روزىسىنى بۇزۇشىنى بۇيرىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشتا بەدەن جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى كېرەكتى. دەرۋەقە، بۇ سەپەرگە قوشۇلغان پۈتۈن مۇئمىنلەر كېيىن قازا قىلىش ئۈچۈن روزا تۇتمىدى.

ئىسلامنىڭ بۇ تۇنجى قوشۇنى بەدرىگە قاراپ ئىلگىرلىدى. قوشۇن ئەقىق ۋادىسىغا بارغاندا، خۇبەيب ئىبنى يەساف ۋە قەيس ئىبنى مۇھەررىس ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۇرۇشقا قوشۇلۇپ غەنىمەت ئېلىش مەقستى بىلەن قوشۇنغا يېتىشۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى كىشىدىن خۇبەيبكە:

- سىلەر بىز بىلەن چىقتىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

خۇبەيب:

- ياق، سەن بىزنىڭ ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلىسەن ۋە قوشنىمىزسەن. بىز قەۋمىمىز بىلەن غەنىمەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقتۇق! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم:

- سەن، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتتىڭمۇ؟ - دېدى.

خۇبەيب:

- ياق! - دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداق بولسا ئارقاڭغا قايت! بىز بىر مۇشرىكنىڭ ياردىمىنى خالىمايمىز! - دېدى.

خۇبەيب چىڭ تۇرۇۋالدى:

- قەۋمىم مېنىڭ ئۇرۇشتا قانچىلىك شىجائەتلىك ئىكەنلىكىمنى ياخشى بىلىدۇ. مۇسۇلمان بولمىسامۇ غەنىمەت بەدىلىگە سېنىڭ يېنىڭدا ئۇرۇشسام بولمامدۇ؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، سەن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بول، ئاندىن ئۇرۇش! - دەپ يولىغا داۋام قىلدى.

بىردەمدىن كېيىن خۇبەيب يەنە كېلىپ، ئوخشاش تەكلىپ قويدى. جاۋابمۇ ئوخشاش بولدى. خۇبەيب بۇ ئەھۋالغا بەكمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ ئەرەبلەر ئارىسىدا ئىنتايىن جەسۇر بىر جەڭچى دەپ تونۇلغانىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇشرىك بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن قوشۇنغا قوشۇلۇشىغا رازى بولمىدى. مۇشرىكلارنىڭ كۆپ قوشۇنغا قارشى، ئەسكەر سانى ئاز بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇبەيبنى قاتتىق چۆچۈتتى. كۆڭۈل دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ، ئىلگىرى ھېچبىر پەرۋا قىلمىغان بىر ئالەمنىڭ ھەقىقەت نۇرلىرىنى تاماشا قىلدى. ھاياجاندا تەكرار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. بۇ قېتىمقى مۇراجىئاتى ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق ئىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەكرار سورالغان:

ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتتىڭمۇ ئى خۇبەيب؟ ـ سوئالىغا بۈيۈك بىر جۇشقۇنلۇق ئىچىدە جاۋاب بەردى:

ـ شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ!...

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ:

ـ مانا ئەمدى خالىغىنىڭنى قىل! ـ دېدى. (مۇسلىم: «جىھاد»، 150؛ تىرمىزى: «سىيەر»، 10/1558؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 47؛ ئىبنى سائىد: 3 ـ جىلد، 535)

بۇ ۋەقە، شەرئى بىر غايىگە يېتىش ئۈچۈن، شەرتلەر قانچىلىك قىيىن بولسىمۇ، سەلبى بىر مېتودنىڭ قوللىنىلمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىمان ئۆلچىمىنى كۆرسىتىدۇ. بەندە ئۈستىگە چۈشكەن تەدبىرنى ئالغاندىن كېيىن جانابى ئاللاھقا شۇنداق تەۋەككۇل قىلىشى كېرەككى، يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ خۇبەيبنىڭ ئىمان ئېيتماي قوشۇنغا قوشۇلۇشىنى قوبۇل قىلماسلىق شەكلى بىلەن بۇ ئىمان پرىنسىپىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۈممەتكە بۇ ئىستىقامەتتە گۈزەل نەمۇنە بولغان. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ھەر ئىشتا يالغۇز ئاللاھقا ئىلتىجا قىلاتتى، پەقەت ئۇنىڭغا يۆلىنەتتى ۋە

ھەرتۈرلۈك نۇسرەتنىڭ يالغۇز ئاللاھتىن بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەمىلى بىلەن:

حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ

**«بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېگەن ئايەتتە ئىپادىلەنگەن تەۋەككۈلنىڭ جانلىق مىسالىنى كۆرسەتتى.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"دادام ھۇسەيل بىلەن يولغا چىققانىدۇق، قۇرەيش كاپىرلىرى بىزنى تۇتىۋېلىپ:

"سىلەر شەكسىز مۇھەممەدنىڭ سېپىغا قوشۇلماقچى" دېيىشتى. بىزمۇ:

"ياق، مەدىنىگە بۇ سەۋەبتىن ئەمەس، باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز" دېدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشمايدىغانلىقىمىزغا دائىر ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ۋەدە ئالدى. مەدىنىگە كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قېنى كېتىڭلار. بىز سىلەرنىڭ بەرگەن سۆزۈڭلاردا تۇرىمىز، ئۇلارغا قارشى ئاللاھتىن ياردەم تىلەيمىز!» دېدى. مانا بۇ مېنىڭ بەدرى غازىتىغا قاتناشماسلىقىمنىڭ سەۋەبى. (مۇسلىم: «جىھاد»، 98)

بۇ ۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھدى ـ ۋاپاسىنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

بەدرى ئۇرۇشىغا ئاياللاردىنمۇ چىقىشنى خالىغانلار چىقتى. بۇلاردىن بىرى بولغان ئۇممۇ ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىپ:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، يارىدارلارنى داۋالاپ، كېسەللەرگە قارىسام. بەلكى ئاللاھ، مېنى شېھىدلىككە ئېرىشتۈرەر!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«سىز ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇڭ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىزگە شېھىدلىكنى نېسىپ قىلىدۇ!» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇممۇ ۋەرەقە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ساھابىلەر ئارىسىدا ”شەھىدە“ (ئايال شېھىد) ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇ شېھىد بولۇشقا قاتتىق ئىشتىياقلىق ئىدى. نىھايەت، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن يوتقان بىلەن بوغۇپ شېھىد قىلىندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى توغرا سۆزلەپتۇ!“ دېدى ۋە قاتىللىنى تۇتۇپ جازالىدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سەلات»، 61/591؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 4-جىلد 505-بەت)

ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىرگە قاراپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى بىلىشى بىلەن كارۋاننىڭ يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتتى. بەدىرنى سول تەرىپىگە تاشلاپ ساھىل تەرەپكە قاراپ تېزدىن ئىلگىرلىدى[96]. تىجارەت كارۋىنىنى قۇتقۇزۇپ، قۇرەيش قوشۇنىغا ئادەم ئەۋەتىپ:

”سىلەر كارۋاننى، ئادەملىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدىڭلار. مانا ئاللاھ ئۇلارنى قۇتقۇزدى. ئەمدى ئارقاڭلارغا قايتىڭلار!“ دېدى.

ئەبۇ سۇفياننىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن ئەھنەس ئىبنى شەرىكنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قەۋمى زۆھرە جەمەتى ۋە ئەدىي ئىبنى كەئب جەمەتى ئارقىغا قايتتى. ئەبۇ جەھىل:

96. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 57-بەت

"بەدىرگە بارماي ئارقىغا قايتمايمىز! بىز ئۇ يەردە ئۈچ كۈن قالىمىز. تۆگىلەرنى سويۇپ، يەپ- ئىچىمىز. ئاياللار ئويناپ-كۈلۈپ ناخشا ئېيتىدۇ. ئەتراپتىكى ئەرەبلەر بۇ ئىشىمىزنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق بىزدىن قورقۇپ يۈرىدۇ! قېنى يۈرۈڭلار!" دېدى.

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ئەبۇ جەھىلگە ئەگىشىپ كەينىگە قايتمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا:

"ۋاي قەۋمىمگە! بۇ ئەمىر ئىبنى ھىشامنىڭ (ئەبۇ جەھىلنىڭ) ئىشىدۇر. قايتىشنى خالىماسلىقى، كىشىلەرگە باش بولۇش سەۋداسىدۇر، ئازغۇنلۇقتۇر! ئازغۇنلۇق بولسا نوقسانلىق ۋە شۇملۇقتۇر!"دېدى. (ۋاقىدى، 1-جىلد، 43-45؛ ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 258)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولۇۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتنى قەدەممۇ-قەدەم كۆزەتكەنلىكتىن، ئەمدى ئارقىغا قايتقىلى بولمايدىغان ھايات-ماماتلىق بىر ئۇرۇش ئالدىدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ساھابىلەرنى ئالدىغا توپلاپ سورىدى:

«سىلەرچە كارۋاننى قوغلاش كېرەكمۇ ياكى قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىشمۇ؟»

مۇھاجىرلارغا ۋاكالىتەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇرەيش قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭمۇ پىكرىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەنسارلاردىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ سۆزلەرنى قىلدى:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز يەھۇدىلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگىنىگە ئوخشاش «سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇشقىن!» (سۈرە مائىدە، 24-ئايەت) دېمەيمىز. بىز ساڭا ئەقەبەدە بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرۇش بىلەن

سىنىڭ ئۇلۇغ تەرىپىڭ، سول تەرىپىڭ، ئالدىڭ ۋە ئارقاڭدا دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئۇرۇشۇشقا تەييارمىز!"[97]. (بۇخارى: «مەغازى»، 4؛ «تەپسىر»، 5/4)

ھەزرىتى مىقدادنىڭ ئارقىسىدىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ئىشەندۇق. سەن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردۇق. قانداق خالىساڭ شۇنداق قىل! ئەگەر دېڭىزغا كىرسەڭ، بىزمۇ سەن بىلەن بىرلىكتە كىرىمىز. ئەنسارلاردىن بىر كىشىمۇ بۇنىڭدىن چېكىنمەيدۇ!"

بۇ ساداقەت ۋە ئىتائەتكە تولغان سۆزلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چېھرى تەبەسسۇمغا تولدى، دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن يۈرۈڭلار! سىلەرگە خۇشخەۋەر بولسۇنكى، ئاللاھ ئىككى تائىپەدىن مۇئەييەن بولمىغان بىرىنى سىلەرگە ۋەدە قىلدى[98].

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزەمنى قۇرەيشنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا يىقىلغان يەرلىرىنى كۆرىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.» (مۇسلىم: «جىھاد»، 83؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد 48 ـ 49 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 253 ـ 254 ـ بەتلەر)

ئىسلام قوشۇنى بەدىرگە يېتىپ كەلگەندە، قۇرەيش قوشۇنى ئاللىبۇرۇن كېلىپ بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىدىكى يېلىپىل ۋادىسىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىگە ئورۇنلاشقانىدى. سۇ قۇدۇقلىرى ۋادىنىڭ مەدىنىگە ئەڭ يېقىن تەرىپىدە ئىدى[99].

97. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ سۆزلىرىگە شاھىت بولدۇمكى، ئۇ سۆزنىڭ ئىگىسى بولۇش، ماڭا (ساۋاب جەھەتتىن) ئۇنىڭغا تەڭ بولالايدىغان سۆزلەردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر.

99. ئەنفال سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىدە ۋەدە قىلىنغان ئىككى تائىپەنىڭ بىرى قۇرەيشنىڭ دەل ئۆزى، يەنى ئۇلارنىڭ مەغلۇب قىلىنىپ ئەسىرگە ئېلىنىشى، يەنە بىرى قۇرەيشنىڭ شامدىن كەلگەن كارۋىنى.

99. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 259 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلار بىلەن بىللە بەدرگە ئەڭ يېقىن بولغان سۇنىڭ بېشىغا كەلگەندە قارارگاھلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئەنسارلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەر قارارگاھ ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەس. قۇرەيشكە ئەڭ يېقىن بولغان قۇدۇقنىڭ يېنىغا بارايلى ۋە ئۇ يەرگە چۈشەيلى. بىز چۈشكەن قۇدۇقتىن باشقا قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى تىندۇرۇۋېتەيلى. ئۇ سۇنىڭ يېنىغا بىر كۆلچەك ياساپ ئىچىگە سۇ توشقۇزايلى“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى[100]. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 259 ـ 260 ـ بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد 15 ـ بەت)

ھاكىم ئىبنى ھىزاممۇ ئارىسىدا بولغان بىر قىسىم مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆلچەكلىرىدىن سۇ ئىچىشكە كەلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى توسماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بولدى، ئۇلارنى ئىچىشكە رۇخسەت قىلىڭلار!» دېدى. كېلىپ ئىچتى. ھاكىمدىن باشقا سۇ ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسى بەدرىدە ئۆلتۈرۈلدى. ھاكىم كېيىن مۇسۇلمان بولدى. ھاكىم سۆزنى قەسەم بىلەن كۈچلەندۈرمەكچى بولغاندا: ”ياق! مېنى بەدرىدە ئۆلتۈرۈلۈشتىن ساقلاپ ئىمان نېمىتىگە ئۇچراشتۇرغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى!“ دېدى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 261 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئازدىن كېيىن ئۆزى بىلەن ئۇرۇشىدىغان دۈشمىنىنىڭ سۇ ئىچىشكە رۇخسەت بېرىش بىلەن بىزگە ئىنسانلىق دەرسى ۋە ھىدايەت ئۇسلۇبىنى كۆرسەتتى. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرىكەتلەر

100. بەدرىدە جايلاشقان كىشلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بەدرىدىكى باشقا قۇم دۆۋىلىرى بەش ـ ئون يىلدا بىر قېتىم شامال بىلەن يەر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارارگاھ قۇرغان قۇم دۆۋىسى ھازىرغىچە مۇستەھكەم تۇرماقتا، ھېچقاندا يېرى ئالماشمىغان.

نۇرغۇن قېتىپ كەتكەن قەلبلەرنىڭ يۇمشىشىغا، كېيىن ئۇ قەلبتە ھىدايەت نۇرىغا ئىشىك ئېچىلىشىغا ۋەسىلە بولدى.

ئىسلام قوشۇنى قارارگاھىغا يەرلەشكەندىن كېيىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا بىر سايىۋەن ياسايلى، مىنىدىغان ئۇلۇقىڭنىمۇ يېنىڭغا قويايلى، كېيىن بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشىمىز، ئەگەر ئاللاھ قۇۋۋەت بېرىپ غەلىبە ئاتا قىلسا، ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ئەكسىچە بولغان تەقدىردە سەن ئېتىڭغا مىن ۋە كەينىمىزدە قالدۇرۇپ قويغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا بار! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارمۇ سېنى بىزگە ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەسلا قېلىپ قالمايتتى. ئاللاھ سېنى ئۇلار بىلەن ساقلايدۇ. ئۇلار ساڭا جېنىنى ئاتا قىلىدۇ ۋە سېنىڭ يېنىڭدا جىھاد قىلىدۇ“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى سەئىدنى ماختاپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى چىقىرىپ سايىۋەننىڭ ئىشىكىدە نۆۋەت تۇتتى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد 260 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد 49 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاخىرى يەنە بىر قېتىم قۇرەيشكە ئەۋەتىپ:

«قايتىپ كېتىڭلار! سىلەردىن باشقىسى بىلەن ئۇرۇشۇش مەن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقاندىن ياخشى!» دېدى.

ھاكىم ئىبنى ھىزام:

”بۇ ئىنساپلىق بىر تەكلىپ! ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلىنمايدۇ!“ دېدى.

ئەبۇ جەھىل:

"قەسەمكى[101]، ئاللاھ بىزگە پۇرسەت بەرگەندىن كېيىن ئۆچىمىزنى ئالماي تۇرۇپ كەينىمىزگە قايتمايمىز! ئۇلارغا ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن پايلاقچى قۇيالمىسۇن ۋە كارۋانلىرىمىزنىڭ ئالدىنى توسالمىسۇن!" دەپ، مۇشرىكلارنى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلدى. (ۋاقىدى: 1- جىلد 61- دىن 65- بەتلەرگىچە)

قۇرەيش ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ۋە ئاتلىقلاردىن ئەبۇ ئۇسامەنى ئىسلام قوشۇنىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەتراپىنى كۆزەتكەن بۇ ئىككى جاسۇس شۇ سۆزلەرنى قىلدى:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بوغاز تۆگىلەر، ئاتلار، سانىغىدەك كۆپ ئەسكەر ۋە بۈيۈك تەييارلىقمۇ كۆرمىدۇق! پەقەت شۇنداق بىر جامائەت كۆردۇقكى، ئۇلار ئائىلىلىرىگە قايتىپ كېتىشنى ئەمەس، ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ! قىلىچىدىن باشقا ئۆزىنى قوغدايدىغان بىر نەرسىسى ۋە ئىلتىجا قىلىدىغان يېرىمۇ يوق!" (ۋاقىدى: 1- جىلد 62- بەت)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر غازىتى بولىدىغان ھارپا ئاخشىمى:

«ئىنشائاللاھ بۇ يەر ئەتە پالانىنىڭ ئۆلۈپ يىقىلىدىغان يېرىدۇر!» دەپ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان يەرلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن يەرلەردىن ئۆتەلمىدى، (يەنى شۇ يەرلەردە ئۆلتۈرۈلدى) كېيىن بىر قۇدۇققا

101. ئىسلامدىن ئىلگىرى جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئاللاھقا قوشۇپ باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنغانلىقىدىن، تەۋھىد ئېتىقادىدىن بۇرۇلۇپ، شېرىككە چۈشكەن. بۇ سەۋەبتىن، بۇ مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى بىلدۈرگەن ئىبارىلەرنى قوللىناتتى. ئۇلارنىڭ شېرىككە چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئاللاھ دەرگاھىدا شاپائەتچى قىلىنىش ياكى شەرەپ قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ بۇتلارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىقتى.

(ھەممىسى توپلىنىپ) ئۈستى ـ ئۈستىگە تاشلاندى. (مۇسلىم: «جەننەت»، 76، «جىھاد»، 83)

مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىردىكى قارارگاھى قۇملۇق ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۈستىدە قولايلىق بىلەن يۈرەلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلاردىكى سۇ ئازلاشقا باشلاپ، سۇ قىيىنچىلىقى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تاھارەت ۋە غۇسۇل قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ تېپىشتا قىينىلىۋاتاتتى. شەيتان قىيىنچىلىق ۋە مۇشرىكلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولىشى بىلەن مۇئمىن يۈرەكلەرگە قورقۇنچ سېلىشقا تىرىشتى.

ئۇ كېچە ئاللاھتائالا يامغۇر ياغدۇردى، ۋادىدىن سەللەر ئاقتى. مۇسۇلمانلار قاچىلىرىنى تولدۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ، غۇسۇل قىلدى ۋە ھايۋانلىرىنى سۇغاردى. بۇ يامغۇر ئوخشاش ۋاقىتتا چاڭ ـ توزانلارنى يوقۇتۇپ، زېمىننى قاتتىق قىلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى يامغۇر تۈپەيلىدىن يەرلىرىدىن ئايرىلالماي، ھەرىكەتسىز قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا خاتىرجەملىك بەرگۈچى، ئارام ئالدۇرغۇچى بىر ئۇيقۇ ئاتا قىلدى[102].

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

إِذْ يُغَشِّيكُمُ النُّعَاسَ أَمَنَةً مِّنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُم مِّن السَّمَاء مَاء لِّيُطَهِّرَكُم بِهِ وَيُذْهِبَ عَنكُمْ رِجْزَ الشَّيْطَانِ وَلِيَرْبِطَ عَلَى قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ الأَقْدَامَ

**«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تىنچلاندۇرۇش يۈزىسدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى. (تاھارەت ئېلىپ غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.»** (ئەنفال سۈرىسى، 11 ـ ئايەت)

102. تەبەرى: «تەپسىر»، 9 ـ جىلد، 256 ـ دىن261 ـ بەتلەرگىچە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن كېچە ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”مەن ياخشى بىلىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەممىمىز ئۇخلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقىچە بىر دەرەخ ئاستىدا ناماز ئوقۇپ يىغلىدى.“ (ئىبنى خۇزەيمە: 2 ـ جىلد، 52 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈبھى ۋاقتى بولغاندا:

«ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! نامازغا تۇرۇڭلار!» دەپ توۋلىدى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى جىھادقا تەشۋىق قىلدى. (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 117 ـ بەت)

قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا سەپكە تىزىلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ئوق بىلەن مۇجاھىدلارنى: «ئالدىغا كەل، كەينىگە ئۆت!» دېگەندەك تەلىماتلار بىلەن سەپكە تىزغاندىن كېيىن، ساناتتى. بۇ ئەسنادا سەپتىن بىر ئاز ئالدىغا چىقىپ قالغان سەۋاد ئىبنى غەزىيەنىڭ قورسىقىنى نوقۇپ تۇرۇپ:

«ئى سەۋاد! سەپكە كىرىپ تۈز تۇر!» دېدى. سەۋاد بولسا:

”ئى رەسۇلۇللاھ قورسۇقۇمنى ئاغرىتىۋەتتىڭ! ئاللاھ سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتتى. قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلىمەن!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان قورسىقىنى ئاچتى.

ئەنسارلار:

”ئى سەۋاد! ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر!“ دېدى.

سەۋاد:

”ئادالەتتە ھېچبىر ئىنساننىڭ يەنە بىرسىگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى يوق!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قېنى، قىساسىڭنى ئال!» دېدى.

سەۋاد، بويىننى ئۈزارتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قورسىقىنى سۆيىدى.

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى سەۋاد! نېمشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. سەۋاد:

"كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق! مەن ئاخىرقى منۇتلىرىمنىڭ، سېنىڭ بىلەن بولغان ۋاقىتلار بولۇشنى ئارزۇ قىلدىم!" دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد 266-267-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد 15-16-بەتلەر)

ئىككى قوشۇن رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنىگە توغرا كەلگەن بىر جۈمە كۈنى بەدىر سەھراسىدا يۈزمۇ-يۈز سەپ تۈزدى. ئىسسىق بىر كۈن ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا قەدەر ئەرەبلەر داۋاملىق نەسەب، ئىرق ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىق قاتارلىق قەبىلىۋازلىق تۈرتكىسىدە ئۇرۇش قىلاتتى. ئەمدى بولسا قەبىلىۋازلىقنىڭ ئورنىنى دىن ئالدى. دىنى قىزغىنلىق تۇيغۇسى ئەرەبلەردە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىق تۇيغۇسىدىن ئۈستۈن كەلدى. شۇڭا قۇقەدەر ئىدىكى، دادا، تاغا، بالا، قېرىنداش ئاكا-ئۇكا، تاغىلىرىنىڭ ئوغلى قاتارلىق يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ ئوخشىمىغان تەرەپلەردە ئىدى. ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئوغلى بىلەن، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ دادىسى بىلەن؛ ھەزرىتى ھەمزە قېرىندىشى بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشتى. ئاجايىپ ئىبرەتلىك مەنزىرە ھاسىل بولدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ وَاللّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِ مَن يَشَاء إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لَّأُوْلِي الأَبْصَارِ

**«(ئى يەھۇدىلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گورۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار. بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گورۇھتۇر. يەنە بىرى موسۇلمانلارنى(ساننى) ئۆزلىرىدەك**

**ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كافىرلار گۇرۇھىدۇر. (يەنى ئاللاھ كافىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن كافىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 13ـ ئايەت)

ئۇرۇش مەيدانىغا مەغرۇر كەلگەن مۇشرىكلار ماختىناتتى، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس بىر گورۇھ دەپ قارايتتى. ئاللاھتائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھالىتىنى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَارِهِم بَطَرًا وَرِئَاء النَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ وَاللّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ، وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ وَقَالَ لاَ غَالِبَ لَكُمُ الْيَوْمَ مِنَ النَّاسِ وَإِنِّي جَارٌ لَّكُمْ فَلَمَّا تَرَاءتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِّنكُمْ إِنِّي أَرَى مَا لاَ تَرَوْنَ إِنِّيَ أَخَافُ اللّهَ وَاللّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ

**«يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى)گە ئوخشاش بولماڭلار. ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: «ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: «مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن. سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن راستلا ئاللاھتىن قورقىمەن. ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېدى.»** (ئەنفال سۈرىسى، 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ بۇ مەغرۇرلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ مۇنداق دېدى:

إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ لِيَصُدُّواْ عَن سَبِيلِ اللّٰهِ فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ إِلَى جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ

**«شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال-مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) ئاللاھ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. سەرپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگە ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ.»** (ئەنفال سۈرىسى، 36-ئايەت)



## پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارىدى. ئۇلار مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدى. ساھابىلەر بولسا 313 كىشى ئىدى[103] ئۇ شۇ ھامان قىبلىگە قاراپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پەرۋەردىگارىغا مۇنداق يالۋۇردى:

«ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرغىن! ماڭا زەپەر ئاتا قىل! ئەگەر ئەھلى ئىسلامنىڭ بۇ گۇرۇھىنى ھالاك قىلساڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ شۇنداق يالۋۇردىكى، تونى مۈرىسىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىغا كېلىپ تونىنى ئېلىپ، مۈرىسىگە قويۇپ:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پەرۋەردىگارىڭغا بولغان يالۋۇرۇشۇڭ يېتەرلىك. ئاللاھتائالا ساڭا قىلغان ۋەدىسىنى مۇتلەق ئىشقا ئاشۇرىدۇ" دېدى. پۈتۈن مۇئمىن قەلبلەرمۇ ئاللاھقا يالۋۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِّنَ الْمَلآئِكَةِ مُرْدِفِينَ،
وَمَا جَعَلَهُ اللّهُ إِلاَّ بُشْرَى وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ وَمَا النَّصْرُ إِلاَّ مِنْ
عِندِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**«ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار. ئاللاھ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. ئاللاھ سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بىشارەت بېرىش**

103. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىمىزدا بەدرىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ تالۇت بىلەن بىرلىكتە دەريادىن ئۆتكەن مۇئمىن ئەسكەرلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش، يەنى 313 كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىشەتتۇق" (بۇخارى: «مەغازى»، 6؛ تىرمىزى: «سىيەر» 38/1598).

**ۋە كۆڭۈللىرىڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (ئەنفال سۈرىسى، 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر)

وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ، إِذْ تَقُولُ لِلْمُؤْمِنِينَ أَلَن يَكْفِيكُمْ أَن يُمِدَّكُمْ رَبُّكُم بِثَلاَثَةِ آلاَفٍ مِّنَ الْمَلآئِكَةِ مُنزَلِينَ، بَلَى إِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ وَيَأْتُوكُم مِّن فَوْرِهِمْ هَذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُم بِخَمْسَةِ آلافٍ مِّنَ الْمَلآئِكَةِ مُسَوِّمِينَ

**«ئاللاھ سىلەرگە بەدىرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى. ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قۇراللىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار. (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن مۇئمىنلەرگە: «پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەتمەمدۇ؟» دەيتتىڭ. شۇنداق ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (ئاللاھتىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 123 ـ 125 ـ ئايەت)

ئاللاھتائالا ئۇ كۈنى مۇئمىنلەرگە پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم قىلدى[104]. مۇئمىنلەرنىڭ ئىخلاسىغا قاراپ پەرىشتىلەرنىڭ سانىنى مىڭ، ئۈچ مىڭ، ئاخىرىدا بەش مىڭغا قەدەر كۆپەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن كىمنىڭ قەيەردە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن

104. بۇخارى: «مەغازى»، 4، 6؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 58.

بىلگەن بولۇشىغا قارىماي، كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئاللاھقا يالۋۇرغان. (شۇ قەدەر بولغانكى) ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان دەرىجىدە دۇئا قىلغانىدى. بۇ ئەھۋال بەندىلىك تۇيغۇسىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھمۇ بىزدىن بەندىلىكتىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشتىنمۇ ساغلام بىر يول يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر كۈنى:

«مانا جىبرائىل! ئېتىنىڭ بېشىدىن تۇتقان، ئۈستىدە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن (تولۇق قوراللانغان ھالدا سىلەرگە ياردەم قىلغىلى كېلىۋاتىدۇ!)» دېگەن. (بۇخارى: «مەغازى»، 11)

ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا دەيدۇكى:

”مەن بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئىبرەت قىلىدىغان نەرسە ۋە پەرىشتىلەرنى كۆردۈم. ئۇلار مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئەسىرگە ئالاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۆز-ئۆزەمگە: ”بۇ زات (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) شەكسىز ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدىكەن!“ دېدىم. كۆرگەن نەرسىلىرىمنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىدىم“ (ھاكىم: 3-جىلد 562/6084)

ئەبۇ داۋۇد ئەلمازىنى مۇنداق دەيدۇ:

”بەدر كۈنى مۇشرىكلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەي دەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىردىم، قىلىچىم تەگمەيلا بېشىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم! چۈشەندىمكى ئۇنى مەندىن باشقىسى (يەنى پەرىشتە) ئۆلتۈردى!“ (ئەھمەد: 5-جىلد، 450-بەت)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇشرىكلار يېقىنلاشقاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

- كەڭرىلىكى ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدەك بولغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! - دېدى.

ئەنسارلاردىن ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭرىلىكى ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدەك بولغان جەننەتمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- شۇنداق - دېدى.

ئۇمەير:

- نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن ئېسىل! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- نېمىشقا بۇنداق سۆزلەپ قالدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئى رەسۇلۇللاھ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى خالىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق دېدىم، باشقا مەقسىدىم يوق“ دېدى.

رەسۇلۇللاھ:

«سەن شۈبھىسىز جەننەت ئەھلىدىنسەن» دېدى.

ئۇمەير بۇ سۆزنىڭ كەينىدىن خالتىسىدىن بىر قانچە خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. كېيىن:

”ئەگەر بۇ خورمىلارنى يەپ بولغىچە ياشىسام، بۇ ھەقىقەتەن ئۇزۇن بىر ھايات“ دېدى - دە قولىدىكى خورمىلارنى يەرگە ئېتىپ جىھادقا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەتتى ۋە شېھىد بولغىچە مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشتى. (مۇسلىم: «ئىمارە»، 145؛ ئەھمەد: 3 - جىلد 137 - بەت)

بەدىر ئۇرۇشى يەكمۇ - يەك ئېلىشىش بىلەن باشلاندى. مۇسۇلمانلار تەرەپتىن چىقىرىلغان ھەزرىتى ھەمزە، ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم رەقىبلىرىنى بىرمۇ - بىر ئۆلتۈردى. ئەمما ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ھالدا قايتقانلىقتىن، بىردەمدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«سەن ئۇ ئۇلۇغ ئورۇنغا ئېرىشتىڭ!» دېگەن بىشارىتىنى ئېلىپ شېھىد بولدى. (ۋاقىدى: 1 - جىلد، 69 - 70 - بەتلەر)

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قوشۇن ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلمىدى. چۈنكى قۇرەيشلىك مۇشرىكلار ئارىسىدا كارۋاننىڭ خەتەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇرۇشقا قېتىلىشنى خالىمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دەرھال ھۇجۇم قىلماسلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خالىماسلىقى تېخىمۇ ئوچۇق بولغان بولاتتى، مۇشرىك سەپلىرىدە ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. ئەسلىدىلا يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشقا چىققان جەڭچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ روھىنى بەكلا چۈشۈرىۋەتكەن ئىدى. ئەمما مەلئۇن ئەبۇ جەھىل پۈتۈن ئۆچمەنلىكى بىلەن ۋارقىراپ:

”سىلەر بىر ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە پىسەنت قىلماڭلار! يۈرۈڭلار!“ دېدى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 71).

بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. مۇسۇلمانلار سەپلىرىدىن ھەق دەرگاھىغا يەتكەن سەممىي يالۋۇرۇش، كاپىرلانىڭ سەپلىرىنى ئۈركۈتىدىغان يۇقىرى ئاۋازدىكى تەكبىرلەر ھېچ توختىماي ئىمانلىق يۈرەكلەرنى غەيرەتلەندۈردى.

نىھايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇرۇش شىددەتلىك باشلىنىپ بارغانسىرى كۈچەيدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىرلىكتە ساھابىلەرنىڭ غەيرەت ۋە جۇشقۇنلۇقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، پات ـ پات:

سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ

**«(مۇشرىكلار) تولپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.»**

(قەمەر سۈرىسى، 45 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئارقىدىن بىشارەت بېرىپ:

«ھەركىم بۈگۈن دۈشمەندىن يۈز ئۆرىمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ شېھىد بولسا، جانابى ئاللاھ ئۇنى ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۈگۈن شېھىد بولغانلارغا فىردەۋس جەننىتى تەييار، ھۇجۇم قىلىڭلار!». (ئىبنى ھشام: 2ـ جىلد، 267ـ 268ـ بەتلەر)

بۇ سۆزلەردىن كېيىن يېنىدىكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

«خۇش بىشارەت! جىبرائىل ۋە پەرىشتىلەر ياردەمگە كەلدى» دېدى.

شۇ ئارىدا يەردىن كىچىك تاشلارنى ئېلىپ: «يۈزلىرى قارا بولسۇن!» دەپ دۈشمەن ئۈستىگە ئاتتى[105]. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ شىددەتلىك بىر بوران چىقتى ۋە قاتتىق بىر قۇيۇن كۆتۈرۈلدى، كۆزلەر بىر ـ بىرىنى كۆرەلمىدى.

## بەدرى شىرلىرى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”بىز بەدرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىجا قىلاتتۇق. ئۇ كۈنى، ئۇ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن تۇرغان، كىشىلەرنىڭ ئەڭ جەسۇر بولغانلىرىدىن ئىدى“ (ئەھمەد: 1ـ جىلد، 86ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاسارىتى ھەققىدە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇرۇش قىزىغاندا رەسۇلۇللاھقا ئىلتىجا قىلاتتۇق. بىزنىڭ ئەڭ جەسۇرىمىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر سەپتە تۇرالىغانلار ئىدى“ دېگەن. (مۇسلىم: «جىھاد»، 79)

ساھابىلەر بۇ غازاتتا بۈيۈك پىداكارلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ يولۋىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۈيۈك بىر جەڭگىۋارلىق نەمۇنىسى كۆرسەتتى. دەرۋەقە مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ساھابىلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋفكە:

105. ئىبنى ھشام: 2ـ جىلد، 267ـ بەت.

"ئۇرۇشتا بەلگە قىلىپ كۆكسىگە تۆگە قۇشىنىڭ قانىتىنى تاقىۋالغان زات كىم؟" دەپ سورىدى.

"ئۇ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبتۇر!" دېگەن جاۋابنى ئېلىشى بىلەن:

"مانا بىزگە نېمە قىلىنغان بولسا ھەممىسىنى ئۇ قىلدى!" دېدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 272-بەت)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تاغىسى ھەمزىگە ئوخشاش قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى دومىلىتىپ يەرگە چۈشۈرگەن ئىدى[106].

ئەبۇ جەھىل ئات ئۈستىدە رەجەزلەر[107] ئوقۇپ ئۆزىدىن ھېچبىر ئۇرۇشتا ئىنتىقام ئېلىنمايدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ:

"ئانام مېنى مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تۇغقان!" دەپ ماختاندى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 275-بەت)

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"بەدىر كۈنى ئوڭ-سول تەرىپىمگە قارىدىم، ئەنسارلاردىن ئىككى ياشنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىمنى كۆردۈم. ھالبۇكى، ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك كىشىلەر ئارىسىدا بولۇشنى خالايتتىم. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئاڭلاتماي: "ئى تاغا! سەن ئەبۇ جەھىلنى تونۇمسەن؟" دەپ سورىدى.

مەن:

"شۇنداق، تونۇيمەن! ئۇنى نېمە قىلىسەن؟" دېدىم.

ياش:

"ئاڭلىسام ئۇ رەسۇلۇللاھنى ھاقارەتلەيدىكەن! جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى بىر كۆرسەم، ئىككىمىزدىن ئەجىلى كەلگەن بىرى ئۆلمىگىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن!" دېدى.

---

106. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 4-جىلد، 97-بەت.
107. رەجەز: ئەرەبلەرنىڭ بىرخىل شېئىرى

يېگىتنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران قالدىم. يەنە بىر ياشمۇ ئوخشاش سۆزلىدى. بۇ ئىككى ياشنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقىمدىن قاتتىق خۇشال بولدۇم، بىر ئازدىن كېيىن ئەبۇ جەھىلنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

"قاراڭلار، مانا سىلەر سورىغان ئادەم!" دېدىم.

ياشلار شۇ ھامان قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇپ، ئۇدۇل ئەبۇ جەھىلگە قاراپ يۈگۈردى ۋە قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بۇ ياشلار مۇئاز ئىبنى ئەفرا بىلەن مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 10؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 42)

مۇئاز ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ:

"ئەبۇ جەھىلنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگىنىمدە ئۇنىڭ ئوغلى ئىكرىمەمۇ ماڭا بىر قىلىچ ئۇرۇپ قولۇمنى كەستى. قولۇم تېرەمگە ئېسىلىپ قالدى! كۈنى بويى ئۇنى دۈمبەمگە ئارتىپ قويۇپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ ھالدا ئۇرۇشۇشتا قىينىلاتتىم، مېنى بەكلا بىئارام قىلغاندىن كېيىن، قولۇمنى يەرگە قويۇپ پۇتۇم بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ ئۈزۈپ تاشلىدىم!" (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 275 ـ 276 ـ بەتلەر)

بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەجەبا ئەبۇ جەھىل نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ كىم بېرىپ قاراپ باقىدۇ؟» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئىزدەشكە كەتتى ۋە ئۇنى يەردە تاپتى. ئۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"مەن ئۇنى جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندا تاپتىم ۋە تونىدىم، پۇتۇم بىلەن بويىنىنى دەسسەپ تۇرۇپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئاللاھ سېنى پەس قىلدى، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدىم.

ـ ئاللاھ مېنى نېمە بىلەن پەس قىلدى؟ قەۋمىڭنىڭ ئۆلتۈرگەن ئادەملىرى ئىچىدە مەندىن ئۈستۈن كىم بار؟ ئى پادىچى! سەن ئېرىشىلىشى

ئىنتايىن قېيىن بولغان بىر يەرگە يېتىپسەن! سەن ئۇنى قويۇپ ماڭا شۇنى خەۋەر قىل، بۇگۈن دەۋران (بەخت، زامان) كىمنىڭ؟ ـ دېدى.

ـ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭدۇر! ـ دېدىم. ئۇنى ئۆز قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم:

ـ ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈردۈم! ـ دېدىم.

ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتتى ۋە:

ـ ئۇ بۇ ئۈممەتنىڭ فىرئەۋنى ئىدى ـ دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 12؛ ئەھمەد: 1ـ جىلد، 444ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 2ـ جىلد، 277ـ بەت؛ ۋاقىدى: 1ـ جىلد، 89ـ 90ـ بەتلەر)

ئۇممۇ ھارىسەنىڭ ئوغلى بەدىر غازىتىدا دۈشمەن تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىر ئوق بىلەن شېھىد قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئوغلۇم جەننەتتە بولسا سەۋر قىلىپ ساۋابىنى كۈتىمەن، ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يىغلايمەن ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇ بىشارەتنى بەردى:

ـ ئى ئۇممۇ ھارىسە، جەننەتتە ناھايىتى كۆپ دەرىجىلەر بار. ئوغلۇڭ بۇلاردىن (ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە بولغان) فىردەۋسۇل ئەئلاغا ئېرىشتى. (بۇخارى: «جىھاد»، 14؛ ئەھمەد: 3ـ جىلد، 272ـ بەت)

ھارىسەنىڭ ئانىسى بۇ خۇشخەۋەر بىلەن تەبەسسۇم قىلغان ھالدا قايتىۋاتقاچ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ قارا سېنىڭ شۇ كاتتا نېسىۋەڭگە ئى ھارىسە! ـ دېدى.(ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 1ـ جىلد، 426ـ بەت)

بەدىر غازىتى ئوخشاش ۋاقىتتا ئىسلامنىڭ مەۋجۇت بولۇش كۈرىشى بولۇش سەۋەبى بىلەن، بۇ تۇنجى جىھادقا قاتناشقان ساھابىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولدى. ئاللاھتائالا بۇ ئۇرۇشتا

پەرىشتىلەر قوشۇنىنى سەپەرۋەر قىلدى. بەدرىگە قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ باشقا پەرىشتىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ بۈيۈك ئىززەتكە ئېرىشتى. دەرۋەقە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بەدىر غازىتىغا قاتناشقانلار ھەققىدە نېمە ئويلايسەن؟
- دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى دەپ قارايمەن - دەپ جاۋاب بەردى.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- بىزمۇ پەرىشتىلەردىن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنى ئوخشاش شەكىلدە پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ قارايمىز. (بۇخارى: «مەغازى»، 11)

ئۇرۇش، ئۇ كۈنى چۈشكە يېقىن مۆئمىنلەرنىڭ غەلبىسى بىلەن ئاياقلاشتى. ئون تۆت مۇسۇلمان شېھىد بولدى، بۇنىڭغا مۇقابىل ئەبۇ جەھىل بىلەن بىرگە يەتمىش مۇشرىك ئۆلتۈرۈلۈپ، يەتمىشكە يېقىنى ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ بەدبەخت مۇشرىكلار گەرچە بەدرىگە كېلىش بىلەن يېگىتلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئارزۇ قىلغان غەلبە شارابىنىڭ ئورنىغا ئەجەل قەدەھلىرىدىن ئۆلۈم تەمىنى تېتىدى. چۆرىلىرى ناخشا ئېيتىشنىڭ ئورنىغا يىغلاپ ماتەم تۇتتى. ئۆز سېپىدىكى ئەرەبلەرنىڭ قورساقلىرىنى تويغۇزۇش ئورنىغا ئۇلارنى ئاچ قالغان جەھەننەم ئۆرەكلىرىگە تولدۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرىنى كەيگەن ھالدا:

سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ

**«(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.»** (قەمەر سۈرىسى، 45-ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا چېدىردىن چىقتى. (بۇخارى: «جىھاد»، 89)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغاندا ئۆز-ئۆزەمگە: "ئەجىبا قايسى جامائەت مەغلۇپ بولار؟ كىمگە غەلىبە ئاتا قىلىنار؟" دېگەن ئىدىم. بەدرى كۈنى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن گورۇھنىڭ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ئاشۇ كۈنى بىلدىم" (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 25-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 31-بەت)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ بَدَّلُواْ نِعْمَةَ اللّهِ كُفْرًا وَأَحَلُّواْ قَوْمَهُمْ دَارَ الْبَوَارِ

**«ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟.»** (ئىبراھىم سۈرىسى، 28-ئايەت) دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قۇرەيش كاپىرلىرىدۇر. نانكورلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىنغان نېمەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. قەۋملىرىنى ھالاكەت يولىغا ھەيدەشلىرى، بەدرى كۈنى ئۇلارنى ئوتقا ئېلىپ بېرىشلىرىدۇر" دېدى (بۇخارى: «مەغازى»، 8؛ «تەپسىر»، 3/14)

ئىسلامنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشقان بەدرى غازىتى ئاللاھنىڭ سەممىي، ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار بەندىلىرىگە ياردىمىنى كۆرسەتكەن بۈيۈك مۆجىزىلەر ۋە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بىلەن تولدى.

بۇ كاتتا زەپەردىن كېيىن جانابى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ئۆزىگە ھەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلاء حَسَناً إِنَّ اللّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**«(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگۈنۈڭلار يوق. بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ. بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (نىيەتلىرىنى ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئەنفال سۈرىسى، 17 ـ ئايەت)

ئىنسان ئىگە بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھىي تەقدىر ئىچىدىدۇر. بۇ سەۋەبتىنكى:

لا حول ولا قوة إلا بالله العلي العظيم

"بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ ئاللاھتىن باشقا (ھېچكىمدە) كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر" دېيىلگەن. چۈنكى ئەزەلدە يوق بولغان، پەقەت ئاللاھنىڭ لۇتفى ۋە مەرھەمىتى سايىسىدە مەيدانغا كەلگەن پۈتۈن مەخلۇقات ئىگە بولغان ھەر نەرسە ئاللاھتائالادىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىرادە، ۋەقە ۋە مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىرادە ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئەسلى مەنبەسى ياراتقان ئاللاھقا ئائىت دېمەكتۇر. لېكىن ئىنسان بۇ دۇنياغا ئىمتىھان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىدىن، ئۇنىڭغا جۈزئى بىر ئىرادە بېرىلىپ، ياخشىلىق ھەم يامانلىققا قادىر قىلىنغان. بۇ كۈچنى ئىشلىتىش، ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن.

## بەدرىدىن قايتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنگە غالىب كەلگەنىدە، ئۇ رايۇننىڭ كەڭرى ساھەسىدە ئۈچ كۈن قېلىش ئادىتى بار ئىدى. بەدرى ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ كەلتۈرۈلۈشىنى بۇيرىدى. يۈك ـ تاقلار تۆگىگە ئارتىلىپ باغلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

پىيادە ماڭدى. ساھابىلارمۇ ئارقىسىدىن سەپ تۈزۈشۈپ ماڭدى ۋە بىر-بىرلىرىگە:

"ھەرھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ" دېيىشتى. نىھايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار تاشلانغان قودۇقنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا ئىسىملىرى بىلەن خىتاب قىلىپ:

«ئى ئەبۇ جەھىل! ئى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىئە!» دەپ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتىرىپ:

«سىلەر ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغان بولساڭلار، ياخشى بولماسمىدى؟ بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ھەقىقەتەن كۆردۇق! سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى ھەقىقەتەن كۆردۈڭلارمۇ؟» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! روھسىز جەسەتلەرگە گەپ قىلىۋاتامسەن؟!" ئۇلار تاپ ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن قانداق ئاڭلاپ، ساڭا جاۋاب قايتۇرسۇن؟ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى سىلەردىن ياخشىراق ئاڭلايدۇ! لېكىن جاۋاب بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ!» دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 8؛ مۇسلىم: «جەننەت»، 77)

بەدىر غازىتى ئاياقلاشقاندا، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى مۇھەممەد! ئاللاھتائالا مېنى ساڭا ئەۋەتتى ۋە سەن رازى بولۇپ (ياردەملىرىمىزدىن مەمنۇن بولغانغا) قەدەر يېنىڭدىن ئايرىلماسلىقىمنى بۇيرىدى. رازى بولدۇڭمۇ؟ " دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق، رازى بولدۇم!» دەپ جاۋاب بەرگەندە، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئايرىلىپ كەتتى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 113 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 26 ـ 27 ـ بەتلەر)

بۇ كاتتا غەلىبە بىلەن مەدىنە ـ مۇنەۋۋەر خۇشاللىققا چۆمدى، مەككە ماتەمگە تولدى. شۇ قەدەر بولدىكى، ئەبۇ لەھەب دەرت ـ ئەلەمدىن ئۆلۈپ كەتتى.[108] بۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي ۋەدىمۇ تەجەللى قىلغان بولدى.

لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىييەنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى غەلىبە خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى.

## ئەسىرلەرگە مۇئامىلە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىردە ئۈچ كۈن قالغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىين (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن)لار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قېرىنداشلىرىمىزدۇر. مەن ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىشنى ئۇيغۇن كۆرىمەن. ئۇلاردىن ئالغانلىرىمىز كاپىرلارغا قارشى بىز ئۈچۈن قۇۋۋەت بولىدۇ. بەلكى ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەت بېرىپ، ئۇلارمۇ بىز ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشى مۇمكىن" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە:

«ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! سەن قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ بۇلسا:

"ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ كۆز قارىشىدا ئەمەسمەن! ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمىزغا رۇخسەت

108. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 289 ـ بەت.

بەرگىن! ماڭا رۇخسەت بەرگىن، (تۇققىنىمدىن) پالانىنىڭ كاللىسىنى ئالاي. ئەلىگە رۇخسەت بەرگىن، (قېرىندىشى) ئاقىلنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن. ھەمزىگە رۇخسەت بەرگىن، قېرىندىشى پالانىنىڭ (ھەزرىتى ئابباسنىڭ) كاللىسىنى ئالسۇن. تاكى ئاللاھ قەلبلىرىمىزدە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن يۇمشاقلىق ۋە ئاجىزلىق يوق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارسۇن! بۇ ئەسىرلەر مۇشرىكلارنىڭ رەھبەرلىرى، كۇپۇرنىڭ كاتتىۋاشلىرى!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قارىشىغا مايىل بولدى. (مۇسلىم: «جىھاد»، 58؛ تىرمىزى: «سىيەر»، 18/1567؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 31-30، 383-384-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 107-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 22-بەت)

چۈنكى ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە نائىل بولۇشىنى ۋە ئۇلاردىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بىر نەسلىنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئەسىرلەر بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن فىدىيە ئېلىنىپ قويۇۋېتىلدى. فىدىيە بېرەلمەيدىغانلاردىن بىر نەرسە ئېلىنماي قويۇۋېتىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەربىرى ئون مەدىنىلىك بالىغا ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىتىش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلۈپ، فىدىيەسىنى بۇ شەكىلدە ئادا قىلىشقا بۇيرۇلدى. ۋەھيي كاتىبى بولغان ۋە ئاخىرىدا قۇرئانى-كەرىمنى توپلىغان زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يېزىشنى ئاشۇلاردىن ئۆگەنگەنىدى. (ئەھمەد: 1-جىلد، 247-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 129-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 22-بەت)

ئاللاھتائالا ئەسىرلەر ۋە ئۇلاردىن ئېلىنغان فىدىيە ھەققىدە مۇنداق دېدى:

مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللّهُ يُرِيدُ الآخِرَةَ وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ، لَّوْلاَ كِتَابٌ مِّنَ اللّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ، فَكُلُواْ مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلاَلاً طَيِّبًا وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**«پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، (يەنى مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسنى يوقىتىپ ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ) ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى! غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار. ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) دىن قورقۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.»** (ئەنفال سۈرىسى، 67 ـ 69 ـ ئايەت)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئەتىسى ئەتىگەندە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، پەيغەمبىرىمىز ۋە ئەبۇ بەكىر يىغلاۋېتىپتۇ.

"ئى رەسۇلۇللاھ! سىنى ۋە قېرىندىشىڭنى يىغلاتقان نەرسە نېمە؟ ماڭا ئېيتىڭلار! ئەگەر يىغلاشقا تېگىشلىك ئىش بولسا مەنمۇ يىغلاي، ئەگەر يىغلاشقا تېگىشلىك دەپ قارىمىسام، سىلەرگە قوشۇلۇپ يىغلاي" دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇ قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئەسىرلەردىن ئالغان فىدىيەلىرى سەۋەبلىك مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەرگە ۋاي! ئۇلار ئۇچرايدىغان ئازابنىڭ شۇ يېنىمدىكى دەرەختىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكى ماڭا كۆرسىتىلدى!» دېدى. (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 31 ـ بەت؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 58)

ئاللاھتائالا دۈشمەنلەر قاتتىق مەغلۇب قىلىنىپ، دىن ئىززەت تېپىپ، پىتنە تامامەن يوقۇلۇشتىن بۇرۇن ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى فىدىيە بەدىلىگە قويۇۋېتىشتىن رازى بولمىغان. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارغا كايىغان. فىدىيە

ئېلىش دۇنياغا ئائىت بىر ئارزۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ كۆزلەيدىغىنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابى. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تامامەن بويسۇندۇرۇلماي ئەسىرگە ئېلىنىشى، مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەت ساۋابىنى خەتەرگە ئاتالايتتى.

ئىجتىھادتىكى بىر خاتالىق سەۋەبىدىن كايىماسلىق، بەدىر غازىتىغا قاتناشقانلارنى ئەيىپلىمەسلىك ياكى ئۇچۇق چەكلەنمىگەن بىر ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق قاتارلىق بىر ئىلاھىي ھۆكۈم لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىقلىق بولغانلىقتىن ئاللاھتائالا مۇئمىنلەرنى كەچۈرگەن، ئالغان غەنىيمەتلىرىنى ھالال قىلىپ، ئۇلارنى جازالىمىغان.

ئاللاھتائالا ئەسىر ۋە قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرىدى[109]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان بايانلىرى بار. ھەتتا ۋاپاتى جەريانىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرى:

«نامازغا، بولۇپمۇ نامازغا دىققەت قىلىڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن سۆزلىرى ئىدى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 5156/ 123ـ124 /5156؛ ئىبنى ماجە: «ۋەسايا»، 1)

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد دەيدۇكى: "مەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىگە قىممەتلىك بىر كىيىم كېيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئوخشاش كىيىمدىن خىزمەتچىسىمۇ كەيگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئەبۇ زەر جاۋابەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا بىر ئادەم يەنە بىرسىنى ئانىسى سەۋەبلىك ئەيىبلىگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلدى:

«سەن ئۆزىدە جاھىلىيەت ئەخلاقى بولغان بىر كىشى ئىكەنسەن! ئۇلار سىلەرنىڭ خىزمەتچىلىرىڭلار ۋە ئەينى ۋاقىتتا قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ھىمايەڭلەرگە بەرگەن، كىمنىڭ ھىمايىسىدە

109. نىسا سۈرىسى، 36ـئايەتكە قاراڭ

بىر قېرىندىشى بولسا، ئۆزى يېگەندىن يېگۈزسۇن، ئۆزى كەيگەندىن كەيدۈرسۇن. ئۇلارغا كۆتىرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى يۈكلىمەڭلار، ئەگەر يۈكلىسەڭلار، ياردەم قىلىڭلار» (بۇخارى: «ئىتىق»، 15؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 40)

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ بۇرادىرى ئەبۇ ئەزىز شۇ ئىبرەتلىك ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

”بەدىر ئۇرۇشىدا مەنمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، ئەنسارلاردىن بىر گورۇھقا تاپشۇرۇلغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يېنىمدىكى ئەنسارلار جامائىتى ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۆزلىرىگە كەلگەن نانلارنى ماڭا بېرەتتى، ئۆزلىرى خورما بىلەنلا بولدى قىلاتتى. مەن بولسام ھايا قىلىپ، ناننى ئۇلارنىڭ بىرىگە بېرەتتىم، ئۇمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويماي، دەرھال ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى“ (ھەيسەمى: 6-جىلد 86-بەت؛ ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 288-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ بۇ تۈر ئالىيجاناب ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكىدەك زۇلۇم ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە ئىنسانلىق نامىدا قىيامەتكە قەدەر نەمۇنە بولىدىغان پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ياخشىلىق ۋە ئېھسان بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تەبلىغ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى يۇمشاتقاندىن كېيىن ئىسلامنى چۈشەندۈرگەن. بەدىر ئەسىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ گۈزەل مۇئامىلىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئىسلام قۇللۇق[110] تۈزۈمىنى قوللىمىغاندەك، تەشۋىقمۇ قىلمايدۇ. لېكىن جەمئىيەتتىكى بۇ رىئاللىقنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا قالايمىقانچىلىققا يول ئاچىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ، تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرمىغان. ئەمما ئۇنىڭ ھەرخىل يامان يوللاردا قوللىنىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى

110. بۇيەردە ئەسىرلىك بىلەن قۇللۇق مەسىلىسى بىرلىكتە تەھلىل قىلىنىغان. چۈنكى قۇللۇقنىڭ مەنبەسى ئەسىرلىكتۇر. ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغان ئىنسانلار قۇل قىلىنىدۇ.

بىر قىسىم بەلگىلىمىلەرگە باغلاپ، رەتكە سالغان. بۇنىڭ بىلەن قۇللۇق تۈزۈمنى گۈزەل ھالەتكە كەلتۈرگەن.

شۈنىسى ئېنىقكى، مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇرۇشلار بار ۋە قىيامەتكە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ھالدا ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقاتقان ئىنسانلارغا دائىر ھۆكۈملەرگە بولغان ئېھتىياجمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى ئېتىبارغا ئالغاندا، بۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئورنىغا، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە قۇل تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىسلام ئېلىپ كەلگەن پرىنسىپلار بىلەن، قۇل بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە قۇللارنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سەھۋەنلىك بىلەن بىر ئادەم ئۆلتۈرسە، بۇ ئەھۋالدا كەففارەت سۈپىتىدە تۇنجى بولۇپ بىر قۇل ئازاد قىلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئىككىنچى قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېلىشىپ مۇئەييەن مىقداردا كۆمۈش ۋە تۆگە قارشىلىقىدا دىيەت ئۆتەشنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر مۇسۇلمان ھەج ئىبادىتىدە بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، يەنە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىش كەففارەت يولى بىلەن قۇل ئازاد قىلىشتۇر. قەسەم قىلسا، زىھار[111] قىلسا، رامىزان كۈنىدە قەستەن روزىسىنى بۇزىۋەتسە، بۇلارغا كەففارەت سۈپىتىدە بىرىنچى بولۇپ قۇل ئازاد قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر قىسىم ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقى تىلغا ئېلىنغاندىمۇ:

"مانچە قۇل ئازاد قىلغانغا ئوخشاشتۇر!" دېيىلىپ ئىنسانلارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى بىلدۈرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەقسىز ھالەتتە بىر ئىنساننى قۇل قىلىشمۇ بۈيۈك

111. زىھار: بىر كىشىنىڭ ئايالىغا: "سەن ماڭا ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاشسەن!" دەپ ئۇنى ئۆزىگە ھارام قىلىشىدۇر. ئىسلام بۇ جاھىلىيەت ئادىتىنى چەكلەپ بۇنداق قىلغانلارنىڭ كەففارەت بېرىشىنى بۇيرىغان.

گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۆز تەقدىرى بىلەن قۇل بولغان كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش بۇيرۇلىدۇ.

ئىسلام قۇل ئىگىسىگە داۋاملىق: "يېگەن نەرسەڭدىن يېگۈزگىن، ئىچكىنىڭدىن ئىچكۈزگىن، كېيگىنىڭدىن كېيگۈزگىن، روزىدار ھالىتىدە ئېغىر يۈك ۋە ئىش بەرمە، ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىل!" دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. قۇل ئازاد قىلىشنى مۇئمىن ئۈچۈن قۇتۇلۇش يولى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قۇللار ئۈچۈن شۇنداق ھەقلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكى، بۇلارغا رىئايە قىلىنغاندا قىسقا بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە قۇلسىز يۈرۈش قۇل خوجايىنى بولۇشتىن ياخشى ئەھۋالغا كېلىدۇ، چۈنكى قۇل خوجايىنى بولۇشمۇ يەنە بىر تۈرلۈك قۇل بولۇش مەناسىغا كېلىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا ئىسلام قۇللۇقنىڭ كىرىش ئىشىكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تاقىغان، چىقىش ئىشىكلىرىنى بولسا ئاخىرىغىچە ئېچىۋەتكەن. بۇ ئەھۋالدىكى ئىنسانلارنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈلىشىنى ھەر پۇرسەتتە تەشۋىق قىلىپ قوللىغان.

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەر ئارىسىدىكى ئاббاسقا:

- ئى ئاббاس! سەن باي بىر كىشىسەن، ئۆزۈڭ، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى ئاقىل، نەۋفەل ئىبنى ھارىس ۋە ئوتتۇراڭلاردا كېلىشىم بولغان ئۇتبە ئىبنى ئەمر ئۈچۈن فىدىيە تۆلىگىن! - دېدى.

ئاббاس:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مۇسۇلمان ئىدىم، قۇرەيش مېنى زورلاپ يولغا چىقاردى! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، دېگىنىڭ توغرا بولسا ئەلۋەتتە ئاللاھ ئەجرىڭنى بېرىدۇ، لېكىن سېنىڭ ئەھۋالىڭ كۆرۈنۈشتە بىزگە قارشى ئىدى، بۇ سەۋەبتىن فىدىيەڭنى تۆلىشىڭ كېرەك

- دېدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بولغان 800 دەرھەم ئالتۇننىمۇ ئۇرۇش غەنىيمىتى سۈپىتىدە ئالدى.

ئابباس:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچ بولمىغاندا بۇنى فىدىيە ئورنىدا ھېسابلىغىن!
- دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

- ياق! ئۇ ئاللاھنىڭ بىزگە نېسىپ قىلغان غەنىيمىتىدۇر - دېدى.

ئاببا‌س:

- ئى رەسۇلۇللاھ! دېمەك مېنى قالغان ئۆمرۈمدە تىلەمچىلىككە مەجبۇر قىلامسەن؟ - دېدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئاببا‌س! ئايالىڭ ئۇممۇل فەزلىگە بەرگەن ئۇ ئالتۇنلار نېمە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، ئاببا‌س:

- قايسى ئالتۇنلار؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن مەككىدىن يولغا چىقىدىغان كۈن، يېنىڭلاردا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بولمىغان بىر ۋاقىتتا، ئايالىڭ ئۇممۇل فەزلىگە: "بۇ سەپەردە بېشىمغا نېمە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەگەر بىر مۇسىبەتكە ئۇچرىسام مۇنچىلىكى سېنىڭ، مۇنچىلىكى ئۇبەيدۇللاھنىڭ، مۇنچىلىكى فەزلىنىڭ، مۇنچىلىكى قۇسەمنىڭ ۋە مۇنچىلىكى ئابدۇللاھنىڭدۇر!" دېگەن ئالتۇنلار.- دېدى.

بۇ سۆزلەرگە ھەيران قالغان ئاببا‌س:

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇنى مەن ۋە ئۇممۇل فەزلدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، شۈبھىسىز سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىسەن! - دېدى. (ئەھمەد: 1-جىلد، 353-بەت؛ ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 13-دىن15-بەتلەرگىچە)

بەدىر ئەسىرلىرى ئارىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى زەينەبنىڭ ئېرى ئەبۇل ئاس ئىبنى رەبىئمۇ بار ئىدى. ئەبۇل ئاس مەككىدە بايلىق ۋە تىجارەتتە تونۇلغان ئىشەنچلىك بىر كىشى ئىدى. ئانىسى ھالە بىنتى خۇۋەيلىد ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ سىڭلىسى ئىدى. خەدىچە ئانىمىز جىيەنى ئەبۇل ئاسنى ئوغلىدەك كۆرەتتى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغۇللىرىغا:

"سىلەر مۇھەممەدنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش بىلەن ئۇنى دەرتلىرىدىن قۇتقۇزدۇڭلار! قىزلىرىنى قايتۇرۇۋېتىڭلار ـ دە، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولسۇن!" دېيىشتى. ئەينى شەكىلدە ئەبۇل ئاسقىمۇ:

"ئايالىڭدىن ئايرىلغىن! قۇرەيش ئاياللىرىدىن قايسىسىنى خالىساڭ، سېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەپ قويىمىز!" دېيىشتى. لېكىن ئەبۇل ئاس:

"ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئايالىمدىن ئايرىلمايمەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرەيش ئاياللىرىدىن ھېچبىرىنى ئالمايمەن!" دېدى.

مەككىلىكلەر ئەسىرلىرى ئۈچۈن فىدىيە ئەۋەتىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، ھەزرىتى زەينەبمۇ ئەبۇل ئاس ئۈچۈن بىرئاز مال بىلەن ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆزىگە توي قىلغان ۋاقتىدا ھەدىيە قىلغان زەنجىرنى ئەۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ زەنجىرنى كۆرە ـ كۆرمەي قاتتىق ھاياجانلاندى ۋە:

«ئەگەر زەينەبنىڭ ئەسىرىنى قويۇۋېتىشنى ۋە مېلىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشنى مۇناسىپ كۆرسەڭلار، شۇنداق قىلىڭلار!» دېدى.

مۇسۇلمانلار:

"بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!" دەپ ئەبۇل ئاسنى قويۇۋەتتى. ئەۋەتىلگەن مال بىلەن زەنجىرنىمۇ ھەزرىتى زەينەبكە قايتۇرۇۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەبنى مەدىنىگە ئەۋەتىشى ئۈچۈن ئەبۇل ئاستىن ۋەدە ئالدى، ئۇنى قويۇۋەتكەندە ئۇنىڭغا بىر شەرت قويدى. ئەمما بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا مەخپىي قالدىغان

بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېچكىمگە سۆز قىلىنمايتتى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 296 ـ 297 ـ بەتلەر؛ ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 121/2692؛ ئەھمەد: 6 ـ جىلد، 276 ـ بەت)

ئۇمەير ئىبنى ۋەھبىنىڭ ئوغلى ۋەھبمۇ بەدرىدە ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇمەير قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىللىق ۋە قەھرىمانلىرىدىن ئىدى. مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىغا كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزگەن. بىر كۈنى ئۇمەير ھىجردە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن ئولتۇرۇپ بەدرىدە قۇدۇققا تاشلانغانلار ۋە ئۇچرىغان مۇسىبەتلىرىنى سۆزلىگەندە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، توغرا سۆزلىدىڭ! ئەگەر قەرزىم ۋە مەندىن كېيىن ئاچلىقتىن ئۆلۈشىدىن قورققان خوتۇن ـ باللىرىم بولمىغان بولسا، بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەتتىم. مېنىڭ ئۇچۇن ئۇلار قوبۇل قىلىدىغان بىر باھانە بار. ”ئەسىرگە چۈشكەن ئوغلۇم ئۇچۇن كەلدىم، دەيتتىم. ئاڭلىشىمچە ئۇ بازارلاردىمۇ ئايلىنىپ يۈرەرمىش دېدى.

ئۇمەيرنىڭ بۇ سۆزلىرى سەفۋاننى سۆيۈندۈردى:

ـ قەرزىڭ ماڭا ھېساب، ساڭا ۋاكالىتەن مەن ئۆتەيمەن! خوتۇن ـ باللىرىڭغىمۇ ئۆزەمنىڭ بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن بىرلىكتە، ھاياتلا بولىدىكەن تۇرمۇشنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئۈستۈمگە ئالىمەن! ـ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇمەير قىلىچىنى بىلەپ، زەھەرگە چىلىدى. سەفۋان ئۇلاق ۋە يوللۇقىنى تەييارلاپ بەردى. ئۇمەير مەدىنىگە كېلىپ مەسجىدنىڭ ئىشىكىدە تۇردى، تۆگىسىنى باغلاپ، قىلىچىنى ئاستى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرىشى بىلەن:

”بۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇمەيردۇر! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ پەقەت يامانلىق ئۈچۈن كەلدى! ئارىمىزنى بۇزغان، بەدىر كۈنى قۇرەيش ئۈچۈن سانىمىزنى تەخمىن قىلغان ئۇ ئەمەسمۇ؟“ دېگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردى:

”ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۇمەير قىلىچىنى ئېسىپ كەپتۇ!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتكىن!» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بويۇندىكى قىلىچنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپىدىكى ئەنسارلارغا:

”رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭلار ۋە ئۇنى بۇ نىجىستىن قوغداڭلار! چۈنكى ئۇ ئىشەنچ قىلىنىدىغان بىرسى ئەمەس!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا:

- ئى ئۆمەر، ئۇنى ئەركىن قويۇۋەت! سەنمۇ ئى ئۇمەير، ماڭا يېقىن كەل! - دېدى ۋە ئارقىدىن ئۇمەيردىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

ئۇمەير:

- سەن ئەسىر ئالغان ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم! ئۇنىڭ ھەققىدە بىر ياخشىلىق قىلغىن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداق بولسا بويۇنۇڭدىكى شۇ قىلىچنىڭ نېمە ئىشى بار؟ - دەپ سورىدى.

ئۇمەير:

- ئاللاھ قىلىچلارنىڭ بالاسىنى بەرسۇن! ئۇلارنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بولدىكى؟ - دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەكرار:

- ماڭا راستىڭنى ئېيت، سەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئۇمەير:

- مەن باشقا بىر ئىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت قولۇڭدىكى ئەسىرگە چۈشكەن ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭ ھىجردە سەفۋانغا قويغان شەرتىڭ نېمە ئىدى؟ - دەپ سورىشى بىلەن ئۇمەير قورقۇپ كېتىپ؟

- مەن ئۇنىڭغا نېمە شەرت قويۇپتىمەن؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ:

- ئاللاھ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئوتتۇرۇڭغا كىردى، ساڭا توسقۇن بولدى! - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇمەير:

- مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن شەكسىز ئاللاھنىڭ رەسۇلىسەن! ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئاسماندىن كەلگەن خەۋەر ۋە ساڭا چۈشكەن ۋەھيى ھەققىدە سېنى يالغانغا چىقىراتتۇق. بۇ ئىشتا، مەندىن ۋە سەفۋاندىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ خەۋەرنى ساڭا پەقەت ئاللاھ بەرگەن! مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ۋە بۇ يەرگە كەلتۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! - دېگەندىن كېيىن شاھادەت ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قېرىندىشىڭلارغا دىنىنى ياخشى چۈشەندۈرۈڭلار! ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگىتىڭلار! ئەسىرىنى قويۇۋېتىڭلار! - دېدى.

ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى دەرھال ئورۇنلاندى.

ئۇمەير:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشقان ۋە مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئالغان بىرسى ئىدىم. رۇخسەت قىلساڭ مەككىگە قايتىپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاي! بەلكىم ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلار. - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.

بۇ ئەسنادا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بولغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ھالدا مەككىلىك مۇشرىكلارغا:

"بىر قانچە كۈن ئىچىدە كېلىدىغان خەۋەر بىلەن خۇشال بولىسىلەر. ئۇ سىلەرگە بەدىرنىڭ ئاچچىقىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ!" دەپ، كەلگەن كارۋانلاردىن خەۋەر سوراپ تۇردى. نىھايەت، بىر ئاتلىق كىشى ئۇنىڭغا ئۇمەيرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇمەير ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كېلىشى بىلەنلا كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. قارشى چىققانلارغا ھەددىدىن ئاشماسلىقنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سايىسىدە كۆپلىگەن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئۇمەير بىر كۈنى كەبىنىڭ يېنىدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

"سەن بىزنىڭ ئاقساقاللىرىمىزنىڭ بىرىسەن! بىزنىڭ تاشلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ دىن دېگەن مۇشۇمۇ؟ مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق! مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر!" دېدى. سەفۋان ئۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆز قىلالماي، تۇرۇپلا قالدى (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 309-366-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 125-128؛ ئىبنى سائاد: 4- جىلد، 199-201)

بۇ ۋەقە: "سېنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن سەندە تىرىلسۇن!" دەستۇرىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىساللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مۇئمىن قەلبلەردە ئورۇن ئالدى.

بەدىردە مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەسىرلەر قوللىرى بويۇنلىرىغا باغلاقلىق ھالدا مەدىنىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئاللاھتائالا مەدىنىدىكى مۇشرىك، مۇناپىق، يەھۇدىلارنى خارلىققا ئۇچراتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان مۇشرىكلار: "ئەمدى زەپەرۋە غەلبەئۇنىڭغا ئۆتتۈپتۇ!" دەپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام ئۈستىگە بەيئەت قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالدى[112].

112. بۇخارى: «تەپسىر»، 3/15؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 121-بەت.

## غەنىيمەتلەر ھەققىدىكى ھۆكۈم

غەنىيمەتلەر ھەققىدە تېخى ھۆكۈم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەدرىدە ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى بۆلۈشۈش ھەققىدە ئىختىلاپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەدرىدە قېرىندىشى شېھىد بولغان سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسمۇ ئۆزى ئۆلتۈرگەن سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىلىچنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ ۋەقە، تەلەپلەر بىلەن بەدرىدىن ئايرىلماستىن ۋە غەنىيمەتلەر تارقىتىلماستىن سۈرە ئەنفالنىڭ تۇنجى ئايەتلىرى نازىل بولدى:

يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَنفَالِ قُلِ الأَنفَالُ لِلّهِ وَالرَّسُولِ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَأَصْلِحُواْ ذَاتَ بِيْنِكُمْ وَأَطِيعُواْ اللّهَ وَرَسُولَهُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**«(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىيمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «غەنىيمەتلەر (توغرىسىدىكى ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.»** (ئەنفال سۈرىسى، 1 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ غەنىيمەتلەرنى مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە ئۇرۇشقا قاتناشقان ساھابىلارغا تەڭ تەقسىم قىلدى[113].

كېيىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ سۈرىنىڭ 41 ـ ئايىتى نازىل بولدى:

113. ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 178 ـ بەت؛ 5 ـ جىلد، 323 ـ 324 ـ بەتلەر؛ ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 144 ـ 145\2737 ـ 2744.

وَاعْلَمُواْ أَنَّمَا غَنِمْتُم مِّن شَيْءٍ فَأَنَّ لِلّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِن كُنتُمْ آمَنتُمْ بِاللّهِ وَمَا أَنزَلْنَا عَلَى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**«(ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىككى گوروھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كافىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار، (ئاللاھنىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»**

بۇ ئايەتكە ئاساسەن غەنىيمەتنىڭ بەشتە بىرى ئاللاھقا، رەسۇلىغا، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا ۋە يولدا قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئايرىلغان غەنىيمەتلەرنى ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان قىسمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە بېرىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەن قوشۇننىڭ چىقىملىرىغا ئىشلەتتى[114].

ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلە تەرەپكە بىر غەنىيمەت تۆگىسىنى سۇترە[115] قىلىپ توختۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ بەردى، نامازدىن كېيىن ئۇ تۆگىنىڭ يان قىسمىدىن بىر تال قىلنى ئالدى (ۋە قىلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ):

114. بۇخارى: «فەرائىز»، 3، «خۇمۇس»، 1، «نەفەقات»، 3؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 49.
115. سۇترە: پەردە، يوپۇق دېگەن مەنىلىرى بار. ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان

«غەنىيمەتلىرىڭلاردىن بەشتەن بىرى سىرتىدا مۇشۇنچىلىكىمۇ ماڭا ھالال ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ (سىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 149/2755)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا نېمە بولسا ئۇنى موھتاج ساھابىلارغا بەردى. ھالبۇكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز ئۆيىدە كۈنلەرچە ھەتتا ئايلارچە ئوچاققا ئوت ياقالمىدى، تاماق ئېتەلمىدى. ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر كۈنلۈك يەيدىغان نەرسىلىرىمۇ بولمىغانلىقى نۇرغۇن رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەخلاقىنى شۇ رىۋايەت ناھايىتى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەھرەيندىن مال كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنى مەسجىدكە تۆكۈڭلار!» دېدى. بۇ مال (ھازىرغا قەدەر) رەسۇلۇللاھقا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ كۆپ مال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا چىقتى ۋە مالغا قاراپمۇ قويمىدى. نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندا كېلىپ مالنىڭ يېنىدا تۇردى. ھەر كۆرگىنىگە ئۇنىڭدىن بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دەرھەم قالمىغىچە ھەممىسىنى تارقاتماي تۇرۇپ ئۇ يەردىن ئايرىلمىدى" (بۇخارى: «سەلات»، 42، «جىزيە»، 4، «جىھاد»، 172)

قۇرئانى-كەرىمدىكى ئەنفال سۈرىسى مەدىنىدە ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى نازىل بولدى. بۇيۇك بىر قىسمى بەدىر ئۇرۇشى ھەققىدە بولغانلىقى ۋە بەدىر كۈنلىرىدە نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۈرە "بەدىر سۈرىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ۋە بۇ ئەسنادا ئالدىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ نامازغا دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان نەرسە.

## شېھىدلىك دەرىجىسى

شېھىدلىك مەرتىۋىسى بىر مۇئمىن يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئالى ماقامدۇر. جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسمۇ دۇنيانىڭ ۋە ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن شېھىد بۇ ماقامنىڭ ئۇلۇغلىقى، جەننەتتىكى مۇكاپاتىنىڭ بۈيۈكلىكى تۈپەيلىدىن دۇنياغا قايتا-قايتا كېلىپ، قانچىلىغان قېتىم شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ

**«شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان مەغفىرەت ۋە رەھمەت ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 157-ئايەت)

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىر كىشى كەلدى. سەپكە كىرىپ:

"ئى ئاللاھ ماڭا سالىھ بەندىلىرىڭگە بەرگەن نەرسەڭنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىنى بەرگىن!" دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن:

- بىر ئاز ئىلگىرى دۇئا قىلغان كىشى كىم؟ - دەپ سورىدى.

ئۇ زات:

- مەن يا رەسۇلۇللاھ! - دەپ جاۋاپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداقتا ئېتىڭ يىقىلىدۇ ۋە ئاللاھ يولىدا شېھىد قىلىنىسەن - دېدى. (ھاكىم: 1-جىلد، 325/748)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ شېھىد بولىدىغانلىقىنى ئالدىدىن خەۋەر بەرگەندەك، ئۇرۇشقا ماڭغاندا ھەققىدە ئاللاھتىن، مەغفىرەت تىلەپ دۇئا قىلغان ساھابىلىرىمۇ شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان. دەرۋەقە، ئامىر ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىمۇ شۇ شەكىلدە دۇئا قىلغان. قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ خەيبەردە شېھىد بولغان[116].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدىكى مەغفىرەت تەلىپىنىڭ شېھىد بولۇش سۈرىتى بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى، شېھىدلىك مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىك ئالىي بىر ماقام ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بۇ شەكىلدە نەتىجىلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ساھابىلارمۇ بۇ دۇئانى شېھىدلىك خوشخەۋىرى سۈپىتىدە چۈشەنگەن.

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، بۇ مېنىڭ گۇناھلىرىمغا كەففارەت بولامدۇ؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق، ئەگەر سەن سەۋر قىلىپ، ئەجرىڭنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەپ، جەڭ مەيدانىدىن قاچماي، دۈشمەنگە قارشى ئېتىلىپ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەڭ، گۇناھلىرىڭغا كەففارەت بولىدۇ. لېكىن قەرزلىرىڭ بۇنىڭ سىرتىدا. بۇنى ماڭا جىبرائىل ئېيتتى» دېدى. (مۇسلىم: «ئىمارە»، 117؛ تىرمىزى: «جىھاد»، 33/1712)

يەنە بىر رىۋايەتتە:

116. مۇسلىم: «جىھاد»، 123، 132؛ بۇخارى: «مەغازى»، 138.

«شېھىدنىڭ بەدىنىنىڭ ھەققىدىن باشقا پۈتۈن گۇناھلىرىنى ئاللاھ مەغفىرەت قىلىدۇ» دېيىلگەن. (مۇسلىم: «ئىمارە»، 119)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر كۈنى ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى:

«بۇ كېچە چۈشۈمدە ئىككى ئادەم كۆردۈم، مېنى بىر دەرەخكە چىقاردى، كېيىن بىر ئۆيگە ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆي شۇنداق گۈزەل ۋە قىممەتلىك ئىدىكى، ھازىرغىچىلىك ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. كېيىن ئۇ ئىككى كىشى ماڭا:

"بۇ تەڭداشسىز ئۆي شېھىدلەر سارىيىدۇر" دېدى. (بۇخارى: «جىھاد»، 4، «جەنائىز»، 93)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن شېھىد بولغانلار بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئىكەنلىكىنى بىشارەت بەرگەن. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ تەسەللى بېرىپ، ساھابىلىرىنى شېھىدلىك ماقامىغا ھەۋەس قىلغۇزغان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"دادامنىڭ مۇسلە[117] قىلىنغان جەستى كەلتۈرۈلۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. يۈزىنى ئېچىش ئۈچۈن باردىم، لېكىن ئۇ يەردىكى جامائەت كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن مېنى توستى.(شۇ ئەسنادا بىر ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى) بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«(مەيلى يىغلاڭ ياكى يىغلىماڭ) پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئۆز قاناتلىرى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ» دېدى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 3، 35؛ «جىھاد»، 20؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 129-130)

117. مۇسلە: ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ بۇرنى، قۇلىقى ۋە باشقا ئەزالىرىنى كېسىپ كۆزلىرىنى ئويۇش دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ بۇنداق قىلىنىشنى قاتتىق چەكلىگەن. (بۇخارى: «مەزالىم»، 30، «زەبائىھ»، 25؛ ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 110)

شېھىد بولۇش ھەقىقەتتە ئۆلۈش ئەمەس، بىز بىلەلمەيدىغان بىر ھاياتتا ئەبەدىي نېمەتلەرگە نائىل بولۇش دېمەكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھتائالا شېھىد بەندىلىرى ھەققىدە ”ئۆلۈك“ دېيىلمەسلىكىنى بۇيرىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلاَ تَقُولُواْ لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبيلِ اللّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاء وَلَكِن لاَّ تَشْعُرُونَ

**«ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار. بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 154 ـ ئايەت)

وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ، فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُواْ بِهِم مِّنْ خَلْفِهِمْ أَلاَّ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ، يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللّهَ لاَ يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ

**«ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن. بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى ئاللاھنىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خوشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 169 ـ 171 ـ ئايەت)

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەدھىلەنگەن شېھىدلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىنمۇ ھۆرمەتلىنىپ ياد ئېتىلىدىغانلىقىنى زىيا پاشا شۇ بېيىتىدە گۈزەل ئىپادىلىگەن:

مەنىسى: "كىمكى ئىنسانلارنىڭ ياردىمىگە يۈگۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلسا، پۈتۈن ئىنسانىيەت قىيامەتكىچە ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ".

قىيامەت كۈنى شېھىدلەر بەدەنلىرىدىن تېخى يېڭىلا يارىلانغان يەردىن ئاققان ئىسسىق قان ۋە بۇ قانلاردىن ئەتراپقا تارالغان مۇشكى-ئەنبەرگە ئوخشاش خۇشپۇراق بىلەن تونۇلىدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شېھىدلەرنىڭ قېنى ۋە جەسىتى يۇيۇلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ شېھىدلىك جەريانىدا بەندىلىرىگە كۆرسىتىدىغان ئاسانچىلىقنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈمۈلە چېقىۋالغاندا قانچىلىك ئاغرىق ھېس قىلغان بولسا، شېھىد بولغان كىشىمۇ ئۆلۈمدىن پەقەت شۇنچىلىك ئاغرىق ھېس قىلىدۇ» (تىرمىزى: «جىھادنىڭ پەزىلىتى»، 26/1668؛ نەسەئى: «جىھاد»، 35؛ ئىبنى ماجە: «جىھاد»، 16)

ئاللاھتائالا بەندىلىرىنى شېھىدلىككە تەشۋىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالآخِرَةِ وَمَن يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ فَيُقْتَلْ أَو يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا

**«دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل-مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن. كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، ياكى غەلىبە قىلسا بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.»** (نىسا سۈرىسى، 74-ئايەت)

پۈتۈن سەمىمىيىتى بىلەن شېھىدلىكنى ئارزۇ قىلغان يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۇيغۇلىرىنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

«ئۈممىتىمگە ئېغىر كەلمەيدىغان بولسا ئىدى، ھېچبىر سەرىييەدىن قېلىپ قالماي، ھەممىسىگە قاتنىشاتتىم. ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇپ، كېيىن تىرىلدۈرۈلۈشنى قايتا شېھىد بولۇپ يەنە تىرىلدۈرۈلۈشنى يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم» (بۇخارى: «ئىمان»، 26؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 107، 103)

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىدە بىر كۆينەك كۆردى:

- بۇ كۆينىكىڭ يېڭىمۇ ياكى يۇيۇلغانمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- يېڭى ئەمەس، يۇيۇلغان كۆينەك ئى رەسۇلۇللاھ! - دېيىشى بىلەن:

- يېڭى كەيگىن، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ ياشىغىن، شېھىد بولۇپ ئۆلگىن! - دېدى. (ئەھمەد: 2-جىلد، 89-بەت)

پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شېھىدلىك بىشارىتىنى بەرگەن.

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىين (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)لار بىلەن ئوھود تېغىغا چىقتى. ئۇ ۋاقىتتا تاغ تىترەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە پۇتىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«جىم تۇر ئى ئوھود! سېنىڭ ئۈستۈڭدە بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق ۋە ئىككى شېھىد بار» (بۇخارى: «ئەسھابۇن نەبى»، 6؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 18/3703؛ نەسەئى: 4)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھ مېنى ئۆز يولۇڭدا شېھىد بولۇش ۋە رەسۇلۇڭنىڭ شەھرىدە ئۆلۈش بىلەن بەختىيار قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلدى. (بۇخارى: «مەدىنىنىڭ پەزىلىتى»، 12) ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ ماقامنى ئاتا قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەفسە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

”دادامنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

- بۇ قانداق بولىدۇ؟ (ھەم مەدىنىدە ئۆلۈشنى ھەمدە شېھىد بولۇشنى تەلەپ قىلىسەن!) دېدىم.

- ئاللاھ خالىسا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ - دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر شېھىد بولغانغا قەدەر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەيرانلىقى داۋام قىلغان ۋە بۇنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئەندىشە قىلغان. (ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارى»، 4-جىلد، 101-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شېھىدلىكنى ئارزۇ قىلىشى كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتائالادىن چىن قەلبىدىن شېھىدلىك تىلىگەن بىر كىشى كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا شېھىدلىك مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىدۇ». (مۇسلىم: «ئىمارە»، 157؛ نەسەئى: «جىھاد»، 36)

«شېھىدلىكنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلغان كىشى شېھىد بولمىسىمۇ ئۇنىڭ ساۋابىغا نائىل بولىدۇ.» (مۇسلىم: «ئىمارە»، 156)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ئىنسانلارنى شېھىد ھۆكمىدە قوبۇل قىلغان. بىر قېتىم ساھابىلىرىدىن:

«سىلەر كىملەرنى شېھىد دەپ قارايسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ساھابىلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! كىم ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىدتۇر! - دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداق بولسا ئۈممىتىمنىڭ شېھىدلىرى بەكلا ئاز بولىدۇ - دېدى.

ئەسھابى-كىرام:

- ئۇنداقتا كىملەر شېھىدتۇر ئى رەسۇلۇللاھ؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىدتۇر؛ ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر؛ ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر؛ قورساق ئاغرىقى بىلەن (ئىچى سۈرۈپ) ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر؛ بوغۇلۇپ ئۆلگەن كىشى شېھىدتۇر» دېدى. (مۇسلىم: «ئىمارە»، 165؛ ئىبنى ماجە: «جىھاد»، 17)

باشقا رىۋايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېلى، قېنى، دىنى ۋە ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭمۇ شېھىد بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان[118].

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەبنىڭ مەدىنىگە كەلتۈرۈلۈشى

بەدىردە ئەسىر قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ئەبۇل ئاس قويۇۋېتىلىپ مەككىگە قايتقىنىدا، ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەدىنىگە كېتىشىگە رۇخسەت بەردى. بەدىردىن بىر ئاي ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بىر مۇددەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەنسارلاردىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ:

«زەينەب يېنىڭلارغا كەلگىچە يەئجىج ۋادىسىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار. زەينەب بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىڭلاردا ئۇنى، يېنىمغا ئېلىپ كېلىسلەر» دېدى.

ئەبۇل ئاس زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دادىسىنىڭ يېنىغا كېتىشىنى ئېيتتى. ئۇمۇ تەييارلىقىنى قىلدى. ئەبۇل ئاسنىڭ ئىنىسى كىنانە مىنىدىغان تۆگىنى ئېلىپ كەلدى، ھەزرىتى زەينەب تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ھەۋدەج دەپ ئاتالغان ھوجرىنىڭ ئىچىدە ئولتۇردى. كىنانە ئوقيا ۋە ئوقدانىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، كۈندۈز ۋاقتى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ مەككىدىن يولغا چىقتى.

بۇ ۋەقە قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارىسىدا تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغاندا، بىرمۇنچە كىشىلەر ھەزرىتى زەينەبنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا

118. بۇخارى: «مەزالىم»، 33؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 226؛ ئەبۇ داۋۇد: «سۈننەت»، 28ـ29؛ تىرمىزى: «دىيەت»، 21.

چىقتى. "زىتۇۋا" دېگەن جايدا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ھىببار ئىبنى ئەسۋەد ھەۋدەجىنىڭ ئىچىدىكى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ھەزرىتى زەينەب ئۇ چاغدا ھامىلدار ئىدى. قان ئىچىدە قېلىپ بالىسى چۈشۈپ كەتتى. كىنانە يەردە يېتىپ تۇرۇپ، ئوقدانىدىن ئوق چىقىرىپ:

"ھېچكىم يېقىنلاشمىسۇن! بولمىسا ئوققا تۇتىمەن!" دېيىشى بىلەن كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئارقىغا چۈشۈشتىن ۋاز كېچىپ قايتىپ كەتتى.

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بەزىلىرى بىلەن ئۇ يەرگە كەلدى. كىنانەگە:

"كىنانە! بىزگە ئوق ئېتىشتىن ۋاز كەچ! سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىمىز!" دېدى.

كىنانە ئوق ئاتمىدى، ئەبۇ سۇفيان كىنانەنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"سەن توغرا قىلمىدىڭ! بىر ئايالنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق يولغا چىقاردىڭ، ھالبۇكى، سەن بىز چەككەن مۇشەققەتلەرنى ۋە مۇھەممەدنىڭ سەۋەبى بىلەن بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى بىلىسەن! قىزىنى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنداق ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئارىمىزدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئاپارساڭ، كىشىلەر بۇنى بىز ئۇچرىغان مۇسىبەتتىن كېلىپ چىققان خارلىقنىڭ ئەسىرى، ئاجىزلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، زەينەبنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلمەي، مەككىدە تۇتۇلىشى بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىمىزمۇ يوق. سەن مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، ئۇنى ھازىر مەككىگە قايتۇرغىن! كىشىلەرنىڭ ئېغىزى بېسىقىپ، باشقىلار ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن مەخپىي مەككىدىن چىقىپ، دادىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قوي!" دېدى.

كىنانە بۇنىڭغا قوشۇلدى. بىر قانچە كۈن مەككىدە قېلىپ ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ بېسىقىشىنى كۈتكەندىن كېيىن، بىر

كېچىسى ھەزرىتى زەينەب بىلەن يولغا چىقتى، ئۇنى يەئجەجدە ساقلاۋاتقان زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ھەمراھىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مۇھتەرەم دادىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى[119].

ئەبۇل ئاس ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى، ئۆزى باش بولغان بىر قۇرەيش كارۋىنى بىلەن يەنە ئەسىرگە چۈشتى. سەھەر ۋاقتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەبكە خەۋەر قىلىپ: ”داداڭدىن مەن ئۈچۈن ئامانلىق ئالغىن!“ دېدى. كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋاقتتا، زەينەب بېشىنى ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىرىپ:

”ئى ئىنسانلار! مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى زەينەب! ئەبۇل ئاسنى ھىمايەمگە ئالدىم!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سەن ھىمايەڭگە ئالغان كىشىنى بىزمۇ ھىمايىمىزگە ئالدۇق!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىغا كەلگەندە زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

”ئەبۇل ئاس تۇققىنىمىزدۇر، ھەمدە باللىرىمنىڭ دادىسىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھىمايەمگە ئالدىم!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلارغا:

«ئەگەر ئۇنىڭغا مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇيغۇن كۆرسەڭلار، قايتۇرۇپ بېرىڭلار! بېرىشنى خالىمساڭلار، ئەسلىدىلا ئۇلار سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردۇر!» دېدى.

مۇجاھىدلار:

”ياق ئى رەسۇلۇللاھ! بىزماللارنى قايتۇرۇپ بېرىمىز!“ دېدى.

ئەبۇل ئاس ماللىرىنى ئېلىپ مەككىگە قايتتى، ھەممە كىشىگە ماللىرىنى تاپشۇرۇپ ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن:

119. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 297 ـ دىن299 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ئابدۇلبەر: 4 ـ جىلد، 1854؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 362 ـ 363 ـ بەتلەر.

"ئى قۇرەيش جامائەتى! مەن مېلىنى بەرمەي قالغان بىرەر كىشى قالدىمۇ؟" دەپ سورىدى.

"ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قالمىدى" دېدى.

ئەبۇل ئاس:

"ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنىدە مۇسۇلمان بولۇشۇمغا توسالغۇ بولغان نەرسە ماللىرىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەنلىكىمنى چۈشىنىپ قېلىشىڭلاردىن قورققانلىقىمدۇر. مەن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق ۋە يەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر!" دېدى ۋە مەدىنىگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يېنىغا قايتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا زەينەبنى، بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن ياكى يېڭى بىر نىكاھ بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 553-554-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 32-33-بەتلەر)

## يەھۇدىلار ۋە بەنى قەينۇقا غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى شەۋۋال ئېيى / مىلادىيە 624-يىل 4-ئاي

مەدىنە ئەتراپىدا خېلىلا كۆپ بىر گورۇھ بولغان يەھۇدىلار ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەرگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى سۆزلىشىپ يۈردى. ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغانلىقىنى گۇمان قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى قىزغىنلىق بىلەن تارقىتىشتىن چېكىنمىدى. لېكىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەر ئارىسىدىن چىقىشى بىلەن قاتتىق قىزغىنىپ، بىردىنلا سۆزىدىن يېنىۋېلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھتائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى:

وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنكُمْ وَأَنتُم مِّعْرِضُونَ

**«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا-ئانىسىغا، خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقاڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار. سىلەر ھەمىشە (ئەھدەڭلاردىن) يېنىۋالىسىلەر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 83-ئايەت)

بِئْسَمَا اشْتَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُواْ بِمَا أنَزَلَ اللّهُ بَغْياً أَن يُنَزِّلُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ فَبَآؤُواْ بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ

**«يەھۇدىلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەپ يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى-ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كافىرلار خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 90-ئايەت)

يەھۇدىلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا بولغان قاتتىق ھېرىسمەنلىكى ئىدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ النَّاسِ عَلَى حَيَاةٍ وَمِنَ الَّذِينَ
أَشْرَكُواْ يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ

**«شۇبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن، ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 96 ـ ئايەت)

ئۇنىڭدىن باشقا تىجارەت بازارلىرىنى قولىغا كىرگۈزىۋالغانلىقتىن، ماددى كۈچ ـ قۇۋۋىتى سەۋەبى بىلەنمۇ كۆرەڭلىگەن يەھۇدىلار ئۆزىنى ئالاھىدە بىر قەۋم دەپ قاراپ:

نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ

**«بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز)»** (مائىدە سۈرىسى، 18 ـ ئايەت) دېيىشەتتى.

قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلاھىي ئازاب ئەسلىتىلگەندە، مۇنداق جاۋاب بېرىشەتتى:

لَن تَمَسَّنَا النَّارُ إِلاَّ أَيَّاماً مَّعْدُودَةً

**«بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 80 ـ ئايەت)

ئەمما جانابى ئاللاھ بۇنىڭ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى شۇ ئايەت بىلەن بايان قىلدى:

بَلَى مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَاطَتْ بِهِ خَطِيئَتُهُ فَأُوْلَئِكَ
أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

**«ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ) گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 81 ـ ئايەت)

مەدىنە يەھۇدىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەر قانداق بىر كېلىشىم تۈزسە، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ بۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلاتتى. قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى كۆپتۈرۈپ

پىتنە ـ پاسات چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرگە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لاَ يَأْلُونَكُمْ خَبَالاً وَدُّواْ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ الْبَغْضَاء مِنْ أَفْوَاهِهِمْ وَمَا تُخْفِي صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ الآيَاتِ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ، هَاأَنتُمْ أُوْلاء تُحِبُّونَهُمْ وَلاَ يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ بِالْكِتَابِ كُلِّهِ وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُواْ آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ عَضُّواْ عَلَيْكُمُ الأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ قُلْ مُوتُواْ بِغَيْظِكُمْ إِنَّ اللّهَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ، إِن تَمْسَسْكُمْ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِن تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُواْ بِهَا وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لاَ يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا إِنَّ اللّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ

**«ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلەردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتۇسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. (سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ) سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ) ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىغىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى ئاللاھ ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)» ئاللاھ**

**ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىيمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 118 ـ 120 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئېيتىلغاندەك مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك، ھەسەت، غەزەپ بىلەن تولغان يەھۇدىلار، مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىر غازىتىدا غەلىبە قىلىشى بىلەن قاتتىق بىئارام بولدى. ھەتتا بەنى قەينۇقا يەھۇدىلىرى بۇ ھەقتىكى پەرىشانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېچىشنى قارار قىلىپ، ئەھدىنامىسگە رىئايە قىلمىدى.

ئەڭ يېقىن دوستلىرى مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن بىرلىكتە يەھۇدىي بازىرى مۇسۇلمانلار زېمىنىغا ھەرىكەت قىلىدىغان پاسات مەيدانىغا ئايلاندى. مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ھېچقانداق ياخشى بىر ئىشنى ئويلىمىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغىمۇ قەست قىلىشنى پىلانلىدى.

ئەسكىلىكتە ھەددىدىن ئاشقان يەھۇدىلار بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بازىرىدىكى زەرگەردىن بىر نەرسە ئېلىۋاتقان مۇسۇلمان بىر ئايالغا سەت گەپلەر بىلەن ئەخلاقسىزلىق قىلدى، ئايالنىڭ پەريادى بىلەن، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ۋەقەنى كۆرگەن بىر مۇسۇلمان دەرھال ئۇ ئايالنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن زەرگەرچى يەھۇدىنى ئېتىلىپ بېرىپ، مۇشلاشتى. مۇسۇلمان غالىب كېلىپ يەھۇدىينى ئۆلتۈردى، ئۇ يەرگە توپلاشقان يەھۇدىلارمۇ ئۇ

مۇسۇلماننى شېھىد قىلدى. ئوتتۇرىدا قاتتىق غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئەھدىنامە بۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى توپلاپ:

«ئى يەھۇدىيلار جامائىتى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئۇنىڭ قۇرەيشكە ئەۋەتكىنىدەك، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگىمۇ بىر مۇسىبەت چۈشۈرۈشىدىن قورقۇپ، مۇسۇلمان بولۇڭلار! چۈنكى سىلەر مېنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر، بۇنى كىتابىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئەھدىدە كۆرىسىلەر» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن قىلغان خاتالىقىنىڭ بەدىلىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سۈلھىنى بۇزۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەينىدىن ئەھدىنامىنىڭ يېڭىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يەھۇدىيلار ئەخلاقسىزلارچە جاۋاب بېرىپ:

"ئى مۇھەممەد! سەن بىزنى ئۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق قۇرەيشلەر دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ بىز ئۇلاردىن قاتتىق ئۇرۇشىمىز، بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تۇرغان ۋاقتىڭدا ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىسەن!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ سَتُغْلَبُونَ وَتُحْشَرُونَ إِلَى جَهَنَّمَ وَبِئْسَ الْمِهَادُ، قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا

**«(ئى مۇھەممەد!) كافىرلارغا ئېيتقىنكى: «سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇب قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك!». (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدىردە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گورۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 12 ـ 13 ـ ئايەت)[120]

يەھۇدىي قەۋمى ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

121. ئەبۇ داۋۇد، "ھاراج"، 21 ـ 22 / 3001 قاراڭ.

فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ

**«سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى.»** (مائىدە سۈرىسى، 24-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دەپ، ئىلاھىي رەھمەتكە ئېرىشىدىغان بىر جىھادنى رەت قىلغان يەردە، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ھالاكىتى بولغان بىر ئۇرۇشنى جاھىلانە جاسارەت بىلەن ئارزۇ قىلدى.

بۇ شەكىلدە ئەمدىلا ئەھدىنامىنى بۇزغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئەھۋال ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بايراقدار قىلىپ، قەينۇقا يەھۇدىلىرىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قەلئەلىرىگە يۇشۇرنۇۋالدى. مۇناپىقلار بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرمۇنچە ھىيلە پىلانلىغان بولسىمۇ، قەلئەدىن سىرتقا چىقالمىدى ۋە بىر ئوقمۇ ئاتالمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىر تەرەپتىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇناپىقلارنىڭ ئىسيان چىقىرىش ئېھتىماللىقىغا قارشى پۈتۈن تەدبىرلەرنى ئالغان ئىدى.

قەلئەگە چېكىنىشنى مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئېيتقان ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى قورققانلىقتىن سۆزىدە تۇرالماي، ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويىدى.

مۇھاسىرە ئون بەش كۈن داۋاملاشتى. نىھايەت، ھېچبىر قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن يەھۇدىلارنىڭ قەلبىگە قاتتىق بىر قورقۇنچ چۈشتى. ئۇلار كۈتكەن ياردەممۇ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئامانلىق تىلەشتىن باشقا چارىسى قالماي، رەسۇلۇللاھنىڭ بېرىدىغان جازاسىغا بويۇن ئەگدى.

بەنى قەينۇقا قەبىلىسى ئىلگىرى خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئەھدىلەشكەن بولغانلىقتىن، مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى خەزرەجلىك ئابدۇللاھ

ئىبنى ئۇبەي ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى كېرەك ئىدى.

لېكىن ئەپۇ قىلىش تەلىپىدە قاتتىق چىڭ تۇرىۋالغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. جازالاندۇرۇش يۈزىسىدىن سۈرگۈن قىلدى. "ۋادىل قۇرا" غا بارغاندا ئۇ يەردە بىر ئاي قالدى. ۋادىل قۇرا يەھۇدىلىرى ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىشتىن سىرت پىيادە بولغانلىرىغا ئۇلاق بەردى. كېيىن يوللىرىغا داۋام قىلغان بەنى قەينۇقالىقلار يېتىپ بارغان يەرلىرىدە ئۇزۇن ياشىيالمىدى[121].

### سەۋىق غازىتى

ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيى / مىلادىيە 624 ـ يىل 5 ـ ئاي

ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشنىڭ بېشىغا ئۆتتى. بەدىر مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىپ، دەرھال ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مەككىدىن قورققان ھالدا يولغا چىقتى. مەدىنىگە بىر سائەتلىك يەرگىچىلىك كەلدى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ يۇرتىغا قەدەر ئىلگىرلىدى، ئۇلارنىڭ باشلىقى ۋە خەزىنىچىسى سەللام ئىبنى مىشكەمنىڭ ئۆيىگە باردى. سەللام ئەبۇ سۇفياننى ياخشى كۈتىۋالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئەبۇ سۇفيان ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا باردى، ئەنسارلاردىن سەئىد ئىبنى ئەمرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە خورمىزارلىقتا ئوت قويۇۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭ بىلەن قەسىمنى ئورۇنلىغانلىقىنى ئويلاپ، كەينىگە ئادەم چۈشۈشتىن قورقۇپ ئارقىغا قايتتى.

---

121. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 426 ـ دىن 429 ـ بەتلەرگىچە؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 176 ـ دىن 180 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد 28 ـ دىن 30 ـ بەتلەرگىچە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال يولغا چىقتى. مۇشرىكلار تېز قېچىش ئۈچۈن خالتا-خالتا توشقۇزۇلغان ئۇن (سەۋىق) تاشلاپ قويدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ غازات، سەۋىق غازىتى دېيىلدى[122].

### ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئۆيلىنىشى

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيلەندى.

ھەزرىتى پاتىمەگە ئىلگىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش قۇرەيشنىڭ شەرەپلىك كىشىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر تەلەپ قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ئىلاھىي بۇيرۇقنى كۈتىۋاتىمەن» دېگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇققانلىرى بولغان ھاشىم جەمەتىنىڭ قىزنىقتۇرۇشىغا قارىماي، بۇنداق بىر ئىشقا تەشەببۇس قىلالمىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن يېقىنلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى[123].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەنىۋى ھەيبىتى ئىچىدە ئىدى. ئالدى بىلەن ئولتۇردۇم ۋە سۈكۈت قىلدىم، ئېغىز ئېچىشقا قادىر بولالمىدىم. ماڭا:

«نېمىگە كەلدىڭ؟ بىر ئېھتىياجىڭ بارمۇ؟ ھەر ھالدا پاتىمەنى تەلەپ قىلسەن!» دېدى.

مەن پەقەت: "شۇنداق" دېيەلىدىم. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 379-بەت)

122. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 422-423-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 181-182-بەتلەر؛ ئىبنى سائد: 2-جىلد، 30-بەت.

123. ئىبنى سائد: 8-جىلد، 19-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بەزى نەرسىلىرىنى سېتىپ 480 دەرهەم مەهرى ھەققى تەييارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىغا خۇشپۇراق، قالغان ئۈچتەن بىرىگە كىيىم ئېلىشنى بۇيرىدى[124].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام پاتىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهاغا تويلۇق سۈپىتىدە چىپەرقۇت يېپىنچا، بىر سۇ قاچىسى ۋە ئىچىگە ئىزخىر دەرىخىنىڭ شاخ-شۇمبىلىرى تولدۇرۇلغان بىر يۆلەنچۈك بەردى[125] بىلال رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا:

«ئى بىلال! مەن ئۆيلىنىش جەريانىدا ئۈممىتىمنىڭ تاماق يېگۈزۈشنى سۈننەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن!» دەپ، تائام تەييارلاشنى بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ دۇبۇلغىسىنى بىر يەهۇدىيغا گۆرۈگە قويۇپ، يېرىم ئۆلچەك ئارپا ئالدى. توي تامىقى "ھەيس"[126] دەپ بىلىنگەن تاتلىق بىر تاماقتىن ئىبارەت ئىدى. مۇهاجىرلار بىلەن ئەنسارلار توپ-توپ كېلىپ، تاماق يەپ، تارقالدى. (ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 23-بەت؛ ئابدۇررەززاق: 5-جىلد، 487-بەت؛ دىيار بەكرى: 1-جىلد، 411-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر قاچا سۇ ئەكەلدۈرۈپ تاهارەت ئېلىپ، ھەزرىتى ئەلىنى چاقىردى. تاهارەت سۈيىدىن ئۇنىڭ كۆكسى ۋە ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسىغا سەپتى. كېيىن پاتىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهانى چاقىرىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاش سەپكەندىن كېيىن ئۇنى ئەهلى بەيتىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا نىكاهلىغانلىقىنى ئېيتتى. پاتىمە ۋە ئەلى ئۈچۈن ئالدى، ئارقا تەرىپىدىن:

«ئى ئاللاھ! ئەلى ۋە ئەۋلادلىرى ھەققىدە قوغلانغان شەيتاندىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!» دەپ، دۇئا قىلدى. (ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 24-بەت؛ دىيار بەكرى: 1-جىلد، 411-ئايەت)

124. ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 19-بەت.

125. نەسەئى: «نىكاھ»، 81.

126. بۇ ئۈرۈقچىسى چىقىرىۋېتىلگەن خورما، ساپ ياغ ۋە سۈزمىنىڭ ئارىلاشتۇرۇلىشى بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر تاماق ئىدى. بەزى ۋاقىتتا ئىچىگە تالقانمۇ قوشۇلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلارنى تەقسىم قىلغاندا قىزى پاتىمەگە ئۆي ئىشلىرىنى، كۈيئوغلى ئەلىگە سىرتتىكى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى[127].

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. ئەلى ۋە ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار كېلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى.

"ياق، بىلمەيمەن!" دېدىم.

«ئەمما مەن بىلىمەن، ئۇلارغا رۇخسەت قىلغىن!» دېدى. (ئىچكىرىگە باشلىدىم) ئۇلارمۇ كىردى.

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئائىلەڭدىن كىمنىڭ ساڭا سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى سوراش ئۈچۈن كەلدۇق!" دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«پاتىمە بىنتى مۇھەممەد!» دەپ جاۋاب بەردى.

"(قانداشلىق) بولغان ئائىلەڭدىن كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى سورىمىدۇق، (ئۇلار سىرتىدىكى يېقىنلىرىڭدىن كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى) سوراۋاتىمىز" دېدى.

«ئەھلىمنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى، ئۇنىڭغا (ھىدايەت ئاتا قىلىنىپ) ئاللاھنىڭ نېمەتلەندۈرگىنى (ئازاد قىلىپ بالا قىلىۋېلىش بىلەن) ئىكرام قىلغىنىم ئۇسامەدۇر!» دېدى.

"ئۇنداقتا كېيىن كىم؟" دېدى.

«ئەلى!» دېدى. بۇنىڭ بىلەن تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! تاغاڭنى ئەڭ كەينىگە قالدۇردۇڭ!" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

127. كاسانى: 4 ـ جىلد، 24 ـ بەت.

«ئەلى ھىجرەتكە سەندىن بۇرۇن چىقتى!» دەپ جاۋاب بەردى.
(تىرمىزى: «مەناقىب» ، 40\3819)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە تۆت سىزىق سىزىپ؛
«بۇ سىزىقلارنى نېمشقا سىزغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى.
ساھابىلار:
"ئاللاھ ۋە رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ!" دېدى.
پەيغەمبىرىمىز:
«جەننەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، پاتىمە بىنتى مۇھەممەد، مەريەم بىنتى ئىمران ۋە فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە بىنتى مۇزاھىمدۇر» دېدى. (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 293 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى، مەنىۋى تەربىيەسى ۋە ئەبەدىي ھاياتقا تەييارلىنىشى ھەققىدە ئىنتايىن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، سۈرە ئەھزابنىڭ:

يَا نِسَاء النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِّنَ النِّسَاء إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَّعْرُوفًا، وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا

**«ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار. (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. (گۇماندىن خالى) ياخشى سۆزنى قىلىڭلار. ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار. ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار. ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە**

**ئىتائەت قىلىڭلار. ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 32ـ33ـئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ئايغىچە بامدات نامىزىغا ماڭغاندا ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ:

« ئى ئەھلى بەيت! نامازغا تۇرۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ.» دېدى. (تىرمىزى: «تەپسىر»، 33/3206)

يەنە ئاخىرەت ھاياتىنىڭ مۇھىم سەرمايىلىرىدىن بولغان تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كېچىلىرى ھەزرىتى ئەلى بىلەن پاتىمەنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ:

«ناماز ئوقۇمامسىلەر؟» دېدى. (بۇخارى: «تەھەججۇد»، 5)

بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆۋەندىكى دىققەت تارتىدىغان ۋەقەنى نەقىل قىلىدۇ:

"پاتىمە دادىسىغا نىسبەتەن ئائىلىسىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى. تۈگمەن چۆگىلەتكەنلىكى ئۈچۈن قوللىرى قاپىرىپ، تولۇمدا سۇ توشىغانلىقى ئۈچۈن بويۇنلىرى يارا بولۇپ كەتتى، ئۆينى سۈپۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۈستى-بېشى چاڭ-توزان بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى قۇللار كەلتۈرۈلدى، پاتىمەگە:

_ دادىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر قۇل تەلەپ قىلىسىڭىز. ـ دېدىم.

پاتىمە باردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىكى بەزى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايتىپ كەتتى. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمەنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ قىزىم، نېمە ئېھتىياجىڭ بار ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى. پاتىمە سۈكۈت قىلىپ جاۋاب بەرمىدى. مەن ئارىغا كىرىپ:

- مەن سۆزلەي ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! - دېدىم ۋە ئەھۋالنى بايان قىلدىم.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى پاتىمە! ئاللاھتىن قورق! ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغىن! ئائىلەڭنىڭ ئىشلىرىنى قىلغىن! ياتىدىغان ۋاقتىڭدا 33 قېتىم سۇبھانەللاھ ، 33 قېتىم ئەلھەمدۇلىللاھ، 34 قېتىم ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن! بۇنىڭ بىلەن جەمئىي 100 بولىدۇ. بۇ سېنىڭ ئۈچۈن خىزمەتچىدىن ياخشى. - دېدى.

پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىدىن رازىمەن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خىزمەتچى بەرمىدى. (ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 19-20\2988)

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇلارنىمۇ سۆزلىگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەھلى سۇففە ئاچلىقتىن قورساقلىرىغا تاش باغلىۋالغان ۋە مەنمۇ ئۇلارغا سەرپ قىلىدىغان بىر نەرسە تاپالمايۋاتقاندا سىلەرگە خىزمەتچى بېرەلمەيمەن. ئەسىرلەرنىڭ بەدىلىگە فىدىيە ئالىمەن ۋە بۇ كىرىمنى ئەھلى سۇففە ئۈچۈن چىقىم قىلىمەن. (ئەھمەد: 1-جىلد، 106-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققاندا ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەڭ ئاخىرىدا قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن خوشلىشاتتى. سەپەردىن قايتقاندا بولسا تۇنجى بولۇپ كۆرۈشىدىغىنى يەنە پاتىمە بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىشىكىگە بىر پەردە ئاسقان، ئۇنىڭدىن باشقا ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنگە كۈمۈشتىن ئىككى بىلەيزۈك تاقاپ قويغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

پاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى، لېكىن ئۆيىگە كىرمىدى. پاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىكىگە ئۇنىڭ كۆرگەن نەرسىلىرىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى چۈشەندى. دەرھال پەردىنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى ۋە بالىلارنىڭ قولىدىكى كۈمۈش بىلەيزۈكلەرنى چىقىرىپ تاشلىدى. بۇلاردىن بىرىنى ئىككى بالىسىغا بەردى. ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن يىغلىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ بىلەيزۈكلەرنى ئېلىپ:

«ئى سەۋبان! بۇلارنى پالانى ئائىلىگە ئاپىرىپ بەر. ھەسەن ۋە ھۈسەيىن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغان گۈزەللىكلىرىنى دۇنيا ھاياتىدا ئىشلىتىپ تۈگىتىشنى خالىمايمەن. ئى سەۋبان! پاتىمەگە ئۇستىخاندىن ياسالغان بىر زەنجىر بىلەن (بالىلار ئۈچۈن) يەنە ئۇستىخاندىن ياسالغان ئىككى بىلەيزۈك سېتىۋالغىن!» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «تەرەججۇل»، 21/4213)

## ئەھلى بەيت ۋە ئەھلى بەيت مۇھەببىتى

ئەھلى بەيت بىر ئۆيدە ياشىغان ئائىلە كىشىلىرى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنادا ئەھلى بەيت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئائىلىسى، ئەلى، جەئفەر، ئاقىل، ئاببباس ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللاش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قانداق ۋاجىب بولغان بولسا، ئەھلى بەيتكە ھۆرمەت بىلەن باغلىنىشمۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر[128].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتىنىڭ زاكات ئېلىشى ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىركۈنى ھەزرىتى ھەسەننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە ئائىت زاكات خورمىسىدىن بىر تال ئاغزىغا سالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاغزىغا قولىنى تىقىپ، خورمىنى چىقىرىپ:

128. ئەھمەد: 6 ـ جىلد، 323 ـ بەت.

«مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ زاكات يېمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېدى. (بۇخارى: «زاكات»، 57؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 200 ـ بەت)

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى خۇممەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر سۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، بىر سۆز قىلدى، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن بىزگە نەسىھەت قىلىپ، مۇنداق دېدى:

«ئى ئىنسانلار! مەنمۇ بىر ئىنسانمەن، يېقىندا رەببىمنىڭ ئەلچىسى ماڭىمۇ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قوشۇلۇپ مەنمۇ كېتىمەن. سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇرىمەن، بىرى ئىنساننى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان يەنە بىرى مېنىڭ سۈننىتىم، ئۇنىڭغا يېپىشىڭلار ۋە چىڭ ئېسىلىڭلار!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانى ـ كەرىمگە ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىش ھەققىدە تەۋسىيە قىلدى. كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ سىلەرگە يەنە ئەھلى بەيتىمنى قويۇپ قويىمەن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئەھلى بەيتىمگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئەھلى بەيتىمگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئەھلى بەيتىمگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار!

ـ ئى زەيد! پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھلى بەيتى كىملەر! ئاياللىرىمۇ ئەھلى بەيتتىن ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، زەيد:

ـ ئاياللىرىمۇ ئەھلى بەيتتۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى ئەھلى بەيتى، ئۇنىڭدىن كېيىن زاكات ئېلىش ھارام بولغانلاردۇر! ـ دېدى.

ـ زاكات ئېلىش ھارام بولغانلار كىملەردۇر؟ ـ دەپ سورالدى.

ـ ئەلى، ئاقىل، جەئفەر، ئابباس ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدۇر ـ دېدى. (مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 36)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنى ئۇنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلىۋاتقان نېمەتلىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈڭلار، مېنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ياخشى كۆرۈڭلار، ئەھلى بەيتىمنى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ياخشى كۆرۈڭلار!» (تىرمىزى: «مەناقىب»، 31/3789)

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

«كىم مېنى، بۇ ئىككىسىنى، بۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى كۆرسە، قىيامەت كۈنىدە مەن بىلەن بىللە بولىدۇ.» (تىرمىزى: «مەناقىب»، 20/3733)

ساھابە ـ كىرام رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى ياخشى كۆرگەن كىشى ياخشى كۆرگىنىگە بولغان مۇھەببىتى نىسبىتىگە قاراپ ئۇنىڭ دوستلىرىنى، خىزمەتچىلىرىنى، يېگەن تاماقلىرىنى، كەيگەن كىيىملىرىنى، قىسقىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئۇنى ئەسلەتكەن ھەممە نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇھەببەت كۈچەيگەنسىرى مەھبۇبىنىڭ ئەتراپىدا بولغان ھەممە نەرسىگە ئۆتىدۇ.

مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئۆلۈمنى مىنىدىغان ۋاقىتتا شۇ ھامان ئۇزەڭگىسىنى تۇتاتتى[129].

قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلارنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرسى بىلەن ئۆيلىنىپ،ئۇنىڭ بىلەن كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى[130].

129. ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 348 ـ بەت.
130. ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 173 ـ بەت.

رەسۇلۇللاھنىڭ پاك نەسلىدىن كەلگەن ئىنسانلار كۈنىمىزدىمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر خىل يەرلىرىدە ياشاۋاتىدۇ. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر "سەييىد"، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر "شەرىف" دېيىلىدۇ. ئوسمانلىلار سەييىدلەرگە "ئەمىر"، باشلىرىغا يۆگىگەن يېشىل سەللىگە "ئەمىر سەللىسى" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئاياللارمۇ باشلىرىغا يېشىل بىر بەلگە تاقىۋالغان.

ئوسمانلىلار ئەھلى بەيتكە خىزمەت قىلىشنى ئەھمىيەتلىك بىر ۋەزىپە دەپ قاراپ، بۇنىڭ ئۈچۈن رەسمىي بىر ئورۇن تەسىس قىلغان. ئوسمانلى دەۋرىدە ئەھلى بەيتنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان خادىملارغا "ناقىبۇل ئەشراف" دەپ نام بېرىلگەن. ناقىبۇل ئەشراف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن تاللىنىدۇ ۋە ئەھلى بەيتنىڭ ئىشلىرىغا قارايدۇ. نەسەبلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرىدۇ، تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ئەھۋاللىرىنى خاتىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى كەسىپلەرگە كىرىشىگە يول قويمايدۇ، غەنىمەتلەردىن ئۇلارغا ئائىت بولغانلارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقىتىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇلارغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئەرلەر بىلەن ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ[131].

ناقىبۇل ئەشراف پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ ئومۇمى بىر ۋاسىسى ھۆكمىدە بولۇپ، ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىنىڭ شەرىپى سەۋەبلىك ئەڭ يۇكسەك ماقامنىڭ بىرىنى ئىگەللىگەن ۋە خەلىپىدىن كېيىن ھۆرمەتتە ئىككىنچى ئورۇندا يەر ئالغان. پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ناقىبۇل ئەشراف بەيئەت قىلىپ دۇئا قىلغان. كېيىن باشقىلار بەيئەت قىلغان. ھېيت-بايرام تەبرىكلىرىدىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن ناقىبۇل ئەشراف تەبرىكلەنگەن. ھەر ئىككى ھېيتتا پادىشاھ ناقىبۇل ئەشراف ئۈچۈن ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرغان.

131 ز.مەھمەت پەكالىن, II, 647

سەييىد ۋە شەرىفلەرنىڭ قانۇن، ئادەتلەرگە زىت ھەرىكەتلىرى بولسا ئىستانبۇلدىكىلەر ناقىبۇل ئەشراف تەرىپىدىن، يېزا-كەنتتىكىلەر ۋالىينىڭ ۋەكىلى تەرىپىدىن جازالاندۇرۇلغان. جازالاندۇرۇلغان پەيتتە، ئالدى بىلەن بېشىدىكى يېشىل سەللە ئېلىنىپ سۆيۈلگەن، جازا ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن تەكرار قايتۇرۇپ بېرىلگەن.

# ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى

**ئىبرەت تەجەللىلىرى بىلەن تولغان ئۇرۇش: ئوھود غازىتى**

(ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى / مىلادىيە 625 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى)

ئوھۇد[132] غازىتىمۇ بەدىرگە ئوخشاش مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن قىلىنغان دەھشەتلىك بىر ئۇرۇشتۇر. بۇ ئۇرۇش ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىدا يۈز بەرگەن.

مەككىلىك مۇشرىكلار بەدىر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ناھايىتى چوڭ ماتەمگە چۆمدى. ھەممە كىشى دېگىدەك بىر يېقىنىنى يوقىتۇپ، ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش كويىدا يۈردى. قۇرەيشنىڭ يېڭى رەئىسى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىندى بۇلارنىڭ ئەڭ بېشى ئىدى. نەتىجىدە ئارىدىن ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۆتمەي، ئىنتىقام ئوتىدا يۈرگەنلەر 3000 كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. قوشۇننىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئەبۇ سۇفياننىڭ بەدىر غازىتىدا قۇتقۇزىۋالغان كارۋاندىكىماللار ئىشلىتىلدى. ئەتراپتىكى ئەرەبلەردىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلىندى[133].

بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس بۇ يەردىكى ئىشلارنى مەدىنىگە خەۋەر قىلدى[134] شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇرۇش مەجلىسىنى توپلىدى. مەدىنىدە قېلىپ مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ياكى شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش مەسىلىسىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇ مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش تەرەپدارى ئىدى[135].

132. ئوھود: مەدىنىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يىراقلىقى بىر مىل ئەتراپىدا كېلىدۇ.
133. ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 199 ـ دىن 203 ـ بەتلەرگىچە.
134. ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 37 ـ بەت.
135. بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرگەن بىر چۈشى سەۋەبلىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

لېكىن بەدىر غازىتىغا قاتناشمىغان ياشلار ۋە ھەزرىتى ھەمزە قاتارلىق يېگىتلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئورتاق پىكرى بىلەن، شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش قارار قىلىندى[136] ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى:

"بىز بۇنداق بىر كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتۇق!" دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوجرىسىغا كىرىپ دۇبۇلغىسىنى كەيدى، لېكىن مەدىنىدە قېلىپ مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش تەرەپتارلىرى بولغانلار باشقىلارنى قايىل قىلدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير:

«مەدىنىدىن چىقىشنى خالىمىغان ۋاقىتتا، سىلەر چىقىشقا چىڭ تۇرۇۋالسىلەر، ھالبۇكى، بۇيرۇق ئۇنىڭغا ئاسماندىن چۈشىدۇ، سىلەر بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قويۇڭلار، ئۇنىڭ بۇيرىغان ئىشنى قىلىڭلار!" دېدى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 213 ـ 214 ـ بەتلەر)

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سېنىڭ پىكرىڭگە قارشى چىقمايمىز، بىز خاتا قىلدۇق. سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ھەرىكەت قىلايلى!" دېدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ جاۋابى كەسكىن بولدى:

«بىر پەيغەمبەر دۇبۇلغىسىنى كەيگەندىن كېيىن ئۇرۇش قىلماستىن ئۇنى چىقارمايدۇ! مەن سىلەرگە نېمىنى بۇيرىسام شۇنى قىلىشقا تەييار

---

كېيىن مۇنداق دېگەن: «چۈشۈمدە ئۆزەمنى بىر قېلىچنى ئېسىپ كۆرۈپتىمەن، قېلىچنىڭ دەستىسى سۇنۇپ كەتتى. بۇ ئوھود ئۇرۇشىدا مۇئمىنلەرنىڭ ئۇچرىغان مۇسىيبىتىگە دالالەت قىلىدىكەن. كېيىن قىلىچىمنى تەكرار ئالدىم، بۇ قېتىم بۇرۇنقىدىن ياخشىراق بىر ئەھۋالغا كەلدى. بۇ جانابى ئاللاھنىڭ پەتھە مەرھەمىتىگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاتا قىلغان نېمىتىگە دالالەت قىلدى. يەنە شۇ چۈشتە سىيىرلارنى ۋە ئاللاھ بەرگەن (باشقا بىر) ياخشىلىقنى كۆردۈم. چۈشۈمدىكى سىيىرلار ئوھود كۈنىدە مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇپ جامائەت بولۇپ چىقتى، (ئۇلار شېھىد قىلىندى) كۆرگەن يەنە بىر ياخشىلىق بولسا ئاللاھ بەدرىدىن كېيىن نېسىپ قىلغان پەتىھلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە بىزگە رەببىمىز ئاتا قىلغان بەدرىنىڭ ساۋابى بولۇپ چىقتى. (بۇخارى: «تەبىر»، 39، 44؛ «مەناقىب»، 25؛ مۇسلىم: «رۇئيا»، 20).

136. ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 6 ـ 7 ـ بەتلەر.

تۇرۇڭلار! قېنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن مېڭىڭلار! ئەگەر سەۋر قىلىپ ۋەزىپەڭلارنى ئادا قىلساڭلار، ئاللاھتائالا ئۆز نۇسرىتىنى يەنە سىلەرگە ئاتا قىلىدۇ!» (ۋاقىدى: 1ـ جىلد، 214ـ بەت؛ ئىبنى سەئىد: 2ـ جىلد، 38ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىنىڭ كەينىدىن مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى ۋەكىل قىلىپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. لېكىن يولدا مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئۈچ يۈز كىشىلىك تەرەپتارى بىلەن قايتىپ كېتىشى، ئىسلام قوشۇنىدىكى ئەسكەر سانىنى يەتتە يۈزگە چۈشۈردى. ئاللاھتائالا بۇ ۋەقەگە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

وَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللهِ وَلِيَعْلَمَ الْمُؤْمِنِينَ، وَلْيَعْلَمَ الَّذِينَ نَافَقُواْ وَقِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ قَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَوِ ادْفَعُواْ قَالُواْ لَوْ نَعْلَمُ قِتَالاً لاَّتَّبَعْنَاكُمْ هُمْ لِلْكُفْرِ يَوْمَئِذٍ أَقْرَبُ مِنْهُمْ لِلإِيمَانِ يَقُولُونَ بِأَفْوَاهِهِم مَّا لَيْسَ فِي قُلُوبِهِمْ وَاللّهُ أَعْلَمُ بِمَا يَكْتُمُونَ

**«ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئوھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەن. بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر. ۋە مۇناپىقلارنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا: «كېلىڭلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ياكى (ئۆزەڭلارنى) قوغداڭلار» دېيىلسە ئۇلار: «ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق (يەنى سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتۇق)» دېدى. ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇفرىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوق نەرسىلەرنى ئېغىزلىرىدا دېدى. ئۇلار يوشۇرغاننى (يەنى نىفاق بىلەن مۇشرىكلىكنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 166ـ 167ـ ئايەت)

وَإِذْ غَدَوْتَ مِنْ أَهْلِكَ تُبَوِّىءُ الْمُؤْمِنِينَ مَقَاعِدَ لِلْقِتَالِ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ، إِذْ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمْ أَن تَفْشَلاَ وَاللّهُ وَلِيُّهُمَا وَعَلَى اللهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ

**«ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئوھۇدقا) چىقىپ مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ. ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گوروھ (بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى ھارىسە ئايمىقى) ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى (يەنى قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى) بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەدەتكارى ئىدى. (مۇئمىنلەر جىمى ئەھۋالى ۋە جىمى ئىشلىرىدا) ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 121 ـ 122 ـ ئايەت)

مۇناپىقلارنىڭ قوشۇندىن ئايرىلىشى بىر قاراشتىن ئىلاھىي بىر رەھمەت ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن قوشۇن ئاجىزلىمىدى، ئەكسىچە، ئۆز ئىچىدىكى ئىككى يۈزلىمچى ۋە توخۇ يۈرەكلەردىن پاكلىنىپ، مەنىۋى تەرەپتىن كۈچلۈك بىر ئەھۋالغا كەلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا خىيانەت قىلىشى مۇئمىنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئېگىز ـ پەس قىلىۋېتەتتى.

### ساھابىلارنىڭ شاھادەت ئاشقى

ئەنسارلاردىن بەنى سەلىم جەمەتىنىڭ رەئىسى ئەمر ئىبنى جەمۇھ ئاقساق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتناشتى، رەسۇلۇللاھ ئوھۇد غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا ئەمرمۇ سەپەرگە قوشۇلۇشنى پىلانلاپ يۈرگەن ئىدى. ئوغۇللىرى:

ـ سەن جىھاد قىلىشقا مەجبۇر ئەمەسسەن، ئاللاھتائالا سېنى ئۆزرۈر ئىگىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى، بىز سېنىڭ ئورنىڭغا كېتىۋاتىمىز ـ دېدى. ئەمر:

- سىلەر بەدىر كۈنى مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە توسقۇنلۇق قىلدىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈن ساق قالسامۇ، چوقۇم بىر كۈنى شېھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىمەن! - دېدى. كېيىن ئايالىغا:

- ھەممە كىشى شېھىد بولۇپ جەننەتكە كېتىۋاتسا، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ قالامدىم؟ - دېدى - دە شۇھامان قالقىنىنى ئېلىپ:

- ئى ئاللاھ! مېنى ئائىلەمگە قايتۇرمىغىن! - دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئوغۇللىرىم مېنى مەدىنىگە تاشلاپ قويماقچى بولىۋاتىدۇ، مېنى سەن بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشۇشتىن توسىۋاتىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ ئاقساق ھالىتىم بىلەن جەننەتكە قەدەم بېسىشنى ئارزۇ قىلىمەن - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھتائالا سېنى ئۆزۈرلۈك كۆردى، ساڭا جىھاد پەرز ئەمەس. - دېدى.

ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مېنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلگىچە ئۇرۇشۇپ شېھىد بولۇپ، شۇ ئاقساق پۇتۇم بىلەن جەننەتتە يۈرۈشۈمنى ئۈيغۇن كۆرمەمسەن؟ - دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

- ئەلۋەتتە ئۇيغۇن كۆرىمەن - دېدى ۋە ئەمرنىڭ ئوغۇللىرىغا:

- ئەمدى داداڭلارنى ئۇرۇشتىن توسماڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭغا شېھىدلىكنى نېسىپ قىلار - دېدى.

ئەمر قىبلىگە قاراپ:

- ئى ئاللاھ! ماڭا شېھىدلىك ئاتا قىلغىن! مېنى مەھرۇم ۋە ئۈمىدسىز ھالەتتە ئائىلەمگە قايتۇرمىغىن! - دەپ دۇئا قىلىپ، جىھادقا قاتناشتى.

ئوھود ئۇرۇشىغا قاتناشقان، قەلبى شېھىد بولۇش ھاياجانى بىلەن تولغان بۇ ساھابە جىھاد جەريانىدا: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن جەننەتنى سېغىندىم " دېگەن. نەتىجىدە ئۇزىنى قوغداۋاتقان بىر ئوغلى بىلەن شېھىد بولغان. كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ھەققىدە:

«جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەمرىنىڭ جەننەتتە ئاقساپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم!» دېگەن. (ۋاقىدى: 1-جىلد، 264-265-بەتلەر؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 4-جىلد، 208-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد ئۇرۇشىغا چىقىدىغان ۋاقىتتا قوشۇننى تەكشۈردى، ئۇرۇشقا قاتنىشالىغۇدەك ياشلارغا رۇخسەت بېرىپ، كىچىكلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب بىلەن رافى ئىبنى خەدىجمۇ قايتۇرۇۋېتىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

زۇھەير ئىبنى رافى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! رافى ياخشى ئوقچى!" دەپ، ئۇنىڭ قوشۇندىن ئايرىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. رافى ئىبنى خەدىج ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"پۇتلىرىمدا مەسە بار ئىدى. بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئېگىز كۆرۈنۈشكە تىرىشتىم، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ قوشۇنغا قېتىلىشىمغا رۇخسەت بەردى، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب ماڭا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆگەي دادىسى مۇرەي ئىبنى سىنانغا:

"دادا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رافىغا رۇخسەت بەردى، مېنى قايتۇرۇۋەتتى. ھالبۇكى، مەن چېلىشىشتا ئۇنى يېڭەلەيمەن" دېدى.

مۇرەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئوغلۇمنى قايتۇرىۋېتىپ رافىغا رۇخسەت بەردىڭ، ھالبۇكى، ئوغلۇم چېلىشىشتا رافىنى يېڭىۋالىدۇ" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنداقتا، قېنى چېلىشىڭلار! - دېدى.

چېلىشتۇق، نەتىجىدە سەمۇرە مېنى يەڭدى، بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت بەردى. (تەبەرى: «تارىخ»، 2 ـ جىلد، 505 ـ 506 ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 216 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ كەينىنى ئۇھود تېغى تەرەپكە قىلدى. "ئەينەين" تۆپىلىكىگىمۇ دۈشمەنىنىڭ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىغا قارشى ئەللىك ئوقياچىنى يەرلەشتۈرۈپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى قوماندان قىلىپ، مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

«سىلەر بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزنى قوغدايسىلەر، دۈشمەن غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇب بولسۇن، مەندىن خەۋەر كەلمىگىچە، ئورنىڭلاردىن ئايرىلماڭلار.» (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 10 ـ بەت؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 288 ـ بەت)

ئۇرۇش ھەرقېتىمقىدەك، يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىش بىلەن باشلاندى. ئاللاھنىڭ شىرى ھەزرىتى ئەلى مۇشرىكلارنىڭ بايراقدارى تەلھەنى بىرلا ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى. قۇرەيشنىڭ بايرىقىنى ئالغان تەلھەنىڭ قېرىندىشى ئوسماننى ھەزرىتى ھەمزە، ئۈچىنچى بايراقدارنى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئۆلتۈردى.

نىھايەت، ئۇرۇش قاتتىق شىددەت بىلەن باشلاندى، ئېلىشىش قاتتىق شىددەتلەنگەن بىر ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈستىگە:

"قورقۇنچاقلىقتا خارلىق، باتۇرلۇقتا ئىززەت بار!" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان قىلىچنى كۆرسىتىپ:

«بۇنى مەندىن كىم ئالىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلەر:

"مەن، مەن" دەپ ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇزاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ قىلىچنى ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن كىم ئالىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنى ئېلىشتىن تەمتىرىدى. ئەنسارلاردىن ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

" ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ ھەققى نېمە؟ " دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنىڭ ھەققى بىلىڭ ئىگىلىپ پۈكۈلگىنىڭگە قەدەر، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشىڭدۇر.» دېدى.

ئەبۇ دۇجانە:

"ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئالىمەن!" دېدى.

ئەبۇ دۇجانە قىلىچنى ئېلىپ، قىزىل سەللىسىنى بېشىغا كىيىپ، مۇسۇلمانلار سەپلىرى بىلەن مۇشرىك سەپلىرى ئارىسىدا، غادىيىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەغرۇر، كىبىرلىك مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

«بۇ شۇنداق بىر مېڭىشكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى بۇ مېڭىشقا) بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالدىن باشقا ۋاقىتتا غەزەپ قىلىدۇ!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3ـ جىلد، 11ـ12ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1ـ جىلد، 259ـ بەت؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس ساھابە»، 128)

ئۇرۇش جەريانىدا يەھۇدىي ئالىملىرىدىن مۇھەيرىق مۇسۇلمان بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلىرى بىلەن ياخشى تونۇيتتى. ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ئوھۇد ئۇرۇشىغا قەدەر ئاشكارلىيالمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد ئۇرۇشىغا چىقىشى بىلەن يەھۇدىلارغا:

"ئى يەھۇدىي جامائىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭلار كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىسىلەر!" دېدى.

يەھۇدىلار:

"بۈگۈن شەنبە كۈنىدۇر. ھېچقانداق ئىش قىلىشقا بولمايدۇ!" دېيىشتى.

مۇھەيرىق:

"سىلەر ئۈچۈن شەنبە كۈنى دەيدىغان بىر نەرسە يوق!" دېدى. قىلىچىنى ۋە ئېھتىياج بولىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇققانلىرىدىن بىرسىگە:

"ئەگەر بۈگۈن ئۆلتۈرۈلسەم، پۈتۈن مال-مۈلكۈم مۇھەممەدنىڭدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئۇلارنى ئىشلىتىدۇ!" دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شېھىد بولدى. ئۇ قالدۇرغان يەتتە خورمىزارلىق باغچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپشۇرۇپ ئېلىپ ۋەقپە قىلىپ:

«مۇھەيرىق يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر!» دېدى. (ئىبنى ھىشام؛ 3-جىلد، 38-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 263-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 501-503-بەتلەر)

ئۇھۇدتا بىر-بىرىدىن ئىبرەتلىك ئىشلار يۈز بەردى:

"قۇزمان ئىسىملىك مەدىنىلىك بىر كىشى، ئۇرۇشتا يەتتە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلانغان ئىدى. مۇشۇنداق تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قۇزمان جەھەننەم ئەھلىدىن! - دېدى.

چۈنكى ئۇ ئاخىرقى نەپەسىدە:

"شاھادىتىڭ مۇبارەك بولسۇن ئى قۇزمان!" دېگەن قەتادە ئىبنى نۇئمانغا:

"مەن قەبىلەم ئۈچۈن ئۇرۇشتۇم، شېھىدلىك ئۈچۈن ئەمەس!" دەپ، قىلىچىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ جېنىنى بەردى. (ۋاقىدى: 1-جىلد، 263-بەت)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەبىلىسىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە ئىلگىرى قارشىلىق كۆرسەتكەن، كېيىن پۇشايمان قىلغان ئۇسەيرام تولۇق قوراللانغان ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدى بىلەن سەن بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتنىشايمۇ، ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بول، كېيىن ئۇرۇش! ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇسەيرا مۇسۇلمان بولدى. كېيىن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ شېھىد بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاز ئەمەل قىلدى، لېكىن كۆپ پايدا ئالدى! ـ دېدى. (بۇخارى: «جىھاد»، 13؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 144)

يارىدارلار ئارىسىدا يېتىۋاتقاندا، ئۆزىگە ئەندىشە بىلەن قاراۋاتقانلارغا ئاخىرقى نەپەسىدە:

”مەن مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كەلدىم، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ، يارىلاندىم!“ دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ زاتنى بىر تېپىشماقتەك ساھابىلاردىن سورىدى:

”قېنى ماڭا دەپ بېقىڭلار، ھاياتىدا بىر قېتىممۇ ناماز ئوقۇماي جەننەتكە كىرگەن كىشى كىم؟“ دېدى. كىشىلەر جاۋابىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭدىن ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە:

”ئۇ ئۇسەيرام، يەنى ئەمر ئىبنى سابىتتۇر!“ دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3ـ جىلد، 39ـ40ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 1ـ جىلد، 262ـ بەت)

ئۇرۇش جەريانىدا ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلىچى سۇنۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر تال خورما شېخى بەردى. خورما شېخى ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭ قولىدا بىر قىلىچقا ئايلاندى. ئابدۇللاھ شېھىد بولغىچە بۇ قىلىچنى ئىشلەتتى. ”ئۇرجۇن“ دەپ ئىسىم بېرىلگەن بۇ قىلىچ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قولىدىكى ۋاقىتتا، ئۇنى تۈرك بايلىرىدىن بىرى ئىككى يۈز دىنار ئالتۇنغا سېتىۋالدى[137].

137. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3ـ جىلد، 195ـ بەت؛ دىياربەكرى: 1ـ جىلد، 433ـ بەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ئىشتىياق بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلىشى قىسقا ۋاقىتتا غەلىبە بىلەن نەتىجىلەندى. سان، قورال جەھەتتە ناھايىتى ئۈستۈن بولغان دۈشمەن قوشۇنى قېچىشقا باشلىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بىرئاز قوغلىغاندىن كېيىن، ئۆز غەلىبىسىدىن تامامەن خاتىرجەم بولۇپ غەنىمەت توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. تاغ چوققۇسىدىكى ئوقچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەسلەتكەن قوماندانلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنىمۇ ئاڭلىماي، يەرلىرىنى تاشلاپ غەنىمەت توپلاشقا يۈگۈردى. ئۇ تۆپىلىكتە پەقەت ئوقچىلارنىڭ قوماندانى ئابدۇللاھ بىلەن يەتتە كىشىلا قالدى.

شۇنداق قىلىپ ھەممە ئىش شۇنىڭدىن كېيىن بولدى. مۇشرىكلارنىڭ پاراسەتلىك قوماندانلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان پۇرسەت قولغا كەلدى. قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن دەرھال ئوقچىلار تۇرغان تۆپىلىكنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، ئابدۇللاھ ۋە باشقا ئوقچىلارنى بىردەمدىلا شېھىد قىلدى. غەنىمەت توپلاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ قېچىۋاتقان مۇشرىك ئەسكەرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، مۇسۇلمانلارغا يېڭىدىن ھۇجۇم باشلىدى. ئىسلام قوشۇنى ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، ئارىلىرىدا قالايمىقانچىلىق چىقتى.

### شېھىدلەرنىڭ خوجىسى ھەزرىتى ھەمزە

بۇ پەيتتە سەپلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان ئىسلامنىڭ جەڭگىۋار يېگىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەھشىنىڭ ئاتقان بىر نەيزىسى بىلەن شېھىد بولدى. ئېخى بىر قۇل بولغان "ۋەھشى" بۇنى ھىندى ئۈنىڭغا ۋەدە قىلغان ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان ئىدى. دەھشەتلىك بىر خىرىس بىلەن ئۈزۈندىن بۇيان بۇ پۇرسەتنى كۈتكەن ھىندى، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىگىرىنى چىقىرىپ چايناش دەرىجىسىدە ۋەھشىي

ھالەتكە كەلگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ’’آكلة الأكباد‘‘ ”ئاكىلەتۇل ئەكباد“ يەنى ”جىگەر يېگۈچى“ دەپ لەقەم قويۇلغان.

ھەزرىتى ھەمزىنىڭ شېھىد بولۇشى مۇسۇلمانلار قوشۇنىدا قاتتىق ئەلەم بولدى. ئەسلىدىلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن سەپلەر تېخىمۇ بۇزۇلدى. ئاللاھتائالا بۇ ھالەتنى مۇنداق بايان قىلدى:

وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللّٰهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُم بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الأَمْرِ وَعَصَيْتُم مِّن بَعْدِ مَا أَرَاكُم مَّا تُحِبُّونَ مِنكُم مَّن يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنكُم مَّن يُرِيدُ الآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنكُمْ وَاللّٰهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ

**«ئاللاھ سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار. ئاللاھ سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار. پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار. (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار. ئاندىن ئاللاھ سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 152 ـ ئايەت)

ئاللاھتائالا بۇ ئايەتتە، ئوقچىلاردىن ئۆز يەرلىرىنى تەركەتكەنلەرنى: "بەزىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار" دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسا، ئۇ يەرنى تاشلىماي مۇستەھكەم تۇرۇپ شېھىد بولغانلارنى: "بەزىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار" دەپ مەدھىيىلىگەن.

مۇشرىكلار ئۇ كۈنى بىرمۇنچە مۇئمىننى شېھىد قىلدى. ھەتتا بىر گۇرۇپ مۇشرىك ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نىشانلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ھۇجۇملار خېلىلا كۆپەيدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ دەيدۇكى:

"رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى تارقالغاندا، مۇشرىكلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ھەرتەرەپتىن ئېتىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەلگەن ھۇجۇملاردىن ئالدى تەرەپتىنمۇ، ئارقىدىنمۇ، ئوڭدىنمۇ، سولدىنمۇ، زادى قايسى تەرەپتىن قوغداشنى بىلەلمىدىم، قىلىچىمنى چىقىرىپ بىر قېتىم ئالدىدىن، بىر قېتىم كەينىدىن كەلگەنلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇردۇم. نىھايەت، تارقىلىپ كەتتى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 254 ـ بەت)

مۇشرىكلارنىڭ ماھىر نىشانچىسى مالىك ئىبنى زۇھەير رەسۇلۇللاھقا قارىتىپ، بىر ئوق ئاتتى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئوقنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېگىدىغانلىقىنى پەملىشى بىلەن، قولىنى دەرھال ئوققا تۇتتى. ئوق ئۇنىڭ بارمىقىغا تېگىپ ئۇنى ئۈزۈپ تاشلىدى[138].

مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بىر قىسىم ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ، ئۇنىڭ ئالدىدا شېھىد بولۇش ئۈچۈن بەيئەت قىلدى:

"يۈزۈم يۈزۈڭ ئالدىدا قالغان، ۋۇجۇدۇم سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا پىدادۇر! ئاللاھنىڭ سالامى ھەردائىم ساڭا بولسۇن! ھېچبىر ۋاقىت يېنىڭدىن ئايرىلمايمىز!"دەپ ئاخىرىغىچە ئۇرۇشتى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 46 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 240 ـ بەت)

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماھىر ئوقياچى بولۇپ، ئوھۇد كۈنى قولىدا ئىككى ئۈچ ئوقيا كاردىن چىققانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىن ئوقدان كۆتۈرۈپ ئۆتكەن ھەر بىر كىشىگە:

«ئوقدانىڭنى ئەبۇ تەلھەنىڭ يېنىغا قويۇپ قوي! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇشرىكلارغا قاراش ئۈچۈن بېشىنى كۆتەرگەن ھامان ئەبۇ تەلھە:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! بېشىڭنى كۆتەرمىگىن! بەلكى مۇشرىكلارنىڭ ئوقلىرىدىن بىرەرسى ساڭا تېگىپ كېتىشى مۇمكىن،

138. ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 217 ـ بەت.

مېنىڭ كۆكسۈم سېنىڭ كۆكسۈڭگە قالقان بولسۇن، ساڭا تەگكۈچە ماڭا تەگسۇن!“ دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 18)

قەتادە ئىبنى نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوقياسىنىڭ بېشى ئېگىلىپ كارغا كەلمەس بولۇپ قالغۇچە ئوق ئاتتى. نىھايەت، كۆزىگە بىر ئوق تېگىپ يارىلاندى. كۆز قارچۇغى مەڭزىگە ساڭگىلاپ قالدى. قەتادەنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرى نەملەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتادەنىڭ كۆز قارچۇغىنى قولى بىلەن ئېلىپ، جايىغا قويدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆز يەنە بىرسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ ئۆتكۈر كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى[139].

ئايال ساھابىلاردىن ئۇممۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئوھۇد غازىتىغا قاتنىشىپ ئوقياسى بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغانلاردىن بىرىدۇر. ئۇرۇشتىن كېيىن مەدىنىگە قايتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇرۇش جەريانىدا ئوڭ-سول تەرىپىمگە قارىغىنىمدا داۋاملىق ئۇممۇ ئۇمارەنىڭ ئەتراپىمدا ئۇرۇشۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن. (ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 4-جىلد، 479-بەت)

بۇ ۋاستە بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ئۇممۇ ئۇمارە خانىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئاللاھقا دۇئا قىلغىن - دە جەننەتتە ساڭا قوشنا بولاي! - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئاللاھ! بۇلارنى ماڭا جەننەتتە قوشنا ۋە قېرىنداش قىلغىن! - دەپ دۇئا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇممۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

---

139. ھاكىم: 3-جىلد، 334/5281؛ ھەيسەمي: 4-جىلد، 113-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 453-بەت.

— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادا قانداق مۇسىبەت كەلسىمۇ پەرۋا قىلمايمەن! — دېدى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 273 ـ بەت؛ ئىبنى سائىد: 8 ـ جىلد، 415 ـ بەت)

ئۇرۇش تازا قىزىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ بىرىدە سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ مۇشرىك قېرىندىشى ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تاش ئاتتى. ئېتىلغان تاش بىلەن، ئاسمان-زېمىننى تىترەتكەن بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ دۇبۇلغىسىدىن ئىككى ھالقا چاچراپ چىقىپ مۇبارەك يۈزلىرىگە پاتتى ۋە مەڭزىنى يېرىپ بىر چىشىنى سۇندۇرۇۋەتتى[140]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاسىق ئەبۇ ئامىر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قازغان ئۆرەكلەردىن بىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن تۇتتى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ پۇتىدىن تۇتۇپ ئورەكتىن چىقاردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىگە پاتقان دۇبۇلغا ھالقىلىرىدىن بىرىنى چىشى بىلەن چىقاردى. بۇنى چىقىرىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئالدى چىشى سۇنۇپ كەتتى. يەنە بىر ھالقىنى چىقارغان ۋاقىتتا يەنە بىر چىشى سۇنۇپ كەتتى. ئۇ پەيتتە پۈتۈن ساھابىلار، ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ چوڭقۇر ماتەمگە چۆمدى. بۇ ئەھۋال ساھابىلارنى پەيغەمبىرىمىزگە:

“قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە بەددۇئا قىلغان بولسىڭىز!” دېگۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن لەنەت قىلغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلمىدىم، ئەكسىچە توغرا يولغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم. ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ» دەپ دۇئا قىلدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 24؛ ھەيسەمي: 6 ـ جىلد، 117؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 244 ـ دىن 247 ـ بەتلەرگىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىلانغان ۋاقىتتا:

140. ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس دېگەن بۇ خائىننىڭ نەسلىدىن بولغان باللارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي ئىبرەت سۈپىتىدە ئالدى چىشلىرى كەمتۈك ۋە سونۇق ھالەتتە تۇغۇلغان. (رامىزان ئوغلى ماخمۇت سامىنىڭ ئوھود ئۇرۇشى ناملىق كىتابى، 26 ـ بەت).

«ئاللاھ ئۆز رەسۇلىنىڭ يۈزىنى ياردار قىلغان قەۋمگە قاتتىق غەزەپ قىلدى!» دېدى.

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدا (ئۇنى ياردار قىلغان) قېرىندىشىم ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاسنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان خىرسىم قەدەر ھېچكىمنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇنداق خىرىس قىلمىدىم!"

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىك سەپلىرىنى يېرىپ قانچىلىغان قېتىم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى توسقان[141].

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا مۇشرىكلارغا توختىماي، ئوق ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ:

«ئات ئى سەئىد! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېدى. بۇنى كۆرگەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئىددىن باشقا ھېچكىمگە: "ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!" دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم" دېدى. (تىرمىزى: «ئەدەب»، 61، «مەناقىب»، 26؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 92-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى بۇ غەۋغا ئىچىدىمۇ چەكسىز ئىمان مۇستەھكەملىكى بىلەن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدى. بىر تەرەپتىن قانىغان يۈزلىرىنى قوللىرى بىلەن سۈرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ:

«ئى رەببىم! قەۋمىم جاھىلدۇر، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. سەن ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىل!» دەپ دۇئا قىلدى.

سەھل ئىبنى سائاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

141. ۋاقىدى: 1-جىلد، 245-بەت.

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىدا يارىلانغاندا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇبارەك يۈزلىرىدىن قاننى يۇيۇشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەلى پاتىمەگە سۇ قۇيۇپ بەردى. ھەزرىتى پاتىمە سۇنىڭ قاننى بارغانسىرى كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى كۆرىشى بىلەن، بىر پارچە بورا ئېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل ھالىتىگە كەلگەندە يارىغا باستى. شۇنداق قىلىپ قان توختىدى. (بۇخارى: «جىھاد»، 80، «مەغازى»، 24؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 101)

ئوھۇد ئۇرۇشى مانا شۇنداق قايغۇلۇق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بىر ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشنىڭ يېڭىلىشى باشتا مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن تۈرتىۋاتقاندا، بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك سەۋەبى بىلەن بىردىنلا مۇشرىكلارنىڭ غەلىبىسىگە ئالماشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا پەقەت ئون تۆت كىشى قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەن بىر توپ مۇئمىنلەرگە:

«ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! يېنىمغا كېلىڭلار، مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىمەن!» دەپ خىتاب قىلدى. (ۋاقىدى: 1-جىلد، 237-بەت)

بۇ ئەھۋال قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

إِذْ تُصْعِدُونَ وَلاَ تَلْوُونَ عَلَى أحَدٍ وَالرَّسُولُ يَدْعُوكُمْ فِي أُخْرَاكُمْ فَأَثَابَكُمْ غُمَّاً بِغَمٍّ لِّكَيْلاَ تَحْزَنُواْ عَلَى مَا فَاتَكُمْ وَلاَ مَا أَصَابَكُمْ وَاللّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُون

**«ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھدۇرمەن. كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا ئۇجەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى. سىلەر ھېچكىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار. (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن**

**مەھرۇم قىلغانىنىڭ ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى) ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 153 ـ ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېھىد قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، چاقماق چاققاندەك چۆچۈپ كەتتى. شۇ قەدەركى، "ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۆلگەندىن كېيىن بىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز!" دەپ، ئۇرۇش مەيدانىنى تەركەتتى. بۇلار ئەسلىدە مەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن كەينىگە چېكىنگەن بولۇپ، لېكىن مۇسۇلمان ئاياللار تەرىپىدىن كەينىگە قايتۇرۇلدى.

بىر قىسمى"ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ مەڭگۈ بار!" دەپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇلاردىن ئەنەس ئىبنى نەزر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مەشھۇر ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تاغىسى) ئۈمىدسىزلىكتە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بىر قىسىم مۇئمىنلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېھىد بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، تەسلىمىيەت بىلەن:

"رەسۇلۇللاھ شېھىد بولغان بولسا، ياشاپ نېمە قىلىسىلەر؟ سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جەڭ قىلىپ شېھىد بولۇڭلار!"دەپ، مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن بەدىنىنىڭ سەكسەندىن كۆپرەك يېرى يارىلانغان ھالەتتە شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 253 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 31 ـ بەت)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"تاغام ئەنەس ئىبنى نەزر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدىر غازىتىغا قاتناشمىغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدىم. ئەگەر ئاللاھتائالا مۇشرىكلار بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئۇرۇشقا قاتنىششنى نېسىپ قىلسا، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە كۆرىدۇ".

ئوھود غازىتىغا قاتناشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى تارقالغاندا، قېرىنداشلىرىنى مەقسەت قىلىپ: "ئى رەببىم! بۇلارنىڭ قىلغانلىرىدىن سەندىن ئۆزرە تىلەيمەن!"، مۇشرىكلارنى مەقسەت قىلىپ: ئى رەببىم"بۇلارنىڭ قىلغانلىرىدىن بىزارمەن!" دەپ ئىلگىرلىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇچرىشىپ:

"ئى سەئىد! مېنىڭ مەقستىم جەننەت، كەبىنىڭ رەببىگە قەسەم قىلىمەنكى، ئوھۇدنىڭ قاپتاللىرىدىن كىرگىنىمدىن بۇيان جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن" دېدى.

سەئىد كېيىن ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە:

" ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلالمىدىم!" دېگەن.

تاغامنى شېھىد قىلىنغان ھالەتتە تاپتۇق. بەدىنىدە سەكسەندىن كۆپ يەردە قىلىچ، نەيزە، ئوق يارىسى بار ئىدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنىلىرىنى كېسىپ، ئەزالىرىنى پارچىلىۋەتكەن ئىكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇنى ھېچكىم تونىيالمىدى. پەقەت سىڭلىسى بارماق ئۇچىدىن تونىدى. شۇ ئايەت تاغام ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى:

مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُم مَّن

قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا

**«مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ شېھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىد بولدى، بەزىسى (شېھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.»** (سۈرە ئەھزاب، 23-ئايەت. بۇخارى: «جىھاد»، 12؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 148)

ئۇرۇش مۇئمىنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئايلانغاندا ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچقانلار (ئىلاھىي ھېكمەت بىلەن) ئومۇمىي جەھەتتىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشنى پىلانلىغانلار ئىدى. ئاللاھتائالا، ئۇلارغا خىتابەن مۇنداق دېدى:

وَلَقَدْ كُنتُمْ تَمَنَّوْنَ الْمَوْتَ مِن قَبْلِ أَن تَلْقَوْهُ فَقَدْ رَأَيْتُمُوهُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ

**«سىلەر ئۆلۈم (يەنى دۇشمەن) بىلەن ئۇچرىششتىن ئىلگىرى ئۇنى ئارزۇ قىلاتتىڭلار. مانا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار (ئەمدى نېمىشقا مەغلۇپ بولۇسىلەر؟)»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 143 ـ ئايەت)

ئۆلۈمگە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى جۆيلۈشلەرگە قاراپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قاچقانلارغا قاتتىق ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى:

وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ انقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَن يَنقَلِبْ عَلَىَ عَقِبَيْهِ فَلَن يَضُرَّ اللّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللّهُ الشَّاكِرِين

**«مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن. بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)، ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن، (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن) ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەت)

ئۇ دەھشەتلىك كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز بەرگەن ئىشلارغا قارىماستىن، بىر قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشاش ئۆز ئورنىدىن ھېچ ئايرىلماي بىر پەيغەمبەرگە خاس جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى. قەھرىمانلىق، جاسارەت، شجائەت ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ساھابىلىرىگە جەڭگىۋارلىقتىمۇ ئاجايىپ بىر نەمۇنە بولدى. چۈنكى جانابى ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ، إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ وَتِلْكَ الأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ

**«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز. (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي بىر كۈن بۇ پىرقىدە بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز).»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 139 ـ 140 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە بولغان مەرھەمىتى بىلەن ئوھۇد كۈنى يۈتۈن قالايمىقانچىلىقلارغا قارىماستىن، مۇشرىكلار ئۆز نىشانىغا يېتەلمىدى. بۇ ئارىدا ساھابە ـ كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ئاستا ـ ئاستا يىغىلدى. مۆئمىنلەر مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، مۇستەھكەملىك بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىدى. مەككىلىك مۇشرىكلار يېڭىدىن مەغلۇب بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتماسلىق ئۈچۈن بىرئاز كەينىگە چېكىندى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دەرھال ئوھۇد تېغىغا چېكىندى. بۇ قېتىم ئەبۇ سۇفيان تاغنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن مۆئمىنلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئاللاھتائالا مۆئمىنلەرگە بىر ئارامبەخش ئۇيقۇ ئاتا قىلىشى بىلەن تۇرغان يەرلىرىدىلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ھەتتا بەزىلىرى قوللىرىدىكى قىلىچلىرىنى نەچچە قېتىم يەرگە چۈشۈردى. بۇ ئۇيقۇ پەقەت مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى

مۇناپىق ۋە شەك ـ شۈبھەدە بولغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇلار ئۇ ئەسنادە ئەندىشە ئىچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن قورقتى[142].

ئارىدا ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدا قىسقا بىر مۇنازىرە بولدى[143]. بۇنىڭدىن كېيىن ئارقىغا قايتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئەبۇ سۇفيان ئارزۇ قىلغان نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرقى سۆزىنى خىرىس قىلغان ھالەتتە:

"كېلەر يىلى بەدرىدە كۆرۈشەيلى!" دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بولىدۇ! ئۇ يەر ئىنشائاللاھ (ئاللاھ خالىسا) ئۇچرىشىدىغان يېرىمىز بولسۇن، دېگىن!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 45 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 59 ـ بەت)

ھەقىقەتتە بولسا مۇشرىكلارنىڭ ئىچىگە بىر قورقۇنچ چۈشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن قايتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ بىرسى دۈشمەننىڭ قەلبىگە يىراق مۇساپىلاردىن قورقۇنچ سېلىش ئىدى.

جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿سَنُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُواْ الرُّعْبَ بِمَا أَشْرَكُواْ بِاللّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَمَأْوَاهُمُ النَّارُ وَبِئْسَ مَثْوَى الظَّالِمِينَ﴾

**«(ئىلاھلىقى) ھەققىدە ھېچ بىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كافىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر.**

142. بۇخارى: «مەغازى»، 20، 18؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 295 ـ 296 ـ بەتلەر.
143. ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 45 ـ بەت.

**زالىملارنىڭ جايى (يەنى دوزاخ) ھەقىقەتەن يامان جايدۇر»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 151 ـ ئايەت)

مانا مۇشرىكلار كۆڭلىگە چۈشكەن بۇ قورقۇنچ تەسىرىدە، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆتكۈنچى غەلىبىسىگە قارىماي، پۈتۈنلەي مۇداپىئەسىز بولغان مەدىنىنى ئىشغال قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇسۇلماننىمۇ ئەسىرگە ئالالماي قايتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەرگە بولغان بىر مەرھەمىتى ئىدى.

ئوھۇدتا مۇشرىكلار قايتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سەپكە تىزىلىڭلار، رەببىمىزگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتايلى!» دېدى.

ساھابە ـ كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى ئاللاھ! پۈتكۈل ھەمدۇ ـ سانا ساڭا خاستۇر! ئى ئاللاھ! سەن كۆپ بەرگەننى ئازايتقۇچى يوق، سېنىڭ ئاز بەرگىنىڭنى كۆپەيتكۈچى يوق! سەن ئازدۇرغاننى توغرا يولغا باشلىغۇچى يوق، سەن ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق! سېنىڭ بەرمىگىنىڭنى بېرىدىغان يوق، سېنىڭ بەرگىنىڭنى چەكلىگۈچى يوق! سەن يىراقلاشتۇرغاننى يېقىنلاشتۇرغۇچى يوق، سەن يېقىنلاشتۇرغاننى يىراقلاشتۇرغۇچىمۇ يوق!

ئى ئاللاھ! رەھمەت ۋە بەرىكىتىڭنى، پەزلى ـ كەرىمىڭنى ئۈستىمىزگە چاچ! ئى ئاللاھ! سەندىن ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھېچبىر زامان تۈگىمەيدىغان ئەبەدىي نېمەت تەلەپ قىلىمىز. ئى ئاللاھ! سەندىن يوقسۇللۇق كۈنىدە نېمەت، قورقۇنچلۇق كۈندە خاتىرجەملىك تىلەيمىز! ئى ئاللاھ! بەرگەنلىرىڭنىڭ ھەم بەرمىگەنلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!

ئى ئاللاھ! ئىماننى بىزگە ياخشى كۆرگۈزگىن، كۆڭۈللىرىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن زىننەتلە! بىزنى كۇپۇر، ئازغۇنلۇق ۋە ئىسيانكارلىقتىن

نەپرەتلەندۈر! بىزنى دىن ۋە دۇنيا ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان نەرسىلەرنى بىلدىغانلاردىن، توغرا يولدا ماڭغانلاردىن قىلغىن!

ئى ئاللاھ! بىزنى مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە جېنىمىزنى ئال، مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە ياشات! شەرەپ ۋە غۇرۇرىمىزنى يوقۇتۇشتىن، پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭنىڭ سالىھ بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىغا كىرگۈز!

ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى يالغانغا چىقارغان، ئىنسانلارنى سېنىڭ يولۇڭدىن توسقان كاپىرلار گورۇھىغا غەزەپ قىل! ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇسىبەت ۋە ئازابىڭنى چۈشۈر. ئى ئاللاھ! كىتاب بېرىلگەن كاپىرلارغىمۇ غەزەپ قىل! ئامىين!» (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 424 ـ بەت؛ ھاكىم: 1 ـ جىلد، 686 ـ 687\1868؛ 3 ـ جىلد، 26/4308)



## ئۆزرە ئىشىگىنى تاقىغان ساھابە: سەئىد ئىبنى رەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تېپىپ، ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرىدىن بىرىنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتتى. ساھابە سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قانچىلىك ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى، قانچىلىك ۋارقىرىغان بولسىمۇ ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدى. نىھايەت، ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن:

"ئى سەئىد! مېنى رەسۇلۇللاھ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ تىرىكلەر ئارىسىدا ياكى شېھىدلەر ئارىسىدا ئىكەنلىكىڭنى خەۋەر قىلىشىمنى بۇيرىدى!" دەپ ياردار، شېھىدلەر بار تەرەپكە ۋارقىرىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئاخىرقى پەيتلىرىنى ياشاپ،جاۋاب بېرىشكە ماجالى قالمىغان سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئىڭرىغان ھالدا:

"مەن ئەمدى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىمەن!" دېدى. ئۇ ئەمدى ئۇ دۇنيانى كۆرۈۋاتاتتى. ساھابە سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئۇنى ۋۇجۇدى قىلىچ زەربىلىرى بىلەن پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن ھالەتتە كۆردى. ئۇنىڭدىن پەقەت شۇ شۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كۆزلىرىڭلار مىدىرلاپلا تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەندىن قوغدىماي، بېشىغا بىر مۇسىبەت كېلىشىگە سەۋەب بولساڭلار، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ دەرگاھىدا ئوتتۇرىغا قويۇدىغان ھېچقانداق ئۆزرە يوقتۇر!" (مۇئەتتا: «جىھاد»، 41؛ ھاكىم: 3-جىلد، 221/4906؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 47-بەت)

## ئوھود شېھىدلىرى

مۇشرىكلار ئوھۇدنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ شېھىدلەرنى دەپنە قىلدى. 70 كىشى شېھىد بولغان

ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش جەڭگىۋارلار ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش يېگىتلەرمۇ بار ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بايراقدارلىقىنى قىلغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىۋاتقاندا شېھىد بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىر پەرىشتە مۇسئەبنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ مۇسئەبنىڭ قولىدىكى بايراقنى ئالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ تېخى ئۇنىڭ شېھىد بولغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بايراقدارغا خىتابەن:

«ئالدىغا ئىلگىرىلە ئى مۇسئەب!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىر پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مۇسئەبنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى بىلدى. كېيىن مۇسئەبنىڭ جەستى تېپىلدى، لېكىن ئۇنى ئورايدىغان بىر كېپەن تېپىلمىدى. (ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 121 ـ 122 ـ بەتلەر)

مۇبارەك شېھىدنىڭ ئۈستىدىكى كېيىم بىلەن بېشىنى ياپسا پۇتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئېچىلىپ قالدى. ساھابىلەر نېمە قىلىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىدنىڭ باش قىسمىنىڭ كېيىمى بىلەن ئاياق قىسمىنىڭ خۇشپۇراق ئوت ـ چۆپلەر بىلەن يېپىلىشىنى بۇيرىدى.

ھالبۇكى، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىنىڭ ئەڭ باي ئائىلىلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. پۈتۈن مەككە ياشلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلاتتى. ھەتتا، قىزلار ئۇنىڭ ماڭغان يوللىرىغا گۈل چاچاتتى. ئۇ مۇشرىك ئائىلىسىنىڭ مەجبۇرلىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ پۇرسەت، نېمەتلىرىنى ھەتتا مىراسىنى تاشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇشنى ئارتۇق كۆردى. رەسۇلۇللاھقا شۇ قەدەر بۈيۈك مۇھەببەت بىلەن باغلانغانىدىكى، شېھىد بولغاندا ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىغا جاۋابەن بىر پەرىشتە ئۇنىڭ سۈرىتىگە

كىردى. بۇ سۈرەت بىلەن، مۇسئەبنىڭ سەۋر قىلغان پىداكارلىقىغا ئىلاھىي مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىندى.

بۇ قايغۇلۇق مەنزىرە كۆڭۈللەردە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردىكى، يىللاردىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىنىپ ئىززەتكە ئېرىشكەن بىر مەزگىلدە، شۈكۈر قىلغۇچى بايلاردىن بولغان ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا، بىر كۈنى ئوغلى تەرىپىدىن بىرقانچە خىل تاماق قويۇلدى. ئۇ بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ:

"مۇسئەب ئوھۇد غازىتىدا شېھىد قىلىندى. ئۇ مەندىن پەزىلەتلىك ئىدى. ئەمما كېپەن ئۈچۈن ئۈستىدىكى بىر پارچە لاتىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بېشى يېپىلسا پۇتى، پۇتى يېپىلسا بېشى ئوچۇق قالاتتى. كېيىن بىزگە دۇنيالىق ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى. توغرىسى ياخشىلىقلىرىمىزنىڭ مۇكاپاتىنىڭ دۇنيادا بېرىلىپ بولۇشىدىن قورقىمەن"دېدى. كېيىن ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كېتىپ، داستىخاندىن قوپۇپ كەتتى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 27)

ئوھۇد شېھىدلىرى ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى ئەڭ كۆپ غەمكىن قىلغان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى.

ھەزرىتى سەفىييە قېرىندىشى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈش ئۈچۈن شېھىدلەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوغلى زۇبەير ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

"رەسۇلۇللاھ ئارقىڭىزغا قايتىشنى بۇيرۇيدۇ" دېدى.

ئۇمۇ:

"نېمە ئۈچۈن؟ قېرىندىشىمنى كۆرمەمدىم؟ مەن ئۇنىڭ كېسىلىپ توغرالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن بۇ مۇسىبەتكە ئۇچرىدى، ئەسلىدىلا بىزگە بۇنىڭدىن باشقىسى تەسەللى بېرەلمەيتتى. ئاللاھ خالىسا سەۋر قىلىپ ئەجرىنى ئاللاھتىن كۈتىمەن" دېدى.

زۇبەير، ئانىسنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئېيتتى. ئالەملەرنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز:

«ئۇنداقتا قويۇۋەت، كۆرسۇن!» دېدى. سەفىييە قېرىندىشى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ دۇئا قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 48-بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 4-جىلد، 349-بەت)

ئوھۇدتا كۆرسىتىلگەن دىنى قېرىنداشلىق مەنزىرىسىنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەسۋىرلەپ، مۇنداق دەيدۇ:

"ئانام سەفىييە يېنىدا ئېلىپ كەلگەن ئىككى پارچە رەختنى چىقىرىپ: "بۇلارنى قېرىندىشىم ھەمزىنى كېپەنلىسۇن، دەپ ئېلىپ كەلدىم" دېدى. ئۇلارنى ئېلىپ ھەمزىنىڭ يېنىغا باردۇق، يېنىدا ئەنسارلاردىن بىر كېپەنسىز شېھىد بار ئىدى. ئىككى رەختنى ھەمزىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ ئەنسارنى كېپەنسىز قويۇپ قويۇشتىن خىجىل بولدۇق:

"رەختنىڭ بىرسى ھەمزىگە، يەنە بىرى ئەنسارىغا كېپەن بولسۇن!" دېدۇق. رەخلەرنىڭ بىرى چوڭ يەنە بىر كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىسىدا چەك تاشلىدۇق" (ئەھمەد: 1-جىلد، 165-بەت)

بۇ مەنزىرە ئىپادىلىگەندەك، مۇئمىن كۆڭۈللەردە ئەمدى ئۇرۇق-تۇغقانلىق مېھرى-مۇھەببىتى ئورنىنى ئىمان قېرىنداشلىقىغا بىكارلىدى. قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتۈن مۇئمىنلەرگە دىنى قېرىنداشلىقنىڭ پىداكارلىقى كۆرسىتىلدى. شېھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ئون شېھىد كەلتۈرۈلدى، نامازدىن كېيىن توققۇزى دەپنە قىلىندى. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ يېنىغا يەنە توققۇز شېھىد كەلتۈرۈلدى، يەنە ناماز ئوقۇلدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تاغىسى، جىگەر پارىسى ۋە شېھىدلارنىڭ خوجىسى بولغان بۇ مۇبارەك شېھىدنىڭ جىنازە نامىزىنى قانچە قېتىم ئوقۇدى[144].

144. ئىبنى ماجە: «جەنائىز»، 28.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىدا شېھىد بولغانلارنى قەبرىگە ئىككىدىن قويۇپ: «بۇلارنىڭ قايسىسى قۇرئاننى بەكرەك بىلەتتى (قۇرئانغا ئەمەل قىلاتتى)؟» دەپ سورىغان ۋە شېھىدلەردىن قايسىسى كۆرسىتىلسە، ئۇنى قىبلە تەرەپكە قويغان. (بۇخارى: «جەنائىز»، 73، 75)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوھۇدتىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئاياللار ئارىسىدا يولغا چىقتى. ھەررە دېگەن يەردە تەقۋادار ئايال ھىندى بىنتى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۇچراشتى. ھىند ئېرى ئەمر ئىبنى جەمۇھ، ئوغلى خەللاد ۋە قېرىندىشى ئابدۇللاھنىڭ جەسەتلىرىنى بىر تۆگىگە ئارتىپ كېلىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا:

ـ ئۇ يەردە نېمە خەۋەرلەر بار؟ـ دەپ سورىدى. ھىندى:

ـ ئىشلار ياخشى. رەسۇلۇللاھ ياخشى. ئۇ ساقلا بولسا باشقا مۇسىبەت يېنىك قالىدۇ ـ دېدى.

ھەزرىتى ئائىشە تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى جەسەتلەرنى كۆرسىتىپ:

ـ بۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

سالىھە ئايال ھىندى:

ـ قېرىندىشىم ئابدۇللاھ، ئوغلۇم خەللاد ۋە ئېرىم ئەمرىدۇر ـ دېدى.

ھەزرىتى ئائىشە:

ـ ئۇلارنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ھىند:

ـ مەدىنىگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىمەن ـ دېدى.

كېيىن مېڭىشى ئۈچۈن بىر ئاز زورلىغاندا تۆگە چۆكتى. ھەزرىتى ئائىشە:

ـتۆگە يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن چۆكتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ھىند:

- نېمشقا چۆككەنلىكنى بىلمىدىم، ھالبۇكى باشقا ۋاقىتلاردا ئىككى تۆگىنىڭ يۈكىنى توشۇيتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئەھۋالنى كۆرىۋاتىمەن - دېدى.

بەك زورلىغاندىن كېيىن تۆگە ئورنىدىن تۇردى، ئەمما مەدىنە تەرەپكە قارىتىلىشى بىلەن يەنە چۆكتى. يۆنىلىشنى ئوھود تەرەپكە بۇرىغاندا يۈگۈردى. ھىند رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- تۆگە ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن. ئەمرىنىڭ بىر ۋەسىيىتى بارمىدى؟ - دەپ سورىدى.

ھىند:

- ئەمر ئوھۇدقا ماڭىدىغان ۋاقىتتا قىبلىگە قاراپ:

"ئى ئاللاھ! ماڭا شېھىدلىك ئاتا قىلغىن! مېنى مەيۈس ۋە مەھرۇم ھالەتتە ئائىلەمگە قايتۇرمىغىن!" دەپ دۇئا قىلغان ئىدى." دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- مانا بۇ سەۋەبتىن تۆگە ماڭمايدۇ. ئى ئەنسارلار جامائىتى! سىلەردىن ھەركىم ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭدا راستچىل بولسۇن.

ئى ھىند! ئېرىڭ ئەمر راستچىللاردىندۇر. ئۇ شېھىد بولغاندىن باشلاپ پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سايە چۈشۈردى ۋە قايەرگە دەپنە قىلىنار دەپ قارىشىپ تۇردى. ئى ھىند! ئېرىڭ ئەمر، ئوغلۇڭ خەللاد ۋە قېرىندىشىڭ ئابدۇللاھ جەننەتتە بىر يەرگە كېلىپ، قېرىنداش بولىدۇ.»

بۇ خۇشخەۋەر بىلەن ھىند سادىقلاردىن بولغان ئېرى بىلەن ئەبەدى ھاياتتىمۇ بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق بولسا ئاللاھقا يەنە دۇئا قىلغىن، مېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىر يەرگە كەلتۈرسۇن" دەپ يالۋۇردى. (ۋاقىدى: جىلد، 264-265-بەتلەر؛ ئىبنى ھەجەر: «فەتھۇل بارى»، 3-جىلد،216-بەت؛ ئىبنى ئابدىلبەر: 3- جىلد، 1168-بەت)

يەنە بىر ئىبرەتلىك مەنزىرە مۇنداق:

ئوھۇد كۈنى مەدىنە ئەھلىلىك بىر خەۋەر بىلەن تەۋرەندى. "مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى!" دېيىلىشى بىلەن شەھەردە قىيا-چىيا چىقىپ، پەريادلار ئەرشكە كۆتۈرۈلدى. ھەتتا ئەنسارلاردىن سۇمەيرە خانىمغا ئىككى ئوغلى، دادىسى، ئېرى ۋە قېرىندىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى خەۋەر بېرىلگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ پەرۋا قىلماي، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

- ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىمۇ؟ - دېدى.

ساھابە-كىرام جاۋابەن:

- ئۇ ياخشى. ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن، ئۇ سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ھاياتتا! - دېدى.

سۇمەيرە خانىم:

- ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلاركى، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن - دېدى.

كۆرسەتكەندە شۇ ھامان بېرىپ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ:

- ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ساق-سالامەت بولغاندىن كېيىن ئەمدى ھېچبىر نەرسىگە ئەندىشە قىلمايمەن! - دېدى.

(ۋاقىدى: 1-جىلد، 292-بەت؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 115-بەت)

بەشىر ئىبنى ئەقرەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"دادام ئەقرەبە ئوھۇد كۈنى شېھىد بولغاندا يىغلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. ماڭا:

- ئوغلۇم! سەن نېمىگە يىغلايسەن؟ يىغلىما! مەن سېنىڭ داداڭ بولسام، ئائىشە ئاناڭ بولسا، رازى بولمامسەن؟ - دېدى.

مەن:

- ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە رازى بولىمەن! - دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز قولى بىلەن بېشىمنى سىلىدى. (شۇ ۋاقىتتا) چاچلىرىم ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك قولى

تەككەن يەرلەر تېخىچە قارا قالدى. (بۇخارى: «ئەتتارىخۇل كەبىر»، 2ـ جىلد، 78؛ ئەلى ئەلمۇتتەقى: 8ـ جىلد، 298/36862)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر ھاياجانلىق مەنزىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئوھۇد ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى دادام مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن تۇنجى شېھىد بولىدىغان كىشى مەن دەپ قارايمەن. رەسۇلۇللاھتىن باشقا، مەن ئۈچۈن كەينىمدە قالدۇرىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى سەن. قەرزلىرىم بار، ئۇلارنى ئادا قىلغىن، قېرىنداشلىرىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن" دېدى.

ئەتىسى دادام تۇنجى شېھىد بولغان كىشى بولدى. باشقا بىر شېھىد بىلەن بىرلىكتە ئۇنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلدىم. كېيىن ئۇنى ئايرىم بىر يەرگە دەپنە قىلماقچى بولدۇم. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇنى قەبرىدىن چىقاردىم. بىردىنلا نېمىنى كۆردۈم: قۇلىقى (نىڭ بىرقىسمىدىن) باشقا، پۈتۈن بەدىنى ئۇنى قەبرىگە قويغان كۈندىكىدەك تۇراتتى! ئۇنى ئايرىم بىر قەبرىگە دەپنە قىلدىم" (بۇخارى: «جەنائىز»، 78)

ئوھۇد شېھىدلىرى تىلغا ئېلىنغاندا پەيغەمبىرىمىز ئۇ مۇبارەك شېھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساھابىلىرىم بىلەن بىرلىكتە مەنمۇ شېھىد بولۇپ، ئوھۇد تېغىنىڭ ئاستىدا كېچىلەشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم!» دېگەن. (ئەھمەد: 3ـ جىلد، 375ـ بەت)

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد شېھىدلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ:

«ئۇلارنىڭ (ئىمان ۋە ساداقىتىگە) گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بىز ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار قانداق مۇسۇلمان بولغان بولسا بىزمۇ شۇنداق مۇسۇلمان بولدۇق، ئۇلار جىھاد قىلغاندەك بىزمۇ جىھاد قىلدۇق! دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

- شۇنداق (سۆزلىگىنىڭ توغرا)، لېكىن مەندىن كېيىن قانداق بىدئەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىڭلارنى بىلەلمەيمەن.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى يىغلىدى، كېيىن:

- يەنى بىز سەندىن كېيىن قالىمىزمۇ؟ - (دەپ غەمكىن بولدى) (مۇۋەتتا: «جىھاد»، 32)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئەھۋالى پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈسىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ "ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى" ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن گۈزەل بىر مىسالدۇر.

ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممە نەرسىدىن، ھەتتا جانلىرىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئۆيدە ئولتۇرغانلىرىدا ئەقلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ئۆي ئۇلارغا تار كېلەتتى. شۇھامان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باراتتى، ئۇنىڭ ئايدىن نۇرلۇق يۈزىگە قاراپ خۇشاللىناتتى. سۆھبىتى بىلەن ھۇزۇر تاپاتتى.[145] ئۇنى كۆرمىگەن ۋاقىتلىرىدا جان قۇشى تەن قەپىزىگە سىغمىغاندەك ھېس قىلىشاتتى. جەننەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولماسلىق ئەندىشىسى ئۇلارنىڭ چىرايىنى سارغايتىپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى[146].

دەرۋەقە، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تىلىگىن، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟» دېگەن سوئالىغا، جەننەتتە ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر بولۇشتىن باشقا ھېچبىر

145. قەستالانى: 2-جىلد، 104-بەت.
146. قۇرتۇبى: 5-جىلد، 271-بەت.

نەرسە تەلەپ قىلمىغان ئىدى[147] . ساھابىلار ۋاپات بولىدىغان ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئۇچرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىق ئىچىدە بولاتتى[148] .

بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىسلام نېمىتىدىن كېيىن، «كىشى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىللە» دېگەن پەيغەمبەر بىشارىتىدىن سۆيۈنگىنىدەك، باشقا بىر نەرسىدىن سۆيۈنمىدى[149] .

سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاتمىش ئايىتى ئۇھۇد ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىسۋەر ئىبنى مەھرەمە ئۇھۇد ھەققىدە سورىغاندا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف:

"سۈرە ئال ئىمراننىڭ 120 ـ ئايىتىدىن كېيىنكىسىنى ئوقۇ؛ بىز بىلەن بىلە ئۇھۇدتا بولغاندەك بولىسەن!" دېگەن. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 58 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 319 ـ بەت)

## بىز ئۇھۇدنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇھۇدمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ!

ئۇھۇدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدە ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇھۇد ۋە ئۇھۇد شېھىدلىرىنى پات ـ پات زىيارەت قىلغان. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ: «بىز ئۇھۇدنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇھۇدمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ!» دېگەن. (بۇخارى: «جىھاد»، 71؛ مۇسلىم: «ھەج»، 504) بۇ پەيغەمبەر ئىلتىپاتى بىلەن ھۆرمەتلەنگەن شېھىدلەر مەيدانى ئۇھۇد، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن پۈتۈنلەي نەملەنگەن ماكان سۈپىتىدە، قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئۈممەتكە ئەزىز خاتىرىلەرگە تولغان بىر زىيارەتگاھ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى تۈپەيلىدىن، ئۇھۇدقا قارىتا بىر ئەدەبىزلىك مەيدانغا كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مۇئمىن كۆڭۈللەردە يەرلىشىش ئېھتىماللىقى ئىگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسىغا توسقۇن بولۇش ئۈچۈن: «بىز ئۇھۇدنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇھۇدمۇ بىزنى

147. مۇسلىم: «سەلات»، 226؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 500 ـ بەت.
148. ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 8 ـ بەت؛ ئىبنى ماجە: «جەنائىز»، 4.
149. بۇخارى: «ئەدەب»، 96.

ياخشى كۆرىدۇ!» دەپ، بۇ ئورۇنغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ مۇھەببىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇھۇد، بىر مەغلۇبىيەت ماكانى سۈپىتىدە ئەمەس، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەببىتى بىلەن باغلانغان، قويىندا مۇبارەك شېھىدلەر دەپنە قىلىنغان مۇقەددەس بىر ئورۇن سۈپىتىدە ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇھۇدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىشى، ئاساسەن پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلىپ تەستىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھەقىقەتنىڭ روشەن بىر مىسالىدۇر. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاسىيلىرىدىن باشقا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسە، مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ» دېگەن. (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 310 ـ بەت)

## ئۇھۇد غازىتىدىكى ھېكمەتلەر

ئۇھۇد غازىتىدا قايغۇلۇق مەنزىرىلەر بىلەن ھاياتنىڭ بىر قىسىم ئاچچىق ساۋاقلىرى بۈيۈك بىر بەندىچىلىك كامالىتى ئىچىدە يۈز بېرىپ ئۆتتى. بىر تەرەپتىن بۈيۈك ئىمان قۇۋۋىتى ئىچىدە، سەۋر، تەۋەككۇل، تەقدىرگە رازى بولۇشتا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە كۆرسىتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بىردەملىك غەپلەت ۋە دۇنياغا مايىل بولۇش قاتارلىق نەپسانىي ئاجىزلىقلار تۈپەيلىدىن قاتتىق ئىمتىھانلارغا ئۇچرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتا كۆرسىتىلگەن سەل قاراش بىردەمدىلا ئورۇشنىڭ تەقدىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش تەجەللىلىرى بىلەن، غەلىبىنىڭ كېچىكىشىگە سەۋەب بولدى. بىر قانچە كىشىنىڭ خاتالىقى ئومۇمەن جازالاندۇرۇلۇش بىلەن نەتىجىلىنىپ، ھەممىسى ئوخشاش قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئارىسىدا ئاللاھنىڭ ھەبىبىنىڭ بولۇشىمۇ بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى.

ھالبۇكى، ساھابە ـ كىرام بەدرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەرتسىز ئەگىشىپ:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ئىشەندۇق، ئاللاھتىن كەلتۈرگەن قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە سەممىيەت بىلەن ئىمان ئېيتتۇق، ساڭا ئىتائەت قىلىش، ئەگىشىشكە ۋەدە بەردۇق. خالىغىنىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلغىن، بىزگە بۇيرۇغىن، بىز سەن بىلەن بىرگە. سېنى ئەۋەتكەن ئاللاھ ھەققى ئۈچۈن دېڭىزغا كىرسەڭ، بىزمۇ سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىرىمىز. ھېچبىرىمىز كەينىدە قالمايمىز!" (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 253 ـ 254 ـ بەتلەر) دېگەن ساھابىلار ھاياجان ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوقىسىدا ئىدى.

ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى ئىلاھىي ئىمتىھانغا ئۇچرىغان بىردەملىك غەپلەتتە قالغان مۇئمىنلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى ئىدى.

ئوھۇدنىڭ ئەڭ مۇھىم ھېكمەتلىرىدىن بىرى مۇئمىنلەرنى ئارىلىرىغا قوشۇلۇۋالغان مۇناپىقلاردىن ئايرىشتۇر.

يەنە بىر ھېكمەت، مۇشرىكلارغا ئەمەلىيەتتە ھېچبىر نەتىجىسى بولمايدىغان ئالدىغۇچى بىر غەلىبە تەقدىر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ غاپىل، ئىشقا يارىمايدىغان ھالەتتە ھەرىكەتسىز قېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئالدىغۇچى غەلىبە بىلەن بەدرىدىن بۇيان مۇشرىكلارنىڭ كۆڭلىدە يىغىلىپ قالغان ئۆچمەنلىك ئازىيىپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىسلامغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى پەسەيگەن.

دىققەت جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ساھابە ـ كىرام يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئوھۇد غازىتىغا قاتنىشىش ۋە شېھىد بولۇش ئۈچۈن مۇسابىقىلەشكەن ئىدى. ئون بەش ياشلىق كىچىك بالىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى كۆرسەتتى. ھەر ياشتىكى ئىنساننىڭ ئۆلۈمگە يۈگۈرۈشىدىكى سىر كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋەتلىك بىر ئىمان بىلەن تولغانلىقى ۋە پەيغەمبەرگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىدۇر. بۇ ئىمان ۋە مۇھەببەت قايەردە بولسا، ئۇ يەردە يېڭىلمەسلىك ۋە جاسارەت

مەۋجۇتتۇر. قايەردە ئازايسا، شۇ يەردە ھورۇنلۇق، چاكىنىلىق، خارلىق ۋە قورقۇنچاقلىق ئاشكارە بولىدۇ. بۇ مۇھەببەتنىڭ يولى ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش، رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش غەيرىتىدە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئوھۇدتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىلىنىشى ۋە شېھىد بولغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇھىم بىر ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ بىلەن گويا ئىمان ۋە ئىرادە ئىمتىھانىغا كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بىر ئىنسان ئىكەنلىكى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭمۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇئمىنلەرنىڭ ئارقىغا چېكىنمەي پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشىنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ، تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنگەن. قىسقىسى، ئوھۇدتا مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشتا غەلىبىگە قانداق ئېرىشىلىدىغانلىقى، مەغلۇبىيەتتىن قانداق قۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىبرەت كۆرسىتىلگەن.

**ھەمرائۇل ئەسەد غازىتى**

(ھىجرىيەنىڭ 3-يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ 8-كۈنى / مىلادىيە 625-يىل 3-ئاي)

ئىچىگە چۈشكەن بۇ قورقۇنچ بىلەن ئوھۇدتىن ئايرىلىپ مەككىگە قاراپ ماڭغان مۇشرىكلارغا ئاللاھتائالا بۈيۈك بىر غەپلەت ئاتا قىلدى. يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئەقلىگە كېلىپ، قايتا ئارقىسىغا قايتىپ مۇئمىنلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىدى.

بۇ ئارىدا مەدىنىگە قايتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دۈشمەننى قورقۇتۇپ قويۇش پىكرىدە ئىدى. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

وَلاَ تَهِنُواْ فِي ابْتِغَاء الْقَوْمِ إِن تَكُونُواْ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمونَ وَتَرْجُونَ مِنَ اللّهِ مَا لاَ يَرْجُونَ وَكَانَ اللّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا

**«دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ. سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىد بولۇش ساۋابىنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 104 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

«دۈشمەننى كىم قوغلاشنى خالايدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئارىلىرىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بار بولغان بىر ئەترەت تەييارلاندى. دۈشمەننى قوغلاش ئۈچۈن چىقىلغان بۇ سەپەرگە قېتىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يارىدار ئىدى. بۇ يارىدار ساھابىلار تەييارلىقنى قىلىپ، ئەبۇ ئىنەبە قۇدۇقىنىڭ يېنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپلىرىگە قوشۇلدى[150].

ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىسىنى داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تاشلاپ:

”مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدىم!“دەپ، دەرھال قوراللىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى.

سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئالدىراشلىق بىلەن تەييارلىنىپ قەبىلىسىگە دەرھەل ھەرىكەت قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇلارمۇ قوراللىرىنى ئېلىپ كەلدى[151].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان بۇ ئەترەت، دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى.

150. ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 334 ـ 335 ـ بەتلەر.
151. ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 334 ـ 335 ـ بەتلەر.

ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل بىلەن قېرىندىشى رافى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوھۇدتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشۇپ، مەدىنىگە يارىدار ھالەتتە قايتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەننى قوغلاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئۇلىقىمىز يوق، يارىمىزمۇ ئېغىر، لېكىن رەسۇلۇللاھ قاتناشقان سەپەرنى قولدىن بېرەمدۇق؟" دەپ شۇھامان يولغا چىقتى. يارىسى يەنە بىرسىگە كۆرە يېنىك بولغىنى ئېغىر بولغىنىنىڭ مېڭىشىغا ياردەم قىلدى، بەزىسىنى دۈمبىسىدە ھاپاشلاپ كۆتۈردى. بۇ ھالەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى[152].

بۇ پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن مۇئمىنلەر ئىلاھىي مەرھەمەتكە نائىل بولدى:

الَّذِينَ اسْتَجَابُواْ لِلّهِ وَالرَّسُولِ مِن بَعْدِ مَآ أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ
لِلَّذِينَ أَحْسَنُواْ مِنْهُمْ وَاتَّقَواْ أَجْرٌ عَظِيمٌ

**«(ئوھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر)دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى. 172-ئايەت)

ئەترەت مەدىنىنىڭ سەككىز كىلومېتىر نېرىسىغا جايلاشقان ۋە بۇ سەپەرگە ئۆز ئىسمىنى بەرگەن "ھەمرائۇل ئەسەد" دېگەن جايغا باردى. بايراق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا ئىدى. كېچە بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايرىم-ئايرىم 500 يەرگە ئوت يېقىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەتراپتىن قارىغانلار، ئۇ يەردە بۈيۈك ۋە كاتتا بىر قوشۇن بار دەپ گۇمان قىلدى. دەرۋەقە، شۇ پەيتتە مەككىگە كېتىۋاتقان، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان مەئبەد ئىسىملىك

152. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 53-بەت.

بىر كىشى مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەنلىكىنى، سانىنىڭمۇ، ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن:

"مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆپ قوشۇننى كۆرمىدىم" دېدى. ئەھۋالنى بىلگەن مۇشرىكلارنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق قورقۇنچ چۈشتى:

"مۇسۇلمانلارنىڭ قىملدايدىغان ھالى قالمىغان ئىدى، بۇ قانداق بولدى؟" دەپ بىر-بىرىگە قاراشتى. ئارقىدىن سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي:

"ئېغىر بىر پالاكەتكە ئۇچراشتىن بۇرۇن بۇ يەرنى تاشلاپ كېتەيلى!" دېيىشتى.

كەينىگە قايتىپ ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. نىھايەت، تېزلىك بىلەن مەككىگە قاراپ يوللىرىغا داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ شەكىلدە چېكىنىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە قايتتى[153].

## مىراس مەسىلىسى

بۇ ئارىدا مىراس تەقسىم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولدى. چۈنكى ئوھۇدتىن كېيىن بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئوھۇدتا شېھىد بولغان سەئىد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تۇققىنى ئۇنىڭ ئىككى قىزىغا ھېچبىر بىر نەرسە قويۇپ قويماستىن پۈتۈن مىراسىنى ئالغان ئىدى. بۇ بىر جاھىلىيەت ئادىتى ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئايال ۋە قىزلارغا ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مىراس ئېلىش ھەققىمۇ يوق ئىدى. ئىسلام بۇ ھەقسىز بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

يُوصِيكُمُ اللّٰهُ فِيٓ اَوْلَادِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْاُنْثَيَيْنِ فَاِنْ كُنَّ نِسَآءً فَوْقَ اثْنَتَيْنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَ وَاِنْ كَانَتْ وَاحِدَةً فَلَهَا النِّصْفُ وَلِاَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا السُّدُسُ

153. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 52-56-بەت.؛ ۋاقىدى، 1-جىلد، 334-340-بەتلەر

مِمَّا تَرَكَ اِنْ كَانَ لَهُ وَلَدٌ فَاِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ وَلَدٌ وَوَرِثَهُ اَبَوَاهُ فَلِاُمِّهِ الثُّلُثُ فَاِنْ كَانَ لَهُ
اِخْوَةٌ فَلِاُمِّهِ السُّدُسُ مِنْ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِي بِهَآ اَوْ دَيْنٍ اٰبَآؤُكُمْ وَاَبْنَآؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ
اَيُّهُمْ اَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا فَرِيضَةً مِنَ اللّٰهِ اِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا

**«ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ. ئەگەر مېيتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ. ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ. ئەگەر مېيتنىڭ بالىلىرى بولسا بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 11 ـ ئايەت)

بۇنىڭ بىلەن ئىسلامدا تۇنجى مىراس تەقسىمى سەئىد ئىبنى رەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولدى[154].

ئىسلام مىراس قانۇنىدا، نىسۋە بىلەن نىسۋىدارلار ئارىسىدا ئادالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چىقىمى كۆپ بولغان ئەركىشىگە ئايال كىشىگە نىسبەتەن

154. ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 352، 375.

كۆپرەك نېسۋە بېرىلگەن. چۈنكى توي قىلغاندا مەھرى ھەققى بېرىپ، توي چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۆي تۇرمۇشىنى قامداشتىن تارتىپ پۈتۈن ماددىي چىقىملار ئائىلىنىڭ مەسئۇلى بولغان ئەر كىشىگە ئائىتتۇر.

ئىسلام مىراس قانۇنىدىكى ئەر-ئايال پەرقى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت پەرقىگە باغلىقتۇر. بۇ ئىككىسى ئارىسىدا تەكشۈرۈلۈق قۇرۇلغان. ئايال كىشى نەسلنى قوغداش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلاد تەربىيلەش ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى جايىدا ئورۇنلاش قاتارلىق ئېغىر تەكلىپلەر سەۋەبى بىلەن ئائىلىنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرىغا مەسئۇل قىلىنمىغان. بۇ سەۋەبتىن مىراستا نېسۋىسى يېرىمغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ نېسۋە بىر قىسىم ئاياللارنىڭ توي قىلالماسلىقى ياكى ئاجرىشىش ئەھۋالىدا قېلىشى ياكى بىرمۇنچە شەخسىي ئېھتىياجلىرى كۆزدە تۇتۇلغان ئاساستا بېرىلگەن.

ئاياللارغا يەنە چوڭقۇر ھېسسىيات، نازاكەت، شەپقەت، مەرھەمەت، ھايا، پىداكارلىق، بالا بېقىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاتا قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى نازۇك، ھېسسىياتلىرى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ۋە مەرھەمەت تۇيغۇلىرى يۇقىرى بولغانلىقتىن ھاياتنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا بىرمۇنچە تاسادىپىلىقلارغا ئۇچرىغاندا جىسمانىي، روھىي ئاجىزلىقلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىسلامدا ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى يېرىمدۇر. بۇنى تىلغا ئېلىپ ئىسلامغا ھۇجۇم قىلغانلار ئىسلامنىڭ تەبىئى ۋە ئۆزگەرمەس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى دىققەتكە ئالغانلىقتىن كېلىپ چىققان ھۆكمىدىكى مۇكەممەللىكنى غەرەزلىك ياكى جاھىللىقى تۈپەيلىدىن كۆرمەسكە سالىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھتائالا ھەر مەخلۇقنى ۋە ئۇ مەخلۇقنىڭ ھەربىر پارچىسىنى بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتقان ۋە ئۇلارغا يارىتىلىش غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىئولوگىيىلىك ۋە پسخولوگىيىلىك قۇرۇلما ئاتا قىلغان. ئەر كىشىنى ھايات كۈرىشى ۋە ئۆيىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مەسئۇل قىلغان ياراتقۇچى ئاللاھتائالا ئۇنى بۇ ۋەزىپىنى ئۆز لايىقى بىلەن

ئادا قىلىشى ئۈچۈن، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك، روھىي جەھەتتىنمۇ مۇستەھكەم قىلغان. ئائىلە كىشى بولسا نەسلىنى قوغداشقا، ئەۋلاد تەربىيىلەشكە ۋە ئاجىز ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ بېقىپ چوڭ قىلىشقا، ھىمايە قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەدىنىنىڭ ئەمەس، روھىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇلار بىلەن تەييارلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنكى، بالىنىڭ دەسلەپكى ئاجىز دەۋرىدە ئۇنى چوڭقۇر مەرھەمەت بىلەن قۇچاقلاپ، چوڭ قىلىش ئۈچۈن ئائىلە كىشىگە ئىلاھىي بىر ئېھسان سۈپىتىدە ھېسسىياتچانلىق بېرىلگەن.

بۇ ھېسسى قۇرۇلما بىلەن مەرھەمەت دەرياسى بولغان ئانىغا يارىتىلىش مەقسىتىنىڭ سىرتىدا بىر ۋەزىپە يۈكلەنسە، سەلبىي نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىر ئائىلىنىڭ بىر جىنايەتچىگە ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ ئادالەتنى تۇرغۇزۇشتا خاتالىشىش ئېھتىمالى يۇكسەكتۇر. بۇمۇ ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېرىم بولۇشى ھەققىدە كەلگەن ئىلاھىي ھۆكۈمنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام شاھىدلىقنى ئىنساننىڭ پسخولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن رەتكە سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى يەردە ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنماي ئائىلىنىڭ گۇۋاھلىقى تولۇق گۇۋاھلىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەرلەر قاراشقا مۇمكىن بولمايدىغان يەرلەردە پەقەت ئائىلىلەرنىڭ شاھىدلىقى يېتەرلىك ھېسابلىنىدۇ[155].

گۇۋاھلىق مەسىلىسى بىلەن ئائىلىلەرنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقىنى دەۋا قىلغانلار ئىسلامنىڭ بۇنداق بىر تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەق ۋە ھەق ئىگىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئادىل بىر تەڭپۇڭلۇق قۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، جەمئىيەتنىڭ تامامىنى ئۆز نەزىرىگە ئالغانلىقىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ ياكى چۈشىنىشنى خالىمايۋاتىدۇ.

155. مەجەللە: 1685.

ئايالنىڭ كامالىتى ئاللاھ بەرگەن قابىلىيەتلەرنى قوغداش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر ئايال ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا زىت ئىشلەتسە، ئۆز ھەقىقەتىگە، تەبىئىتىگە ئەلۋىدا دېسە، پۈتۈن قىممىتىنى يوقۇتۇپ، بەدبەخت بولىدۇ، ئائىلە بېغىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ھاياتى بۇزۇلىدۇ.

كۈنىمىزدە ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئارىسىدا سۈنئىي ۋە ھەقسىز بىر باراۋەرلىك مۇسابىقىسى باشلىتىلدى. ئايالنىڭ يارىتىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە زىت بولغان بۇ مۇسابىقە خانىملىق ۋە ئانىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئائىلىنى پارچىلىماقتا. بۇ سەۋەب بىلەن دەۋرىمىزدە كۆپ يۈز بېرىۋاتقان بالا ئالدۇرۇش ۋەقەلىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈشنىڭ زامانىۋىيلاشقان بىر شەكلى بولۇپ، بۇ ئەسرنىڭ جىنايىتىدۇر. بۇ ئەسرنىڭ ھارغىن، ئاجىز ئاياللىرى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا كېيىم-كېچەك پەرقىدىن باشقا ھېچقانداق پەرق قالمىدى. بۇ روھسىز ماتېرىيالىست تەربىيە مەيدانىغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي پالاكەتتۇر.

# ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى

## رەجىي ۋەقەسى

(ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلى سەپەر ئېيى \ مىلادىيە 625 ـ يىل 7 ـ ئاي)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئۆگىتىش مەقستى بىلەن ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە مۇئەللىملەر ئەۋەتەتتى. لېكىن بەزى مۇئەللىملەر ئاھانەتكە ئۇچرىدى. بۇ ئاھانەتلەرنىڭ بۈيۈكلىرىدىن بىرى "رەجىي ۋەقەسىدۇر".

مەدىنە يېقىنلىرىدىكى ئەزال ۋە قارە قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ باشچىلىقىدا ئون كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەۋەتتى.

كارۋان ئەسەفان بىلەن مەككە ئارىسىغا جايلاشقان ۋەھۇدئە دېيىلگەن يەرگە كەلدى. ھۇزەيل قەبىلىسى رەجىي دېگەن سۇ بېشىدا قونۇش ئۇچۇن چۈشتى. مۇسۇلمان مۇئەللىملەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان بەنى لىھيان قەبىلىسىگە خەۋەر بېرىلدى. لىھيان جەمەتى يۈزگە يېقىن ئوقچىلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئەترەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. ئاسىم ۋە ھەمراھلىرى ئۆزىنىڭ كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىشى بىلەن، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان ئېگىز بىر يەرگە چىقتى. دۈشمەنمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ:

"تۆۋەنگە چۈشۈڭلار، قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار. ھېچقايسىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمىز!" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئاسىم:

"قېرىنداشلار! مەن بىر كاپىرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ پەسكە چۈشمەيمەن!" دېدى.

ئارقىدىن:

”ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى رەسۇلۇڭغا بىلدۈرگىن!“ دەپ دۇئا قىلدى. كېيىن دۈشمەنلەر ئاسىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە كىشىنى ئوققا تۇتۇپ شېھىد قىلدى.

قۇرەيشنىڭ بەزى كاتتىۋاشلىرى ئۇنىڭ شېھىد قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆزلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئۇنى تونۇشقا يارايدىغان بىر پارچە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن ئاللاھتائالا ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوغداش ئۈچۈن بىر توپ ھەرە ئەۋەتتى. بۇ ھەرىلەر ئاسىمنىڭ جەسىتىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كەتكەن بولغاچقا، قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ جەسىتىدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئېلىشقا قادىر بولالمىدى (بۇخارى: «جىھاد»، 170، «مەغازى»، 10، 28؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 354-دىن 363-بەتلەرگىچە)

كېچە بولۇپ ھەرىلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ساقلىغان دۈشمەن كۈتمىگەن بىر ۋەقەگە ئۇچرىدى؛ بىردىنلا يامغۇر يېغىپ، سەل بولۇپ ئاقتى ۋە ئاسىمنىڭ جەسىتىمۇ بۇ ئەسنادا ئوتتۇرىدىن غايىب بولدى. دۈشمەنمۇ ئاسىمنىڭ جەسىتىدىن ھەر قانداق بىر پارچە ئېلىشقا ئىمكان تاپالمىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاسىم ”ھەرىلەر قوغدىغان شېھىد“ دەپ مەشھۇر بولدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 163-بەت)

مۇشرىكلار قورالىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولغان مۇسۇلمانلارنى مۇستەھكەم باغلاش ئۈچۈن تۇرغاندا سەككىزىنچى كىشى:

”بۇ بىزگە قىلىنغان تۇنجى يامانلىق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە قەتئى تەسلىم بولمايمەن. شۇ شېھىدلەر ماڭا گۈزەل بىر مىسالدۇر!“ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مۇشرىكلار ئۇنى زورلاپ ئېلىپ ماڭماقچى بولسىمۇ، شىددەت بىلەن قارشى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىمۇ شېھىد قىلدى.

بۇ ئون ساھابىدىن پەقەت ھۇبەيب ۋە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئىبارەت ئىككىلا ساھابە قالدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ مەككىدە

ساتتى. خۇبەيبنى بەدىر غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھارىس ئىبنى ئامىرنىڭ ئوغۇللىرى سېتىۋالدى. خۇبەيب ئۆلتۈرۈلۈشكە قارار بېرىلگەن كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىر قالدى.

ئائىلىسىدىن بىر ئايال دەيدۇكى:

"ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھاياتىمدا خۇبەيبتىن ياخشى بىر ئەسىر كۆرمىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى زەنجىرگە باغلاقلىق ۋە مەككىدە ھېچبىر مېۋە بولمىغان بىر كۈنى يېڭى ئۈزۈم يەۋاتقان ھالدا كۆردۈم. بۇ ئاللاھنىڭ خۇبەيبكە ئاتا قىلغان رىزقى ئىدى. خۇبەيب قۇرئان ۋە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئوقىغان قۇرئانىنى ئاڭلىغان ئاياللار كۆڭلى يۇمشاپ يىغلىشىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭغا:

- ئى خۇبەيب! بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟- دەپ سورىغان ئىدىم.

- ياق! ماڭا تاتلىق سۇ ئىچكۈزۈشىڭدىن، بۇتلارنىڭ نامىغا بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېگۈزمەسلىكىڭدىن، يەنە بىرى ئۆلتۈرۈلىدىغان ۋاقتىمدا ماڭا خەۋەر بېرىپ قويۇشىڭدىن باشقا ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياجىم يوق! - دېدى.

ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ، ئۇزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا قارار بېرىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ۋاقتىمدا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ بۇ خەۋەردىن ھەر قانداق قورقۇش ۋە قايغۇ ھېس قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. ھارىس جەمەتى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى "ھىل" دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلگەندە، خۇبەيب:

- رۇخسەت قىلساڭلار ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالسام - دېدى. ئۇنى قويۇۋەتتى. خۇبەيب ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۆلۈمدىن قورققانلىقىمنى گۇمان قىلمايدىغانلىقىڭلارنى بىلسەم، بۇ نامازنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتىم. -

دېدى. بۇنىڭ بىلەن خۇبەيب ئۆلۈم ئىجرا قىلىنىدىغان ھەر مۇسۇلماننىڭ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ئادىتىنى باشلاتقان تۇنجى كىشى بولدى.

كېيىن:

ـ ئى ئاللاھ! بۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتقىن، بىر ـ بىرلەپ جېنىنى ئال، ھېچبىرىنى ساق قويما ـ دەپ دۇئا قىلىپ[156] شۇ مەنىدە بېيت ئوقۇدى:

”مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قانداق ئۆلۈشۈمگە ئەسلا پەرۋا قىلمايمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئۇ خالىسا، پارچىلانغان ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر!“

خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىن ئاللاھقا مۇنداق مۇناجات قىلدى:

”ئى ئاللاھ! بۇ يەردە دۈشمەن يۈزىدىن باشقا بىر يۈز كۆرەلمەيۋاتىمەن! رەسۇلۇڭغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلىدىغان بىر كىشىمۇ يوق! ئۇنىڭغا سالامىمنى سەن يەتكۈزگىن!“

بۇ ئەسنادا ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدە ئولتۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنىڭغىمۇ سالام بولسۇن!“ دېگەن مەنىدە: ”وعلي السلام“ دېگەندە ئەتراپىدىكىلەر ئاڭلىدى. ساھابىلار ھەيرانلىق بىلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كىمنىڭ سالامىغا جاۋاب بەردىڭىز؟ ـ دەپ سورىغاندا:

156. خۇبەيب دۇئا قىلغاندا ئۇ يەردىكى ھەممەيلەن قورققان، دۇئانىڭ تەسىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ئوڭ ـ سول تەرەپكە قېچىشىپ يوشۇرۇنۇشقا تىرىشقان، ئۆزلىرىنى ساق قالمايمىز دەپ قاراشقان. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قۇرەيش مەجلىسىدە خۇبەيبنىڭ بەددۇئاسىدىن باشقا بىر سۆز تىلغا ئېلىنمىغان. سەئىد ئىبنى ئامىر تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ھوشىدىن كېتەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، بىر كېسىلى بار، يوقلىقىنى سورىغاندا سەئىد: ”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەندە بىر كېسەللىك يوق. ئەمما مەن خۇبەيب ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئوتتۇرىدا ئىدىم. ئۇنىڭ بەددۇئاسىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنى قاچان بىر مەجلىستە ئېسىمگە ئالسام، چىدىيالماي ھوشۇمدىن كېتىمەن!“ دېدى (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 359 ـ 360 ـ بەتلەر)

ـ قىرىندىشىڭلار خۇبەيبنىڭ سالامىغا. مانا جىبرائىل خۇبەيبنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلدى! ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ساھابىلارنىڭ شېھىد قىلىنغانلىقىنى شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئېيتتى. (بۇخارى: «جىھاد» ، 170 ، «مەغازى» ، 10 ، 28؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد ، 354 ـ دىن 363 ـ بەتلەرگىچە) .

ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن دار ياغىچىغا باغلاقلىق ھالدا خۇبەيبدىن سورىدى:

_ ھاياتىڭنىڭ قۇتۇلۇش بەدىلىگە سېنىڭ ئورنۇڭدا پەيغەمبەرنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟

خۇبەيب بۇ سوئالغا ھېچ ئويلانماي، تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ ئەسلا! ئۇنىڭ بۇ يەردە مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇشى ئەمەس، مەدىنە مۇنەۋۋەردە مۇبارەك پۇتىغا بىرتال تىكەننىڭ كىرىپ كېتىشىگە كۆڭلۈم رازى بولمايدۇ!.

بۇ جاۋابقا ھەيران قالغان ئەبۇ سۇفيان:

"مەن دۇنيادا مۇھەممەدتەك ھەمرالىرى تەرىپىدىن (بۇ قەدەر) ياخشى كۆرۈلگەن باشقا بىر كىشىنى كۆرمىدىم!" دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد ، 360 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد ، 56 ـ بەت)

ئۇنى ئاسقان ۋاقىتتا يۈزىنى مەدىنە تەرەپكە بۇرىدى. خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھ! بۇ قىلغىنىم ئەگەر سېنىڭ دەرگاھىڭدا بىر ياخشىلىق بولسا يۈزۈمنى قىبلە تەرەپكە بۇرىغىن!" دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھتائالا ئۇنى قىبلە تەرەپكە بۇرىدى. مۇشرىكلار قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ يۈزىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇرىيالمىدى. بۇ مۇبارەك ساھابە ھەققىدە:

يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ، ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً

مَّرْضِيَّةً، فَادْخُلِي فِي عِبَادِي، وَادْخُلِي جَنَّتِي

«ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.» (فەجر سۈرىسى، 27 ـ 30 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى. (قۇرتۇبى: 20 ـ جىلد، 58 ـ بەت؛ ئالۇسى: 30 ـ جىلد، 133 ـ بەت)

خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن شېھىد قىلىنغان زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئوخشاشلا ئىمان مۇستەھكەملىكى ئىچىدە ئىدى. كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتاتتى. بۇتلار نامىدا بوغۇزلانغانلىقى ئۈچۈن گۆش تاماقلىرىنى يېمەيتتى. بۇنىڭ ئورنىغا سۈتنى تاللايتتى. سۈت بىلەن روزا تۇتۇپ، سۈت بىلەن ئىپتار قىلاتتى. شېھىد قىلىنىش ئۈچۈن تەنئىم دېگەن جايغا كەلتۈرۈلگەندە خۇبەيب بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن، باشلىرىغا كەلگەن سىناقلار ھەققىدە بىر ـ بىرىگە سەۋر تەۋسىيە قىلىشتى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

ـ سېنىڭ ئورنۇڭدا مۇھەممەدنىڭ بولۇشىنى خالامتىڭ؟ ـ دېگەن سوئالغا ئەينەن خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. (ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 361 ـ 362 ـ بەتلەر)

ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كەچسە ئازاد قىلىنىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن ئەخمەق مۇشرىكلارغا:

ـ مۇسۇلمان ھالىتىدە ئۆلۈش، دىنىمدىن ۋاز كېچىپ ياشاشتىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا! ـ دەپ جاۋاب بېرىپ، تەمكىنلىك ئىچىدە شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى.

بۇ ئىمان لەززىتىنى بىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشىقلىرىدىن يۇنۇس ئەمرە ئاللاھ ۋە رەسۇلى يولىدا جان بېرەلەيدىغان بىر ئىشتىياق بىلەن ئاخىرەتتە ئەڭ چوڭ شاپائەتكە نائىل بولۇش ئارزۇسىنى ئۆز مىسرالىرىدا مۇنداق تىلغا ئالغان:

جېنىم قۇربان بولسۇن سېنىڭ يولۇڭدا،
ئىسمى گۈزەل، جىسمى گۈزەل مۇھەممەد!
قىيامەتتە شاپائەت قىلغىن مەندەك، كەمتەر بەندىگە،
ئىسمى گۈزەل، جىسمى گۈزەل مۇھەممەد!

**بىرى مائۇنە ۋەقەسى**

(ھىجرىيەنىڭ 4 ـ يىلى سەپەر ئېيى / مىلادىيە 625 ـ يىل 7 ـ ئاي)

رەجىي ۋەقەسى بولغان كۈنلەردە، نەجد دىيارىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئەبۇ بەرا قەبىلىسىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن مۇئەللىم تەلەپ قىلىپ رەسۇلۇللاھقا مۇراجىئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. ھەتتا ئۇلاردىن كەلگەن ھەدىيەلىرىنىمۇ قوبۇل قىلماي:

«مەن دوستلىرىم ھەققىدە نەجد ئەھلىدىن (ئۇلارنىڭ خىيانەتلىرىدىن) قورقىمەن!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەرا قەبىلىسى نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەبۇ بەرا نامىدا نەجددىكى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىردىنبىر ئەمىرگە ئايرىم بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇردى. كېيىن ئەسھابۇس سۇففەدىن ”قۇررا“ يەنى قارىلار دەپ ئاتالغان يەتمىش كىشىلىك مۇئەللىملەر ھەيئىتىنى تەييارلاپ، ئەبۇ بەرا بىلەن بىرلىكتە يولغا سالدى.

مۇئەللىملەر كارۋىنى مەدىنىگە تۆت قونالغۇ يىراقلىقتىكى بىئرۇل مەئۇنە دېگەن جايغا كەلگەندە، قورقۇنچلۇق بىر خىيانەتكە ئۇچرىدى. ئەبۇ بەرانىڭ جىيەنى ئامىر كۆپ قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن مەكتۇبنىمۇ ئوقۇمىدى. ئۆز قەبىلىسى ئەبۇ بەرا مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغاندا، ئۇسەييە، رەئل، زەكۋان، بەنى لىھيان قەبىلىلىرىنى ئالداپ مۇسۇلمانلارنى

قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئەمر ئىبنى ئۇمەييە قۇتۇلۇپ قالدى[157].

بۇ پاجىئەلىك كۈندە ھۇجۇم قىلغانلار ئارىسىدا بولغان جەببار ئىبنى سۇلما شۇ ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"مۇسۇلمانلاردىن مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ئامىر ئىبنى فۇھەيرگە نەيزەمنى سانجىدىم! نەيزەمنىڭ ئۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ دۈمبىسىدىن چىققانلىقىنى كۆردۈم! ئۇ ئاشۇ ھالەتتە تۇرۇپ:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، غەلىبە قىلدىم!" دېدى. ئۆز-ئۆزەمگە:

"نېمىنى غەلبە قىلدى؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىدۇممۇ؟" دېدىم. شۇ پەيتتە جەستى ئاسمانغا ئۆرلىدى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بۇ ۋەقە مۇسۇلمان بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 187-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 349-بەت)

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇ ساھابىلەرنىڭ شېھىد بولۇپ پەرۋەردىگارىغا ئۇچراشقانلىقىنى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىمۇ رازى قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى[158].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەلەر ئالدىدا قاتتىق غەمكىن بولۇپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. مۇبارەك قوللىرىنى ئاللاھقا كۆتۈرۈپ:

«ئى ئاللاھ! ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىسيان كۆتەرگەن رەئل، زەكۋان ۋە ئۇسەييە (قەبىلىلىرىگە) لەنەت قىلغىن!» دەپ ئۇدا بىر ئاي بامدات نامىزىدىن كېيىن دۇئا قىلدى (بۇخارى: «جىھاد»، 9، 19، «مەغازى»، 28؛ مۇسلىم: «مەساجىد»، 297)

مۇئمىنلەر غەمكىن بولۇپ كۆز ياش تۆكتى. مۇناپىق ۋە يەھۇدىلار قاتتىق خۇشال بولدى. ئۇلار ئوھۇدتىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن

157. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 184-بەت؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 125-دىن 130-بەتلەرگىچە.
158. بۇخارى: «جىھاد»، 9.

مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇھۇدتا ئۆزىنى كۆرستەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىچىگە پىسىغدۇرالمىغان ئۆچمەنلىكىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپ، خائىن پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇرۇشقا چىققاندا قىلغان خائىنلىقى يەتمىگەندەك، بۇيۇك پىداكارلىق كۆرستىپ بىر مۇنچە شېھىد بەرگەن مۇسۇلمانلارغا:

"ئۇ ئۆلگەنلەر بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىغان بولسا، ئۆلمىگەن بولاتتى" دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە قۇرئانى-كەرىم تەھدىت شەكلىدە جاۋاب بەردى:

الَّذِينَ قَالُواْ لإِخْوَانِهِمْ وَقَعَدُواْ لَوْ أَطَاعُونَا مَا قُتِلُوا قُلْ فَادْرَؤُوا عَنْ أَنفُسِكُمُ الْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ

**«(بۇ يەنە ئاللاھنىڭ) ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىمىغان (مۇناپىقلارنى ئايرىشى ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قېرىنداشلىرىغا: «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) بىزگە بويسۇنغان بولسا (يەنى نەسىھىتىمىزنى ئاڭلاپ ئۇرۇشتىن قايتقان بولسا) ئۆلتۈرۈلمەيتتى» دېدى. (ئى مۇھەممەد! بۇ مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى: «(ئەگەر ئۇرۇشقا چىقماسلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولسا) ئۆلۈمنى ئۆزەڭلاردىن دەپئى قىلىپ بېقىڭلار. ئەگەر (دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 168-ئايەت)

وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تَمُوتَ إِلاَّ بِإِذْنِ الله كِتَابًا مُّؤَجَّلاً

**«ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن. (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 145-ئايەت)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"رەسۇلۇللاھنىڭ بىئرۇل مەئۇنەدە شېھىد بولغان ساھابىلىرىگە كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، باشقا بىر نەرسىگە كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى

كۆرمىدىم“ دېگەن. (مۇسلىم: «مەساجىد»، 302) چۈنكى بىئرۇل مەئۇنە شېھىدلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسھابۇس سۇففەدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىي تەربىيىسى ئاستىدا يېتىشكەن قۇرئان ۋە سۈننەت مۇئەللىملىرى ئىدى.

رەجىي ۋە بىئرۇل مەئۇنە ۋەقەلىرى تەبلىغنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ تاللانغانلىرىنى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان خېيىم-خەتەرلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام تەبلىغچىسى قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ مۇھىم ۋەزىپە يولىدا شېھىد بولغان مۇجاھىدلارنى جانابى ئاللاھ مەدھىلەپ، ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭمۇ پەرۋەردىگارىدىن رازى بولغانلىقىنى بايان قىلغان[159].

## بەنى نەزىرنىڭ خائىن پىلانى

بىئرۇل مەئۇنە ۋەقەسىدىن قۇتۇلغان ئەمر ئىبنى ئۇمەييە مەدىنىگە قايتىش يولىدا، ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغان قەبىلىگە مەنسۇپ ئىككى كىشىنى ئۇخلاۋاتقاندا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى. ھالبۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولۇپ مەدىنىنى زىيارەت قىلىپ قايتقان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت بېرىش كېرەك ئىدى. ئىلگىرىكى ئەھدىنامىگە ئاساسەن، دىيەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ بەنى نەزىر تەرىپىدىن تۆلىنىشى شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بۆلۈك ساھابىلار بىلەن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا باردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئازلا كىشى بىلەن يانلىرىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بەنى نەزىر يەھۇدىلىرى بۇ ئەھۋالنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلىدى. تۆلەمنىڭ ئۆزىگە چۈشكەن قىسمىنى مەمنۇنىيەت

159. بۇخارى: «مەغازى»، 28، «جىھاد»، 9؛ مۇسلىم: «مەساجىد»، 297.

بىلەن ئۆتەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ پۇل تەييار بولغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر ئۆينىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئارىدا مېھمان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تېزدىن پىلانلىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. سۈيىملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سايىداپ ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئۈستىدىن يوغان بىر قىيا تاش تاشلاپ، ئۇنى مۇبارەك جېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى. ئۇ قەۋم بۇنىڭغا ئوخشايدىغان جىنايەتلەرنى بۇندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىلىرىگىمۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ئىشلاردا تەجرىبىلىك ئىدى.

شۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىزلا ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن تېزلا يىراقلاشتى. چۈنكى ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىگە ئەھۋالنى بىلدۈرگەن ئىدى. جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنى قوغداش بىلەن مۇئمىنلەرگە بولغان مەرھەمىتىنى مۇنداق ئەسلىتىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اذْكُرُواْ نِعْمَتَ اللّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ هَمَّ قَوْمٌ أَن يَبْسُطُواْ إِلَيْكُمْ أَيْدِيَهُمْ فَكَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ وَاتَّقُواْ اللّهَ وَعَلَى اللّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن (يەنى سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلەر. ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى، (يەنى سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى. يەنى سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى). ئاللاھتىن (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن) قورقۇڭلار. مۇئمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن.»** (مائىدە سۈرىسى، 11 ـ ئايەت)

سۈيىقەستنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولۇشىغا قارىماي، ئايەتتىكى ئىپادىنىڭ: "بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (يەنى سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى" دېگەن شەكىلدە كېلىشى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ جېنى ۋە ھاياتى ئورنىدا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ سۈيىقەست تەشەببۇسىنىڭ كەينىدىن ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوْمٍ خِيَانَةً فَانبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَى سَوَاء إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الخَائِنِينَ

**«ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن. (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويغىن). ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.»** (ئەنفال سۈرىسى، 58-ئايەت)

وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا وَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، وَإِن يُرِيدُواْ أَن يَخْدَعُوكَ فَإِنَّ حَسْبَكَ اللّهُ هُوَ الَّذِيَ أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ

**ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى.**
(ئەنفال سۈرىسى، 61-62-ئايەت)

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھدىنامىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، مەدىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. لېكىن مۇناپىقلار بۇ ئارىدا بىكار تۇرماي، مەدىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان بەنى نەزىرگە مەخپى خەۋەر يوللىدى. ئۇلارغا ناھايىتى چوڭ بىر توپ كىشىلەر بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، مەدىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەسلىكىنى ئېيتىپ،

ئۇلارنى كۈشكۈرتتى. بۇ مەخپى خەۋەرلىشىشنىمۇ ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

أَلَمْ تَر إِلَى الَّذِينَ نَافَقُوا يَقُولُونَ لِإِخْوَانِهِمُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَئِنْ أُخْرِجْتُمْ لَنَخْرُجَنَّ مَعَكُمْ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمْ أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلْتُمْ لَنَنصُرَنَّكُمْ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّهُمْ لَكَاذِبُون

**«مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب بۇرادەرلىرىگە: «يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز. ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 11-ئايەت)

مۇناپىقلارنىڭ كۈشكۈرتىشىگە ئىشەنگەن يەھۇدىلار خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقتى. ھالبۇكى، مۇناپىقلار ۋەدە قىلغان ياردەمنى قىلالمايتتى. بۇنى جانابى ئاللاھ مۇنداق ئاشكارىلىدى:

لَئِنْ أُخْرِجُوا لَا يَخْرُجُونَ مَعَهُمْ وَلَئِن قُوتِلُوا لَا يَنصُرُونَهُمْ وَلَئِن نَّصَرُوهُمْ لَيُوَلُّنَّ الْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ

**«ئەگەر ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىلسا مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ. بەرگەن تەقدىردىمۇ يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ. ئەھلى كىتاب ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ.»** (ھەشر سۈرىسى، 12-ئايەت)

چۈنكى مۇناپىقلار پىتنە-پاساتلار بىلەن مۇئمىنلەرگە ئورا كولىسىمۇ، مۇئمىنلەردىن ئاجايىپ قورقاتتى. بۇ ھەقىقەتنىمۇ ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً فِي صُدُورِهِم مِّنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ

**«شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھقا قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنچلۇقسىلەر (يەنى ئۇلار سىلەردىن ئاللاھتىن قورققاندىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ (ئۇلۇغلۇقىنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 13 ـ ئايەت)

بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمدى باشقا قىلىدىغان ئىش قالمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۇرتىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. باشقا يەھۇدىي قەبىلىسى بەنى قۇرەيزىمۇ ئەھدىنامىنى بۇزۇپ، بەنى نەزىرنىڭ يېنىدا يەر ئالدى[160].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشقانلىقىنى، يېڭىلگەندە بۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن تەرەپتىن باشلاپ يەھۇدىي ئۆيلىرىنىڭ بىر ـ بىردىن يىقىلىشىنى، خورما دەرەخلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ كېسىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلىشىنى بۇيرىدى. يەھۇدىلار:

"ئى مۇھەممەد! سەن پاساتتىن چەكلەپ ئۇنى قىلغانلارنى ئەيىبلەيتتىڭ. ئەمدى دەرەخلەرنى كېسىپ كۆيدۈرۈش قانداق ئىش؟" دەپ ۋارقىرىدى. يەھۇدىلارنىڭ بۇ سۆزلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىككىلەندۈرۈپ، ئەندىشىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا:

مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ اَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَٓائِمَةً عَلٰٓى

اُصُولِهَا فَبِاِذْنِ اللّٰهِ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِق۪ينَ

**«(ئى مۇسۇلمانلار! ) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە ئاللاھ رۇخسەت قىلىدۇ. (ئاللاھنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىلارنى) رەسۋا قىلىش**

160. بۇخارى: «مەغازى»، 14.

**ئۇچچۇندۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 5-ئايەت) دەپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئەندىشىلىرىنى يوقاتتى[161]. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە قارشى تەدبىر ئېلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلدۈردى.

تەخمىنەن يىگىرمە كۈندىن كېيىن بەنى نەزىر قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش چەمبىرىكى ۋە مۇناپىقلار تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان ياردەمنىڭ كەلمەسلىكى سەۋەبى بىلەن تەسلىم بولدى. رەسۇلۇللاھ بەنى نەزىرنى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلدى. بەنى قۇرەيزىنى يېڭى بىر ئەھدىنامىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جايلىرىدا قويۇپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلدى[162].

بەنى نەزىر يۇرتلىرىدىن چىقىشتىن بۇرۇن ساق قالغان ئۆيلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆرۈپ تاشلاپ، بىر قىسمى خەيبەرگە، بىر قىسمى شامغا كۆچتى[163].

ئاللاھتائالا بۇ غازاتتا مۆئمىنلەرگە بەرگەن ياردىمىنى تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن بايان قىلدى:

هُوَ الَّذِيٓ اَخْرَجَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ مِنْ دِيَارِهِمْ لِاَوَّلِ الْحَشْرِ مَا ظَنَنْتُمْ اَنْ يَخْرُجُوا وَظَنُّوٓا اَنَّهُمْ مَانِعَتُهُمْ حُصُونُهُمْ مِنَ اللّٰهِ فَاَتٰيهُمُ اللّٰهُ مِنْ حَيْثُ لَمْ يَحْتَسِبُوا وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ يُخْرِبُونَ بُيُوتَهُمْ بِاَيْدِيهِمْ وَاَيْدِي الْمُؤْمِنِينَ فَاعْتَبِرُوا يَٓا اُولِي الْاَبْصَارِ

**"ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كافىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى**

161. بۇخارى: «تەپسىر»، 2\59؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 192-بەت.
162. بۇخارى: «مەغازى»، 14؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 62.
163. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 191- دىن 194-بەتلەرگىچە؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 363-دىن 380-بەتلەرگىچە.

**ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ (ئازابىدىن) توسيالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار.»** (ھەشر سۈرىسى، 2-ئايەت)

بەنى نەزىردىن قالغان ماللارغا قورال ئىشلىتىلمەي قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن"پاي" ئاتىلىپ، قورال ئىشلىتىلىپ قولغا چۈشۈرۈلگەن غەنىيمەتلەرگە ئارلاشمىغان ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىندى:

مَآ اَفَآءَ اللّٰهُ عَلٰى رَسُولِهٖ مِنْ اَهْلِ الْقُرٰى فَلِلّٰهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبٰى وَالْيَتَامٰى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْاَغْنِيَآءِ مِنْكُمْ وَمَآ اٰتٰيكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهٰيكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ لِلْفُقَرَآءِ الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ اُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَاَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللّٰهِ وَرِضْوَانًا وَيَنْصُرُونَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ اُولٰٓئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ

**«ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى ئېچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى. پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار. پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. (ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال-مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئاللاھقا ۋە**

**ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر.»** (ھەشىر سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ـ كەرىمدە ئاللاھ ھەققى دەپ ئايرىلغان پاي (نېسۋە) كەبە ۋە باشقا مەسجىدلەرنىڭ رېمونت ئىشلىرى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆزىگە تەگكەن پاينى ساھابىلىرىنىڭ يوقسۇللىرىغا تارقىتىپ بەرگەن. بۇ پاينىڭ بۇ شەكىلدە تەقسىم قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى يۇقىرىدىكى ئايەتتە روشەن بايان قىلىنغاندەك، بايلىقنىڭ پەقەت مەلۇم كىشىلەرنىڭ قولىدا توپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلاردىكى پرىنسىپى ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشى، قولىدىكى نېمەتلەردىن پېقىر، ئاجىزلارنىمۇ پايدىلاندۇرۇشتۇر. بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تەبىقىلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئادىل بىر جەمئىيەت قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە باشقىلارنى بوزەك قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان بىر گورۇھ تېپىلمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىردىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلدى. ئەنسارلاردىن ئېھتىياجى بولغان ئۈچ كىشىدىن باشقىسىغا بەرمىدى. غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئەنسارلارغا خىتاب قىلىپ:

«خالىساڭلار ئىلگىرى مۇھاجىرلارغا بەرگەنلىرىڭلار ئۇلاردا قالىدۇ، سىلەرمۇ بۇ غەنىيمەتتىن پاي ئالىسىلەر. خالىساڭلار، بەرگەنلىرىڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلساڭلار بولىدۇ. بۇ غەنىيمەتنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا قالدۇرىسىلەر» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەنسارلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىين (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) بۇ گۈزەل جاۋابنى بەردى:

”ماللىرىمىز ۋە ئۆيلىرىمىزدىن بەرگەن نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالمايمىز، غەنىيمەتنىمۇ ئۇلارغا قالدۇرىمىز، ئۇلارغا شېرىك بولمايمىز“.

ئەنسارلار كۆرسەتكەن بۇ قېرىنداشلىق مەنزىرىسى، تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىدىن بىرى بولدى:

وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُا الدَّارَ وَالْاِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ اِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّآ اُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلٰٓى اَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهٖ فَاُولٰٓئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئۇلار موھتاج تورۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى)دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە ھەشر، 9-ئايەت. رازى: 29-جىلد، 250-بەت؛ قۇرتۇبى: 18-جىلد، 25-بەت)

### ھاراق ۋە قىمارنىڭ چەكلىنىشى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھاراق، قىمار ھەققىدىكى ھۆكۈملەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلماي مەلۇم بىر ھېكمەت بىلەن كېيىنگە قالدۇرۇلغان. ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشى تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن كېيىن بېكىتىلدى:

1. مەككىدە:

وَمِنْ ثَمَرَاتِ النَّخِيلِ وَالْاَعْنَابِ تَتَّخِذُونَ مِنْهُ سَكَرًا وَرِزْقًا حَسَنًا اِنَّ فِي ذٰلِكَ لَاٰيَةً لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ

**«(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى،) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى**

**ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.»** (نەھل سۈرىسى، 67-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەتتە خورما ۋە ئۈزۈمدىن ئىسىل يېمەكلىكلەردىن پەرقلىق ھالدا مەست قىلىدىغان بىر ماددىنىڭمۇ چىقىرىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ، گۈزەل، ئىسىل بىر ئىچىملىك ھېسابلانمايدىغانلىقى ھېس قىلدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چەكلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ مەككە دەۋرىدە ھاراق ھەققىدە باشقا ئايەت نازىل بولمىغان.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھجرەت قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئاساسەن، ئاللاھتائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

يَسْئَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَٓا اِثْمٌ كَبِيرٌ
وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَاِثْمُهُمَٓا اَكْبَرُ مِنْ نَفْعِهِمَا

**«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ. سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار. لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن.»** (بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاراقنى تاشلىدى، بىر قىسمى ئىچىۋەردى.

3. ساھابىلاردىن بىرى شام نامىزىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىر ئايەتنى مەنا بۇزۇلىدىغان دەرىجىدە خاتا ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَقْرَبُواْ الصَّلاَةَ وَأَنتُمْ سُكَارَى حَتَّىَ تَعْلَمُواْ مَا تَقُولُونَ

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار.» (نىسا سۈرىسى، 43-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن ھاراق ئىچىدىغانلار بەكلا ئازايدى. ناماز ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى:

"مەست بولغانلار قەتئىي نامازغا يېقىنلاشمىسۇن !" دەپ توۋلىدى.

مۇسۇلمانلار ئەمدى ھاراقنىڭ كەسكىن چەكلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە بۇنىڭغا تەييار تۇردى.

4. نىھايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ھاراقنى تاشلىدى. بەزىلىرى ھاراق يۈزىدىن ئۇچرىغان ناخۇش ھاللىرىدىن ئىزتىراپتا ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى ئاللاھ! ھاراق ھەققىدە بىزگە ئوچۇق ۋە كەسكىن بىر ھۆكۈم قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلدى. ھاراق زىياپىتىنىڭ كەينىدىن چىققان قالايمىقانچىلىق بىلەن ھاراقنىڭ يامانلىقى تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ھەقتىكى چەكلىمە ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدىغان دەرىجىدە شارائىت تەييارلاندى. بۇ ئەھۋال ئىلاھىي چەكلىمىنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب شەكىللەندۈردى. ئاللاھتائالا:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوٓا اِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْاَنْصَابُ وَالْاَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ
عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ اِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ اَنْ يُوقِعَ
بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَآءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ
عَنْ ذِكْرِ اللّٰهِ وَعَنِ الصَّلٰوةِ فَهَلْ اَنْتُمْ مُنْتَهُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن قىماردىن) يانامسىلەر؟.»** (مائىدە سۈرىسى، 91-90-ئايەت)

دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ، بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى: "ئەمدى (ھاراقتىن قىماردىن) يانامسىلەر (ۋاز كەچمەمسىلەر)؟" دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۆمەر:

"ۋاز كەچتۇق! ۋاز كەچتۇق ئى رەببىم!" دېدى. يالغۇز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا ئەمەس، پۈتۈن مۇسۇلمانلارمۇ:

"ئەمدى ھاراقتىن، قىماردىن ۋاز كەچتۇق ئى رەببىمىز!" دېدى.

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر جاكارچى:

"خەۋەرىڭلار بولسۇنكى، ھاراق ھارام قىلىندى!" دەپ جاكارلىدى.

تۇلۇم كۈپلىرىنىڭ چېقىلىشى بىلەن ھاراقلار مەدىنە كوچىلىرىدا سەلگە ئوخشاش ئاقتى!

بۇ چەكلىمە ئايىتىدىن كېيىن، ھاراق ئىچىدىغان مۇسۇلمانلار قوللىرىدىكى شارابلارنىڭ ھەممىسىنى يۆقۇتۇپ، قايتا ئىچمىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ، ھاراققا، ئۇنى سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، ئىچكۈچىگە، ئىچتۈرگۈچىگە، توشىغۇچىغا، توشۇلغۇچىغا (زاكاس قىلغۇچى) ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، پايدىسىنى يېگۈچىگە لەنەت قىلدى!» دېدى.
(ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 53 ـ بەت، 2 ـ جىلد، 351 ـ بەت؛ نەسەئى: «ئەشرىبە»، 1 ـ ؛ ھاكىم: 2 ـ جىلد، 305/3101)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەرگە ساقىلىق قىلىۋاتقان (ھاراق قويۇپ بېرىۋاتقان) ۋاقتىمدا ھاراق ھارام قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جاكارچىغا ئۇنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىشنى بۇيرىدى. بىز ئۆيىدە ئىدۇق، بىر جاكارچىنىڭ ئاۋازى كەلدى. ئەبۇ تەلھە:

"سىرتقا چىقىپ قاراپ باق، شۇ ئاۋاز نېمە ئاۋازكەن؟" دېدى. چىقىپ قارىدىم:

”بىر جاكارچى: ”دىققەت! دىققەت!: ھاراق ھارام قىلىندى!“ دەپ ئىدا قىلىۋاتىدۇ“ دېدىم.

ئۇ ماڭا:

”ئۇنداقتا بېرىپ ئۇنى تۆك!“ دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەدىنە كوچىلىرىدا ھاراق سەلدەك ئاقتى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 5/11)

بۇ ۋەقە ساھابە-كىرامنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىكى كەسكىنلىكىگە گۈزەل بىر مىسالدۇر. ئېتىراز ۋە ئۆزرە بىلدۈرمەي، دەرھال قوللىرىدىكى ھاراق تولۇملىرىنى تۆكۈپ، بۇ ئىلاھىي بۇيرۇققا شەرتسىز بويسۇنۇپ، چىن كۆڭلىدىن ئىتائەت قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يۈگۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مەست قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارام. كۆپى مەست قىلغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارامدۇر» (ئىبنى ماجە: «ئەشرىبە»، 10؛ نەسەئى: «ئەشرىبە»، 24، 48)

«ھاراق ھەر يامانلىقنىڭ بېشىدۇر» (ئەھمەد: 5-جىلد، 238-بەت)

«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى ھاراق بولغان داستىخاندا ئولتۇرمىسۇن!» (تىرمىزى: «ئەدەب»، 43/2801)

«ئۈممىتىمدىن بىرمۇنچە كىشىلەر ھاراققا باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىدۇ!» (ئەھمەد: 4-جىلد، 237-بەت)

ھاراق ۋە قىمارنىڭ چەكلىنىشىدە، تەدرىجى ئۇسلۇبىنىڭ قوللىنىلىشى ئىسلامدا يامانلىق بىلەن بولغان كۈرەش مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاللاھتائالا ئەزەلى ۋە ئومۇمى ئىلىم ئىگىسى بولۇشىغا قارىماي، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بېكىتكەندە، خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ تاقىتى ۋە بۇ ھۆكۈمگە كۆنۈشتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭ ئەھمىيەتلىك نامايەندىسى ئېتىقادقا ئائىت ئايەتلەرنىڭ قۇرئانى-كەرىمنىڭ بۈگۈنكى تەرتىپىگە زىت بىر سۈرەتتە، مەككە دەۋرىدە نازىل بولغانلىقىدۇر. قۇرئانى-كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىنىشتىن بۇرۇن لەۋھۇل

مەھفۇزدا مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ يەردە ئۇنىڭ نازىل بولۇشتىكى ئىلگىرى، كېيىنلىكى ئەلۋەتتە مەلۇم مەقسەتتىن كېلىپ چىققانلىقى چۈشىنىشلىكتۇر.

بۇ مەقسەت ئىنساننىڭ قۇرئانى-كەرىمگە ئەگىشىشىدىكى مۇستەھكەملىكى ۋە بۇنىڭدىكى تەرەققىياتنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت. خۇددى بىر بوۋاق بالىغا قويۇلىدىغان تەكلىپلەر چوڭ بولغانسىرى كۆپەيتىلگىنىدەك...

سائادەت ئەسرىدە تەتبىقلانغان تەدرىجىلىك پرىنسىپى ئىلاھىي مەرھەمەت نامايەندىسى سۈپىتىدە جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن قويۇلغان بىر ئىلاھى قانۇندۇر. بۇ قانۇنىيەت ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشتا ھەرقانداق ۋاقىت ئۈچۈن سالاھىيەتلىك بىر مېتود بولغانلىقىغا ئوخشاش، ئىنسان رىئاللىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگىمۇ مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلدۇر. چۈنكى ئىسلامغا ئالدى بىلەن ئېتىقادنى تۈزەش بىلەن كىرىلىدۇ. ئۇ ھەزىم قىلىنغاندىن كېيىن نۆۋەت ئەمەللەرگە كېلىدۇ. ئەمەللەرنى ئورۇنلاش ھەققىدە ئىنسان تاقىتىگە كۆرە بىر تەدرىجىلىككە رىئايە قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال پەقەت ئىسلامنىڭ تەبلىغى ئۈچۈن ئەمەس، ھەرتۈرلۈك بىلىم ۋە يول كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ سالاھىيەتلىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىغان ئىلاھىي تەبلىغلەردىمۇ ئېتىقاد ھۆكۈملىرى ئۆزگەرمەي قېلىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ھۆكۈملەردە شۇ جەمئىيەتكە لايىق قائىدە-تۈزۈملەر يولغا قويۇلۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. بۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن. بۇ ئالاھىدىلىك ئىنسان تەبىئىتىنى دىققەتكە ئېلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## زاتۇر رىقا غازىتى[164]

(ھىجرىيەنىڭ 5-يىلى مۇھەررەم ئېيى / مىلادى 625-يىل 6-ئاي)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەتافان قەبىلىسىدىن بەنى مۇھارىب جەمەتى ۋە بەنى سەئلەب جەمەتىنىڭ بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى.

مۇئمىنلەرنى ئالدىلىرىدا كۆرگەن مۇشرىكلار قورقۇپ چېكىندى. بىر مۇددەتتىن كېيىن مۇئمىنلەر ۋاقتى كىرىپ قالغان پېشىن نامىزىنى ئادا قىلدى. يىراقتىن بۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان دۈشمەن بۇ ئەھۋالغا ئېچىنىپ ناماز جەريانىدا ھۇجۇم قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئىچىلىرىدىن بىرى:

"ئەپسۇسلانماڭلار! ئۇلارنىڭ بىر نامىزى باركى، ئۇلار ئۇنى دادىلىرى ۋە بالىلىرىدىنمۇ قىممەتلىك. بۇ ناماز "ئەسىر نامىزىدۇر" دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈتۈشكە باشلىدى.

جانابى ئاللاھ بۇ ئەسنادا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، دۈشمەنىنىڭ پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇرغان شۇ ئىلاھىي بۇيرۇقنى بەردى:

وَاِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَاَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلٰوةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَاْخُذُوٓا اَسْلِحَتَهُمْ فَاِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِنْ وَرَآئِكُمْ وَلْتَاْتِ طَآئِفَةٌ اُخْرٰى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَاْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَاَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذٖينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ اَسْلِحَتِكُمْ وَاَمْتِعَتِكُمْ فَيَمٖيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ اِنْ كَانَ

164. غازات ۋە تەرجىمھال تارىخچىلىرى بۇ غازاتنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان. ئىمام بۇخارى ئۇنى خەيبەر غازىتىدىن كېيىن بولغان دەپ قارايدۇ. لېكىن ئىبنى ئىسھاق ئۇنىڭ بەنى نەزىر غازىتىدىن كېيىن بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنى ھىجرىيىنىڭ 4-يىلى خەندەك غازىتىدىن كېيىن بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار.

بِكُمْ اَذًى مِنْ مَطَرٍ اَوْ كُنْتُمْ مَرْضٰىٓ اَنْ تَضَعُوٓا اَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُوا حِذْرَكُمْ

اِنَّ اللّٰهَ اَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن. قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن. سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن. (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن. (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىز) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممەڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا، ياكى كېسەل بولساڭلار (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.»** (سۈرە نىسا، 102ـ ئايەت؛ تىرمىزى، «تەپسىر»، 4/3035)

بۇنداق ئوقۇلغان ناماز "صلاة الخوف" "سالاتۇل خەۋف" "قورقۇ نامىزى" دېيىلدى[165]. قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۆگەتتى. ئۇ

165. قورقۇ نامىزى: دۈشمەن ھۇجۇمىغا ئۇچراش خەتەرلىك ئەھۋالدا جامائەت ئىككى گۇرۇپپا ئايرىلىپ ئادا قىلىنىدىغان ناماز. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار نامازنى تۆۋەندىكىدەك ئوقۇدى: بىر بۆلۈك ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نامازغا تۇردى، قالغان ساھابىلەر دۈشمەن

كۈنى ئەسىر نامىزى ئاشۇنداق ئادا قىلىندى ۋە ھۇجۇم ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان دۈشمەنلەرنىڭ كۈتىشمۇ بىكارغا چىقتى. بۇ سەپەر ئون بەش كۈنگىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ قورقۇپ چېكىنىشى بىلەن ئاياقلاشتى[166].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىققان ئىدۇق. بىر تۆگىگە ئالتە كىشى نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق. كۆپ ماڭغانلىقتىن پۇتلىرىمىز يېرىلىپ كەتتى. مېنىڭمۇ پۇتلىرىم يېرىلىپ، تىرناقلىرىم چۈشۈپ كەتتى. پۇتلىرىمىزغا رەخ پارچىلىرى يۆگىۋالغان ئىدۇق. بۇ رەخ پارچىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇ سەپەرگە "زاتۇر رىقا" دەپ ئىسىم بېرىلدى".

بۇ ۋەقەنى نەقىل قىلغان ئەبۇ بۇردە مۇنداق دەيدۇ:

"ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بۇلارنى سۆزلىدى، لېكىن كېيىن قىلغانلىرىدىن ئەپسۇسلىنىپ: "بۇلارنى سۆزلەپ ياخشى قىلمىدىم" دەپ، ئۆزىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ھەرھالدا ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان بىر يېگىتلىكنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 31)

---

تەرەپتە ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن تۇرغان ساھابىلەر بىلەن بىللە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە قىيامدا ئۆرە تۇردى، كەينىدىكى ساھابىلار ئۆزلىرى ئىككىنچى رەكئەتنى تاماملاپ، جەڭ مەيدانىغا قايتىپ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئورنىدا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى ساھابىلار كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن قالغان ئىككىنچى رەكئەتنى ئوقۇدى ۋە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى كەم قالغان بىر رەكئەتنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىللە سالام قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ تۇردى، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نامازا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تۆت رەكئەت، ساھابىلار ئۈچۈن ئىككى رەكئەت بولدى.

166. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 214-دىن221-بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 61-بەت.

يوقسۇزلۇق ۋە ئىمكانسىزلىق ساھابىلارنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن توسۇپ قالالمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى مەخپىي تۇتۇشقا ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىدا چەككەن ئازابلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى، پەقەت زۆرۈر بولغاندا ۋە بىر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ئىبرەت ئېلىنىشى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئەمەل قىلىنىشى ياكى ئىزتىراپلىق ئەھۋاللارغا تەسەللى بولۇشى ئۈچۈنلا سۆزلەيتتى.

بۇ سەپەر جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلدى. لېكىن ھېچكىمدە سۇ تېپىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرىنى ئاستىدا ناھايىتى ئاز سۇ قالغان بىر قاچىغا تىقىشى بىلەن بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ سۇ بىلەن پۈتۈن قوشۇن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى (تولۇملىرىغا قاچىلىدى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى چىقارغاندا قاچا لىپمۇ-لىق سۇ بىلەن تۇراتتى[167].

زاتۇر رىقا غازىتىدىن قايتىۋاتقاندا، چۈش ۋاقتى دەرەخلىك بىر يەرگە كەلگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر ئاز ئارام ئېلىش ۋاقتى بەردى، مۇجاھىدلارمۇ سايىداش ئۈچۈن ئەتراپقا تارقالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "سەمۇرە" دەپ ئاتالغان قويۇق يوپۇرماقلىق بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ، قىلىچىنى شۇ دەرەخكە ئېسىپ قويدى. ساھابىلار بىر ئاز ئۇخلىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارنى چاقىرغان ئاۋازى بىلەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىدە، ئۇ يەردە بىر بەدەۋىينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەن ئۇخلاۋاتقاندا بۇ بەدەۋى قىلىچىمنى ئېلىپ، ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا قىلىچنى غىلىپىدىن چىقىرىۋاتقان بىر ئەھۋالدا ئىدى. ماڭا:

---

167. بۇخارى: «ۋۇزۇئ»، 32، «مەناقىب»، 25؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 5.

ـ سېنى ھازىر مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ـ دېدى. مەن ئۈچ قېتىم: «ئاللاھ!» دەپ جاۋاب بەردىم. (بۇخارى: «جىھاد»، 84، 87؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 13)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جېنىغا قەست قىلماقچى بولغان بۇ بەدەۋىنى جازالىمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بۇ مۇئامىلىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بەدەۋى قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتقاندا:

ـ مەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن ـ دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. (ھاكىم: 3ـ جىلد، 31/4322)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىش يولىدا بىر قونالغۇغا چۈشكەندە:

ـ بۇ كېچە بىزگە كىم كۆزەتچىلىك قىلىدۇ؟ـ دەپ سورىدى.

مۇھاجىرلاردىن ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئەنسارلاردىن ئەبباد ئىبنى بەشىر:

ـ بىز قىلىمىز ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى.

ئەبباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەممارغا:

ـ سەن كېچىنىڭ قايسى قىسمىدا تۇرۇشنى خالايسەن؟ بېشىدىمۇ ياكى ئاخىرىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاخىرقى قىسمىدا تۇراي. ـ دەپ، يانچە يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەبباد ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ پەيتتە بىر مۇشرىك كەلدى ۋە كۆزەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر ئوق ئاتتى. ئوق ئەببادقا تەگدى. ئەبباد ئوقنى چىقىرىۋېتىپ نامازنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇ مۇشرىك ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئوقنى ئېتىپ تەككۈزدى. ھەرقېتىمدا ئەبباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئوقلارنى چىقىرىپ تاشلاپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇ ھالەتتە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلدى. سالام بەرگەندىن كېيىن قېرىندىشىنى ئويغۇتۇپ:

_ ”تۇر! مەن يارىلاندىم! ـ دېدى. ئەممار چاچراپ تۇردى. مۇشرىك ئۇلارنى كۆرىشى بىلەن ئۆزىنى تۇيۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قېچىپ كەتتى. ئەممار ئەببادنىڭ قان ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ سۇبھانالLاھ! تۇنجى ئوق تەككەندە مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ؟! ـ دېدى.

ئەبباد نامازغا بولغان ئىشتىياقىنى كۆرسەتكەن شۇ جاۋابنى بەردى:

ـ بىر سۈرە ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى تۈگەتمەي، نامازنى بۇزۇشنى خالىمىدىم. لېكىن ئوقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەندە ئوقۇشنى توختۇتۇپ، رۇكۇغا باردىم. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوغداشنى بۇيرىغان بۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش ئەندىشىسى بولمىغان بولسا، سۈرىنى يېرىمدا تاشلاپ نامازنى كېسىشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرەتتىم“ (ئەبۇ داۋۇد: «تاھارەت»، 78/198؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 344 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 219 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 1 ـ جىلد، 397 ـ بەت)

سەپەر جەريانىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىسى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدە قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى جابىر! ساڭا نېمە بولدى؟ كەينىدە قالدىڭ؟» دەپ سورىدى.

ھەزرىتى جابىر ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز كىچىك بىر تاياقچە ئېلىپ تۆگىنى بىر قانچە قېتىم يېنىك نوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان ئەھۋالغا كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ماڭدى. بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ يېڭى توي قىلغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن قەرزى بارلىقىنى بىلگەن رەسۇلۇللاھ جابىردىن قولىدا مال ھېسابلىنىدىغان نېمە بارلىقىنى سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ يالغۇز تۆگىسىدىن باشقا نەرسىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆگىسىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە بارغىچە مىنىش شەرتى بىلەن ساتتى. مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا تۆگىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلغان ۋە باشقا كىشىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرغان بىر مۇئامىلە بىلەن ئۇچراشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ پۇلىسىنى بەرگەندەك تۆگىنىمۇ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى. (بۇخارى: «جىھاد»، 49، «بۇيۇئ»، 34؛ مۇسلىم: «مۇساقات»، 109)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئۇنى ماڭا ھەدىيە قىلغان ۋاقىتدا، تونۇش بىر يەھۇدىيغا ئۇچراپ قالدىم. بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. يەھۇدىي ھەيرانلىق بىلەن: "دېمەك تۆگەڭنىڭ ھەققىنى ساڭا بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلۋەتتىمۇ؟!" دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. مەنمۇ ھەر قېتىمقىسىغا: "ھەئە!" دەپ جاۋاب بەردىم. (ئەھمەد: 3-جىلد، 303-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئەخلاقى، مەرتلىكى مۇسۇلمانلارنى شۇ دەرىجىدە تەسىرلەندۈرگەن ئىدىكى، ئۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كېچە "ليلة البعير" "لەيلەتۇل بەئىير" يەنى "تۆگە كېچىسى" دەپ، ئەسلىنىدىغان بولدى.

## كىچىك بەدىر غازىتى

(ھىجرىيىنىڭ 4-يىلى زۇلقەئدە ئېيى/ مىلادى 626-يىلى 4-ئاي)

ئۇھۇدتا قىلىنغان ئەھدىنامىگە ئاساسەن، مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر يىلدىن كېيىن قايتا ئۇرۇشاتتى. بۇ ئەھدە سەۋەبىدىن ئەبۇ سۇفيان قوشۇنىنىڭ بېشىدا "مەررۇ زەھران" دېگەن جايغا كەلگىچە كەلدى. يۈرىكىنى قورقۇنچ بېسىۋېلىپ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۆز غۇرۇرىنى پەسكە چۈشۈرۈشنى خالىمىغانلىقتىن مەدىنىگە بىر ئادەم يوللىدى.

ئۆزىنىڭ بۈيۈك بىر قوشۇن بىلەن يولغا چىققانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ئەقلىچە، مۆئمىنلەرنى قورقۇتۇپ ئۇرۇشقا چىقماسلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

خەۋەر مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا پۈتتۈرۈپ، يولغا چىقىش بۇيرۇقىنىمۇ بېرىپ بولغان ئىدى. خەۋەرچى ئەبۇ سۇفياننىڭ قورقۇپ كەينىگە چېكىنگەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن، مۇسۇلمانلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۇرۇشتىن قورقۇتۇپ يولغا چىقىشنى توسۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلدى. ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان يالغاننىڭ ئۈستىگە يەنە يالغاننى قوشۇپ، ئەگەر مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەر بىلەن شەھەر سىرتىدا ئۇرۇشىدىغان بولسا ئاقىۋەتنىڭ ئىنتايىن يامان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ چۈشۈپ، سەپەرگە چىقىشنى خالىمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«جېنىم قۇدرەت ئېلىكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، يېنىمدا ھېچكىم بولمىسىمۇ، مەن يالغۇز بەدرىگە بارىمەن!» شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىپ، قەلبىگە مۇستەھكەملىك ئاتا قىلدى. (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 59 - بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 386-387-بەتلەر)

نىھايەت، مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەدرىگە باردى. لېكىن دۈشمەندىن ھېچبىر ئىز يوقتى. ئۇ يەردە پەقەت سودا ئۈچۈن تىكىلگەن بىر قانچە چېدىردىن باشقا نەرسىنى ئۇچراتمىدى. بۇ ئەھۋالدا مۆئمىنلەرگە تىجارەتتىن باشقا قىلىدىغان بىر ئىش قالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىردە سەككىز كۈن ئەبۇ سۇفيان ۋە قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتكەندىن كېيىن بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىماي، قولغا كىرگەن تىجارەت پايدىسى بىلەن مەدىنىگە قايتتى[168].

168. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 221-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 59-بەت؛ ۋاقىدى: 1-جىلد، 384-389-بەتلەر.

مۇئمىنلەرنىڭ بۇ جاسارىتى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق مەدھىيلەنگەن:

اَلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ اِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ اِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ فَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللّٰهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوٓءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللّٰهِ وَاللّٰهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ

**«(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى. ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 173-174-ئايەتلەر)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: "بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!" دېگەن سۆزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا دېگەن. پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ سۆزنى: "بېشىڭلارغا كەلگەن ئىشقا چارە تېپىڭلار" دېيىلگەندە ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى كۈچەيگەن ۋە ھەممىسى بىرلىكتە: "بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!" دەپ، ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى ۋە تەسلىم بولۇش روھىنى كۆرسەتكەن[169].

169. بۇخارى: «تەپسىر»، 3/13.

# ھىجرەتنىڭ بەشىنچى يىلى

## سەلمان فارىسنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ھۆرلۈككە ئېرىششى

مەدىنىلىك بىر يەھۇدىينىڭ قۇلى بولغان سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئىسلام نېمىتىگە نائىل بولغىچە يۈز بەرگەن ئىبرەتلىك ھېكايىسىنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:

"مەن ئىسپاھاننىڭ "جەي" دېگەن يېزىسىدا ياشايتتىم. دادام يېزىمىزنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتتا ئەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى مەن ئىدىم. بۇ ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش سەۋەبىدىن مېنى يېنىدىن ئايرىمايتتى، قىز بالىدەك داۋاملىق ئۆيدە تۇتۇپ، سىرتقا چىقارمايتتى. دادامنىڭ دىنى بولغان مەجۇسىلىققا (ئاتەشپەرەسلىككە) شۇ قەدەر كىرگەن ئىدىمكى، گۈلخانغا قاراش، ئوت يېقىش ئىشلىرىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. گۈلخاندىكى ئوتنىڭ بىردەم بولسىمۇ ئۆچۈپ قېلىشىغا رۇخسەت بەرمەيتتىم. دادامنىڭ چوڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالدى. ماڭا:

"ئوغلۇم! مەن بۈگۈن بۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولىمەن، ئېتىزغا بارالمايمەن. ئۇ يەرگە سەن بارغىن!" دېدى ۋە بىر قىسىم ئىشلارنى دېدى. كېيىن ماڭا:

"ئوغلۇم ئۇ يەردە دەلدەڭشىپ يۈرۈپ، مېنى ئەنسىرەتمە! ئەگەر كېچىكىپ قالساڭ سەندىن ئەنسىرەپ كېتىمەن ۋە بۇ يەردىكى ئىشلىرىممۇ پۈتمەيدۇ!" دېدى.

ئېتىزغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. بىر خىرىستىئان چىركاۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم ۋە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. دادام مېنى داۋاملىق ئۆيدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن سىرتتا ئىنسانلارنىڭ

نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ سەۋەبتىن قىزىقىپ، نېمە قىلىدىغاندۇ بىر كۆرەيچۇ، دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلارنىڭ قىلۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزەمگە: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشىكەن“ دېدىم. كۈن پېتىپ كەتكىچە ئۇ يەردىن ئايرىلماي ئېتىزلىققىمۇ بارمىدىم. ئۇلارغا:

- بۇ دىنىنىڭ ئەسلى قەيەردە؟ - دەپ سورىدىم:

- شامدا - دېيىشتى. كەچتە دادامنىڭ يېنىغا قايتتىم. دادام ئىشلىرىنى تاشلاپ كەچ بولغىچە مېنى ئىزدەتكۈزۈپتۇ. يېنىغا بارغىنىمدا:

- ئوغلۇم! نەدە ئىدىڭ؟ مەن ساڭا نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى سۆزلىمىگەنمىدىم؟ - دېدى.

ئۇنىڭغا:

- دادا! چىركاۋدا ئىبادەت قىلىۋاتقان بەزى كىشىلەرگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى كۆرۈپ، بەكلا ياقتۇرۇپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كۈن پاتقىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدىم - دېدىم.

دادام:

- ئوغلۇم، ئۇ دىندا ياخشىلىق يوق. سېنىڭ ۋە ئاتا-بوۋاڭنىڭ دىنى ئۇنىڭدىن ياخشى - دېدى.

دادام قېچىپ كېتىشىمدىن قورقۇپ پۇتۇمغا زەنجىر باغلاپ ئۆيگە سولاپ قويدى. چىركاۋدىكى خرىستىئانلارغا:

- يېنىڭلارغا شامدىن بىر تىجارەت كارۋىنى كەلگەندە ماڭا خەۋەر قىلىڭلار - دەپ، ئادەم ئەۋەتتىم. شامدىن خرىستىئان تىجارەتچىلەر كەلگەندە ماڭا خەۋەر قىلدى. پۇتۇمدىن زەنجىرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شامغا يولغا چىقتىم. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا:

- دىنى ئالىملارنىڭ ئىلىم جەھەتتە ئەڭ يۇقىرىسى كىم؟ - دەپ سورىدىم.

- چىركاۋدىكى پاپا - دېدى. يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

ـ مەن بۇ دىنغا كىرىپ، سىنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ، چىركاۋدا خىزمەت قىلىشنى، خرىستىئانلىقنى سەندىن ئۆگىنىشنى ۋە سەن بىلەن بىرلىكتە ئىبادەت قىلىشنى خالايمەن ـ دېدىم.

ماگا:

ـ چىركاۋغا كىر! ـ دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىچكىرىگە كىردىم. شام پاپىسى ئەسكى بىر ئادەم بولۇپ، خرىستىئانلارغا سەدىقە بېرىشنى بۇيرۇپ، توپلانغان نەرسىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن توپلاپ، يوقسۇللارغا ھېچنەرسە بەرمەيتتى. ھەتتا مۇشۇنداق قىلىپ يەتتە كۈپ ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلىغان ئىدى. قىلغانلىرىنى كۆرگەنچە ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئاخىرىدا ئۇ ئادەم ئۆلدى. خرىستىئانلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن جەم بولدى. ئۇلارغا:

ـ بۇ يامان بىر ئادەم ئىدى. سەدىقە بېرىشىڭلارنى بۇيرۇپ، تەشۋىق قىلاتتى، سىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن يىغىپ، يوقسۇللارغا ھېچنەرسە بەرمەيتتى! ـ دېدىم.

ماگا:

ـ سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇلارغا:

ـ سىلەرگە ئۇنىڭ خەزىنىسىنى كۆرسىتىپ قويالايمەن ـ دېدىم.

كۆرسەتكەن يېرىمدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان يەتتە كۈپنى چىقاردى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپلا:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى ھەرگىزمۇ كۆممەيمىز" دېيىشىپ، ئۆلۈكنى ئېسىپ تاش ـ كېسەك قىلدى! ئۇنىڭ ئورنىغا چىركاۋغا باشقا بىر پوپ ئېلىپ كەلدى. بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇمايدىغانلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن پەزىلەتلىك، دۇنيانى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەس سانايدىغان، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىدىغان بىر كىشىنى كۆرمىدىم. كېيىن بۇ كىشى سەكراتقا چۈشتى. ئۇنىڭغا:

"ئى پالانى! مەن سېنىڭ يېنىڭدا تۇردۇم، سەندىن بۇرۇن ھېچكىمنى، سېنى ياخشى كۆرگىنىمدەك ياخشى كۆرمىدىم! كۆرۈپ تۇرۇۋېسەنكى، ساڭا ئاللاھنىڭ ئەجىلى كېلىش ئالدىدا. ماڭا نېمە ئىش قىلىشىمنى ۋە كىمنىڭ يېنىغا كېتىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن؟" دېدىم.

"ئوغلۇم! بۈگۈن مېنىڭ يولۇمدا مېڭىۋاتقان بىر كىشىنى بىلمەيمەن. سالىھ ئىنسانلار ئۆلۈپ كەتتى. ھاياتلىرى بولسا دىنىنىڭ بۇرۇندىن تەتبىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، كۆپىنچىسىنى تەركەتتى. پەقەت مەۋسىلدا بىر كىشى بار. ئۇ مېنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولۇم ئۈستىدە. سەن ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن!" دېدى.

بۇ مۆھتەرەم كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەۋسىلدىكى دوستىنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ۋەسىيتى بىلەن "نەسىيبىن" دىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن "ئەمۇرىيە" دىكى زاتنىڭ يېنىغا باردىم. ئەمۇرىيەدە ئاز-تولا پۇل تاپتىم، ھەتتا بىرئاز تاۋارلىرىم ۋە كالىلىرىممۇ بولدى. ئاخىرىدا بۇ كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئەجىلى يېتىپ كەلدى:

"ئوغلۇم! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلاردىن يېنىغا كېتىشىڭنى بۇيرۇپ، تەۋسىيە قىلىدىغان، بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە بولغان ھېچكىمنى تونۇمايمەن! ئەمما ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىشى بەكمۇ يېقىنلاشتى، ئۇ پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئۈستىدە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ ئەرەب زېمىنىدا ئاشكارا بولىدۇ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى خورما باغلىرى بولغان بىر يەرگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ ھەدىيە قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن سەدىقە يېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار. ئەگەر ئۇ دىيارلارغا بېرىشقا كۈچۈڭ يەتسە بار، دەرھال يولغا چىق!" دېدى.

نىھايەت، ئۇمۇ ئۆلدى. ئاللاھ خالىغان بىر مۇددەت ئۇ يەردە تۇردۇم. كېيىن بەنى كەلب قەبىلىسىدىن بەزى تىجارەتچىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارغا:

"مېنى ئەرەب دىيارىغا ئاپىرىڭلار، مەنمۇ بۇنىڭ بەدىلىگە شۇ تاۋارلىرىم ۋە كالىلىرىمنى سىلەرگە بېرەي" دېدىم، قوبۇل قىلدى. ماللىرىمنى ئۇلارغا بەردىم، ئۇلار مېنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ۋادىل قۇراغا بارغىنىمىزدا ماڭا زۇلۇم قىلىپ، قۇل ئورنىدا بىر يەھۇدىيغا سېتىۋەتتى. يەھۇدىينىڭ يېنىدا بىر مۇددەت قالدىم. ۋادىل قۇرادىكى خورما دەرەخلىرىنى كۆرۈپلا: "بۇ يەر ئەمۇرىيەدىكى ئۇستازىمنىڭ سۆزلەپ بەرگەن، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتىمىدۇ، ئەجىبا؟" دەپ ئۈمىدلەنگەن بولساممۇ قەلبىم بۇنىڭغا قانائەت قىلمىدى.

ۋادىل قۇرادا تۇرغان ۋاقتىمدا، خوجايىنىمنىڭ بەنى قۇرەيزە جەمەتىدىن بولغان تاغىسىنىڭ ئوغلى كېلىپ مېنى سېتىۋېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنى كۆرە-كۆرمەيلا، ئەمۇرىيەدىكى ئۇستازىم سۆزلەپ بەرگەن، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ھىجرەت قىلىدىغان يېرىنىڭ بۇ يەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدە قالدىم. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىپ، مەككىدە بىر مەزگىل تۇرۇپتۇ، لېكىن مەن قۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ ئۇ ھەقتە بىر نەرسە ئاڭلىمىغان ئىدىم. كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپتۇ، يەنىلا خەۋىرىم بولماپتۇ. بىر كۈنى خورما دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتىم، خوجايىنىم دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا تاغىسىنىڭ ئوغلى كېلىپ خوجايىنىمغا:

"ئى پالانى! ئاللاھ بەنى قىيلە جەمەتىنىڭ (ئەنسارلارنىڭ) بالاسىنى بەرسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قۇبادا مەككىدىن كەلگەن ۋە ئۆزىنى پەيغەمبەر دېگەن بىر زاتنىڭ يېنىغا توپلىشىپتۇ!" دېدى.

بۇنى ئاڭلاپلا شۇنداق بىر تىترەپ كەتتىمكى، خوجايىنىمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم:

"نېمە دېدىڭ؟ نېمە دېدىڭ؟" دېگەچ شۇ ھامان خورما دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن چۈشتۈم. خوجايىنىم ئاچچىقلاپ، مېنى قاتتىق بىر كاچاتلاپ:

”سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ سەن ئىشىڭنى قىل“ دېدى.

مەنمۇ:

”ھېچ ئىش يوق! پەقەت ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەي دېگەنىدىم“ دېدىم. يېنىمدا ساقلاپ قويغان بىرئاز يېمەكلىك بار ئىدى. كەچ بولۇشى بىلەن ئۇلارنى ئېلىپ قۇبادا تۇرۇۋاتقان رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭغا:

”سېنىڭ ياخشى بىر كىشى ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. يېنىڭدا ياردەمگە موھتاج ۋە ئىگە ـ چاقىسىز ساھابىلىرىڭ بارمىش! يېنىمدا سەدىقە ئۈچۈن ئايرىپ قويغان بەزى نەرسىلەر بار. ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ سىلەرنى بۇنىڭغا لايىق كۆردۈم!“دەپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا:

«ئېلىڭلار، بۇنى يەڭلار!» دېدى. لېكىن ئۆزى يېمىدى. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”بۇ بىر!“ دېدىم. كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ئىش ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. يەنە بىر نەرسىلەر توپلىدىم. ئۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مەدىنىگە كەلدى. يېنىغا بېرىپ:

”سېنىڭ سەدىقىدىن يېمىگەنلىكىڭنى كۆردۈم. بۇ ساڭا ھۆرمەت يۈزىسىدىن تەييارلىغان ھەدىيەمدۇر!“ دېدىم. رەسۇلۇللاھ بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن يېدى ۋە ساھابىلىرىنىمۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ”بۇ ئىككى!“ دېدىم.

كېيىن پەيغەمبىرىمىز بەقىيئۇل غەرقەد قەبرىستانلىقىدا تۇرغاندا يېنىغا كەلدىم. ئۇ يەرگە ساھابىلىرىدىن بىرىنىڭ جىنازا مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ، ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. ئۈستىدە ھەممە يېرىنى يۆگىگەن ئىككى ئېھرام بار ئىدى. ئۇنىڭغا سالام بەردىم. كېيىن ئەمۇرىيەدىكى زاتنىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرەلەرمەنمۇ دەپ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتۈم. رەسۇلۇللاھ نىيىتىمنى چۈشىنىپ، دۈمبىسىدىن رىداسىنى

چۇشۇرۇۋەتتى. پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرە ـ كۆرمەيلا تونۇدۇم! ئۆزەمنى ئۇستىگە تاشلاپ، سۆيۈپ، يىغلاپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«بۇ تەرەپكە كەل» دېدى. كېلىپ ئالدىدا ئولتۇردۇم.

كېيىن سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېدى:

”ئى ئىبنى ئابباس! ساڭا سۆزلەپ بەرگىنىمدەك بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى رەسۇلۇللاھقىمۇ سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ بۇ قىسسەمنى ساھابىلىرىنىڭمۇ ئاڭلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەمنۇن قىلدى. قۇللۇق سەلماننى ئالدىراش قىلغانلىقتىن، بەدىر ۋە ئوھۇد غازاتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بولۇشقا ئىمكان بەرمىدى“ (ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 441 ـ دىن 444 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 233 ـ دىن 242 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 75 ـ 80)

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمۈر بويى ئىزدەپ يۈرگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۇچراشتى. ئەمدى ئۇنىڭ يېگانە ئارزۇسى دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بولۇش ئىدى. دەرۋەقە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشتىياقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

«ئى سەلمان! قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجايىنىڭ بىلەن دېيىشىپ باقساڭ بولماسمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنىڭ بىلەن سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورەكلىرىنىمۇ ئۆزى كولاپ ئۈچ يۈز خورما كۆچىتى تىكىش ۋە قىرىق ئۇقىييە[170] ئالتۇن بېرىش بەدىلىگە خوجايىنى بىلەن پۈتۈشتى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىغا:

«قېرىندىشىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار!» دېدى. بەزىلىرى ئون، بەزىلىرى ئون بەش، بەزىلىرى يىگىرمە تۈپ كۆچەت بېرىش بىلەن بىرگە، ھەممە

170. بىر ئۇقىييە: تەخمىنەن 128 گىرامغا تەڭ كېلىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى.

ئادەم كۈچى يەتكەن مىقداردا ياردەم قىلدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئۈچ يۈز خورما كۆچىتىمۇ توپلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى سەلمان! بۇ كۆچەتلەر ئۈچۈن ئورەك قاز! ئورەكلەرنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىڭدا ماڭا خەۋەر قىل، ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكەي» دېدى.

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"خورما كۆچەتلىرى ئۈچۈن ئورەك كولاشقا باشلىدىم. قېرىنداشلىرىممۇ ماڭا ياردەم قىلدى. پۈتكەندە خەۋەر قىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما كۆچەتلىرىنىڭ تىكىلىدىغان يېرىگە مەن بىلەن بىللە كەلدى. بىز كۆچەتلەرنى ئۇنىڭغا بەردۇق، ئۇ تىكتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىككەن كۆچەتلەردىن تۇتماي قالغان بىرسىمۇ بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن خورما كۆچىتى قەرزىمنى ئادا قىلدىم. ئۈستۈمدە ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئالتۇنلا قېلىپ قالدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدا بىر ئالتۇن ئېلىپ كەلدى.

«سەلمان ئىشنى قانداق قىلدى؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا ماڭا:

«ئى سەلمان! بۇنى ئېلىپ قەرزىڭنى ئۆتىگىن!» دېدى.

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئۈستۈمدە ئۇ قەدەر قەرزگە بۇنچىلىك كىچىك ئالتۇن پارچىسى قانداق يېتىدۇ؟!" دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن پارچىسىنى قولىغا ئېلىپ تىلىغا سۈرتكەندىن كېيىن:

«ئال بۇنى! ئاللاھتائالا قەرزىڭنى بۇنىڭ بىلەن ئۆتەيدۇ!» دېدى.

ئالتۇننى ئالدىم ۋە خوجايىنىمغا تارتىپ بەردىم. سەلماننىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئالتۇن پارچىسىنى

قىرىق ئۇقىييە تارتتىم. ئۇ (شۇنداق ئېغىر ئىدىكى) ئەگەر ئوھۇد تېغى بىلەن تارتىلغان بولسا ئىدى، مۇھەققەق ئۇنىڭدىن ئېغىر كېلەتتى.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، خەندەك ئۇرۇشىغا ھۆر ھالەتتە قاتناشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولۇش پۇرسىتىنى قاچۇرمىدى[171].

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇ قەدەر گۈزەل بىر نەمۇنە ۋە جەلپ قىلارلىق بىر زات ھالىغا كەلدىكى، ئەنسارلارمۇ، مۇھاجىرلارمۇ:

"سەلمان بىزدىن" دەپ، ئۇنى تالىشىدىغان بولدى.

بۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

«سەلمان بىزدىن ۋە ئەھلى بەيتتىندۇر!» دەپ، ئۇ ساھابىسىنى مەرھەمەتلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى بىلەن خۇشال قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 241-بەت)

بۇ ساھابە ئۆمۈر بويى ئىسلام ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئىش ئىزلىرى بىلەن مۇئمىنلەرگە نەمۇنە بولىدىغان بىر شەخسىيەت بولدى.

ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بىر مىسال:

"ئىسلام دۆلىتى قىلغان پەتىھلەر بىلەن بۈيۈك زېمىنلارغا ھاكىم بولغاندا، ئۆز ۋاقتىدا بىر يەھۇدىينىڭ قۇلى بولغان سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدائىن رايونىغا ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ مەزگىلدە شامدىن بەنى تەيم قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىر زات مەدائىنغا كەلدى. ئۇ بىر تۆگىگە ئەنجۈر ئارتىپ كەلگەن ئىدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى ئاددى بىر كېيىم بار ئىدى. شاملىق كىشى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تونىمايتتى. ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ:

171. ئەھمەد: 5-جىلد، 443-444-بەتلەر؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 2-جىلد، 419-بەت؛ ئىبنى ئابدىلبەر: 2-جىلد، 634-دىن 638-بەتلەرگىچە.

- كەل، بۇنى كۆتۈر! - دېدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېرىپ يۈكنى دۈمبىسىگە ئارتتى. خەلق ئۇنى كۆرۈپ تونىدى. ئۇ ئادەمگە:

- سېنىڭ يۈكۈڭنى توشۇۋاتقان بۇ زات، بۇ يەرنىڭ ۋالىيسىدۇر! - دېدى.

شاملىق ئادەم دەرھال:

- سېنى تونۇماپتىمەن- دەپ ئۆزرە تىلىدى ۋە دۈمبىسىدىكى يۈكنى ئالماقچى بولدى. سەلمان بولسا:

- ھېچقىسى يوق، يۈكنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ بەرمىگىچە دۈمبەمدىن چۈشۈرمەيمەن - دېدى. (ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 88-بەت)

**تەبەننى (بالا قىلىۋېلىش)نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان زەيد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلىشى بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئىدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ يېنىغا كەتمەي، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا قېلىشنى تاللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنى بالا قىلىپ بېقىۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئالدى بىلەن ئازاد قىلىۋەتكەن چۆرىسى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن، كېيىن ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەب بىنتى جەھش بىلەن ئۆيلەندۈردى. لېكىن ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەزرىتى زەينەب، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن باشتا ئۆيلىنىشنى خالىمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسى ۋە:

اِنَّ اَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللّٰهِ اَتْقٰيكُمْ

**«ھەقىقەتەن، ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن**

**ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ).»**
(ھۇجۇرات سۈرىسى، 13 ـ ئايەت)

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ اِذَا قَضَى اللّٰهُ وَرَسُولُهُٓ اَمْرًا اَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ اَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا

**«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ) كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 36 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت سەۋەبىدىن بۇنىڭغا رازى بولغان ئىدى. لېكىن كۆڭلى زەيدكە قەتئىي تارتمىدى ۋە توي قىلىپ بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىشلىرى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالدى. زەيدمۇ ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندا:

«ئايالىڭنى يېنىڭدا تۇت ۋە ئاللاھتىن قورق!» دېگەن جاۋابنى ئالدى.

ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ پەيتتە كەلگەن ئىلاھىي ۋەھىي بىلەن زەينەبنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزىگە ئايال قىلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن خەلق ئىچىدىكى مۇناپىقلارنىڭ "مۇھەممەد، بېقىۋالغان بالىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى بىلەن ئۆيلەندى!" دەپ، پىتنە ـ پاسات چىقىرىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانىدى. چۈنكى ئۇ دەۋرنىڭ ئادىتىدە بىر كىشى بىر بالىنى بالا قىلىۋالسا، كىشىلەر بالا قىلىۋېلىنغان بالىنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىراتتى، ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، مىراستىن نېسىۋە بېرىلەتتى.

ھەزرىتى زەيد بىلەن زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاجراشتى. ئارقىدىن يېڭى بىر ۋەھىي كەلدى. ئىلاھىي پەرمان رەسۇلۇللاھقا ھەزرىتى زەينەبنى

ئېلىشنى بۇيرۇسا، بۇ ھەقتىكى تۈنجى ئىجرائاتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەتبىق قىلدۇرۇپ، بىر جاھىلىيەت ئادىتى بولغان بالا قىلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى:

وَاِذْ تَقُولُ لِلَّذٖيٓ اَنْعَمَ اللّٰهُ عَلَيْهِ وَاَنْعَمْتَ عَلَيْهِ اَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللّٰهَ وَتُخْفٖي فٖي نَفْسِكَ مَا اللّٰهُ مُبْدٖيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللّٰهُ اَحَقُّ اَنْ تَخْشٰيهُ فَلَمَّا قَضٰى زَيْدٌ مِنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنٖينَ حَرَجٌ فٖيٓ اَزْوَاجِ اَدْعِيَآئِهِمْ اِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا وَكَانَ اَمْرُ اللّٰهِ مَفْعُولًا

**«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن. ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ. ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ. كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.»** (ئەھزا سۈرىسى، 37 ـ ئايەت)

بۇ ئىلاھىي بۇيرۇق بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆيلەنگەن ھەزرىتى زەينەب ئانىمىز:

"مېنىڭ نىكاھىمنى رەببىم قىلدى!" دەپ جانابى ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى. (تىرمىزى: «تەپسىر»، 33/3213)

بۇ ۋەقە مۇناپىقلارنىڭ قاتتىق تاپا ـ تەنىلىرىگە سەۋەب بولدى. جاھالەت ۋە نىفاق تولغان ئېغىزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى:

"ئوغلىنىڭ قويۇۋەتكەن ئايالىنى ئالدى!" دەپ، مەسخىرە قىلىپ قارشى چىقتى. بۇنىڭ جاۋابىنى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق بەردى:

مَا كَانَ مُحَمَّدٌ اَبَآ اَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلٰكِنْ رَسُولَ اللّٰهِ
وَخَاتَمَ النَّبِيّٖنَ وَكَانَ اللّٰهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلٖيمًا

**«مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ) ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. (سىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس)»** (ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت)

بۇ ۋەقە بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ”بالا قىلىۋېلىش“ ئادىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئۆيلىنىشنى پەقەت شەھۋەت جەھەتتىنلا مۇتالىئە قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئەقىلسىز ھاماقەتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيلىنىشىدىكى ھەقىقەتنى چۈشۈنۈشتىن ئاجىزدۇر. زىھنى ۋە كۆڭلىنى نەپسانىي مايىلliقلار بىلەن تولدۇرغانلارنىڭ ئەخمەقلەرچە بەرگەن ھۆكۈملىرى ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتكە تولغان ئىچكى دۇنياسىنى ئەكسەتتۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىنىشى ھاياتىنىڭ ياشلىق ئۇرۇغۇپ تۇرغان ۋە قۇۋۋەتلىك مەزگىلىگە توغرا كەلگەن دەسلەپكى 24 يىل يالغۇز خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆيلىنىشى، تامامەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بىر غايىنى مەقسەت قىلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىدىن چوڭ ۋە تۇل ئاياللاردۇر. ئۇلاردىن ئىچىدە قىز ھالىتىدە ئۆيلەنگەن پەقەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەسىلىلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى تەمىنلەش ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇ ئەقىل-پاراستى بىلەن ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي مەسىلىلەرنى مۇكەممەل ئىگەللەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن يىللارغىچە مۇسۇلمان ئاياللارنى تەربىيىلىدى،شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ساغلام ئاساسلىرىدىن بىرىنى تەشكىل

قىلغان. ئۇ ساھابىلار ئارىسدا ئالاھىدە تونۇلغان يەتتە فاقىھ ئالىمنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار ئارىسىدا فىقھىي ئىلىم ئەڭ كۆپ ئۇنىڭ بىلەن تارقالدى.

بۇزۇق نىيەتلىك غەرەزخورلارنىڭ دەۋا قىلغىنىدەك، بۇ ئۆيلىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەھۋەت بولسا ئىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۆمرىنىڭ ئەڭ ياش ۋە قۇۋۋەتلىك چاغلىرىنى ئۆزىدىن ئون بەش ياش چوڭ، تۇل، باللىق بىر ئايال بىلەن ئۆتكۈزمەيتتى. بۇ ئۆيلىنىشنىڭ قايسى ئالىي مەقسەت ۋە ھېكمەتلەر بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى پەقەت چىن ئىمانغا ئىگە ۋىجدان ئەھلى بىلىدۇ.

## ھىجابنىڭ پەرز قىلىنىشى

ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەردە ھىجاب دەيدىغان بىر ئادەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ بۇ ئادەت داۋاملىشىپ كەلدى. لېكىن يۇقىرىدا ھاراق ۋە قىمار مەسىلىسىدە قوللىنىلغان تەدرىجىلىك ئۇسلۇبىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ ئادەتنىڭمۇ داۋاملاشمايدىغانلىقى مۇھەققەق ئىدى. نىھايەت، ھىجاب ئايىتى نازىل بولۇشى بىلەن ئاياللارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىززەت-ھۆرمىتى قوغدىلىنىپ بىر ئىپپەت ئابىدەسىگە كەلتۈرۈلۈپ، شەرەپلىك بىر سالاھىيەتكە ئېرىشتى.

يەنە بىر تەرەپتىن ھىجابقا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈم پەقەت ئايال كىشىگىلا ئائىت بولماستىن ئەر كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. بۇ ھەقتىكى بۇيرۇق ئەر-ئايال پۈتۈن مۇئمىنلەرگە ئومۇمىدۇر. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ اَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذٰلِكَ اَزْكٰى لَهُمْ اِنَّ اللّٰهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ اَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ اِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلٰى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ اِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ اَوْ اٰبَائِهِنَّ اَوْ اٰبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ اَوْ اَبْنَائِهِنَّ اَوْ اَبْنَاءِ

بُعُولَتِهِنَّ اَوْ اِخْوَانِهِنَّ اَوْ بَنِيٓ اِخْوَانِهِنَّ اَوْ بَنِيٓ اَخَوَاتِهِنَّ اَوْ نِسَآئِهِنَّ اَوْ مَا مَلَكَتْ
اَيْمَانُهُنَّ اَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ اُولِي الْاِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ اَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا
عَلٰى عَوْرَاتِ النِّسَآءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِاَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوٓا
اِلَى اللّٰهِ جَمِيعًا اَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

**«مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى: (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، قېيىن ئاتىلىرىدىن، ئوغۇللىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، دىنداش ئاياللاردىن، قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسى شەھۋىتى يوقلار) دىن، ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.»** (نۇر سۈرىسى، 30 ـ 31 ـ ئايەت)

ئايال كىشىنىڭ ھىجابلىنىشى بىلەن ئاياللىق شەخسىيتى قوغدىلىدۇ. ئايال ھىجابى بىلەن قارشىسىدىكى كىشىگە پاكلىق ۋە نازاكەت تۇيغۇسى بېرىدۇ، ئەكسىچە بولغان ئەھۋالدا، ئايال كىشى نەپسانىي ئارزۇلارنى قوزغىتىدىغان شەھۋەت ۋاستىسىغا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ

شەخسىيتى ۋە ھېسسىياتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ، ئانىلىق پەزىلىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئىشارەت قىلىنغان نۇقتا شۇكى، يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بۇ ئايال ۋە ئەركىشىگە ئائىت ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولغان ۋەزىپە ۋە بۇنىڭغا باغلىق ئالاھىدىلىك پەرقىدىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھىجابنىڭ ئايال كىشىگە خاس شەكلى بىلەن ئەر كىشىگە ئائىت شەكلى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئايال كىشى ئەر كىشىگە قارىغاندا يارىتىلىشتىنلا جەلپقىلارلىقتۇر. ھىجابتىن يىراقلىشىپ، ئۆزىنى ھىجابسىز ھالەتتە جەمئىيەتكە ئاتقاندا، ئۇنىڭ نازاكىتى قالمايدۇ، ئانىلىق سۈپىتى ۋە نەسلىنى قوغداش ئالاھىدىلىگى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ جەلپقىلارلىقى ھىجاب ئەمرى بىلەن پەقەت ئۆمۈر يولدىشىغىلا خاس قىلىنغان. چۈنكى ئەر-ئايال ئارىسىدا نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئۆزگەرمەس بىر تەبىئى مايىللىق مەۋجۇتتۇركى، ھىجاب ئەمرىگە رىئايە قىلىنمىغاندا بۇ مايىللىق ئىلاھىي چېگرالارنى بېسىپ ئۆتۈشكە ئوخشاش پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەرۋەقە، جانابى ئاللاھنىڭ:

وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنٰىٓ

**«زىناغا يېقىنلاشماڭلار.»** (ئىسرا سۈرىسى، 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئىلاھىي بۇيرۇقىدىكى نوقتىلارنىڭ بىرىمۇ: "ھىجابقا رىئايە قىلماسلىق بىلەن زىنانىڭ يولىنى ئاچماڭلار، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت تەييارلىماڭلار!" دېگەنلىكتۇر. بۇ مۇتلەق بىر ھۆكۈمدۇر. دىققەت قىلىنسا، تاشقى كۆرۈنۈشتىن جەزبىدارلىقى بولمىغان بىر ئايالغىمۇ ھىجابلىنىشنى بۇيرىغان. يەنى "بۇ ئايال بېشىنى، قولىنى ۋە پۇتىنى ئاچمىسىمۇ ھېچقانداق پەرق قىلمايدۇ، ئۇ ئەسلىدىلا ھېچقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ" دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ يەردە ئايالنىڭ ھىجاب بىلەن ئايالىلىق ئالاھىدىلىگىنىڭ قوغدىلىشى ئاساستۇر.

ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى دىققەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈملەرنى چىقارغان ئىسلام ئاياللىق ۋە ئەرلىكنىڭ تەقەززاسىنىمۇ كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىگە ئوخشىۋالماقچى بولغان ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالماقچى بولغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان[172].

بۇ ھالاكەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياللار تەقۋادار ئاياللار بىلەن ئارىلىشىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان كىم بىلەن ئولتۇرۇپ قوپسا، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى تەسىر قىلىدۇ. بۇ بىر پسىخولوگىيىلىك قانۇنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان كوچا تۇرمۇشىغا ئادەتلەنگەندە، ئاياللىق تۈيغۇلىرىنى يوقۇتىدۇ.

ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ كىيىم-كېچەك شەكلىدە بولسىمۇ بىر-بىرلىرىگە ئوخشىشىمۇ چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىگە ئوخشاش كىيىنگەن ئەرلەرنىڭ ۋە ئەر كىشىگە ئوخشاش كىيىنگەن ئاياللارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان[173]. چۈنكى ھەر ئىككى جىنس ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا قارشى جىنسنىڭ كىيىمنى تەقلىد قىلىش، شەخسىيەت بۇزۇقلىقىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆز جىنسىغا لايىق بولغان كىيىملەر ئورنىغا، ھەرقانداق بىر سەۋەب بىلەن قارشى جىنسقا خاس بولغان كىيىم شەكلىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىنسانلارنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن مىجەز-خاراكتېرىدىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئوچۇق بۇزۇلغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

## مۇرەيسى غازىتى

(ھىجرىيەنىڭ 5-يىلى شەئبان-رامىزان ئېيى / مىلادى 627-يىل 1-2-ئاي)

بۇ غازات بەنى مۇستەلىق غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەنى مۇستەلىق جەمەتى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مەدىنىگە ھۇجۇم

172. بۇخارى: «لىباس»، 61.
173. ئەبۇ داۋۇد: «لىباس»، 28/4098.

قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر قوشۇن توپلاشقا كىرىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 700 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق جەمەتىگە: «لا إله إلا الله» , «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، يەنى: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەڭلار-دە، جانلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارنى قوغداڭلار!» دەپ خىتاب قىلىشنى ھەزرىتى ئۆمەرگە بۇيرىدى. لېكىن بەنى مۇستەلىق جەمەتى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، دەسلەپتە ئوق چىقاردى[174].

مۇسۇلمانلار مۇرەيسى سۈيى يېنىدا شىددەتلىك بىر ھۇجۇم بىلەن دۈشمەنلەرنى يەڭدى. دۈشمەندىن ئون كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى شېھىد بولدى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ كۆپ غەنىيمەت ئېلىنىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسىرلەر ئارىسىدا قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەمۇ بار ئىدى.

ئەسىرلەر فىدىيە ئېلىنىپ قويۇۋېتىلدى. جۇۋەيرىيە بولسا سابىت ئىبنى قەيسنىڭ نېسىۋىسىگە چۈشكەن بولۇپ، قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلدى. بۇ ئەسنادا دادىسىمۇ كەلدى. ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تىلغا ئېلىپ قىزىنىڭ چۆرە بولالمايدىغانلىقى ۋە شەرىپىنىڭ قوغدىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يېنىدا ئېلىپ كەلگەن بىرمۇنچە تۆگىلەرنى كۆرسىتىپ:

”بۇ تۆگىلەر قىزىمنىڭ بەدىلىدۇر. ئۇنى قويۇۋېتىڭلار!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۈتمىگەن بىر شەكىلدە:

«يوشۇرۇپ قويغان ئىككى تۆگە قايەردە؟ ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلمىدىڭ؟» دەپ سورىدى.

---

174. ۋاقىدى: 1-جىلد، 407-بەت.

ۋادىدا يوشۇرۇپ قويغان ئىككى تۆگىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى گۇمان قىلغان ھارىس قاتتىق چۆچۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنى مەندىن باشقا بىلىدىغان ھېچكىم يوقتى!" دېدى. بۇ روشەن مۆجىزە بىلەن ھىدايەتكە نائىل بولۇپ، ئۆزى بىلەن كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتتى[175].

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇۋەيرىيەنىڭ پىكرىنى سورىدى. ئۇنىڭ ئۆز يېنىدا قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن فىدىيەسىنى بىۋاستە ئۆزى بېرىپ قويۇۋەتتى. (ئىبنى سائاد: 8 ـ جىلد، 118 ـ بەت) ھۆرلۈككە چىققان جۇۋەيرىيە ئۆز ئارزۇسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئارقىدىن جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆيلىنىش شەرىپىگە نائىل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن بىر چۈشى ئەمەلگە ئاشتى. دەرۋەقە، دادىسى تەرىپىدىن فىدىيەسىنىڭ بېرىلىپ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئىمكانى بولۇشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قېلىشنى تاللىشىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

جۇۋەيرىيەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ساھابىلار:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەسىر بولۇشى توغرا ئەمەس!" دەپ، قوللىرىدىكى پۈتۈن ئەسىرلەرنى فىدىيەسىز قويۇۋەتتى. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

"قەۋمى ئۈچۈن جۇۋەيرىيەدىن خەيرلىك بىر ئايال كۆرمىدۇق. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بەنى مۇستەلىقتىن 100 ئائىلە ئازاد قىلىندى" (ئەبۇ داۋۇد: «ئىتق»، 2/3931)

175. ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 340 ـ بەت.

بۇ ئىپادىدىنمۇ كۆرۈۋلۈپ تۇرغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇۋەيرىيە ئانىمىز بىلەن ئۆيلىنىشى، تامامەن سىياسىي بىر غايىگە ئاساسلىنىپ:

وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوٰى اِنْ هُوَ اِلَّا وَحْيٌ يُوحٰى

**«(ئۇ) ئۆز نەفسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ( ۋە ئىش قىلىدۇ).»** (نەجم سۈرىسى، 3-4-ئايەت) دېگەن ۋەھيىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، نەپسانىي بىر سەۋەب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قەلبىگە چۈشكەن ئىلاھىي ئىرادە تەقەززاسىدا ئەمەلگە ئاشقان. دەرۋەقە، بۇ ئۆيلىنىشتىن كېيىن بەنى مۇستەلىق ئەسىرلىرى ئەركىنلىككە ئېرىشتى، ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن بىر قەبىلە مۇسۇلمان بولدى.

### تەيەممۇم

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

"رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇرەيسى سەپىرىدە بىرگە ئىدۇق. "بەيدا" ياكى "زاتۇل جەيش" دەپ ئاتالغان يەرگە كەلگىنىمىزدە، مېنىڭ بىر مارجىنىم چۈشۈپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن بىر مۇددەت ئۇ يەردە قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا كىشىلەرمۇ قالدى. ئەتراپتا سۇ بولمىغاندەك يانلىرىدىمۇ سۇ قالمىغان ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"ئائىشەنىڭ قىلغىنىنى كۆردۈڭمۇ! رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا كىشىلەرنى بۇ يەردە توختۇتۇپ قويدى. ئۇلار سۇ بېشىدا ئەمەس، يانلىرىدىمۇ سۇ يوق!" دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى تىزىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقاندا، دادام ئەبۇ بەكىر چىقىپ كەلدى:

"سەن رەسۇلۇللاھنىمۇ ۋە باشقا كىشىلەرنىمۇ بۇ يەردە توختۇتۇپ قويدۇڭ، ئەتراپتا سۇ بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ يانلىرىدىمۇ سۇ تۈگىدى!"

دەپ، ماڭا سۆزلەپ كەتتى، ھەتتا ئاچچىقىنى باسالماي قولى بىلەن دۈشكەللىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بېشى تىزىمنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماسلىقىقا تىرىشتىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەن تۇرغاندا ھېچ سۇ يوقتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئاللاھتائالا تەيەممۇم ئايىتىنى نازىل قىلدى:

وَاِنْ كُنْتُمْ مَرْضٰىٓ اَوْ عَلٰى سَفَرٍ اَوْ جَآءَ اَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَآئِطِ اَوْ لٰمَسْتُمُ النِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَآءً فَتَيَمَّمُوا صَعٖيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَاَيْدٖيكُمْ مِنْهُ مَا يُرٖيدُ اللّٰهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلٰكِنْ يُرٖيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

**«ئەگەر كېسەل بولساڭلار، (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار) ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ. لېكىن ئاللاھ شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى پاك قىلىشنى (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت)

ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

”ئى ئەبۇ بەكىر ئائىلىسى! بۇ سىلەرنىڭ بۇ ئۈممەتكە بولغان ساناقسىز بەرىكەتلىرىڭلاردىن پەقەت بىرىدۇر.“

مىنگەن تۆگىنى تۇرغۇزغىنىمدا مارجان ئۇنىڭ ئاستىدىن چىقتى. (بۇخارى: «تەيەممۇم»، 1، «ئەسھابۇننەبى»، 5، 30)

ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە ئانىمىزغا:


بەنى مۇستەلىق
(مۇرەيسى) ئۇرۇشى
ئەۋس ۋە خەزرەج
جۇھەينە
زۇلھۇلەيفە
مەدىنە مۇنەۋۋەر
مۇزەينە
سۇلەيم
گىفار
ئەبۋا
بەدىر
جۇھفە
رابىغ
مۇرەيسى
ھۇزۇئا
قۇدەيد
ئەمەج
قىزىل دېڭىز
ئادەل ۋە قارە
ھۇزەيمە
ئۇسفان
ھۇدەيبىيە
مەككە مۇكەررەمە
قۇرەيش
ئەرافات
ھەۋازىن
تائىف
سەقىف
مازىن
ئەزد

”ئاللاھ سېنى مۇكاپاتلاندۇرسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قاچان بېشىڭغا سەن ياقتۇرمىغان بىر ئىش كەلسە، ئاللاھ ئۇنى سېنىڭ ئۈچۈنمۇ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ بىر ياخشىلىق قىلىدۇ“ دېدى. (بۇخارى: «تەيەممۇم»، 1).

## ئىفك (تۆھمەت) ۋەقەسى

مۇرەيسى غازىتىدىن قايتىش يولىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ پاك ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا[176] قوشۇننىڭ قونالغۇ قىلغان يېرىدىن، تاھارەت ئۈچۈن بىر ئاز يىراقلاشتى. قايتىپ كەلگەندە قوشۇن كېتىپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ھىجاب ئايىتى نازىل بولغان ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، بىر يەرگە چىققاندا تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ھەۋدەج دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھوجرا ئىچىدە كۆتۈرۈلەتتى. بۇ سەۋەبتىن قوشۇن ھەرىكەت قىلغاندا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى ھەۋدەج ئىچىدە دەپ گۇمان قىلىنغان ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز قوشۇننىڭ ئارقىدىن مېڭىپ ئېزىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، تۇرغان يېرىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى ياخشى دەپ ئويلاپ، يىنىك بىر ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ پەيتتە كارۋاننىڭ كەينىدىن مېڭىپ چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى تويلاش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئائىشىنى پەرقەتتى:

إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ

**«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز. (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.»** (بەقەرە سۈرىسى، 156-ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

176. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىققان ھەر غازاتقا ئاياللىرىدىن بىرىنى چەك تاشلاش بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. مۇرەيسى غازىتىدا چەك ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىرگە ئېلىپ چىققان.

بۇ ئاۋاز بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئويغاندى. سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئېغىز سۆز قىلماي، تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مىندى. چۈش بولغاندا قوشۇنغا يېتىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇناپىقلار قولغا ئاجايىپ بىر پۇرسەت كەلگەندەك، بۇ قېتىممۇ ئېغىزلىرىنى تۆھمەت بىلەن ئاچتى:

”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئائىشە ئۇنىڭدىن، ئائىشىمۇ ئۇنىڭدىنىندىن قۇتۇلالمىدى (يەنى ئارىلىرىدا بىر ئىش بولدى)“

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، مۇئمىنلەرگە:

”ھە مانا، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئايالى بىر ئادەم بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى.“ دەپ مەسخىرە قىلدى.

بۇ پىتنە بىردەمدىلا پۈتۈن قوشۇنغا تارقالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق ئىزتىراپ ئىچىدە ئىڭراپ:

”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بۇنداق تۆھمەتكە جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئۇچرىمىدۇق!“ دېدى.

سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقا بىر نەرسە بىلمەيمەن!...» دېگەن تاللانغان ساھابىلىرىدىن بىرى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ھېچ شۈبھىسىز، ئەڭ بۈيۈك ئازاب، ئاچچىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە چۈشتى. كۆپىنچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ، باشقىلار بىلەن كۆپ ئۇچراشمىدى. بۇ ھەقتە كىچىك بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئائىشىنىڭ خاتالاشقانلىقىغا دائىر ئەڭ كىچىك بىر ئالامەتمۇ يوق ئىدى. لېكىن مۇناپىق ئېغىزلار جىم تۇرمىدى.

ۋەقەنى ئەڭ ئاخىرىدا ئاڭلىغان ئائىشە ئانىمىز بولدى. بۇ ئېغىر بوھتاننى ئاڭلا-ئاڭلىماي قاتتىق تېڭىرقاپ قالدى، تەرىپلىگۈسىز ئەلەم بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ

ئۆيىگە بۇ مەسىلە ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئىنغۇۋالارنى ئۇلاردىن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، كۆز يەسلىدىكى ياپراقتەك سارغىيىپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبىرىمىز ۋەقەنى ئائىشە ئانىمىز بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇبارەك ئايالىغا:

«ئى ئائىشە! ھەققىڭدە ماڭا بىر مۇنچە سۆزلەر يېتىپ كەلدى. ئەگەر خاتالاشقان بولساڭ، تەۋبە قىلغىن، ئاللاھ سېنى پاكلايدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بۇ بوھتانلار ئالدىدا ئاز بولسىمۇ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان نازۇك ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئاتا-ئانىسىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

"ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىز ئىنغۇۋالارنى ئاڭلاپ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئىشىنىپسىز. مەن ھازىر: «مەن گۇناھسىز دېسەم، ئاللاھ بىلىدۇ - ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەكسىنى سۆزلىسەم شۇ ھامان ئىشىنىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئۇ ھالدا مەن بۇ پىتنە-ئىنغۇۋالارغا قارشى ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن".

ئۇ كۈنلەردە ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ ئەييۇب ئېرىگە:

- كىشىلەرنىڭ ئائىشە ھەققىدە قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئەبۇ ئەييۇب:

- ھەئە! ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان! - دېدى. كېيىن ئايالىغا:

_ سەن بۇنداق بىر يامانلىق قىلامسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇممۇ:

- ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن قەتئىي بۇنداق بىر يامانلىق قىلمايمەن! - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سەن بۇنداق بولساڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئائىشە سەندىن تېخىمۇ ياخشىدۇر! - دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 347-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 434-بەت)

ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئايدىڭلىشىشى پەقەت ئىلاھىي ۋەھيىگىلا قالدى. دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھتائالا بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل قىلدى. ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ مۇناپىقلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئاشكارە بولدى. ئىلاھىي بايانلار ئائىشە ئانىمىزنى پاكلىسا، مۇناپىقلارنىڭ تۆھمەتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارغا ئازاب بىلەن خەۋەر بەردى. بۇ بوھتاننى تىلغا ئالغان غاپىللارنىمۇ ئاگاھلاندۇردى.

جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

اِنَّ الَّذٖينَ جَٓاؤُ بِالْاِفْكِ عُصْبَةٌ مِنْكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَكُمْ بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَكُمْ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ مَا اكْتَسَبَ مِنَ الْاِثْمِ وَالَّذٖي تَوَلّٰى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظٖيمٌ

**«شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گورۇھ ئادەم (ئائىشىگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر. (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ. بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»**

لَوْلَٓا اِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِاَنْفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هٰذَٓا اِفْكٌ مُبٖينٌ لَوْلَا جَٓاؤُ عَلَيْهِ بِاَرْبَعَةِ شُهَدَٓاءَ فَاِذْ لَمْ يَاْتُوا بِالشُّهَدَٓاءِ فَاُولٰٓئِكَ عِنْدَ اللّٰهِ هُمُ الْكَاذِبُونَ وَلَوْلَا فَضْلُ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ فِي الدُّنْيَا وَالْاٰخِرَةِ لَمَسَّكُمْ فٖي مَٓا

اَفَضْتُمْ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ اِذْ تَلَقَّوْنَهُ بِاَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُونَ بِاَفْوَاهِكُمْ مَا لَيْسَ
لَكُمْ بِهِ عِلْمٌ وَتَحْسَبُونَهُ هَيِّنًا وَهُوَ عِنْدَ اللّٰهِ عَظِيمٌ

«بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟، ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ. سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار. ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر»

وَلَوْلَآ اِذْ سَمِعْتُمُوهُ قُلْتُمْ مَا يَكُونُ لَنَآ اَنْ نَتَكَلَّمَ
بِهٰذَا سُبْحَانَكَ هٰذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ

«ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس (ئى ئاللاھ سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار؟»

يَعِظُكُمُ اللّٰهُ اَنْ تَعُودُوا لِمِثْلِهٖٓ اَبَدًا اِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ
وَيُبَيِّنُ اللّٰهُ لَكُمُ الْاٰيَاتِ وَاللّٰهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

«ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار. ئاللاھ سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى)

**ئوبدان بىلگۈچىدۇر. (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»**

اِنَّ الَّذٖينَ يُحِبُّونَ اَنْ تَشٖيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذٖينَ اٰمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ اَلٖيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْاٰخِرَةِ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ وَاَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ وَلَوْلَا فَضْلُ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ وَاَنَّ اللّٰهَ رَؤُفٌ رَحٖيمٌ

**«مۇئمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى) ئاللاھ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا لَاتَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ وَمَنْ يَتَّبِعْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ فَاِنَّهُ يَاْمُرُ بِالْفَحْشَآءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَوْلَا فَضْلُ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ مَا زَكٰى مِنْكُمْ مِنْ اَحَدٍ اَبَدًا وَلٰكِنَّ اللّٰهَ يُزَكّٖي مَنْ يَشَآءُ وَاللّٰهُ سَمٖيعٌ عَلٖيمٌ

**«ئى مۇئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)گە يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ ئادەم ئەبەدىي پاك بولماس ئىدى ۋە لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (نۇر سۈرىسى، 11-27-ئايەتلەر)

بۇ ھەقىقەتلەردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا:

«خۇشخەۋەر ئى ئائىشە! ئاللاھ سېنىڭ پاكلىقىڭنى ئاشكارىلىدى!» دېدى.

ئائىشە ئانىمىز قۇرئان بىلەن پاكلىنىپ، ئاقلانغاندىن كېيىن:

"مەندەك ئاجىز بىر قۇل ھەققىدە ئايەت نازىل بولىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىدىم. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە بىر ئىلھام كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ" دەپ ئويلايتتىم دەپ، جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى. ئۇنى پىشانىسىدىن سۆيۈپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىشنى ئىشارەت قىلغان دادىسى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

"مەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە رەھمەت ئېيتمايمەن. مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى بىلدۈرگەن ئاللاھتۇر!" دەپ بىر ئاز نازلىنىپ، ئۆزىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلدى. بىر ئاي داۋاملاشقان غەم-قايغۇ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى سايىسىدا تۈگىدى. (بۇخارى: «شەھادەت»، 15، 30، «جىھاد»، 64، «مەغازى»، 11، 34؛ مۇسلىم: «تەۋبە»، 56؛ ئەھمەد: 6-جىلد، 60، 195)

بوھتان چاپلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، ئۈممەتنىڭ ئانىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن دوستىنىڭ قىزى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈممەتنىڭ ئېيپەتلىك خانىملىرىدىن بىرى ئىدى. پەقەتلا مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەرخىل مۇسىبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىكتۇر. بۇ قىيامەتكە قەدەر بوھتانغا ئۇچرايدىغان مەزلۇملارغا بۈيۈك بىر تەسەللىدۇر.

بۇ ئىلمىي، تارىخىي ھەقىقەتلەرگە ۋە قۇرئانى-كەرىمنىڭ بۇ ۋەقەنى "إفك مبين" "ئىفكۇم مۇبىين" يەنى "ئوچۇق ئاشكارا بوھتان" ۋە "بهتان عظيم" "بوھتانۇن ئەزىم" يەنى "چوڭ بوھتان" دەپ، ئائىشە ئانىمىزنى قەتئىي بىر بايان بىلەن ئاقلىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ كېيىن جەمەل ۋەقەسىدە بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان بىر قىسىم غاپىللارغا نېمە دېيىش كېرەك!؟

بۇ ۋەقەگە سەۋەبچى بولغان پاسقلار پاك بىر ئايالغا زىنا بىلەن بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن جازالاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تۆھمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە سەكسەن دەررە ئۇرۇلدى[177].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېيىشىچە ئاللاھتائالا تۆت كىشنى ئاقلىغان:

1. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان ئايالنىڭ ئائىلىسىدىن بىر گۇۋاھچىنىڭ تىلى بىلەن[178].

2. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىلارنىڭ ئىغۋالىرىدىن[179].

3. ھەزرىتى مەريەمنى قۇچىقىدىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى سۆزلىتىش بىلەن[180].

4 . ھەزرىتى ئائىشىنى قىيامەتكە قەدەر تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئانى-كەرىمدىكى ئايەتلەر بىلەن ئاقلىغان ئىدىكى، بۇندىن بۇرۇن بۇ دەرىجىدە ئاقلاش بولماي. ئاللاھتائالا ئۇنى رەسۇلىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ بىر مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلدى. (زەمەخشەرى: 4-جىلد، 121).

بۇ قايغۇلۇق دەۋردە ۋەھيىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت كېچىكىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەلچى ۋە پەيغەمبەر بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىنسانى سۈپىتىنى ئاشكارىلاش، ۋەھيىنىڭ ئۇنىڭ نەپسىدىن تۇغۇلغان بىر ھالەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىيىتىنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىستەھ ئىسىملىك بىر كەمبەغەلگە داۋاملىق ياردەم قىلاتتى. بۇ بوھتان ۋەقەسىدىمۇ ئۇنىڭمۇ بوھتانچىلار ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈشى بىلەن، ئۇنىڭغا ۋە ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ياردىمى ئۈزۈلىشى

177. ئەھمەد: 6-جىلد، 35.

178. سۈرە يۇسۇپ، 26-دىن29-ئايەتلەرگىچە.

179. سۈرە ئەھزاب، 69-ئايەت.

180. (سۈرە مەريەم، 29-33-ئايەتلەر).

بىلەن مىستەھ ۋە ئائىلىسى پەرىشان بولدى. جانابى ئاللاھ بۇ ياردەم كېسىلگەندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

وَلَا يَأْتَلِ اُولُوا الْفَضْلِ مِنْكُمْ وَالسَّعَةِ اَنْ يُؤْتُوٓا اُولِي الْقُرْبٰى
وَالْمَسَاكِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا اَلَا
تُحِبُّونَ اَنْ يَغْفِرَ اللّٰهُ لَكُمْ وَاللّٰهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ

**«ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن. (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغفىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (نۇر سۈرىسى، 22-ئايەت)

وَلَا تَجْعَلُوا اللّٰهَ عُرْضَةً لِاَيْمَانِكُمْ اَنْ تَبَرُّوا وَتَتَّقُوا
وَتُصْلِحُوا بَيْنَ النَّاسِ وَاللّٰهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ

**«ياخشىلىق قىلماسلىقتا، تەقۋادار بولماسلىقتا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) ئاللاھنى توسالغۇ قىلماڭلار. (يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار.) ئاللاھ (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 224-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر ئاللاھتائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مەرھەمىتىنىڭ ئۇچۇق بىر ئۆرنىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پەزىلەت ئەھلىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىدىغان بىر نىشان كۆرسىتىدۇ.

ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن!" دېدى. ئارقىدىن قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بېرىپ، قىلىۋاتقان ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇردى. (بۇخارى: «مەغازى»، 34؛ مۇسلىم، «تەۋبە»، 56؛ تەبەرى: «تەپسىر»، 2ـ جىلد، 546ـ بەت)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز قىزىغا بوھتان چاپلىغان كىشىگىمۇ ياردىمىنى ئۈزۈپ قويمىدى. بۇمۇ ئۇ مۇبارەك ساھابىنىڭ ئالى پەزىلىتىنى كۆرسىتىدىغان روشەن بىر مىسالدۇر.

### دۈشمەن ئۈلاردۇر: ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلە!

مۇناپىقلار مۇرەيسى غازىتىدا تۆھمەت قىلىش بىلەنلا قالمىدى. مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كىشى ئارىسىدا چىققان مۇناقىشە سەۋەبى بىلەن، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇھاجىرلارنى مەقسەت قىلىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە:

"قاراڭلار بۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى؟ يۇرتىمىزدا بىزگە چوڭچىلىق قىلدى. كېيىن بىزنى تونىمىدى. ئەگەر مەدىنىگە قايتساق «ئەڭ ئەزىز ئادەم (ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ»" دېدى. ئۇ ئەسنادا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولغان سالىھ مۇئمىن زەيد ئىبنى ئەرقەم ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ ۋارقىرىدى:

"قەۋمى ئىچىدە خار بولغان سەن! ئاللاھتائالا رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەزىز قىلدى!"

ۋەقە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەلگەندە، مۇناپىقلار قىلغان سۆزلىرىنى قەسەم قىلىپ، ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى زەيدنى يالغانچى قىلدى. ھەزرىتى زەيد بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ھەزرىتى ئۆمەر بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي باشچىلىقىدىكى پۈتۈن مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈيۈك بىر پاراسەت بىلەن:

«ئى ئۆمەر! ئىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمىگەنلەر: "مۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ!" دېيىشىدۇ. ياق! مەن بۇنداق بىر ئىش قىلمايمەن! سەن مۇسۇلمانلارغا بۇيرىغىن، سەپەرگە تەييارلانسۇن!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى كەچكىچە ۋە پۈتۈن كېچە يولغا داۋام قىلدى. تاڭ ئېتىپ قۇياشنىڭ ئىسسىقى ئېشىشى بىلەن دەم ئېلىشقا توختىدى. مۇسۇلمانلار ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇسۇلمانلارنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن توسۇپ ئۈچۈن ئىدى[181] پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئىشتىكى ئىنچىكە سىياسىتىي ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ئايەتتە مۇنداق بىلدۈرۈلدى:

إِذَا جَآءَكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللّٰهِ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ
لَرَسُولُهُ وَاللّٰهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ اِتَّخَذُوٓا اَيْمَانَهُمْ جُنَّةً
فَصَدُّوا عَنْ سَبِيلِ اللّٰهِ اِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ
اٰمَنُوا ثُمَّ كَفَرُوا فَطُبِعَ عَلٰى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ

**«مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى. (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ**

181. ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 335 ـ 336 ـ بەتلەر.

قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ) ئۇلار ئىماننى چۈشەنمەيدۇ.»

وَاِذَا رَاَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ اَجْسَامُهُمْ وَاِنْ يَقُولُوا تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ كَاَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ يَحْسَبُونَ كُلَّ صَيْحَةٍ عَلَيْهِمْ هُمُ الْعَدُوُّ فَاحْذَرْهُمْ قَاتَلَهُمُ اللّٰهُ اَنّٰى يُؤْفَكُونَ

«ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ!»

وَاِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا يَسْتَغْفِرْ لَكُمْ رَسُولُ اللّٰهِ لَوَّوْا رُؤُسَهُمْ وَرَاَيْتَهُمْ يَصُدُّونَ وَهُمْ مُسْتَكْبِرُونَ سَوَآءٌ عَلَيْهِمْ اَسْتَغْفَرْتَ لَهُمْ اَمْ لَمْ تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ لَنْ يَغْفِرَ اللّٰهُ لَهُمْ اِنَّ اللّٰهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ

«ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرىگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلارغا (مەيلى) مەغفىرەت تەلەپ قىلغىن، (مەيلى) مەغفىرەت تەلەپ قىلمىغىن بەرىبىر ئوخشاش، ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىز مەغفىرەت قىلمايدۇ، شۈبھىسىزكى، پاسىق قەۋمنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ.»

هُمُ الَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنْفِقُوا عَلٰى مَنْ عِنْدَ رَسُولِ اللّٰهِ حَتّٰى يَنْفَضُّوا وَلِلّٰهِ
خَزَآئِنُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَلٰكِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَا يَفْقَهُونَ يَقُولُونَ
لَئِنْ رَجَعْنَآ اِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ الْاَعَزُّ مِنْهَا الْاَذَلَّ وَلِلّٰهِ الْعِزَّةُ
وَلِرَسُولِهٖ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَلٰكِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَا يَعْلَمُونَ

**«ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىمەڭلار ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئەزىز ئادەم (ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ. لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.»** (مۇنافىقۇن سۈرىسى، 18 ـ ئايەت)

سۈرە مۇنافىقۇن نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ئەرقەمنى چاقىرىپ، بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ:

«ئى زەيد! ئاللاھتائالا سېنىڭ سۆزۈڭنى تەستىقلىدى» دېدى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 63\2 ـ 1؛ مۇسلىم: «سىفەتۇل مۇنافىقىين»، 1)

كېيىن زەيدنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

«مانا بۇ ئاللاھ يولىدا قۇلىقى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ياشتۇر» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 336 ـ بەت)

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن، مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدىكى، سەممىي بىر مۇئمىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ قىلغان ئەخلاقسىزلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، سەۋر قاچىسى

تولدى. ئاخىرقى ۋەقەدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر خالىساڭ، دادامنى ئۆلتۈرەي!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا رۇخسەت قىلماي:

«ياق! ئەكسىچە ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىمىز. ئارىمىزدىلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتىمىز!» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئىچىدىكى دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

”ئىززەت ۋە قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى سۆزلىمىگىچە سېنى بۇ يەردىن قىمىرلاتمايمەن!...“ دەپ ۋاقىردى.

مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى چۆچۈپ كەتتى. بۇنچىۋالا كىشىنىڭ ئالدىدا ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، غۇرۇرى كۆتۈرەلمىدى:

- ئەمدى سەن مېنى مۇشۇنچىۋالا كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەدىنىگە ماڭغىلى قويمامسەن؟ - دېدى.

ئوغلى، بۈيۈك بىر ئىمان كۈچى بىلەن:

- شۇنداق، بۆگۈن ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ خار كىشى بىلەن، ئەڭ ئەزىز كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ساڭا ئۆگىتىپ بولغىچە سېنى قويۇۋەتمەيمەن. ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن...“ دېدى.

خائىن مۇناپىقنىڭ پۇت-قوللىرى باغلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان دەرىجىدە جىددى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ شۈركەندى. ئىلگىرى قىلغان سۆزلىرىدىن يېنىپ چىن كۆڭلىدىن خالىمىغان بولسىمۇ ھەقىقەتنى تىلغا ئېلىپ:

”گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئىززەت ئاللاھقا، رەسۇلىغا ۋە مۇئمىنلەرگە خاستۇر“ دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا:

«ئاللاھ سېنى پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەرنى (قوغدىغانلىقىڭ) ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە دادىسىنىڭ يولىنى ئېچىۋېتىشنى بۇيرىدى. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 334 ـ دىن 337 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 65 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 317 ـ 318 ـ بەتلەر؛ زەمەخشەرى: 6 ـ جىلد، 117 ـ بەت)

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىكى، ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە ئەمەس، ھەتتا بىر قىلىغا ھەرقانداق بىر زىيان يېتىشىگە رازى بولمايتتى. بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى ۋە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشى ئۇلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. بۇنى قىلغان دادىلىرى بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىچ ئاغرىتماستىن ئۆلتۈرۈشكە تەييار ئىدى.

## چىدىغۇسىز مۇشەققەت ۋە ئازاب ئۇستىگە ئازاب: خەندەك غازىتى

(ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى شەۋۋال ـ زۇلقەئدە ئېيى / مىلادى 627 ـ يىل 3 ـ ئاي)

خەندەك غازىتى مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان شىددەتلىك ۋە مۇشكۇل بىر ئۇرۇشتۇر. بۇ غازات مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام دۆلىتىنى تارىختىن ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان.

سۈرگۈن قىلىنغان بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ بىرمۇنچە كاتتىۋاشلىرى خەيبەرگە كېلىپ ئولتىراقلىشىپ قالغانىدى. مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىنتىقام ئوتلىرى يېنىۋاتاتتى. قۇرەيشكە بىرلىشىشنى تەكلىپ قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بۇتلارغا چوقۇندى. بۇنىڭغا ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ أُوتُوا نَصِيبًا مِنَ الْكِتَابِ يُؤْمِنُونَ بِالْجِبْتِ
وَالطَّاغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا هَٰؤُلَاءِ أَهْدَىٰ مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا
سَبِيلًا أُولَٰئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ وَمَنْ يَلْعَنِ اللَّهُ فَلَنْ تَجِدَ لَهُ نَصِيرًا

**«كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كافىرلارنى كۆرسىتىپ: «بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى)نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر، ئاللاھ كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن.»** (نىسا سۈرىسى، 51 ـ 52 ـ ئايەت)[182]

مۇشرىكلار بۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغانلىقتىن، ھەرىكەتكە ئۆتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئالاھىدە بىر غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ جاسارەتلىنىشىدىن پايدىلىنىپ بىرمۇنچە ئىتتىپاقداش تاپقان قۇرەيشلەر ئون مىڭدىن كۆپ بىر قوشۇن تەييارلاشقا مۇۋەپپەق بولدى[183].

بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىسيان قىلماي، ئاللاھ يولىدا مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلسا، ئىلاھىي ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرىدى.

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەندەك قېزىشنى ئىلھام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن مەدىنىنىڭ سىرتىدا ئۇرۇشۇش ياكى مۇداپىئە ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولاشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنى خالايدىغانلىقىنى سورىدى.

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! بىزمۇ فارس دىيارىدا دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەندىشە قىلغان ۋاقتىمىزدا ئەتراپىمىزغا پۈتۈنلەي خەندەك كولايتتۇق“ دېدى.

182. ۋاھىدى، 160 ـ بەتكە قاراڭ
183. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 444 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 66 ـ بەت.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىنى قوللىغان بۇ سۆزى مۇسۇلمانلارغا ياقتى[184].

ساھابىلار ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوھۇد غازىتىدا شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقماي مەدىنىدە مۇداپىئەدە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىش قارار قىلىندى.

مەدىنە يالغۇز بىر تەرەپتىنلا ئوچۇق بولۇپ، شۇ تەرەپ خەتەرلىك ئىدى. باشقا تەرەپلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىنالار بىلەن بىر قەلئەگە ئوخشاش ئورالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا زىچ خورما دەرەخلىرى بىلەنمۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھالەتتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەكنىڭ دۈشمەنگە ئوچۇق بولغان تەرەپتە كولىنىشىنى قارار قىلدى. "شەيخەين" قەلئەسىدىن "مېزاد" دېگەن جايغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقتا بىر سىزىق تارتىلىپ ھەر ئون كىشىگە: "بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە" دەپ كۆرسىتىپ بېرىپ، خەندەك كولاشقا مەلۇم بىر يەر ئايرىدى[185].

خەندەك قېزىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىرگە قازدى. ھەتتا قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەندە، قورسىقىغا تاش باغلاشقا مەجبۇر بولدى[186]. پەيغەمبەرلەر سۇلتانى يولباشچىمىز بۇ ئەھۋالدىمۇ پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىدى.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەھزاب كۈنى[187] بىز بىلەن تۇپا توشۇۋاتقاندا كۆردۈم. شۇ پەيتتە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ شۇ شېئىرىنى ئوقۇۋدى:

184. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 231-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 445-بەت.
185. تەبەرى: «تارىخ»، 2-جىلد، 568-بەت؛ دىيار بەكرى: 1-جىلد، 482-بەت.
186. بۇخارى: «مەغازى»، 29.
187. خەندەك ئۇرۇشىدا ھەر خىل قەبىلىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر يەرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇشقا "ئەھزاب" دېگەن ئىسىممۇ بېرىلگەن.

اللهم لولا أنت ما اهتدينا

ولا تصدقنا ولا صلينا

فأنزلن سكينة علينا

وثبت الأقدام إن لاقينا

إن الألى قد بغوا علينا

وإن أرادوا فتنة أبينا

«ئى ئالLAھ سەن بىزنى ھىدايەت قىلمىغان بولساڭ، بىز سەدىقە بېرەلمەيتتۇق، نامازمۇ ئوقۇيالمايتتۇق! ئى رەببىمىز! دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا ئۈستىمىزگە خاتىرجەملىك ئاتا قىل! قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىل! ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى پىتنە-پاساتقا چۈشۈرمەكچى بولسا، بىز قاچمايمىز ھەم ئۇلارنىڭ دېگىنىگىمۇ بويسۇنمايمىز!»

شېئىرنىڭ ئاخىرىدا "ئەبەينا: قاچمايمىز ھەم ئۇلارنىڭ دېگىنىگىمۇ بويسۇنمايمىز!" دېگەن قىسمىغا كەلگەندە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى. (بۇخارى: «مەغازى»، 29)

ساھابە-كىرام شۇ قەدەر قىيىنچىلىقتا قالغان ئىدىكى، قورساقلىرىنىمۇ تويغۇزالمىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ، مۇنداق دەيدۇ:

"ساھابىلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن بىر ئوچۇم ئارپا كەلتۈرۈلەتتى. بۇ تەمى ۋە پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتكەن ياغ بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلاتتى. ھەممە كىشى ئاچ تۇرۇپ بۇ ياغنىڭ ئاچچىقلىقىنى ۋە بۇزۇلغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى. ئۇ تاماقنىڭ ئېغىر ۋە كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بىر پۇرىقى بولاتتى" (بۇخارى: «مەغازى»، 29)

چوڭ-كىچىك پۈتۈن مۇسۇلمانلار خەندەك كولاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇن بەش ياشلاردىكى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلاپ

قالغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇنى خەندەكنىڭ يېنىغا ئۇخلاپ قالغان ھالدا قويۇپ كەتكەنىدى. يېنىغا بارغان ئۇمارە ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويىدى. زەيد ئويغىنىپ قورالىنى تاپالماي جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە قورقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ زەيدنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

«ھەي ئۇخلاڭغۇ! سەن ئۇيقۇغا غەرق بولدۇڭ، قورالىڭمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقاپ كەتتى!» دېگەندىن كېيىن:

«بۇ بالىنىڭ قورالىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشى بارمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىلىمەن، قورال مەندە“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قورالنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەر!» دېدى ۋە چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇشنى ۋە ھەرقانداق بىر نەرسىسىنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويۇشنى چەكلىدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 448-بەت)

## خەندەكتە بېرىلگەن بىشارەت

شۇ پەيتتە ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۈيۈك بىر تاشقا ئۇچرىغانلىقى ۋە تاشنى پارچىلىيالمىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ بىسمىللاھ دەپ، ئۇ تاشنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ، ئۇششاق قۇمدەك قىلىۋەتتى[188]. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئۇرۇشتا مۆئمىنلەرگە كاتتا خۇشخەۋەرلەرنى بەردى. بىرىنچى ئۇرۇشتا شامنىڭ (ۋىزانتىيە)، ئىككىنچىسىدە ئىراننىڭ، ئۈچىنچى ئۇرۇشتا يەمەننىڭ ئاچقۇچلىرىنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەنلىكىنى ۋە بۇ مەملىكەتلەرنىڭ سارايلىرىنى تۇرۇۋاتقان يېرىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى

189. بۇخارى: «مەغازى»، 29

بىلەن شەرەپلىنىدىغانلىقىنى بىشارەت بېرىپ، كەلگۈسى زەپەرلەرنىڭ ھاياجانى بىلەن، مۇئمىن كۆڭۈللەرگە ئۈمىد بېغىشلىدى[189].

ھەقىقەتنىڭ يېقىن بىر كەلگۈسىدە باتىلنى مۇتلەق يوقۇتىدىغانلىقىنى بىشارەت بېرىپ، مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارالغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئارقا۔ ئارقىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جاھانشۇمۇل ھىدايەت خەرىتىسى سىزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىسرانىڭ مەدائىنىدىكى ئاق قەسرىنى تەسۋىرلىگەندە، سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"توغرا سۆزلىدىڭ! سېنى ھەق دىن ۋە كىتاب بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ قەسىر ئەينەن سەن تەسۋىرلىگەندەك! سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە (يەنە بىر قېتىم) گۇۋاھلىق بېرىمەن!" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى سەلمان! بۇ پەتىھلەرنى ئاللاھ مەندىن كېيىن سىلەرگە نېسىپ قىلىدۇ! شام مۇھەققەق پەتىھ بولىدۇ! ھىرەقلى، دۆلىتىنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگىچە قاچىدۇ! سىلەر پۈتۈن شامغا ھاكىم بولىسىلەر! ھېچكىم سىلەرگە قارشى چىقالمايدۇ. يەمەن مۇتلەق پەتىھ بولىدۇ! ئۇنىڭدىن كېيىن كىسرا ئۆلتۈرۈلىدۇ.» دېدى.

دەرۋەقە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆردۈم" دېگەن. (ۋاقىدى: 2۔جىلد، 450۔بەت)

بۇ يەرلەر بىر۔بىرلەپ پەتىھ قىلىنغاندا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ:

"بۇ پەتىھلەر سىلەر ئۈچۈن بىر باشلانغۇچ! ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر پەتىھ قىلغان

189. ئەھمەد: 4۔جىلد، 303۔بەت؛ ئىبنى سائاد: 4۔جىلد، 83۔84۔بەتلەر.

ۋە قىيامەتكە قەدەر پەتىھ قىلىدىغان پۈتۈن شەھەرلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئاللاھتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالدىدىن بېرىپ بولغان!“ دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بىشارەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىقلارغا تېخىمۇ قولاي بەرداشلىق بېرىشى ئۈچۈن بۈيۈك بىر مەنىۋى ياردەم بولدى. نەتىجىنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە، دۈشمەنلەرنىڭ زىيىنىغا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئالدىدىن بىلدۈرۈلۈشى ئىمانلىق كۆڭۈللەرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇردى. چۈنكى خەندەك: ئىزتىراپ، ھارغىنلىق، ئاچلىق، سوغۇق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى بېرىلگەن كۈرەش سەۋەبى بىلەنمۇ، چىدىغۇسىز مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھ! ھايات پەقەت ئاخىرەت ھاياتىدۇر. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن!» (بۇخارى: «مەغازى»، 29) دەپ دۇئا قىلىپ، دۇنيادىكى پۈتۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ ئەبەدى ھايات ئالدىدا ھېچقانداق قىممىتى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ، ساھابىلىرىغا ئاخىرەتنى نىشان قىلىشنى بۇيرىدى.

## ھەزرىتى جابىرنىڭ تامىقىنىڭ بەرىكەتلەندۈرۈلۈشى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىز خەندەك ئۇرۇشى كۈنى خەندەك كولاۋاتاتتۇق. ئالدىمىزغا چوڭ بىر قىيا تاش چىقتى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ كولاۋاتقان خەندەكتە ئالدىمىزغا يوغان تاش چىقتى ـ دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

ـ مەن خەندەككە چۈشىمەن ـ دېدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش باغلىۋالغان ئىدى. بىز ئۈچ كۈندىن بۇيان يەيدىغان بىر نەرسە تاپالماي، ئۇ يەردە قالغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ئۇ يوغان تاشنى ئۇردى، ئۇ تاش ئۇندەك بولۇپ قۇم دۆۋىسىگە ئايلاندى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆيگە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ! - دېدىم. ئۆيگە بېرىپ ئايالىمغا:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىدىغۇسىز ھالەتتە كۆردۈم، يەيدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ - دەپ سورىدۇم.

ئايالىم:

- بىر ئاز ئارپا بىلەن بىر تال ئوغلاق بار - دېدى.

ئوغلاقنى بوغۇزلىدىم، ئارپىنى ئۆگۈتۈپ، گۆشنى قازانغا سالدۇق، ناننى تونۇرغا يېقىۋېتىپ، قازان قايناۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئاز تامىقىم بار، بىر-ئىككى كىشى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلغىن - دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- تاماق قانچىلىك؟ - دەپ سورىدى. مەن ئەھۋالنى ئېيتتىم. بۇنىڭ بىلەن:

- ناھايىتى ياخشى! ئايالىڭغا ئېيت، مەن كەلگىچە قازاننى ئوتتىن چۈشۈرمىسۇن، ناننىمۇ تونۇردىن چىقارمىسۇن! - دېدى. كېيىن ساھابىلىرىغا:

- ئى خەندەك ئەھلى! جابىر بىزگە زىياپەت تەييارلاپتۇ، قېنى يۈرۈڭلار! - دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن نىدا قىلدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۇردى. مەن جىددىيلىشىپ ئايالىمنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم:

- ۋاي بېشىمىزغا كەلگەنلەر! پەيغەمبىرىمىز يېنىدا مۇھاجىر، ئەنسارلار ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەر بىلەن بىرگە كېلىۋاتىدۇ - دېدىم.

ئايالىم:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەندىن قانچىلىك تامىقىمىزنىڭ بارلىقىنى سورىدىمۇ؟ - دېدى.

مەن:

- شۇنداق سورىدى - دېدىم. بۇنىڭ بىلەن:

- ئۇنداقتا ئەندىشە قىلما، ئۇ سەندىن ياخشى بىلىدۇ - دېدى.
بىر دەمدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە:
- بىر-بىرىڭلارنى ئىتتىرمەي كىرىڭلار! - دېدى. ئۇندىن، ئۇندىن كىردى. پەيغەمبىرىمىز ناننى قومۇرۇپ، ئۈستىگە گۆش قويدى ۋە ھەر قېتىمدا قازان بىلەن تونۇرنى يېپىپ قويدى. ئۇنىڭدىن ئالغىنىنى ساھابىلىرىغا بەردى. كېيىن يەنە ئوخشاش قىلدى. كەلگەنلەر مىڭ كىشى ئىدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تويغىچە، ناننى قومۇرۇپ ئۈستىگە گۆش قويۇشنى داۋاملاشتۇردى. نەتىجىدە بىرمۇنچە تاماق ئېشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىمغا بۇرۇلۇپ:
- بۇنى يېگىن، قوشنىلىرىڭنىمۇ مېھمان قىل، چۈنكى ئاچلىق ئىنسانلارنى پەرىشان قىلدى! - دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 29؛ مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 141؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 452-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روشەن بىر مۆجىزىسى سۈپىتىدە بىر قانچە كىشىگە يېتىدىغان تائامغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن مىڭ كىشى تويدى، ھەتتا ئېشىپ قالغانلىرى قوشنىلارغا ئىكرام قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا كىرگەن پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلىقتىن، قولىدا بىر نەرسە قالمايتتى. ئېھتىياجى بولغاندىمۇ بۇنى ساھابىلىرىدىن يوشۇراتتى، ھېچكىمگە يۈك بولۇشنى خالىمايتتى. ئەمما ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا بەكمۇ دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق بىر ئېھتىياجى بارلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىدا، دەرھال ئورۇنلاشقا تىرىشاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاچلىقتىن ئاۋازىنىڭ تىكۋەن چىققانلىقىنى ھېس قىلغاندا، شۇ ھامان ئۆيىگە بېرىپ، يەيدىغان نېمە بولسا دەرھال ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بېرەتتى[190]. پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىرايىنى سولغۇن كۆرگەن چاغدا يەيدىغان بىر نەرسە تېپىشقا تىرىشاتتى،

190. بۇخارى: «ئەتئىمە»، 6؛ مۇسلىم: «ئەشرىبە»، 142

تاپالماي قالسا تۆگە سۇغۇرۇش بەدىلىگە بولسىمۇ بىر قانچە خورما ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېرەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئەنسارلاردىن بىر كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، يۈزۈڭدە كۆرگەن بۇ ئەھۋال مېنى بەكمۇ غەمكىن قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە بىر ئاز قارىغاندىن كېيىن:

- ئاچلىق - دېدى. ساھابە شۇ ھامان ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەلدى، يەيدىغان بىر نەرسە ئاختۇردى، ئەمما ھېچنەرسە تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال بەنى قۇرەيزىگە بېرىپ، قۇدۇقتىن تارتىپ بەرگەن ھەر چېلەك سۇ بەدىلىگە بىر خورما ئېلىشقا پۈتۈشتى. بىر ئوچۇم خورما توپلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇ مەجلىستە ئىدى. ساھابە:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇلارنى يېگىن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورملارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق ئويلايمەنكى، سەن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىسەن!» دېدى.

ئۇ كىشى:

"شۇنداق، سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ماڭا ئۆزەمدىن، بالىلىرىمدىن، ئايالىمدىن ۋە مېلىمدىنمۇ سۆيۈملۈكسەن" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئۇنداق بولسا، كەمبەغەللىككە سەۋر قىلغىن، بالا-قازالارغا قارشى ئۆزەڭگە بىر قالقان تەييارلا! مېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىككىسى (كەمبەغەللىك ۋە بالا-قازالار) مېنى

سۆيگەن كىشىگە سۇنىڭ تاغ ئۇستىدىن تۆۋەنگە ئېقىشىدىنمۇ تېز كېلىدۇ»
(ھەيسەمى: 10 ـ جىلد، 313 ـ بەت؛ زەھەبى: «سىيەر»، 3 ـ جىلد، 54 ـ بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 3 ـ جىلد، 298 ـ بەت)

## خەندەكتە تارتىلغان مۇشەققەتلەر

قىش مەۋسۇمى ئىدى. مۇشرىكلار مەدىنىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن ئالدىغا چىققان بۇ خەندەك ئالدىدا چۆچۈپ كېتىپ، مەدىنىگە كىرەلمىدى.

مۇشرىكلار قارارگاھىنى قۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورنىغا ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى ۋەكىل قىلىپ، ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىرلىكتە خەندەككە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. "سەلئ" تېغىنى ئارقا تەرىپىگە قىلىپ، قارارگاھىنى تاغنىڭ ئېتىكىگە قۇردى. كەينىدە قالغان ئاياللار ۋە بالىلارنى قەلئەگە يەرلەشتۈرۈشنى بۇيرىدى[191].

ئون بەش ياشقا توشمىغان بالىلارنى قەلئەلەرگە، يەنى ئائىلىلىرىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتتى. ئون بەش ياشقا كىرگەن ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى سابىت ۋە بەرا ئىبنى ئازىب قاتارلىق ساھابىلارغا رۇخسەت قىلدى[192].

بۇ ۋاقىتتا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئارىلىرىدىكى ئەھدىنامىنى بۇزدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامىنى ئىككىنچى قېتىم بۇزغان بولاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇيۈك خىيانىتى ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىككى ئوت ئارىسىدا قالدى. يەھۇدىلار مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى ئەبۇ سۇفيانغا ئەلچى ئەۋەتىپ:

"سىلەر مۇستەھكەم تۇرۇڭلار! بىز مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىۋېتىمىز!"[193].

191. ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 235 ـ بەت.
192. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 453 ـ بەت.
193. ئابدۇررەززاق: 5 ـ جىلد، 368 ـ بەت.

بۇ خىيانەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. ئەمما ئۇ داۋاملىق ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ھالىتىدە تۇردى. بۇ سەۋەبتىن، بۇ قىيىن ئەھۋال ئالدىدىمۇ:

«حسبنا الله ونعم الوكيل» "ھەسبۇنەللاھ ۋەنىئمەل ۋەكىيل": ئاللاھ بىزگە يېتەر! ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل!» دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 457-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 67-بەت)

كېيىن:

«بىزگە بەنى قۇرەيزىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان بىر كىشى يوقمۇ» دەپ سورىدى.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن بار ئى رەسۇلۇللاھ!" دېدى ۋە يۈرۈپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋال ئېغىرلىشىپ خەتەرلىك بىر ھالەتكە كەلگىچە ھەزرىتى زۇبەيرنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئەۋەتتى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ خىزمىتىدىن بولغان خۇشاللىقىنى:

«ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ھاۋارىسى بار، مېنىڭ ھاۋارىيىم زۇبەيردۇر!» دەپ تىلغا ئالدى. (ئەھمەد: 3-جىلد، 314)

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا بىر ھەيئەت ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن ھەيئەتكە مۇنۇلارنى سۆزلىدى:

«قاراپ كېلىڭلار! بىزگە يەتكەن خەۋەر توغرىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەگەر توغرا بولسا، ئۇنى ماڭا يوشۇرۇن ھالەتتە بىلدۈرۈڭلار. ئاشكارىلاپ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچقا سالماڭلار، ئۇلارنى ئاجىزلىق ۋە ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈرمەڭلار! ئەگەر ئۇلار ئارىمىزدىكى ئەھدىنامىگە سادىق بولغان بولسا، بۇنى كىشىلەرگە ئاشكارىلىساڭلار بولىدۇ» دېدى.

ئەلچىلەر بەنى قۇرەيزىگە باردى ۋە ئۇلاردىن ئاڭلىغېنىدىنمۇ يامان ئەھۋالنى كۆردى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 237-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر ھۇجۇمغا قارشى مەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن سەلەمە ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى 200؛ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى 300 كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىدە كۆتۈشنى بۇيرىدى. بۇلار مەدىنىدە كۆتۈپ تۇرۇش ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، مەدىنە كوچىلىرىدا چارلاش ئېلىپ باردى[194].

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىماي تاڭ ئاتقۇزغاندا، مۇئمىنلەر راھەت بىر نەپەس ئالاتتى. ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەدىنىدىكى بالا-چاقىلىرىمىز ھەققىدە بەنى قۇرەيزىدىن قىلغان ئەندىشىمىز، قۇرەيش ۋە غەتافان قوشۇنلىرىدىن قىلغا ئەندىشىمىزدىن ئېغىر بولدى. پات-پات سەلئ تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مەدىنە ئۆيلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى ھۇزۇر ئىچىدە كۆرگىنىمدە ئالللاھقا شۈكۈر ئېيتاتتىم" دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 460-بەت)

ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزمۇ مۇنداق دېگەن:

"مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا، ئېلىشىش ۋە قورقۇنچ ئەۋج ئالغان مۇرەيسى، خەيبەر، ھۇدەيبىيە، مەككىنىڭ پەتھى، ھۇنەين قاتارلىق نۇرغۇن غازاتلاردا بىرگە بولدۇم. بۇلارنىڭ ھېچبىرى رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن، خەندەكتىن قىيىن ۋە قورقۇنچلۇق بولمىدى. بەنى قۇرەيزىنىڭ بالا-چاقىلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم ئەمەستۇق" (ۋاقىدى: 2-جىلد، 467-بەت)

يەنە بىر تەرەپتىن خەندەك ئەتراپىغا پات-پات مۇشرىكلار تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىندى، كېچىنىڭ بىر ۋاقىتلىرىغىچە شىددەتلىك چېلىشىشلار بولدى، بەزىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرىمۇ ئوققا تۇتۇلدى.

مۇشرىكلار بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان يەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كۈنى پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلارمۇ ناماز ئوقۇشقا پۇرسەت تاپالمىدى. كەچ كىرىپ قوشۇن قارارگاھىغا چېكىنگەندە، رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى بىلالغا ئەزان توۋلاشنى بۇيرىدى. ھەر ناماز ئۈچۈن

194. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 67-بەت.

ئىقامەت تەكبىرىنى ئېيتقۇزۇپ پىشىن، ئەسىر ۋە شامنى قازا قىلىپ ئوقۇدى[195].

بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كۆزۈمنىڭ نۇرى» دېگەن ناماز ئىبادىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغان مۇشرىكلار ئۈچۈن:

«ئۇلار بىزنى كۈن پاتقىچە قانداق مەشغۇل قىلىپ نامازلىرىمىزدىن قويغان بولسا، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە، قورساقلىرىغا، قەبرىلىرىگە ئوت تولدۇرسۇن!» دەپ بەددۇئا قىلدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 29؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 68 ـ 69 ـ بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4 ـ جىلد، 112 ـ بەت)




195. بۇ ھادىسە، ۋاقتىدا ئوقۇلمىغان نامازلارنىڭ قازا قىلىپ ئوقۇلىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولدى.

### خەندەك غازىتىدىكى قەھرىمانلىقلار

چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇرۇشتا ۋەزىيە ئۈستىگە ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەكنىڭ تار يېرىدە بىۋاستە كۆزەتچىلىك قىلدى[196].

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

"خەندەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەقەت ئايرىلمىدىم. رەسۇلۇللاھ خەندەكتە بىۋاستە ئۆزى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ پەيتتە قاتتىق بىر سوغۇققا دۇچ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىسام نامازغا تۇرۇپتۇ. كېيىن خەندەككە بېرىپ بىر مۇددەت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ:

- ئۇلار ھەرھالدا مۇشرىكلارنىڭ ئەسكەرلىرى، خەندەكنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ! ئۇلارغا قارشى چىقىدىغان كىم بار؟ - دېدى. كېيىن:

- ئى ئەبباد ئىبنى بىشر! - دەپ چاقىردى.

ئەبباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- لەببەي، يا رەسۇلۇللاھ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- يېنىڭدا باشقا كىشىلەر بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئەبباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- شۇنداق! مەن ۋە ساھابىلىرىڭدىن بىر قانچىسى چېدىرىڭنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتىمىز! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىرلىكتە بېرىپ خەندەكنى بويلاپ ماڭ! شۇ كۆرۈنگەن ئەسكەرلەر ھەرھالدا دۈشمەن ئەسكەرلىرىدۇر، سىلەر ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرىدۇ، غەپلەتتە قالغان ۋاقتىڭلاردىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ!- دېدى. كەينىدىن:

196. ۋاقىدى: 2-جىلد، 463-464-بەتلەر.

ـ ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى بىزدىن يىراقلاشتۇر! ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم قىل ۋە بىزنى ئۇلارغا غالىب قىل! بىزنى سەندىن باشقا غالىب قىلغۇچى يوقتۇر! ـ دەپ دۇئا قىلدى.

ئەبباد ئىبنى بىشر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ پەيتتە مۇشرىكلارنىڭ رەئىسى ئەبۇ سۇفيان بىر كىچىك قوشۇن بىلەن خەندەكنىڭ تار يېرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى تاش ۋە ئوقلا تۇتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۇردۇم، مۇشرىك ئەسكەرلىرىگە تاش ۋە ئوق ئاتتۇق، نىھايەت، ئۇلارنى ئاجىزلاتتۇق، بىرمۇددەتتىن كېيىن سەپلىرى چېچىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاللاھ ئەبباد ئىبنى بىشرگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ھەر زامان رەسۇلۇللاھنىڭ چېدىرىدا قاراۋۇللۇقتا تۇردى. (ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 464 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ھەزرىتى سەفىييە شۇ پەيتتە ئاياللار ۋە بالىلار بىلەن بىرلىكتە، ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ فارى ناملىق قورغىنىدا ئىدى. يەھۇدىيلاردىن ئون كىشى كېلىپ قورغاننى ئوققا تۇتتى ۋە ئىچىگە كىرىشكە تىرىشتى. ئۇلاردىن بىرسى قورغاننىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، بىرەر يوچۇق ئىزدەپ يۈرەتتى. رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلىرى، ئۇ پەيتتە خەندەكتە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى.

ھەزرىتى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چارىسىز قېلىپ، بۇ مۇسىبەتنى ئۆزىدىن باشقا كەتكۈزىدىغان بىر كىشىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى بىر ياغلىق بىلەن چىڭ باغلىدى ۋە قولىغا بىر توقماق ئېلىپ قورغاندىن پەسكە چۈشتى. ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەن يەھۇدىينىڭ ئارقىسىدىن ئاستا يېقىنلىشىپ، قولىدىكى توقماق بىلەن بېشىغا بىرلا ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ھەمراھىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى:

"بىزگە بۇ يەردىكى ئايالالارنىڭ بېشىدا قوغدىغۇچىلار يوق دېيىلگەن ئىدى!" دېيىشىپ تارقىلىپ كەتتى. (ھەيسەمى: 6ـ جىلد، 133ـ 134ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 2ـ جىلد، 462ـ بەت)

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزمۇ ساھابىلارنىڭ جىھادقا بولغان ئىشتىياقىغا دائىر كۆرگەنلىرىنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

"خەندەك غازىتى كۈنى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن باردىم. ئارقامدىن بىر ئاۋاز كەلدى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارىسە ئىبنى ئەۋسنى كۆردۈم. تۇرغان يېرىمدە ئولتۇردۇم. سەئىدنىڭ ئۇستىدە تار بىر ساۋۇت بولۇپ، قوللىرى ساۋۇتتىن تېشىغا چىقىپ قالغان ئىدى. جىھادقا قېتىلىشقا تەشۋىق قىلغان ۋە ئەجەل كەلگەندە ئۆلۈمنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بىر شېئىر ئوقۇۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا:

"ئوغلۇم! يۈگۈر، رەسۇلۇللاھقا يېتىشىۋال! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كېچىكىپ قالدىڭ!" دېدى.

سەئىدنىڭ ئانىسىغا:

"سەئىدنىڭ ساۋۇتى بارماقلىرىغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يېپىپ تۇرىدىغان بولسا ياخشى بولاتتى" دېدىم. ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان قوللىرىغا ئوق تېگىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم.

سەئىدنىڭ ئانىسى:

"ئاللاھ ئۆز ھۆكمىنى (ئۆزى تەقدىر قىلغان بويىچە) ئىشقا ئاشۇرىدۇ" دېدى.

سەئىد ئۇ كۈنى يارىلاندى" (ئەھمەد: 4ـ جىلد، 141ـ بەت. ئىبنى ھىشام: 3ـ جىلد، 244ـ بەت)

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە:

"ئى ئاللاھ! ئەگەر قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن بىر ئۇرۇشنى يەنە تەقدىر قىلغان بولساڭ، مېنىمۇ ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانغا قەدەر سالامەت

قىلغىن! چۈنكى پەيغەمبىرىڭگە ئەسكىلىك قىلغان، ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئۇ قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئارزۇ قىلغىنىمدەك، باشقا ھېچبىر قەبىلە بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئارزۇ قىلمايمەن. ئەگەر بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولسا، يارامنى شېھىدلىككە ۋەسىلە قىلغىن! مېنى دەرگاھىڭغا قوبۇل قىل! بەنى قۇرەيزە جەمەتىنىڭ جازالاندۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغىچە جېنىمنى ئالما!" دەپ دۇئا قىلدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 525-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 423-بەت)

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇئاسىنى تۈگىتىشى بىلەن قېنى توختاپ، بىر تامچىمۇ ئاقمىدى[197].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن مەسجىدتە بىر چېدىر تىكتۈردى. بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئۇنى كۆپرەك زىيارەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئىدى[198].

چوڭقۇر خەندەكلەردىن، پەقەت بىر قانچە مۇشرىك ئۆتەلىدى. بۇلاردىن بىرى بولغان ئەمر ئىبنى ئەبد ئەرەبىستاننىڭ مەشھۇر پالۋانلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى. باشقىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاش بولدى.

ئۇرۇش ئۇزىراپ كەتتى. مۇئمىنلەر شۇنداق زور ئەھۋالدا قالدىكى، ئىلاھىي ياردەم قاچان كېلەر، دەپ كۈتۈشكە باشلىدى. بۇ ھالەتنى ئاللاھتائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

اِذْ جَٓاؤُ۫كُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ اَسْفَلَ مِنْكُمْ وَاِذْ زَاغَتِ الْاَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللّٰهِ الظُّنُونَا هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا

197. تىرمىزى: «سىيەر»، 29/1582؛ ئەھمەد: 3-جىلد، 350-بەت.
198. بۇخارى: «مەغازى»، 30.

«ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزلۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. بۇ يەردە مۆئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈنىنىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى.»

وَاِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذٖينَ فٖي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ مَا وَعَدَنَا اللّٰهُ وَرَسُولُهُٓ اِلَّا غُرُورًا وَاِذْ قَالَتْ طَٓائِفَةٌ مِنْهُمْ يَٓا اَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمْ فَارْجِعُوا وَيَسْتَاْذِنُ فَرٖيقٌ مِنْهُمُ النَّبِيَّ يَقُولُونَ اِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ اِنْ يُرٖيدُونَ اِلَّا فِرَارًا وَلَوْ دُخِلَتْ عَلَيْهِمْ مِنْ اَقْطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُوا الْفِتْنَةَ لَاٰتَوْهَا وَمَا تَلَبَّثُوا بِهَٓا اِلَّا يَسٖيرًا وَلَقَدْ كَانُوا عَاهَدُوا اللّٰهَ مِنْ قَبْلُ لَا يُوَلُّونَ الْاَدْبَارَ وَكَانَ عَهْدُ اللّٰهِ مَسْؤُلًا قُلْ لَنْ يَنْفَعَكُمُ الْفِرَارُ اِنْ فَرَرْتُمْ مِنَ الْمَوْتِ اَوِ الْقَتْلِ وَاِذًا لَا تُمَتَّعُونَ اِلَّا قَلٖيلًا

«ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گورۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!» دېدى. ئۇلاردىن يەنە بىر گورۇھ ئادەم: «بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا» دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سوراشتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىمانىدىن قايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى ئاللاھقا (جەڭدە) چېكىنمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ. ئېيتقىنكى:

**«ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، قېچىشىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 10 ـ 16 ـ ئايەت)

وَلَمَّا رَاَ الْمُؤْمِنُونَ الْاَحْزَابَ قَالُوا هٰذَا مَا وَعَدَنَا اللّٰهُ وَرَسُولُهُ

وَصَدَقَ اللّٰهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ اِلَّٓا اِيمَانًا وَتَسْلِيمًا

**«مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 22 ـ ئايەت)

مۇئمىنلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشتى. غەتافان قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن مۇسۇلمان بولغان، ئەمما ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇرۇش ھىيلىدۇر» (بۇخارى: «جىھاد»، 157؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 17) دېگەن تەلىماتى بىلەن يوشۇرغان نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلار بىلەن بەنى قۇرەيزىنىڭ ئارىسىنى ئېچىشتا مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. مەدىنىنى قورشىۋالغان قەبىلىلەر بۆلۈنۈشكە ۋە ئىختىلاپقا چۈشتى. ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن قاچتى. يەھۇدىلار نۇئەيمنىڭ ھىيلىسگە ئالدىنىپ قەلئەلىرىگە چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن مەيداندا پەقەت مەككە مۇشرىكلىرىلا قالدى. لېكىن مۇئمىنلەر يەنىلا قىيىن بىر ئەھۋالدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار مۇشرىكلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا ئېغىر بىر ئىمتىھاندىن ئۆتكەن، گويا يۈرەكلىرى ئاغزىغا كېلىپ قالغان بۇ پەيتتە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

اَمْ حَسِبْتُمْ اَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَاْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ
قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَاْسَآءُ وَالضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُوا حَتّٰى يَقُولَ الرَّسُولُ
وَالَّذِينَ اٰمَنُوا مَعَهُ مَتٰى نَصْرُ اللّٰهِ اَلَٓا اِنَّ نَصْرَ اللّٰهِ قَرِيبٌ

**«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتىۋېتىلگەن ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 214 ـ ئايەت)[199]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! ئى قۇرئاننى ئەۋەتكەن ئاللاھ! ئى دۈشمەنلەردىن تېز ھېساب ئالغۇچى رەببىم! سەن مەدىنە ئالدىدا توپلانغان بۇ ئەرەب قەبىلىلىرىنى تارقىتىۋەتكىن! ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يوقاتقىن، ئىرادىلىرىنى بوشاتقىن ـ دە تۇرغان يەرلىرىدىمۇ مۇستەھكەم تۇرالمىسۇن!» (بۇخارى: «مەغازى»، 29)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى تۈگىتىپ بولىشىغا، مۇبارەك سىماسىنى تەبەسسۇمغا پۈركىگەن ئىلاھىي ياردەم كەلدى. قاتتىق بوران دۈشمەن سەپلىرىگە قاراپ چىقىشقا باشلىدى. ئالدىغا نېمە كەلسە ئۇنى سۈپۈرۈپ ماڭغان بۇ قاتتىق بوران ـ چاپقۇن، مەدىنە ۋادىسىنىڭ چاك ـ توزانلىرىنى مۇشرىكلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ئاپاردى. چېدىرلىرىنى قومۇرۇپ ، قازانلىرىنى ئۆرۈپ، ئوتلىرىنى ئۆچۈردى. يۈك تۈگىلىرى بىلەن قوشۇن ئاتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى[200].

199. تەبەرى، تەپسىر، 2 ـ جىلد، 464 ـ بەتكە قاراڭ.
200. ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 71 ـ بەت.

بۇ ساماۋى ئايەت ۋە ئىلاھىي ئازابقا ئۇچرىغان مۇشرىكلار قاتتىق پەرىشان بولدى. ئۇرۇشقا ئەڭ ھېرىسمەن بولغانلاردىن ئەبۇ سۇفيانمۇ چارىسىزلىك ئىچىدە ئەسكەرلىرىگە:

"مەن قايتىمەن، سىلەرمۇ يولغا چىقىڭلار!" دەپ تۆگىسىگە مىنگەنچە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى[201].

جانابى ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا نۇسرىتىنى ئەنە شۇنداق ئەۋەتتى. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ اِذْ جَآءَتْكُمْ جُنُودٌ فَاَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رٖيحًا وَجُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللّٰهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصٖيرًا

**«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇستۇڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 9-ئايەت)

وَرَدَّ اللّٰهُ الَّذٖينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللّٰهُ الْمُؤْمِنٖينَ الْقِتَالَ وَكَانَ اللّٰهُ قَوِيًّا عَزٖيزًا

**«ئاللاھ كافىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى. ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئاللاھ (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 25-ئايەت)

پەرىشان ھالەتتە قاچقان مۇشرىكلار كەينىدە بىر مۇنچە ئۇلاق، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويدى. بۇلار

201. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 251-بەت.

سايىسىدە مەدىنىدىكى قەھەتچىلىكمۇ تۈگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلاھىي مەرھەمەت ۋە بۈيۈك غەلىبىدىن كېيىن ساھابىلىرىغا:

«ئەمدى نۆۋەت سىلەرنىڭ! بۈنىڭدىن كېيىن قۇرەيش سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە كېلەلمەيدۇ» دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 29)

بۈنىڭ بىلەن ئەمدى مۇداپىئە ئەمەس، ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە ھۇجۇمچى كۈچلىرى تامامەن ۋەيران بولغان ئىدى. ئەمدى پۈتۈن مۇئمىن كۆڭۈللەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلىگەن سۆزلىرىنى سۆزلەيتتى:

"بۈنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىمىز!".

## بەنى قۇرەيزە غازىتى

(ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 23 ـ كۈنى / مىلادى 627 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)

مۇسۇلمانلار خەندەك غازىتىدا غەلىبە قىلىپ، دۈشمەن قاتتىق زىيانغا ئۇچراپ مەككىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە ساۋۇتىنى سېلىپ يۇيۇندى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ قورالىڭنى تاشلىدىڭمۇ؟ بىز تېخى تاشلىمىدۇق! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا سەپەر بار شۇنداقمۇ؟، قايەرگە؟ ـ دەپ سورىدى.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ئەسناسىدا خىيانەت قىلغان بەنى قۇرەيزە يۇرتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ ئۇ يەرگە! ـ دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 30)

چۈنكى ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بەنى قۇرەيزىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان ئەھدىنامىگە رىئايە قىلماي، ئەڭ زور ۋاقىتلاردا خىيانەت قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، قىلىنغان ئەھدىنامىگە كۆرە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان مۇشرىكلارغا قارشى مۇداپىئەدە تۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى.

لېكىن ئەكسىچە، پۈرسەت تاپسا، قىلمايدىغان خىيانەتلىرى قالمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز قولىرى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي بۇيرۇقنى ئېلىپ، دەرھال مۇئمىنلەرنى توپلاپ بەنى قۇرەيزەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ھەتتا:

«ئاڭلىغان ۋە ئىتائەت قىلغان ھەممە كىشى ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزە يۇرتىغا بارمىغىچە ئوقۇمىسۇن!» دەپ، يەھۇدىلار ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە ھەرىكەتكە ئۆتتى. (بۇخارى: «مەغازى»، 30)

يەھۇدىلار ھەزرىتى ئەلى قوماندانلىقىدىكى دەسلەپكى قوشۇننى كۆرۈشى بىلەن، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھەرخىل ناچار گەپ قىلدى[202].

ئەمما بىردەمدىن كېيىن بىۋاستە رەسۇلۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنى كۆز ئالدىلىرىدا كۆرۈشى بىلەن تىللىرى تۇتۇلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن سۆزلىگەنلىرىنى ئىنكار قىلدى.

ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! سىلەر ئاچلىقتىن ئۆلگىچە قەلئەيىڭلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز! سىلەر ئۇۋىسىغا مۆكۈۋالغان تۈلكىگە ئوخشايسىلەر! - دېدى.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى قورقۇنچ ئىچىدە:

- ئى ئىبنى ھۇدەير! بىز بەنى خەزرەجنىڭ ئەمەس، سىلەر ئەۋس جەمەتىنىڭ ئىتتىپاقدىشى! - دېيىشتى.

ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەمدى سىلەر بىلەن ئارىمىزدا ئەھدە، كېلىشىم يوق! - دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 499-بەت)

---

202. ۋاقىدى: 2-جىلد، 499-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن بۇرۇن قەلئەسىنىڭ يېنىغىچە يېقىنلىشىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، لېكىن ئۇلار قوبۇل قىلمىدى[203].

مۇھاسىرە ئۇزىراپ يەھۇدىيلار قاتتىق قىيىنچىلىققا چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن كەئب ئىبنى ئەسەد:

- ئى يەھۇدىي جامائىتى! ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ پالاكەت بېشىمىزغا كەلدى. مەن سىلەرگە ئۈچ ئىشنى تەكلىپ قىلىمەن، قايسىسىنى خالىساڭلار شۇنى قىلىڭلار! - دېدى.

- ئۇلار نېمە؟ - دەپ سورىدى.

كەئب:

- بىرسى: بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇ كەسكىن بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقتىكى، ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ۋە كىتابلىرىڭلاردا سۈپەتلىرى يېزىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتساڭلار، قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار ۋە ئاياللىرىڭلارنى قوغدىغان بولىسىلەر! - دېدى.

- بىز تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئايرىلمايمىز،شۇنداقلا ئۇنى باشقا بىر كىتاب بىلەن ئالماشتۇرمايمىز! - دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كەئب، خوتۇن-بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇرۇشقا كىرىشنى ياكى شەنبە كېچىسى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشنى كۈتمىگەن بىر پەيتتە ھۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىدى[204]. چۈنكى ئاللاھ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سېلىۋەتكەن ئىدى.

سەئلەبە، ئۇسەيد ۋە ئەسەد ئىسىملىك ئۈچ ياش يەھۇدىي ئالىمى ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن خۇسۇسىيەتلەرنىڭ پەيغەمبەر

203. ئابدۇررەززاق: 5-جىلد، 216، 370.
204. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 256-بەت.

ئەلەيھسسالامدا بولغانلىقنى كۆرۈپ مۇسۇلمان بولدى. كېچە قەلئەدىن چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى[205].

يەھۇدىلار شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بولغان سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرتتى. ھەزرىتى سەئىد ئۇرۇشتا يارىلانغان بولۇشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئىشتىياق بىلەن ئىتائەت قىلىپ ئۇ يەرگە كەلدى. چۈنكى ئۇ ئۇرۇشتا يارىلانغان ۋاقتتا، ئاللاھتائالاغا مۇنداق يالۋۇرغان ئىدى:

”ئى رەببىم! مېنى بەنى قۇرەيزىدىن ئىنتىقام ئالمىغىچە قەبرى روھ قىلما! يەنى (جېنىمنى ئالما!)“.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇلار ھەققىدە مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقاردى. ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامۇ تەستىقلاپ:

«ئى سەئىد! قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئاللاھنىڭ يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلدىڭ!» دېدى[206].

ھەزرىتى سەئىدنىڭ چىن قەلبىدىن قىلغان دۇئاسى قوبۇل بولدى ۋە ئۇرۇشتا مۇئمىنلەرگە كەينىدىن ھۇجۇم قىلغان خائىن يەھۇدىلار ھەققىدە ھۆكمنى بەرگەندىن كېيىن جاراھىتى ئېغىرلىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئاشىقى ساھابە روھىنى شېھىد ھالەتتە تەسلىم قىلىپ ئىلاھىي رەھمەتكە نائىل بولدى[207].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

205. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 254-بەت.

207. تەۋراتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللىرى ئەسىر قىلىنىپ، ماللىرى غەنىمەت قىلىناتتى. (ئەھدى ئاتىك، تەنسىيە، 15-20/10 گە قاراڭ)

207. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 271-بەت.

- سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ۋاپاتى سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەرشى تىترىدى - دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 12؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 125)

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەستىلىك، قاۋۇل كىشى تۇرۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەندە يېنىك ھېس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ھېكمىتىنى مۇنداق بايان قىلدى:

- ئۇنى باشقىلار كۆتۈرۈۋاتىدۇ! جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، پەرىشتىلەر سەئىدنىڭ روھى بىلەن سۆيۈندى - دېدى. (ئىبنى ھىشام:3- جىلد، 271- بەت؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 50/3848)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ، ئۇنى قەبرىگە قويغاندىن كېيىن، ئۈستىگە توپا تاشلاپ بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەت تەسبىھ ئېيتتى. ساھابىلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكبىر ئېيتتى، ساھابىلارمۇ تەكبىر ئېيتتى. كېيىن ساھابىلار:

- ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتتىڭ؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ ئۇنىڭغا كەڭرىلىك بەرگىچە، قەبرە بۇ سالىھ بەندىنى سىقتى - دېدى. (ئەھمەد: 3- جىلد، 360- بەت)

ئارقىدىن سۆزلىرىنى مۇنداق داۋام قىلدى:

«ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن قۇتۇلىدىغان بولسا ئىدى، شۈبھىسىزكى، سەئىد قۇتۇلاتتى. ئەمما ئۇنى قەبرە باشتا سىقتى، كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا كەڭرىلىك ئاتا قىلدى» (تەبارانى: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 10- جىلد، 334- بەت)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”رەسۇلۇللاھقا سۇندۇستىن بىر تون ھەدىيە قىلىنغانىدى. بۇ كىيىمنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ قالدى، گۈزەللىكىگە ۋە يۇمشاقلىقىغا ھەيران قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى قولياغلىقى بۇنىڭدىن گۈزەلدۇر» دېدى. (بۇخارى: «بەدئۇل خەلق»، 8؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 126)

خەندەك غازىتىدا ئىلاھىي مەرھەمەت بىلەن نائىل بولغان مۇۋەپپىقىيەتلەر قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَاَنْزَلَ الَّذِينَ ظَاهَرُوهُمْ مِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ مِنْ صَيَاصِيهِمْ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ فَرِيقًا تَقْتُلُونَ وَتَاْسِرُونَ فَرِيقًا وَاَوْرَثَكُمْ اَرْضَهُمْ وَدِيَارَهُمْ وَاَمْوَالَهُمْ وَاَرْضًا لَمْ تَطَؤُهَا وَكَانَ اللّٰهُ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا

**«ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلاغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ-جايلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 26-27-ئايەت)

# ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى

## پەتىھلەرنىڭ ئاچقۇچى: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى كەبە ئىشتىياقى بىلەن قىلىنغان سەپەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چۈش كۆرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى كەبىنى زىيارەت قىلىش ۋە تاۋاب قىلىشقا دەۋەت قىلدى[208]. بۇ دەۋەتكە تەييار بولغان مىڭ تۆت يۈز[209] ساھابىسى بىلەن بىرلىكتە ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ بىرىنچى دۈشەنبە كۈنى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇرۇش ئۈچۈن ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن يېنىغا پەقەت يولۇچى قورالىنى ئالدى. يەتمىشكە يېقىن قۇربانلىق تۆگە ئېلىۋالدى[210].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان ۋە ئادەملىرىنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلمامسەن؟ ۋاقتى كەپ قالسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يېنىمىزغا قوراللىرىمىزنى ئېلىۋالساق بولمامدۇ؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بىلىمەن! مەن ئۆمرىگە نىيەت قىلغان ئىكەنمەن، قورال كۆتۈرۈپ بېرىشنى خالىمايمەن!» دېدى. (ۋاقدى: 2-جىلد، 573-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىيقات (ئېھرام باغلاش ئورنى) بولغان "زۇلھۇلەيفە" دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئېھرامغا كىرىپ ئۆمرىگە نىيەت قىلدى. ساھابىلارمۇ شۇنداق قىلدى. كۆڭۈللەر ئۇلۇغ كەبىنى بىر ئاز بولسىمۇ

208. ۋاقدى: 2-جىلد، 572-بەت.
209. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 95-بەت. كېيىن بۇ سانىنىڭ بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ يولدا قوشۇلىشى بىلەن ئېشىپ 1500، ھەتتا 1700گە چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.
210. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 95-بەت.

بالدۇرراق قوچاقلاش ئىشتىياقى بىلەن ياندى. مەنىۋى ھاياجان ۋە چوڭقۇر تۇيغۇ قەدەممۇ قەدەم مۆئمىنلەرنى ئۇ يەرگە يېقىنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئالغان قۇرەيشتە قاتتىق بىر جىددىيچىلىك بولۇپ كەتتى. دەرھال توپلىنىپ مۆئمىنلەرنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قارار بەردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئىكرىمە قوماندانلىقىدا تېزدىن 200 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "سەنىييە" دېگەن جايغا كەلدى. ئۇ يەردىن قۇرەيشنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە چۈشۈش مۇمكىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى قەسۋا چۆكۈۋالدى. كىشىلەر:

"قوپ، قوپ، ماڭ، ماڭ!" دېگەن بولسىمۇ تۆگە ئورنىدىن تۇرمىدى. بۇ قېتىم:

"قەسۋا چۆكۈۋالدى، قەسۋا چۆكۈۋالدى!" دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ياق! قەسۋا چۆكۈۋالمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بىر خۇيىمۇ يوق. ئەمما ئۇنى (مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ قويغان) زات (يەنى جانابى ئاللاھ ) توختۇتۇپ قويدى!» دېدى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

«جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ ھەرىمىدە (ئۇرۇشۇش، قان تۆكۈش ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش قاتارلىق) چەكلىگەن نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە مەندىن قانچىلىك قىيىن تەلەپنى قىلسا قىلسۇن، (سۈلهى ئۈچۈن) مۇتلەق قوبۇل قىلىمەن!»

ئۇنىڭدىن كېيىن تۆگىنى تۇرغۇزماقچى بولدى، تۆگە چاچراپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىشنى قۇرەيش بار تەرەپتىن بۇرىدى ۋە سۈيى ئاز بولغان بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا چۈشتى. بۇ يەر "ھۇدەيبىيە" دېگەن جاينىڭ ئەڭ يىراق نۇقتىسىدا ئىدى. قۇدۇقنىڭ سۈيى ئاز بولۇپ، ئۇزۇن

ئۆتمەيلا تۈگەپ كەتتى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇسىزلىقتىن شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقدانىدىن بىر ئوق چىقىرىپ، ئۇنى قۇدۇقنىڭ تېگىگە سانجىشنى بۇيرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سۇ ئېتىلىپ چىقتى ۋە ساھابىلار ئۇ يەردىن ئايرىلغانغا قەدەر ئاقتى.

ئۇلار بۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا خۇزائە قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بۇدەيل قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن چىقىپ كەلدى. مەككىلىكلەرنىڭ جىددىيچىلىكىدىن ۋە ئۇرۇش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىدىن سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ جىددىيلىشىشكە قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇدەيلگە ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

«بىز ھېچكىم بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق. مەقسىدىمىز بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ تاۋاپ قىلىش. ئۇرۇش قۇرەيشنى ئاجىزلىتىۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. خالىسا (ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇرۇشنى توختۇتۇش ئۈچۈن) ئۇلار بىلەن مەلۇم ۋاقىت كېلىشىم تۈزەيلى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار مېنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا دەۋەت قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ئەگەر مەن باشقا ئىنسانلارغا غالىب كەلسەم (يەنى ئۇلارنى قايىل قىلىپ ئىسلامغا كىرگۈزسەم) ئۇ ئىنسانلار كىرگەن ئىسلامغا قۇرەيشلەرمۇ كىرىدۇ. ئەگەر مەن غالىب كېلەلمىسەم (قۇرەيشلەر مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش خەتىرىدىن قۇتۇلۇپ) راھەتكە چىقىدۇ. ئەگەر قۇرەيش بۇ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ دىن يولىدا بېشىم گەۋدەمدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئۇرۇشىمەن. ئاللاھ ۋەدىسىنى مۇتلەق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.»

بۇدەيل مەككىگە قايتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى قۇرەيشكە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ:

"بۇ ئادەم سىلەرگە ناھايىتى ياخشى يول كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە مېنى توختام تۈزۈشكە ئەۋەتىڭلار!" دېدى.

قۇرەيشلەر:

"بولىدۇ، ئۇنداقتا بارغىن!" دېدى. ئۇرۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ بۇدەيلگە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ئۇرۋە بۇ جەرياندا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزەتتى. قايتىپ بارغاندا كۆرگەنلىرىنى قۇرەيشكە مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

"ئى قەۋمىم، ياخشى ئاڭلاڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى بولۇپ باردىم. كىسرانىڭ، قەيسەرنىڭ، نەجاشىنىڭ يېنىغا كىردىم. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەدكە بولغان ئىتائەت ۋە ھۆرمىتىنى ھېچبىر مىللەتتە كۆرمىدىم. بىر ئىش بۇيرۇسا ھەممىسى يۈگۈرۈشىدىكەن. تاھارەت ئالسا، تاھارەت سۈيىدىن بىرەر تامچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىدىكەن. بىر نەرسە سۆزلىسە سۈكۈتتە تۇرۇپ قۇلاق سالىدىكەن. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت سەۋەبىدىن يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن، باشلىرىنى ئەگىپ تۇرىدىكەن. بېشىدىن بىر چاچ چۈشسە، ئۇنى ئېلىپ ساقلىۋالىدىكەن. بۇ زات سىلەرگە ناھايىتى مۇۋاپىق بىر تەكلىپ قويدى، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار!"[211].

ئۇرۋەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن بەنى كىنانە قەبىلىسىدىن بىر كىشى:

"رۇخسەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ يېنىغا مەن بىر باراي!" دېدى.

رەسۇلۇللاھ ۋە ئەسھابىلىرىغا يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبىرىمىز:

«مانا بۇ پالانى! ئۇ ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن ئايرىلغان قۇربانلىق تۆگىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن قەۋمدىندۇر. قۇربانلىقىڭلارنى ئالدىڭلارغا سېلىڭلار، كۆرسۇن!» دېدى. ساھابىلار ئۇ زاتنى تەلبىيەلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئادەم بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن:

"بۇ كىشىلەرگە بەيتۇللاھنىڭ يولىنى توسۇش مۇناسىپ ئەمەس!" دېدى. (بۇخارى: «شۇرۇت»، 15؛ ئەھمەد: 4-جىلد، 323-324-بەتلەر)

211. غەربلىك يازغۇچى توماس كارلىيلە بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان: "بېشىدا تاج بولغان ھېچبىر ئىمپېراتور ئۆز قولى بىلەن يامىغان توننى كەيگەن ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئوخشاش ھۆرمەت كۆرمىگەن".

مۇشرىكلار ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر ئەترەت ئەسكەر ئەۋەتتى. روتا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقىلى كەلمەي پەقەت ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ھەققىدىكى نىيەتلىرىنى چۈشەنسۇن دەپ قولغا چۈشكەن مۇشرىكلارنى قويۇۋەتتى[212].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرى ھۇدەيبىيەدە مەككە ھەرەم دائىرىسىنىڭ سىرتىدا بولغان بىر يەرگە قۇرۇلغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە تۇرىۋاتقان مۇددەتتە پۈتۈن نامازلارنى، مەككە ھەرەم چېگرىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان يەرگە بېرىپ ئوقۇدى[213].

چۈنكى مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر قېتىملىق ناماز، باشقا يەرلەردە ئوقۇلغان يۈز مىڭ قېتىملىق نامازدىن پەزىلەتلىكتۇر[214].

## رىزۋان بەيئىتى: ئاللاھ رازى بولغان بەيئەت

بۇ ئارىدا مۇشرىكلاردىن يەنە بىر قانچە ئەلچى كېلىپ كەتتى. ئەمما ھېچبىرى بىلەن كېلىشىم ۋە سۈلھى ئۈچۈن ئېنىق بىر نەتىجە قولغا كەلمىگەنلىكتىن، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە بېرىپ، مۇشرىكلار بىلەن كۆرۈشۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ:

«قۇرەيشنىڭ يېنىغا بار! ئۇلارغا شۇنى خەۋەر قىلغىنكى، بىز بۇ يەرگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىدۇق! بىز پەقەت بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ، ئۇنىڭ ھەرەملىكىگە رىئايە قىلىپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق. يېنىمىزدىكى قۇربانلىق تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ قايتىمىز! كېيىن ئۇلارنى ئىسلامغىمۇ دەۋەت قىلغىن!» دېدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەردىكى پۈتۈن ئەر-ئايال مۆئمىنلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى، مەككىنىڭ يېقىندا پەتھ قىلىنىدىغانلىق

212. مۇسلىم: «جىھاد»، 132، 133.
213. ۋاقىدى: 2-جىلد، 614-بەت؛ ئەھمەد: 4-جىلد، 326-بەت.
214. ئىبنى ماجە: «ئىقامە»، 195.

بشارىتى بېرىشنى، ئاللاھتائالانىڭ دىنىغا ياردەمچى بولۇۋاتقانلىقىنى، مەككىدە ئىسلامنىڭ ئاشكارا بولىدىغان كۈنىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى خەۋەر قىلىشنى بۇيرىدى. (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 97-بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 3-جىلد، 290-بەت)

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەرھال مەككىگە ماڭدى. مۇشرىكلارغا نىيىتىنىڭ پەقەت ئۆمرە قىلىپ قايتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇشرىكلار بۇنىڭغا ئىشەنمەي يەنىلا رۇخسەت قىلمىدى. ھەزرىتى ئوسمانغا:

"خالىساڭ سەن تاۋاب قىل!" دېدى.

ئۆزىنى ئاللا ۋە رەسۇلىغا ئاتىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاب قىلمىغۇچە مەن قىلمايمەن! مەن بەيتۇللاھنى پەقەت ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ زىيارەت قىلىمەن." دەپ، ئاللاھ رەسۇلىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈردى. (ئەھمەد: 4-جىلد، 324-بەت)

بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قايتىپ كېلىشى كېچىكىپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە گەپ-سۆزلەر چىقتى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى ئەھۋال جىددىيلىشىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋەكىلى بولغان ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلۈم ئېھتىمالى بىلەن ساھابىلىرىنى توپلاپ:

«قارىغاندا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشمىغىچە بۇ يەردىن كېتەلمەيدىكەنمىز!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 364-بەت)

ئارقىدىن، ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ساھابىلەردىن بەيئەت ئالدى. ئەر-ئايال پۈتۈن مۆئمىنلەر:

"ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئىرادە بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىمەن" دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئورۇنلىدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 603-بەت)

مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا ئۆلگىچە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ بەيئەت قىلدى. بەيئەتنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

«بۇ ئوسماننىڭ بەيئىتىدۇر!» دەپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى. (بۇخارى: «ئەسھابۇن نەبى»، 7)

بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا قىلىنغان بۇ بەيئەت "رىزۋان بەيئىتى" ياكى "ھۇدەيبىيە بەيئىتى" دەپ ئاتالدى. ئۇ كۈنى بىر مۇناپىقتىن باشقا پۈتۈن ساھابىلار بەيئەت قىلدى. بۇ بەيئەت ساھابە ـ كىرامنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولدى:




لَقَدْ رَضِيَ اللّٰهُ عَنِ الْمُؤْمِنِينَ اِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَاَنْزَلَ السَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ

**«ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھ قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار**

**ئالدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (پەتھە سۈرىسى، 18 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھەزرىتى ھەفسە ئانىمىزنىڭ يېنىدا:

«دەرەخنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغان ساھابىلەردىن ھېچكىم جەھەننەمگە كىرمەيدۇ!» دېدى.

بۇ سۆز بىلەن كاللىسىغا بىر سوئال كەلگەن ھەفسە ئانىمىز:

"ئۇنداقتا ئى رەسۇلۇللاھ! جانابى ئاللاھ:

وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دەۋزەخكە بارمايدىغان بىرەر كىشمۇ قالمايدۇ.» (مەريەم سۈرىسى، 71 ـ ئايەت)

دېگەن. بۇ قانداق بولىدۇ؟ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن» دەپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر ئايەتنى ئوقۇدى:

ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوْا وَنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا

**«ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز.»** (مەريەم سۈرىسى، 72 ـ ئايەت)

نەتىجىدە بۇ يەردىكى "جەھەننەمگە بېرىش" تىن مەقسەتنىڭ سىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتۈپ جەھەننەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش ئىكەنلىكىنى، ئىچىگە كىرىش مەناسىدا ئەمەسلىكىنى ئىپتتى. (مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 163)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ھۇدەيبىيە كۈنى كىشلەر ئۇسساپ كۈتتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تېرىدىن تىكىلگەن بىر تۇلۇم بار

ئىدى. پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئالدى، خەلق ئۇنىڭغا ئەتراپىغا يىغىلدى. بۇنىڭ بىلەن:

- نېمە ئىش بولدى؟ - دەپ سورىدى.

- تاھارەت ئېلىش ۋە ئىچىش ئۈچۈن ئالدىڭدىكىدىن باشقا سۈيىمىز قالمىدى - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال قولىنى تولۇمغا تىقتى، شۇنىڭ بىلەن بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، بۇ بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلاپ چىقىشىغا ئوخشاش ئىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئىچتۇق ۋە تاھارەت ئالدۇق".

ھەزرىتى جابىردىن:

- ئۇ كۈنى قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ - دەپ سورالدى.

- ئەگەر يۈز مىڭ كىشى بولساقمۇ سۇ يېتەتتى، ئەمما بىز مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدۇق - دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: «مەناقىب»، 25)

## ھۆدەيبىيە سۈلھىسى: دەۋەتنىڭ يېڭى باسقۇچى

جانلىرىنى پىدا قىلىش شەرتى بىلەن قىلىنغان رىزۋان بەيئىتىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان مۇشرىكلار قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتى. ئىشنىڭ جىددىيلەشكەنلىكى مۇشرىكلارنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق قورقۇنچ سالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال سۈلھى تۈزۈش قارارىنى بېرىپ سۇھەيل ئىبنى ئەمرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلنى كۆرۈشى بىلەن، ئىسمىنىڭ "قولايلىق، ئاسانلىق" مەناسىدا بولغانلىقىدىن: «ئىشىڭلار ئەمدى ئاسانلاشتۇرۇلدى! سىلەرگە سۇھەيل كەلدى» دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھتائالانىڭ:

وَاِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا

**«ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن.»** (ئەنفال سۈرىسى، 61-ئايەت) دېگەن بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلدى.

مۇشرىكلارنىڭ مەقستى ئۇ يىلى مۇسۇلمانلارنى ئۆمرە قىلدۇرماسلىق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تاشقى كۆرۈنۈشتە ئېغىر كۆرۈنگەن بىرمۇنچە شەرتلەرنىمۇ قويدى. ئۇزۇن ۋە قىززىق تالاش-تارتىشتىن كېيىن سۈلھى شەرتلىرى قوبۇل قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ھەزرىتى ئەلىگە تاپشۇردى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدى بىلەن "بسم الله الرحمن الرحيم"نى يېزىشى كېرەك ئىدى، لېكىن سۇھەيل بۇنىڭغا ئېتىراز قىلدى. بىسمىللاھ ئورنىغا؛ "بِسْمِكَ اللّٰهُمَّ"؛ "ئى ئاللاھ سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن" دېگەن سۆز يېزىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن سۇھەيل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى دېگەن ئىبارىنى يازدۇرۇشىغىمۇ قارشى چىقتى:

- ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭنى قوبۇل قىلغان بولساق، سېنىڭ بىلەن ئورۇشمايتتۇق، بۇگۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشتىن توسمايتتۇق. - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا سۈلھى شەرتلىرى سەۋەبىدىن قېنى سىقىلىپ كېتىۋاتقان ساھابىلارنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ:

"ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن "ئاللاھنىڭ رەسۇلى" دېگەن ئىبارىنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيمەن ئى رەسۇلۇللاھ!..." دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇھەيلگە:

- سىلەر مېنى يالغانغا چىقارساڭلارمۇ، مەن يەنىلا ئاللاھنىڭ رەسۇلىمەن - دېگەچ ئۇ يېزىلغان جۈملىنى ئۆزىگە كۆرسىتىشنى بۇيرىدى.

ئۇ يەرنى قوللىرى بىلەن ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دەپ يازدۇردى.

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھېكمەتلەر سەۋەبىدىن بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالىدى. ئەھدىنامىنىڭ بەزى ماددىلىرى مۇنداق:

1. ئەھدىنامىنىڭ مۇددىتى ئون يىل.

2. مۇسۇلمانلار كەبىنى بۇ يىل زىيارەت قىلالمايدۇ. بۇ زىيارەت كېلەر يىلى قىلىنىدۇ. كېلەر يىل زىيارەتكە كەلگەنلەر مەككىدە ئۈچ كۈن قالىدۇ، ئۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا مەككە ئەھلى، مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشمايدۇ.

3. قۇرەيشتىن بىرى مۇسۇلمان بولسا، مەدىنىگە ئىلتىجا قىلغان تەقدىردە قايتۇرىلىدۇ، ئەمما مەدىنىدىن مەككىگە ئىلتىجا قىلغانلار قايتۇرۇلمايدۇ.

4. باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى خالىسا مۇسۇلمانلار تەرەپكە، خالىسا قۇرەيشنىڭ سېپىگە قوشۇلالايدۇ.

ئەھدىنامە ماددىلىرى يېزىلىپ بولغان ۋاقىتتا قۇرەيش ۋەكىلى سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل پۇتىدىكى زەنجىرلەرنى سۆرەپ، ئاستا-ئاستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبۇ جەندەل مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ قاتتىق قىيىن-قىستىقىغا ئۇچرىدى. بىر پۇرسەت تېپىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. سۇھەيل ئەھدىنامە بويىچە تۇنجى قايتۇرۇلىدىغان كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە قولىدىكى كالتەك بىلەن ئەبۇ جەندەلنىڭ يۈزىگە ئۇردى. بۇ ۋەقەلەرگە غەمكىنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان رەھمەت پەيغەمبىرى ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەلنىڭ ئەھدىنامە سىرتىدا قالدۇرۇلىشىنى ۋە ئۇنى ئۆزىگە بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تاش يۈرەك مۇشرىك بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئەبۇ جەندەلمۇ مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندە پەرياد

چېكىپ مۇسۇلمانلارغا يالۋۇرۇپ، ياردەم تەلەپ قىلدى. قاتتىق ئەپسۇسلانغان ھالەتتە:

ـ مېنى تەكرار زۇلۇم چۇقۇرىغا ئاتامسىلەر؟ ـ دەپ نالە قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەھۋالىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلاپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەلگە:

«ئى ئەبۇ جەندەل! يەنە بىر ئاز سەۋر قىل، چىدا! ئاللاھتائالادىن بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۈت! شۈبھىسىزكى، ئاللاھتائالا سەن ۋە يېنىڭدا بولغان ئاجىز، ئىگە-چاقىسىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر چىقىش يولى بېرىدۇ. بىز بۇ قەبىلە بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزدۇق ۋە ئاللاھنىڭ ئەھدى بىلەن ۋەدە بەردۇق. ئۇلارمۇ بىزگە ئاللاھنىڭ ئەھدى بىلەن ۋەدە بەردى. سۆزىمىزگە ۋاپاسىزلىق قىلالمايمىز. چۈنكى سۆزىمىزدە تۇرماسلىق بىزگە ياراشمايدۇ!» دەپ، تەسەللى بەردى. (ئەھمەد: 4-جىلد، 325-بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 367-بەت)

كېيىن رەھمەت پەيغەمبىرىمىز سۇھەيلگە:

«كەل، ئۇنداق قىلما! ئۇنى ماڭا بېرىۋەت» دەپ، قايتا تەلەپ قىلدى. ئەمما سۇھەيل تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنداق بولسا، ئۇنى مېنىڭ ئۈچۈن ھىمايەڭگە ئال!» دەپ، تەلەپ قىلدى. سۇھەيل بۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قۇرەيش ۋەكىللىرىدىن خۇۋەيتىب بىلەن مىقرەز:

”ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز ھىمايىمىزگە ئالىمىز، ئۇنىڭغا قىيىن-قىستاق قىلغۇزمايمىز“ دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 608-بەت؛ بەلازۇرى: 1-جىلد، 220-بەت)

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز بولسىمۇ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

مۇشرىكلارنىڭ بۇ خىل ناھەقچىلىقىغا قاراپ تۇرالمىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كۈنى ئىمان قاتتىق قايناپ كېتىپ، تەستە بېسىقتۇرۇلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن سىرت، باشقا ساھابىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ھەزرىتى ئۆمەردىن پەرقلىق ئەمەس ئىدى. تاشقى كۆرۈنۈشتە مەغلۇبىيەتتەك كۆرۈنگەن بۇ كېلىشىمدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا قارىماي پىكىر بايان قىلىشىغا قارشى پەيغەمبىرىمىز:

«مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن، ئۇنىڭغا ئىسيان قىلالمايمەن. ياردەمچىم ئۇدۇر» دەپ قىلغان ئىشىنىڭ ئىلاھىي بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 35؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 90-97)

ئەھدىنامە پۈتكەندىن كېيىن سۈھەيل ئوغلىنى ئېلىپ خۇشاللىق ئىچىدە مەككىگە قايتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى:

«ئەمدى قۇربانلىقلىرىڭلارنى بوغۇزلاڭلار ۋە چاچلىرىڭلارنى چۈشۈرۈڭلار!»

ساھابىلاردىن ھېچكىم بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇلار سىرىنى يېشەلمىگەن بىر مەسىلىنىڭ تۇمانلىرى ئارىسىدا غەمكىنلىكتە چۆمگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇقنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. يەنىلا ھېچكىم ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. بۇ بىر ئىسيان ئەمەس، بەلكى كەبىنى زىيارەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭ يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈشى نەتىجىسىدە، تېخى يېڭىلا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ئۈمىد ئىدى. ھالبۇكى، ھەر بىرى بىر كۈن بۇرۇن:

"ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئىرادە بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەيئەت قىلىمەن" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش قەسىمى بەرگەن ئىدى.

ساھابىلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتسىزلىكى ئالدىدا پەيغەمبەر قاتتىق غەمكىن بولدى ۋە ئىچى پۇشقان ھالەتتە ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ چېدىرىغا كەلدى.

ئەھۋالنى ئۇممۇ سەلەمگە ئېيتقاندا مۇبارەك ئانىمىز رەسۇلۇللاھقا تەسەللى بەرگەچ شۇ سۆزلەرنى قىلدى:

"ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سىز ساھابىلىرىڭىزغا بىر نەرسە دېمەي قۇربانلىقىڭىزنى بوغۇزلاڭ، چېچىڭىزنى چۈشۈرۈڭ! بۇ ئەھۋالدا، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھار كەلگەن بۇ ئېغىرلىقنىڭ ئاستىدا بولغان بولسىمۇ، سىزنىڭ قىلغىنىڭىزغا ئەگىشىدۇ، ئۇلارنى ئۆزۈرلۈك دەپ چۈشىنىڭ!"

بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېدىردىن چىقىپ، ئۇممە سەلەمەنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساھابىلار ئەھدىنامىنىڭ ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغىنىنى قىلدى. قۇربانلىق قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈردى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

"مۇسۇلمانلار قۇربانلىق قىلىشقا قاراپ چاچراپ قوپۇشتىكى، بىر-بىرلىرىنى ئېزىۋېتىشىدىن قورقتۇم" دېگەن. (بۇخارى: «شۇرۇت»، 15؛ ئەھمەد: 4-جىلد، 326، 331؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 613-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قۇربانلىقنى قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھتائالا بىر قۇيۇن ئەۋەتىپ، ساھابىلارنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ ھەرەمگە تاشلىدى. ساھابىلار بۇنى ئۆمرىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا بىر ئىشارەت دەپ قارىدى[215]. ئارقىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

مۇسۇلمانلار قىلىنغان سۈلھىنىڭ ھېكمىتىنى باشتا چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان بوشاڭلىقى سەۋەبلىك قاتتىق قىيىنىلىپ (؟) ...

215. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 104-بەت؛ ھەلەبى: 2-جىلد، 713-بەت.

اِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا لِيَغْفِرَ لَكَ اللّٰهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَاَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكَ وَيَهْدِيَكَ صِرَاطًا مُسْتَقِيمًا وَيَنْصُرَكَ اللّٰهُ نَصْرًا عَزِيزًا

**«ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېئمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق.»** (پەتھ سۈرىسى، 1 ـ 3 ـ ئايەت)

مۇجەممى ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە پەتھنىڭ نازىل بولۇش ئەسناسىدا ساھابىلارنىڭ قانداق قورقۇنچلۇق پەيتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"كىشىلەر قاتتىق قورقۇپ تۆگىلىرىنىڭ يانلىرىغا يىقىلدى. بىر ـ بىرلىرىگە:

"كىشىلەرگە نېمە بولدى؟" دەپ سوراشتى.

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەپتۇ!" دېيىشتى. بىزمۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قورققان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردۇق. ساھابىلار توپلانغاندا پەيغەمبىرىمىز سۈرە پەتھنى ئوقۇدى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 105 ـ بەت)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مۇنداق دەيدۇ:

"ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سۆزلىرىمدىن ھېس قىلغان قورقۇنچ سەۋەبى بىلەن ئاقىۋېتىمنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن داۋاملىق روزا تۇتتۇم، سەدىقە بەردىم، نەپلە ناماز ئوقۇدۇم ۋە كۆپ قۇل ئازاد قىلدىم". (ئىبنى سەييىدىنناس: 2 ـ جىلد، 167 ـ بەت)

سۈرە پەتھ مۆئمىنلەرگە ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغان غەلىبە ئىشىكلىرىنىڭ خۇشخەۋىرىنى بەردى. دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ بىشارەتلەر بىر ـ بىردىن ئەمەلگە ئاشتى. ئەتراپتىكى قەبىلىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چىققان بۇ سەپىرىنى "قايتىشى بولمىغان

بىر سەپەر“ دەپ سۆپەتلىگەن ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك بىر زىيانغىمۇ ئۇچرىماي، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندە، جىددىيچىلىك ئىچىدە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە تىلىدى. ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بايان قىلدى:

بَلْ ظَنَنْتُمْ اَنْ لَنْ يَنْقَلِبَ الرَّسُولُ وَالْمُؤْمِنُونَ اِلٰىٓ اَهْلِيهِمْ اَبَدًا وَزُيِّنَ ذٰلِكَ فِي قُلُوبِكُمْ وَظَنَنْتُمْ ظَنَّ السَّوْءِ وَكُنْتُمْ قَوْمًا بُورًا وَمَنْ لَمْ يُؤْمِنْ بِاللّٰهِ وَرَسُولِه۪ فَاِنَّآ اَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ سَع۪يرًا

**«بەلكى سىلەر پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتمايدۇ دەپ گۇمان قىلدىڭلار، بۇ (گۇمراھلىق) دىلىڭلاردا چىرايلىق تۇيۇلدى، سىلەر يامان گۇماندا (يەنى ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىرىمۇ ساق قايتمايدۇ دەيدىغان ئويدا) بولدۇڭلار، سىلەر ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدۇڭلار» . كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىكەن (ئۇ كافىردۇر.) شۈبھىسىزكى، بىز كافىرلارغا دوزاخنى تەييارلىدۇق.»**
(پەتىھ سۈرىسى، 12 ـ 13 ـ ئايەت)

ئۇ كۈنى ھۇدەيبىيەدە مۇشرىكلار بىلەن قىلىنغان سۈلھىدە ئېلىنغان قارارلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىدى. سۈرە پەتىھ نازىل بولغاندا بۇ ئىشتىكى ھېكمەتلەر بىلدۈرۈلدى. كېيىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، بىر قاراشتا مەغلۇبىيەت دەپ گۇمان قىلىنغان بۇ چېكىنىش ئوچۇق بىر غەلىبە ئىكەن.

قۇرئانى ـ كەرىمدە بىلدۈرۈلگەندەك:

وَعَسٰىٓ اَنْ تَكْرَهُوا شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسٰىٓ اَنْ تُحِبُّوا شَيْـًٔا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ وَاَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ

**«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن،**

**ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار.»** (بەقەرە سۈرىسى، 216-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشەندۈرۈشتە قىينالغان بۇ مۇجمەل ۋەقە پەقەت ئىككى يىل ئىچىدە ئايدىڭلاندى. دەرۋەقە، بۇ ۋەدىلەر بىلەن تولغان سۈلھى ئىچىدە نۇرغۇن كىشى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. ئىككى يىل ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى ئۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئومۇمى سانىدىن ئاشتى.

بەلكى ئۇ يىلى مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلالماسلىقى ياكى بەزى ئېغىر شەرتلەرگە سەۋر قىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن بۇنىڭ ئارقىسىدىن سەلدەك ئېقىپ كېلىدىغان غەلىبىلەر ناھايىتى بۈيۈك بولاتتى. چۈنكى بۇ ئەھدىنامە بىلەن ئىسلامنىڭ مەۋجۇتلۇقى رەسمىي تونۇلدى. بىر يىل كېيىن كەبە زىيارەت قىلىناتتى. ئەرەب قەبىلىلىرىدىن خالىغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتەلەيتتى. بۇ قۇرەيشنىڭ نۇپۇزىنى يوقوتۇپ قويۇشى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئەركىن ھالەتتە قىلىنىشى دېمەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈلھىنى تاللىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇ ۋاقىتلاردا مەككىدە مۇسۇلمان بولغان، ئەمما بۇنى مەلۇم مەسلەھەت تەقەززاسى بىلەن ئاشكارا قىلمىغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئىدى. ئەگەر مۇشرىكلار بىلەن ئارىلىرىدا ئۇرۇش قىلىنغان بولسا، ئۇلار ئاشكارىلىناتتى ۋە بۇ ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالى بار ئىدى.

رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەرىكىتى بىلەن مەككىدە ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا يېڭى مۇسۇلمان بولىدىغان ئىنسانلارغا مەخپى بەلگە بېرىۋاتاتتى، ئۇلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىۋاتاتتى. دەرۋەقە، بۇنىڭ مېۋىسى كۆپ ئۆتمەيلا ناھايىتى روشەن كۆرۈلدى.

### روشەن پەتىھ: قاتمۇ ـ قات كۆپەيگەن ھىدايەت بەرىكىتى

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ شەرتلىرىگە تاشقى جەھەتتىن قاراپ سۆيۈنگەن مۇشرىكلار ئەسلىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغان توساقلارنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بىر ئورۇنغا قويغان ئىدى. رەسۇلۇللاھدىن باشقا ھەممە ساھابە دېگۈدەك بۇ ئەھدىنامىنى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا دەپ بىلىپ قوبۇل قىلىشقا قوشۇلماسلىقى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى يەنە بىر قات پەردىلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دەپ ئويلاپ، شەرتلەرنى تەرەددۇتسىز ئىمزالىدى. دەسلەپتە مۇئمىنلەرگىمۇ سىر بولغان بۇ سۈلھىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شەرتنامە ئىجرا قىلىنغاندا ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىغا چىقتى..

بۇ سۈلھىنىڭ كەلتۈرىدىغان بەرىكىتىنى بېشىدىن باشلاپ بىلىپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ شەرتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى يوچۇقلاردىن پايدىلاندى. دەرۋەقە، بەزى مەككىلىك مۇئمىن ئاياللارنىڭ مەدىنىگە ئىلتىجا قىلىشى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلدى. چۈنكى ئەھدىنامىدىكى ماددا، پەقەت ئەرلەرگىلا خاس ئىدى. ئەسلىدىلا جانابى ئاللاھمۇ ئاياللارنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىلمەسلىكىنى بۇيرىغان:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوٓا اِذَا جَآءَكُمُ الْمُؤْمِنَاتُ مُهَاجِرَاتٍ فَامْتَحِنُوهُنَّ اَللّٰهُ اَعْلَمُ بِاِيمَانِهِنَّ فَاِنْ عَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلَا تَرْجِعُوهُنَّ اِلَى الْكُفَّارِ لَا هُنَّ حِلٌّ لَهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ وَاٰتُوهُمْ مَآ اَنْفَقُوا وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ اَنْ تَنْكِحُوهُنَّ اِذَآ اٰتَيْتُمُوهُنَّ اُجُورَهُنَّ وَلَا تُمْسِكُوا بِعِصَمِ الْكَوَافِرِ وَاسْئَلُوا مَآ اَنْفَقْتُمْ وَلْيَسْئَلُوا مَآ اَنْفَقُوا ذٰلِكُمْ حُكْمُ اللّٰهِ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ وَاللّٰهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە مۇئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۇئمىنە دەپ**

**تونۇساڭلار، ئۇلارنى كافىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. ئۇلار كافىرلارغا ھالال ئەمەس، كافىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كافىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كافىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كافىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. ئاللاھ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»**[216]

بۇ ئارىدا ئەبۇ بەسىر ئىسىملىك مۇسۇلمان بولغان بىر مەككىلىك كىشىمۇ مەدىنىگە ئىلتىجا قىلدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرتنامىگە ئاساسەن ئۇنى مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەبۇ بەسىرمۇ دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە بىر مەنا بېرەلمەي:

"مېنى بۇتقا چوقۇنۇشقا قايتۇرۇشنى خالامسەن؟" دېگەن سۆزلىرى بىلەن ھەيرانلىقىنى ئىزھار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمكىن كىنىلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

«ئى ئەبۇ بەسىر! بىز ئەھدىمىزنى بۇزالمايمىز. ئەمما سەن بىر ئاز سەۋر قىل. ئاللاھتائالا ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاشلارغا ئەلۋەتتە بىر چىقىش يولى بېرىدۇ» دېدى.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئەبۇ بەسىر پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە بويۇن ئەگدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ مۇشرىكلارغا تەسلىم بولدى. لېكىن ئۇ مەككىگە ئەمەس، ئۆلۈمگە ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. بۇنى بىلگەنلىكتىن ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغانلارغا بىر پۇرسەت تېپىپ يولدا ھۇجۇم قىلىپ ئۆز جېنىنى مۇداپىئە قىلدى. ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى كىشىدىن

216. سۈرە مۇمتەھىنە، 10-ئايەت؛ بۇخارى: «شۇرۇت»، 15؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 631-632-بەتلەر.

ھۇنەيسنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قاچۇرۇپ قويدى. ئەبۇ بەسىر ھۇنەيسنىڭ كېيىملىرى، نەرسە-كېرەكلىرى ۋە قىلىچىنى ئالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلارنىڭ بەشتە بىرىنى ئايرىپ، ئۆزەڭ ئۈچۈن ئالغىن!" دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

«مەن بۇنىڭ بەشتە بىرىنى ئالغان ھامان، ئۇلار بىلەن قىلغان ئەھدىنامىگە رىئايە قىلمىغان بولىمەن. ئەمما ساڭا نىسبەتەن، ئۆلتۈرگەن ئادىمىڭنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ساڭا خاس» دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 626-627)

قېچىپ كەتكەن مۇشرىكمۇ كېلىپ رەسۇلۇللاھتىن ئۇنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىم ئەبۇ بەسىر:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن مېنى بۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئەھدىنامىگە رىئايە قىلدىڭ. ئەمما مەن ئۆز جېنىمنى قۇتقۇزدۇم" دېدى.

ئارقىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىپادىلىرىدىكى ھېكمەتنى ئۆز پاراستى بىلەن چۈشىنىپ مەدىنىدىن چىقتى. دېڭىز قىرغىقىدا مەككە بىلەن شام ئارىسىغا جايلاشقان"سەيفۇل بەھر" دەپ ئاتالغان بىر يەرگە يەرلەشتى. قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ يەر تەرەپسىز بىر رايون بولۇپ، پۈتۈن قاچقۇچىلارنىڭ ئىلتىجا قىلىدىغان يېرىگە ئايلاندى. ئەبۇ جەندەلنىڭمۇ، قۇتۇلۇپ ئىلتىجا قىلغان بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۇزۇن ئۆتمەيلا 300 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەككىلىكلەرنىڭ شام تىجارەت يولى خەتەر ئاستىدە قالدى. بۇنىڭ بىلەن قۇرەيش چارىسىز قېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتىكى ماددىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. يەنى مەككىدىن مۇسۇلمان بولۇپ قاچقانلارنىڭ مەدىنىگە قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىت بولغان بىر ماددا قىسقا ۋاقىتتا مۇئمىنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۆزگەردى[217].

---

217. بۇخارى: «شۇرۇت»، 15؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 372-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەسىر جامائىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەبۇ بەسىر سەكراتتا ئىدى. مەكتۇبنى ئوقۇپ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان ھالدا روھىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ئەبۇ جەندەل ئۇنى ئۆلگەن يېرىگە دەپنە قىلدى ۋە ئۇ قەبرىنىڭ يېنىغا بىر مەسجىد سالدى. كېيىن ئەبۇ جەندەل يېنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇرغۇنلىغان جىھادقا قاتناشتى[218].

ھۇدەيبىيەدە ئەمەلگە ئاشقان بۇ سۈلھى ئىسلام تەبلىغىنىڭ تېزلىشىشى ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. چۈنكى ئاللاھتائالا بۇنى "فتح مبين" "فەتھۇم مۇبىين" يەنى "روشەن پەتىھ" دەپ سۈپەتلىدى[219].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەنىڭ بۈيۈك بىر پەتىھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندە، ساھابىلىرىدىن بىرى:

"بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن چەكلەپ قويۇلدۇق، قۇربانلىقلىرىمىزنى ھەرەمدە قىلالمىدۇق. مۇسۇلمان بولۇپ بىزگە ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن ئىككى كىشىنىمۇ رەسۇلۇللاھ قايتۇرۇپ بەردى. بۇ قانداقمۇ پەتىھ بولىدۇ؟" دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى پەيغەمبىرىمىزگە يېتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ بۇ مۇسۇلمانلارغا قايسى تەرەپتىن بۈيۈك بىر پەتىھ بولغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

«شۇنداق! بۇ كېلىشىم ئەڭ بۈيۈك پەتىھدۇر. مۇشرىكلار سىلەرنىڭ ئۆلارنىڭ يۇرتلىرىغا كىرىپ ـ چىقىشىڭلارغا ۋە ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېلىشىڭلارغا رازى بولدى، كىرىپ ـ چىققاندا بىخەتەر بولىسىلەر. ئۇلار ھازىرغا قەدەر ياقتۇرمىغان ئىسلامنى ئەمدى سىلەردىن كۆرۈپ، ئۆگىنىدۇ. ئاللاھ سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، بارغان يېرىڭلاردىن سالامەت ۋە پايدا ئالغان ھالەتتە قايتىسىلەر. بۇ پەتىھلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر» (ھەلەبى: 2 ـ جىلد، 715 ـ بەت)

218. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 629 ـ بەت.
219. سۈرە پەتىھ، 1 ـ ئايەت.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ھەققىدە ئۆز قانائىتىنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

"ئىسلامدا ھۇدەيبىيە پەتھىسىدىن بۈيۈك بىر پەتھە بولمىغان. لېكىن خەلق يىراقنى ئەمەس، يېقىننى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئەھدىنامىگە ئېتىراز قىلدى. ئىنسانلار ئاللاھ بىلەن پەيغەمبىرى ئارىسىدىكى ئىشلاردا ئالدىراڭغۇ، ئاللاھتائالا ئۇلاردەك ئالدىرىمايدۇ، خالىغان ئىشنى ۋايىغا يېتىپ، تەييار بولمىغىچە قىلمايدۇ" (ۋاقىدى: 2-جىلد، 610-بەت؛ ھەلەبى: 2-جىلد، 721-بەت).

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ نەتىجىسى ئىسلامنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى بولدى. بۇ تىنچلىق مەزگىلىدە ئىسلام تەبلىغىگە يېڭى ئىمكان ۋە تارقىلىش ساھەلىرى ئېچىلدى. بۇ سايىدا مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار بىلەن بىرىيەرگە كېلىشكە، ئۇلارغا قۇرئانى-كەرىم ئوقۇشقا ۋە ئىسلام ھەققىدە ئوچۇقتىن-ئوچۇق سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى. مۇسۇلمانلىقنى يوشۇرغان كىشىلەرمۇ ئەمدى ئېتىقادىنى قورقۇنچسىز ئېلان قىلالىدى[220].

ھالبۇكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئىككى تەرەپ بىر-بىرلىرى بىلەن بۇ قەدەر راھەت كۆرۈشەلمەيتتى. تىنچلىقتىن كېيىن مۇشرىكلار مەدىنىگە ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغان بولدى، مۇسۇلمانلارمۇ مەككىگە ئەركىن كىرىپ چىقتى. ئۇ يەردىكى ئائىلىسى، دوستلىرى ۋە باشقا ئىنسانلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىش ئىمكانىغا ئىگە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتلىرى، مۆجىزىلىرى، ئەخلاقى، يولىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە مۇسۇلمانلار بەرگەن مەلۇمات ۋە تەربىيەلەرگە قۇلاق سېلىنىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ ئىسلامغا مايىل بولۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە چۆللەردە ياشاۋاتقان ئەرەبلەرمۇ مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى كۈتىۋاتاتتى. بۇ مۇددەتئىچىدە

220. ئىبنى قەييۇم: 3-جىلد، 309-310-بەتلەر.

مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئەمر ئىبنى ئاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە قاتارلىق كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى[221].

ئىسلام دەۋەتچىلىرى بىخەتەر ھالدا ھەر خىل رايونلارغا باردى، ھەرخىل ۋاستە بىلەن ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش شارائىتى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قاتمۇ ـ قات كۆپەيدى.

مەشھۇر ئالىم ئىمام زۇھرى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسىدىن پايدىلىنىپ مۇنداق خۇلاسىلىدى:

"ئىلگىرى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئۇچراشقانلا يەردە ئۇرۇشاتتى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئېلىپ كەلگەن تىنچلىق بىلەن ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىخەتەر ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش پۇرستى تاپتى، ھەر خىل ئىشلاردا ياردەملىشىشكە باشلىدى. بۇ مەزگىلدە كىمگە ئىسلامدىن سۆز ئېچىلسا، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، دەرھال مۇسۇلمان بولدى. شۇ قەدەر بولدىكى، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن مەككە پەتھىسىگە قەدەر بولغان ئىككى يىل ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگىچە بولغان ئون توققۇز يىللىق ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى".

ئىبنى ھىشام بۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى ئۇلاۋە قىلىدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە ماڭغاندا 1400 كىشى بىلەن يولغا چىققان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن، مەككىنىڭ پەتھىسىدە يېنىدا ئون مىڭ، باشقا بىر رىۋايەتكە كۆرە يولدا قوشۇلغان ئىككى مىڭ كىشى بىلەن بىرلىكتە ئون ئىككى مىڭ مۇسۇلمان بار ئىدى. بۇ رەقەملەر ئىمام زۇھرىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ قانچىلىك توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ."
(ھەيسەمى: 6 ـ جىلد، 170 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 372 ـ بەت)

221. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 624 ـ بەت.

# ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى

## پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچى بولۇپ، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، يىراق ـ يېقىن مۇناسىۋەت قىلالىغان پۈتۈن دۆلەتلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. چۈنكى ئىلاھىي بۇيرۇق شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى:

قُلْ يَآ اَيُّهَا النَّاسُ اِنّي رَسُولُ اللّٰهِ اِلَيْكُمْ
جَميعًا الَّذي لَهُ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر.»** (ئەئراف سۈرىسى، 158 ـ ئايەت)

يَآ اَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ اُنْزِلَ اِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَاِنْ
لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللّٰهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ

**«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن. ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى، 67 ـ ئايەت)

وَمَآ اَرْسَلْنَاكَ اِلَّا كَآفَّةً لِلنَّاسِ بَشيرًا وَنَذيرًا وَلٰكِنَّ اَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

**«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن)**

**ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.»** (سەبە سۈرىسى، 28 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مەكتۇپ يوللاش ئارقىلىق ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بۇ مەكتۇبلارنىڭ ئالتە ياكى سەككىزى مەشھۇردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر مەكتۇبنى تاللانغان ساھابىلەردىن بىرسى ئارقىلىق ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز پادىشاھلارغا مەكتۇپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا، ساھابىلار:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مەكتۇبنى مۆھۈرلۈك بولمىسا ئوقۇمايدۇ" دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك ياساتتى. ئۈستىگە ئۈچ قۇر ھالەتتە"ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد" دېگەن سۆزلەرنى نەقىشلىتىپ، مەكتۇبلىرىدا مۆھۈر قىلىپ قوللاندى[222].

ئۈزۈكنىڭ ئۈستىگە "محمد رسول الله" "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن سۆزلەر نەقىشلەندى، ئەمما ئاللاھنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن "ئاللاھ" دېگەن ئىسىم ئەڭ ئۈستىدە، "رەسۇل" ئوتتۇرىدا، "مۇھەممەد" ئىسمى ئەڭ ئاستىنقى قۇردا يەر ئالدى.

ساھابە ـ كىرامدىن دىھيەتۇل كەلبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھىرەقلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ كەلدى. پارىسلارنى مەغلۇب قىلغان ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھىرەقلى غەلىبە قىلىپ قايتىپ، سۈرىيەدە تۇرغان ۋاقتىتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلغان مەكتۇبى قولىغا تەگدى. بۇ مەكتۇبقا ئاچچىقلاشنىڭ ئورنىغا، كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇققانلىرىدىن بەزىلىرىنى يېنىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى.

ئۇ مەزگىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئازغۇن دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ سۇفيانمۇ مەككىلىك تىجارەتچىلەرنىڭ بېشىدا شامغا

222. بۇخارى: «ئىلىم»، 7؛ مۇسلىم: «لىباس»، 57، 58؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 258 ـ بەت.

بارغان بىر كارۋاندا بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ئۇرۇش توختاتقان ۋاقىت ئىدى. ھىرەقلىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى ئۇچرىتىپ، ئىمپېراتورنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ھىرەقلى ۋە ئادەملىرى ئىلىيادا، يەنى بەيتۇل مەقدىستا ئىدى. يېنىدا رۇملارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بولغان بىر پەيتتە، ھىرەقلى ئۇلارنى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىپ، بىر تەرجىمان كەلتۈرۈلۈشىنى بۇيرىدى.

ھىرەقلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، تەرجىمان:

ـ پەيغەمبەرمەن دېگەن بۇ كىشىگە نەسەب جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولغان قايسىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەبۇ سۇفيان:

ـ ئەڭ يېقىنى مەن! ـ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ھىرەقلى:

ـ ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى يېنىمغا كەلتۈرۈڭلار! مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا، ھەمراھلىرى يېنىدا تۇرسۇن! ـ دېدى. كېيىن تەرجىمانغا قاراپ دېدىكى:

ـ بۇلارغا ئېيت: مەن ئۇ زات ھەققىدە بۇ ئادەمدىن بەزى نەرسىلەرنى سورايمەن. ماڭا يالغان گەپ قىلسا: ـ يالغان سۆزلىدى! ـ دېسۇن.

دەرۋەقە "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەمراھلىرىم يالغان سۆزلىگەنلىكىمنى قاچانلا بولمىسا ئېيتىدۇ دەپ خىجىل بولمىغان بولسام ئىدىم، ئۇنىڭ ھەققىدە يالغان سۆزلەيتتىم!" دېگەن ئەبۇ سۇفيان كېيىنكى سۆھبەتنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

ئۇنىڭدىن كېيىن ھىرەقلى مەندىن مۇنداق سورىدى:

ـ ئاراڭلاردا ئۇنىڭ نەسەبى قانداق؟.

مەن:

ـ ئارىمىزدا ئۇنىڭ نەسەبى ناھايىتى ئېسىل! ـ دېدىم.

- سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن، بۇ سۆزنى (پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى) ئۇنىڭدىن بۇرۇن سۆزلىگەن بىرەر كىشى بارمۇ؟ - دېدى.
- يوق - دېدىم.
- ئاتا-بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھ بولغان بىرەرسى بارمۇ؟ - دېدى.
- يوق! - دېدىم.
- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، خەلقنىڭ كاتتىۋاشلىرىمۇ، ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ؟ - دېدى.
- تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر - دېدىم.
- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر كۆپىيىۋاتامدۇ، ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟ - دېدى.
- كۆپىيىۋاتىدۇ. - دېدىم.
- ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، خالىماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟ - دېدى.
- يوق! - دېدىم.
- بۇ دەۋانى قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنى بىرەر ئىشتا يالغانچى دېگەنمىدىڭلار؟ - دېدى.
- ياق! - دېدىم.
- ئۇنىڭ سۆزىدە تۇرمىغان ۋاقىتلىرى بولدىمۇ؟ - دېدى.
- يوق! بەرگەن سۆزىدە تۇرىدۇ، لېكىن بىز ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىر كېلىشىم تۈزدۇق. بۇ مۇددەت ئىچىدە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز! - دېدىم. ئۇنى يامان دېيىش ئۈچۈن ئارىغا كىرگۈزىدىغان بۇنىڭدىن باشقا سۆز تاپالمىدىم!.
- ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ باقتىڭلارمۇ؟ - دېدى.
- شۇنداق - دېدىم.
- بۇ ئۇرۇشلار قانداق ئاياقلاشتى؟- دېدى.
- بەزىدە ئۇ بىزنى مەغلۇپ قىلدى، بەزىدە بىز ئۇنى مەغلۇپ قىلدۇق! - دېدىم.

- ئۇنداقتا، سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ - دېدى.

- بىزگە: «يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ھېچبىر نەرسىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلماڭلار؛ ئاتا- بوۋاڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىنى تەرك ئېتىڭلار!» دەيدۇ. ناماز ئوقۇشقا، دۇرۇس بولۇشقا، ئىپپەتلىك بولۇشنى ۋە سىلە-رەھىم قىلىشنى بۇيرۇيدۇ - دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن ھىرەقلى تەرجىمانغا دېدىكى:

- ئۇنىڭغا ئېيت: ئۇنىڭ نەسەبىنى سورىدىم، ئاراڭلاردا نەسەبىنىڭ ناھايىتى ئېسىل ئىكەنلىكىنى سۆزلىدىڭ. پەيغەمبەرلەرمۇ ئەنە شۇنداق قەۋمى ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نەسەبتىن ئەۋەتىلىدۇ.

ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ دەۋانى قىلغان باشقا بىرى بارمىدى؟ دەپ سورىدىم. ياق دېدىڭ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ دەۋادا بولغان باشقا بىر كىشى بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىپتۇ، دەيتتىم.

ئاتا-بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھ بولغان بىرەر كىشى بارمىدى؟ دەپ سورىدىم. ياق دېدىڭ. ئەگەر ئەجدادلىرىدىن پادىشاھ بولغان بىرەر كىشى بولسا ئىدى، ئاتا-بوۋىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى قايتۇرۇۋالماقچى ئىكەن، دەيتتىم.

بۇ دەۋانى قىلىشتىن بۇرۇن، بىرەر قېتىم ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ياق دېدىڭ. مەن بىلىمەنكى، ئىنسانلارغا يالغان سىكزلىمەيدىغان كىشى ئاللاھ ھەققىدىمۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ!.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر خەلقنىڭ كاتتىۋاشلىرىمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ؟ دەپ سورىدىم. تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭ. دەسلەپتە پەيغەمبەرلەرگە بۇ خىل كىشىلەر ئەگىشىدۇ.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازلاۋاتامدۇ؟ دەپ سورىدىم. كۆپىيىۋاتىدۇ دېدىڭ. ھەق دىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىدۇر.

ئىچىلىرىدە ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ياق دېدىڭ. ئىمان سايىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئېتىقادمۇ قەلبكە كىرىپ كۆكلىگەندە مۇشۇنداق بولىدۇ.

سۆزىدە تۇرماي قالغان ئەھۋالى بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ياق دېدىڭ. پەيغەمبەرلەر ئاشۇنداقتۇر، سۆزلىرىدىن قايتمايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ باقتىڭلارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى، بەزىدە ئۇنىڭ سىلەرنى يەڭگەنلىكىنى، بەزىدە سىلەرنىڭ ئۇنى مەغلۇب قىلغانلىقىڭلارنى ئېيتتىڭ. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق: ھەرخىل سىناقلارغا ئۇچرىتىلىدۇ، ئاخىرىدا گۈزەل ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ بولىدۇ.

سىلەرگە نېمىلەرنى بۇيرۇيدۇ؟ دەپ سورىدىم. يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىقنى بۇيرىغانلىقى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن چەكلىگەنلىكى شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇشقا، دۇرۇس بولۇشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرىغانلىقىنى ئېيتتىڭ.

ئەگەر بۇ دېگەنلىرىڭ توغرا بولسا، ئۇ زات ناھايىتى يېقىن بىر زاماندا شۇ پۇتلىرىم دەسسەپ تۇرغان يەرلەرگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەسلىدىلا مەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارالايدىغانلىقىمنى بىلسەم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك جاپاغا چىدايتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا بولسام ئىدىم، پۇتلىرىنى يۇياتتىم“.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھىرەقلى دىھيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاستىسى بىلەن بۇسرا ئەمىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەكتۇبىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى. مەكتۇبنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى ھىرەقلىگە بەردى. ئۇ ئوقۇدى. مەكتۇبتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى مۇھەممەدتىن رۇملارنىڭ بۈيۈكى ھىرەقلىگە!

ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن! مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. ئىسلامغا كىرگىنكى، سالامەتكە چىقىسەن ۋە ئاللاھمۇ ساڭا ئەجرىنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ! ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، (ئەگەشكۈچىلىرىڭ بولغان) پۇقرالارنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.»

قُلْ يَآ اَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا اِلٰى كَلِمَةٍ سَوَآءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ اَلَّا نَعْبُدَ اِلَّا اللّٰهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهٖ شَيْـًٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا اَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللّٰهِ فَاِنْ تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِاَنَّا مُسْلِمُونَ

**«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.»** (ئال ئىمران سۈرىسى. 64-ئايەت)

ئەبۇ سۇفيان دەيدۇكى:

"ھىرەقلى دەيدىغانلىرىنى دەپ، مەكتۇبنى ئوقۇتۇپ بولغاندىن كېيىنلا چىقىپ كەتتى، ئاۋازلار يۇكسەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنى تېشىغا چىقاردى. ھەمراھلىرىمغا دېدىمكى:

"ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلىنىڭ[223] بۇ ئىشى راستىنلا كۈچەيدى. قاراڭلار بەنى ئەسفەر (سېرىق تەنلىكلەر) پادىشاھى ھىرەقلىمۇ ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتىدۇ!" مانا ئاشۇ ۋاقىتتىن بېرى، ئۇنىڭ يېقىن زاماندا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتمىدىم ۋە ئاخىرىدا ئاللاھ ماڭىمۇ ئىسلامنى نېسىپ قىلدى."

223. پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە قوللىنىلغان بۇ ئىسىم ھەققىدە بىرىنچى قىسىمدا ئىزاھات بېرىلدى.

ھىرەقلى جامائىتىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ھۇزۇرىغا دەۋەت قىلدى. ئۆزىگە خاس سارايلارنىڭ بىرىدە توپلاندى. ئۇلارغا:

"ئى رۇم جامائىتى! ئەبەدىي ھالدا قۇتۇلۇشقا ۋە بۇ سەلتەنىتىڭلارنىڭ قولۇڭلاردا قېلىشىغا نېمە دەيسىلەر؟" دېدى. (ئىسلامغا كىرىشنى تەكلىپ قىلدى) بۇنىڭ بىلەن، ھەممىسى بىردىنلا ياۋا ئېشەكلەرگە ئوخشاش ئۈركۈپ ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن پۈتۈن ئىشىكلەرنىڭ تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھىرەقلى ئەتراپىدىكى دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشنى خالىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قايتا چاقىردى ۋە سۆزىنىڭ ھەقىقىتىنى ئالماشتۇرۇپ:

"مەن خىرىستىئانلىقتىكى ئېتىقادىڭلارنىڭ مۇستەھكەم ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن سىلەرنى سىنىدىم. سىلەردە كۆرگەن بۇ ئەھۋال مېنى خۇشال قىلدى!" دېدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئادەملىرى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ، مەمنۇن بولدى. (بۇخارى: «بەدئۇل ۋەھى»، 1، 5 ـ، «ئىمان»، 37، «شاھادەت»، 28، «جىھاد»، 102؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 74؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 262 ـ بەت)

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھىرەقلى ئالدىغىچە كەلگەن ئىسلام نېمىتىنى بىۋاستە كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ تۇرۇپ، دۇنيا مەنپەئەتىنىڭ ئېغىر بېسىشى نەتىجىسىدە بۇ پۇرسەتنى قايرىۋېتىپ، ئەبەدىي سائادەتتىن مەھرۇم قالدى.

ئىران كىسراسىغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ باردى. لېكىن كىسرا ھىرەقلىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. مەكتۇبتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن بۇرۇن يېزىلغانلىقىغا ئاچچىقلاپ، ئۇ مەكتۇبنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەلچىگە ھاقارەت قىلدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىسرا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

"ئى فارىس جامائىتى! سىلەر پەيغەمبەرسىز، كىتابسىز ۋە يەر يۈزىنىڭ پەقەت قولۇڭلاردىكى بىر قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ساناقلىق كۈنلىرىڭلارنى ئۆتكۈزۈۋاتىسىلەر، سىلەر بىر چۈش كۆرۈۋاتىسىلەر! ھالبۇكى، يەر يۈزىنىڭ سىلەر ھۆكۈمران بولالمىغان قىسمى ناھايىتى كۆپ.

ئى كىسرا! سەندىن بۇرۇن نۇرغۇنلىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلغان ھۆكۈمدارلار كېلىپ، كەتتى. ئۇلاردىن ئاخىرەتنى خالىغانلار، دۇنيادىنمۇ نېسىۋىلىرىنى ئالدى. پەقەتلا دۇنيانى ئارزۇ قىلغانلار، ئاخىرەت نېسىۋىلىرىدىن مەھرۇم قالدى. ساڭا تەكلىپ قىلغىنىمىز بۇ دىنىنى كىچىك سانايسەن. ئەمما، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەيلى قايەردە بولساڭ بول، سەن كىچىك سانىغان نەرسە ئالدىڭغا كەلگىچە ئۇنىڭدىن قورقىسەن ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزەڭنى قوغدىيالمايسەن!".

كىسرامۇ جاۋابەن: پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكى، يېڭىلىشتىن ئۆزىگە بىر تەڭتۇش چىقىشىدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. (سۇھەيلى: 6 ـ جىلد، 589 ـ 590 ـ بەتلەر)

ئارقىدىن ئادەملىرىگە ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافەنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشىنى بۇيرىدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىسرانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقار ـ چىقماي ئۇلۇقىغا مىنىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۆز ـ ئۆزىگە:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۈچۈن ئىككى يولدىن (ئۆلۈم ياكى قۇتۇلۇش)نىڭ قايسىسى بولسا بولسۇن غەم قىلمايمەن. رەسۇلۇللاھنىڭ مەكتۇبىنى جايىغا تەككۈزۈپ، ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم" دېدى. (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 305 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 260 ـ بەت؛ 4 ـ جىلد، 189 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4 ـ جىلد، 6 ـ 263؛ ھەمىدۇللاھ: «ئەلۋەسائىق»، 140 ـ بەت)

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافەنىڭ پەزىلەت ۋە جاسارىتىنى كۆرسەتكەن بىر قىسسىسى بار:

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە دەۋرىدە شامنىڭ قەيسەرىيە تەرىپىگە رۇملارغا قارشى بىر قوشۇن ئەۋەتىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ قوشۇندا بار ئىدى. رۇملار ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ، پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: "بۇ مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىدىن!" دېدى.

پادىشاھ ھەزرىتى ئابدۇللاھنى بىر ئۆيگە قامتىپ كۈنلەرچە يېمەك-ئىچمەكسىز قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرئاز ھاراق بىلەن توڭگۇز گۆشى ئەۋەتتى. ئۈچ كۈن كۆزەتتى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شارابقا ۋە گۆشكە يېقىنلاشمىدى.

پادىشاھقا:

"ئۇنىڭ ھالى قاتتىق خاراب، ئۇ يەردىن ئەمدى چىقارمىسىڭىز مۇتلەق ئۆلىدۇ!" دېدى.

پادىشاھ ئۇنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

- يېمەك-ئىچمەكتىن سېنى چەكلەپ قويغان نەرسە نېمە؟ - دەپ سورىدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- گەرچە زۆرۈرىيەت ئۆلاردىن يېيىشىم ۋە ئىچىشىمنى ماڭا ھالال قىلغان ئىدى، لېكىن مەن سېنى ماڭا ۋە ئىسلامغا كۈلدۈرۈشنى خالىمىدىم! - دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ تەمكىن سۆزلىرى ئالدىدا:

- سەن خرىستىئان بولساڭ، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بەرسەم، سېنى پادىشاھلىقىم ۋە سەلتەنىتىمگە شېرىك قىلسام، قىزىمنىمۇ سېنىڭ بىلەن ئۆيلەندۈرسەم بولماسمۇ؟ - دېدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سەن ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قايتىش بەدىلىگە پۈتۈن پادىشاھلىقىڭنىڭ تامامىنى

ۋە پۇتۇن ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرسەڭمۇ، بۇنى ئەسلا قىلمايمەن - دېدى.

پادىشاھ:

- ئۇنداقتا سېنى ئۆلتۈرىمەن - دېدى.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ:

- ئىختىيارىڭ، خالىغىنىڭنى قىل - دېدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىسكە مىخلاندى. ئوقچىلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تەگمەيدىغان شەكىلدە قورقۇتۇش ئۈچۈن ئوق ئاتتى. كېيىن ئۇنىڭغا خرىستىئانلىق تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ساھابە ئازراقمۇ مايىللىق كۆرسەتمىدى.

پادىشاھ:

- يا خرىستىئان بولىسەن ياكى سېنى قايناۋاتقان ياغنىڭ ئىچىگە تاشلايمەن - دېدى. قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مىستىن بىر قازان كەلتۈرۈلدى، ئىچىگە زەيتۇن يېغى ياكى سۇ قويۇلۇپ قاينىتىلدى. پادىشاھ مۇسۇلمانلاردىن بىر ئەسىر كەلتۈرۈپ قازاننىڭ ئىچىگە تاشلىنىشنى بۇيرىدى. مۇسۇلمان ئەسىر قازانغا تاشلاندى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. گۆشلىرى شۇ ھامان سۆڭەكلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى.

پادىشاھ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قايتا خرىستىئانلىقنى تەكلىپ قىلدى. قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ قازانغا تاشلىنىشنى بۇيرىدى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ قازانغا تاشلانماقچى بولغان پەيتتە يىغلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېنىغا ئەكەلدۈردى ۋە تەكرار خرىستىئان بولۇشنى تەكلىپ قىلدى. شىددەت بىلەن رەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

- ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن يىغلىدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ جاۋابنى بەردى:

- ھەرگىز گۇمان قىلمىغىنكى، مەن سېنىڭ ماڭا قىلماقچى بولغانلىرىڭدىن قورقۇپ يىغلىمىدىم! مەن ئاللاھ يولىدا بېرەلەيدىغان پەقەت

بىرلا جېنىم بولغانلىقىدىن يىغلىدىم. ئۆز ـ ئۆزەمگە: "سەن ھازىر بىرلا جان ئىگىسىسەن، شۇ قازانغا تاشلىنىپ، ئاللاھ يولىدا شۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىسەن. ھالبۇكى، مەن ۋۇجۇدۇمدىكى تۈكلەر سانىدا جېنىم بولۇشىنى ۋە ھەربىرى ئۈچۈن بۇ ئازابلارنىڭ ئاللاھ يولىدا ماڭا قايتا ـ قايتا قىلىنىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن، ـ دېدى.

ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭ ئىمان مۇستەھكەملىكى بىلەن كۆرسەتكەن بۇ ئىشى پادىشاھنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنى قويۇۋېتىشنى ئارزۇ قىلىپ.

ـ بېشىمنى سۆيگىن ـ دە سېنى قويۇۋېتەي ـ دېدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇۋېتەمسەن؟ ـ دېدى.

ـ شۇنداق قويۇۋېتىمەن ـ دېدى. ئۇنداق بولسا:

ـ مانا ئەمدى بولدۇ ـ دېدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدۇكى:

"ئۆز ـ ئۆزەمگە: " جېنىم ۋە مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاللاھ دۈشمەنلىرىدىن بىر دۈشمەننىڭ بېشىنى سۆيۈشتە نېمە بولماقچى ئىدى؟ سۆيگىن كەتسۇن!" دېدىم"

ئۇ كۈنى 80 مۇسۇلمان قويۇۋېتىلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئابدۇللاھ ئىبنى خۇزافەنىڭ بېشىنى سۆيۈش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بىر ۋەزىپىدۇر! بۇنى ئورۇنلاشنى تۇنجى بولۇپ مەن باشلايمەن!" دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىغا سۆيدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3 ـ جىلد، 212 ـ 213؛ زەھەبى: «سىيەر»، 2 ـ جىلد، 14 ـ 15 ـ بەتلەر)

مانا بۇ مۇبارەك ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلغان مەكتۇبىنى ئىران كىسراسىغا ئېلىپ بېرىش شەرىپىگە نائىل بولغان،

پادىشاھنىڭ بىر ئىشارىتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان جاللاتلار ئالدىدا ئىمان جاسارىتى كۆرسىتىپ كىسرا ۋە ئادەملىرىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان ئىدى.

كىسرانىڭ مەكتۇبنى يىرتقانلىقىنى ۋە ئىسلام دەۋىتىگە قارشى سەلبىي مۇئامىلىدە بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھ! سەنمۇ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەنە شۇنداق پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكىن!» دېدى. (بۇخارى: «ئىلىم»، 7؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3 ـ جىلد، 212 ـ بەت)

دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىسى تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىدە ئەمەلگە ئېشىپ، كىسرانىڭ زېمىنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كىسرا يەمەن ۋالىسى بازانغا بىر خەت ئەۋەتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. بازاننىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ بىر مەكتۇپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز مەكتۇبنى ئوقۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئەلچىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بازاننىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

"ئەگەر بىز بىلەن كەلمىسەڭ، ۋالىي بازاننىڭ مەكتۇبىغا جاۋاب يازا!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەن ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئاللاھتائالا كىسراغا ئوغلى شىرەۋەيھنى مۇسەللەت قىلدى. شىرەۋەيھ ئۇنى پالانى ئايدا، پالانى كېچىدە ۋە كېچىنىڭ مۇنداق، مۇنداق سائىتى ئۆتكەندە ئۆلتۈردى!»

ئەلچىلەر ھەيران قېلىپ:

"بىز سەندىن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنى يېزىپ ۋالىيغا خەۋەر قىلايلىمۇ؟" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق! مەندىن ئاڭلىغانلىرىڭلارنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىڭلار! ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىڭلاركى: "مېنىڭ دىنىم، ھاكىمىيىتىم، كىسرانىڭ پادىشاھلىقى ۋە سەلتەنىتى يېتىپ بارغان يەرلىرىگە يېتىپ بارىدۇ، ئاتلار ۋە تۆگىلەرنىڭ قەدەم باسىدىغان ئەڭ يىراق يەرلىرىگە كېڭىيىدۇ!" ئۇنىڭغا شۇنىمۇ بىلدۈرۈڭلار: "ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، باشقۇرۇۋاتقان يەرلىرىڭنى ساڭا بېرىمەن! سېنى ئەبنالاردىن، يەنى يەمەندىكى پارسلاردىن بولغان قەۋمىڭگە ھۆكۈمران قىلىمەن!"» دېدى.

بازان بۇلاردىن خەۋەر تېپىشى بىلەن:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ سۆزى ھۆكۈمران سۆزى ئەمەس! مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۇ زات ئۆزى دېگەندەك بىر پەيغەمبەردۇر! ئۇنىڭ كىسرا ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ نەتىجىسىنى كۆتەيلى. ئەگەر بۇ ھەقتىكى سۆزى توغرا چىقسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەردۇر. ئەگەر توغرا چىقمىسا، شۇ ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىكنى ئويلايلى! - دېدى.

ئەلچىلەرگە قاراپ:

- سىلەر ئۇنىڭغا قانداق قارىدىڭلار؟ - دەپ سورىدى.

- بىز ئۇنىڭدىن ھەيۋەتلىك، كەمتەر، ھېچبىر نەرسىدىن قورقمايدىغان، قوغدىغۇچىلىرى بولمىغان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا پىيادە مېڭىپ يۈرگەن بىر ھۆكۈمدار كۆرمىدۇق! ساھابىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي، ناھايىتى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشىدىكەن. - دەپ كۆرگەنلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى.

شىرەۋەيھنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە دائىر مەكتۇبى كەلگەندە قارىدىلاركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەن ۋاقتى مىنۇتلىرىغىچە ئوخشاش چىقتى. ۋالىي بازان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە:

"بۇ زات مۇتلەق ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەردۇر!" دەپ مۇسۇلمان بولدى. ئەسلى پارسلىق بولۇپ يەمەندە

ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان ئەبنالارمۇ مۇسۇلمان بولدى. (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 260-بەت؛ ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»، 2-جىلد، 349-350-بەتلەر؛ دىيار بەكرى: 2-جىلد، 35-دىن 37-بەتلەرگىچە)

ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە) نەجاشىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبى ۋە ئەلچىسىنى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ۋاستىسى بىلەن نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇبتا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئىسا ھەققىدىمۇ قىسقىچە بىر مەلۇمات بار ئىدى. نەجاشى ئىسلامنى ئىلگىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلاردىن ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆگەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە باشتىن بېرى ئىجابىي مۇئامىلە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بۇ دەۋەت مەكتۇبى بىلەن ئىمان ئۇيۇپۇقلىرىغا قانىتىنى ئاچتى. ئۇ پەيتتە يېنىدا بولغان ئەبۇ تالىبنىڭ چوڭ ئوغلى ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىدا شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئۇ يەردىكى مۇھاجىرلارنى ئىككى كېمىگە چىقىرىپ يولغا سالدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر مەكتۇب يوللىدى. مەكتۇب مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

" نەجاشىدىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدكە!

ئى رەسۇلۇللاھ! سالام ساڭا بولسۇن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتىمۇ ساڭا بولسۇن! ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى. ئى رەسۇلۇللاھ! ھەزرىتى ئىسانىڭ ئەھۋالىنى تىلغا ئالغان مەكتۇبىڭىز ماڭا يېتىپ كەلدى. ئاسمان-زېمىننىڭ رەببىگە قەسەم قىلىمەنكى، ھەزرىتى ئىسامۇ ئۆزى ھەققىدە سەن تىلغا ئالغان نەرسىلەردىن باشقا بىر نەرسە سۆزلىمىگەن. ئۇنىڭ تەبلىغىمۇ، سېنىڭ تەبلىغىڭ بىلەن ئوخشاش. سەن بىزگە تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگەندۇق. تاغاڭنىڭ ئوغلى (جەئفەرى تەييار) بىلەن دىيارىمىزغا ھىجرەت قىلغان ساھابىلىرىڭنى ياخشى كۈتۈۋالدۇق. مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن

ئاللاھنىڭ رەسۇلىسەن. سۆزۈڭدە راستچىلسەن. سەن ھەق ئۇستىدىسەن ۋە مۇسەددەقسەن (تەستىق قىلىنغۇچىسەن)".

ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا سېنىڭ ۋەكىللىك بولغان تاغاڭنىڭ ئوغلى ۋاستىسى بىلەن بەيئەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا تەسلىم بولدۇم. ساڭا ئوغلۇم ئىرخانى ئەۋەتىمەن. مەن ئۆزەمگىلا ۋەكىللىك قىلىمەن، ئەگەر سېنىڭ يېنىڭغا كېلىشىمنى خالىساڭ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، شۇ ھامان كېلىمەن. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سۆزلىگەنلىرىڭ ھەقتۇر. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا سالام بولسۇن!"
(ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 259ـ بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 3ـ جىلد، 689ـ بەت؛ ھەمىدۇللاھ: «ئەلۋەسائىق»، 100، 104ـ 105)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر كۈنى:

«ئى ئىنسانلار! ئەجىر ۋە ساۋابىنى ئاللاھتىن تىلەپ شۇ مەكتۇبنى ئىسكەندەرىيە ھۆكۈمدارى مۇقەۋقىسكە[224] كىم ئېلىپ بارىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئېلىپ باراي" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ھاتىب! ئاللاھ بۇ ۋەزىپىنى سېنىڭ ھەققىڭدە مۇبارەك قىلسۇن!» دېدى.

224. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ئۇچۇن قەيسەر، رۇملار ئۇچۇن قەيسەرى، پارىس ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن كىسرا، ھەبەش ھۆكۈمدارلىرى ئۇچۇن نەجاشى، مىسىر ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن فىرئەۋن، ئىسكەندەرىيە ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن مۇقەۋقىس، يەمەن ۋە شىھىر ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن تۇببە، ھىند ھۆكۈمرانلىرى ئۇچۇن باتلىمۇس ئۇنۋانلىرى ئىشلىتىلگەن. بۇلار ئىسىم ئەمەس، ئومۇمى ھالدا ھۆكۈمرانلارغا بېرىلگەن ئۇنۋانلاردۇر. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 11ـ جىلد، 228ـ بەت).

ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەكتۇبىنى ئىسكەندەرىيە پادىشاھى مۇقەۋقىسگە (ئۇنىڭ ئىسمى: جۇرەيج ئىبنى مىنا) ئېلىپ باردى. مەكتۇبتا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن «ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى مۇھەممەدتىن قىبتىلارنىڭ بۈيۈگى مۇقەۋقىسكە: ھىدايەتكە ئەگەشكەن، توغرا يولنى تۇتۇپ ماڭغانلارغا سالام بولسۇن. سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، خاتىرجەملىككە ئېرىشىسەن-دە، ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ. ئەگەر بۇ دەۋەتىمنى قوبۇل قىلمىساڭ، قىبتىلارنىڭ گۇناھى سېنىڭ بوينۇڭدا بولىدۇ.

قُلْ يَآ اَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا اِلٰى كَلِمَةٍ سَوَآءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ اَلَّا نَعْبُدَ اِلَّا اللّٰهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهٖ شَيْـًٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا اَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللّٰهِ فَاِنْ تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِاَنَّا مُسْلِمُونَ

**«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 64-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبى ئوقۇلغاندا مۇقەۋقىس، ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېنىغا چاقىرىپ دىنى ئالىملارنىمۇ يېنىغا يىغدى. ۋەقەنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

مۇقەۋقىس ماڭا:

مەن چۈشەنمەكچى بولغان بەزى نەرسىلەرنى سەندىن سورايمەن ـ دېدى.

ئۇنىڭغا:

ـ ماقۇل، پاراڭلىشايلى ـ دېدىم.

مۇقەۋقىس:

ـ سەن ئەگەشكەن ئۇ زات پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق، ئۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ـ دېدىم.

ـ ئۇ راستىنلا شۇنداق بىر پەيغەمبەر بولسا ئۆزىنى ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، باشقا بىر يەرگە ئېلىپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان قەۋمىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن نېمىشقا ئاللاھقا دۇئا قىلمىدى؟ ـ دەپ سورىشى بىلەن، ئۇنىڭغا:

ـ سەن مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ بىر پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىسەن، شۇنداقمۇ؟ ـ ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر بولغانلىقىغا كۆرە، قەۋمى ئۇنى تۇتۇپ ئاسماقچى بولغاندا، ئۆزىنى ئاسمانغا ئۆرلەتكەنىنىڭ ئورنىغا، قەۋمىنى ھالاك قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلسا بولماسمىدى؟ ـ دېدىم.

مۇقەۋقىس جاۋاب بەرگىدەك سۆز تاپالمىدى. بىر ئاز جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

ـ سۆزۈڭنى تەكرارلا! ـ دېدى. تەكرارلىدىم. مۇقەۋقىس يەنە جىم بولۇپ قالدى. كېيىن:

ـ ناھايىتى گۈزەل سۆزلىدىڭ. سەن بىر ھاكىمسەن، يەرلىك خەلقتەك سۆزلەيدىكەنسەن ۋە ھۆكۈمران بولغان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىسەن ـ دېدى.

مەن بۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇقەۋقىسكە:

ـ سەندىن ئىلگىرى بۇ يەردە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ئىدى. ئاللاھتائالا ئۇ فىرئەۋننى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئازابى

بىلەن جازالاندۇردى. سەن ئۆزەڭدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئىبرەت ئال، ئەمما باشقىلارغا ئىبرەت بولما! ـ[225] دېدىم.

مۇقەۋقىس:

ـ بىزنىڭ بىر دىنىمىز بار، ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى كۆرمىگىچە ئۇنى تاشلىيالمايمىز! ـ دېدى.

مەنمۇ:

ـ ئىسلام سەن ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىدىن شەكسىز ئۈستۈن! بىز سېنى ئاللاھتائالا ئىنسانلارغا دىن سۈپىتىدە تاللىغان ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتىمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت سېنى ئەمەس پۈتۈن ئىنسانلارنى دەۋەت قىلدى. قۇرەيش ئۇنىڭغا قارشى قاتتىق قوپاللىق قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى ئەڭ كۆپ دۈشمەنلىكنى يەھۇدىيلار قىلدى. ئىنسانلاردىن ئەڭ كۆپ يېقىنلىق كۆرسەتكەنلەر بولسا خرىستىئانلار بولدى. ھەزرىتى مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قانداق بىشارەت بەرگەن بولسا، ئۇمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بىشارەت بەرگەن. بىزنىڭ سېنى قۇرئانغا دەۋەت قىلىشىمىز، سېنىڭ تەۋراتقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئىنجىلغا دەۋەت قىلغىنىڭغا ئوخشاشتۇر. ھەربىر ئىنسان ئۆز زامانىدا كەلگەن پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولۇشقا مەسئۇلدۇر. سەنمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە يېتىشتىڭ. بۇ سەۋەبتىن بىز سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن يىراقلاشتۇرغان بولمايمىز. ئەكسىچە، ئۇنىڭ رىسالىتىگە ئۇيغۇن ئەمەل قىلىشىڭنى تەكلىپ قىلغان بولىمىز" دېدىم.

مۇقەۋقىس:

ـ مەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىنىنى ئىنچىكە تەكشۈردۈم. كۆردۈمكى، ئۇنىڭدا دۇنيادىن ۋاز كېچىش بۇيرۇلمايدىكەن، كۆڭۈل تارتىدىغان، مەقبۇل نەرسىلەر چەكلەنمەيدىكەن. ئۇ يولنى يوقىتىپ قويغان سېھىرگەر ئەمەس، غائىبتىن خەۋەر ئالغانلىقنى دەۋا قىلغان بىر يالغانچى ئەمەس. ئەكسىچە،

225. بۇ نوقتىنى شائىر نېمىدېگەن گۈزەل ئىپادىلىگەن:
ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئالمىسا كىشى،
كەلگۈسى ئىبرەت بولۇشتۇر ئىشى.

ئۇنىڭدا ناھايىتى كۆپ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرى بار. شۇنداقتىمۇ بىرئاز ئويلىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ـ دېدى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا مۇنداق جاۋاب يازدى:

بسم الله الرحمن الرحيم

مۇقەۋقىستىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا:

ساڭا سالام بولسۇن! مەكتۇبۇڭنى ئوقۇدۇم. تىلىغا ئالغان ۋە مېنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەرنى چۈشەندىم. يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما ئۇنى شامدىن چىقىدۇ دەپ قارايتتىم. ئەۋەتكەن ئەلچىڭنى ياخشى كۈتۈۋالدىم. ساڭا قىبتىلار ئارىسىدا ئورنى يۇقىرى بولغان ئىككى جارىيە بىلەن كىيىم ئەۋەتتىم. مىنىشلىك ئۈچۈن ساڭا دۇلدۇل ئىسىملىك بىر خېچىر ھەدىيە قىلدىم. ساڭا سالام بولسۇن!“

مۇقەۋقىس بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر ئىش قىلمىدى، مۇسۇلمانمۇ بولمىدى. ماڭا: ”ئاگاھ بولغىن! قىبتىلار سېنىڭ ئاغزىڭدىن بىر ئېغىز سۆز ئاڭلىمىسۇن!“ دەپ ئاگاھلاندۇردى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4 ـ جىلد، 266 ـ 267؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 260 ـ 261 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 3 ـ جىلد، 530 ـ 531)

مۇقەۋقىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قارشى ئالدى. ئۇ ئاخىرقى بىر پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ شام ئەتراپىدىن ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى گۇمان قىلاتتى. بۇ گۇمان ئۇنىڭ ھەقىقەتكە ئەگىشىشىگە پەردە بولدى ۋە مۇقەۋقىس ئىمان ئېيتمىدى. ئەمما مەكتۇبنى ئېلىپ كەلگەن ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەدىيە، بىر ئۇلاق ۋە ئىككى جارىيە (ھەزرىتى مارىيە بىلەن سىڭلىسى سىيرىن)نى بىلەن يولغا سالدى.

ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا بۇ ئىككى ئاچا ـ سىڭىلغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمان بولۇشقا تەشۋىق قىلدى. ئۇلارمۇ ئىمان بىلەن شەرەپلەندى[226]. بۇنىڭ بىلەن تېخى مەدىنىگە بارمايلا ھەقىقەتنى چۈشەندى.

226. ئىبنى سائاد: 8 ـ جىلد، 212 ـ بەت.

ھاتىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇقەۋقىسنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ نىجىس سەلتەنىتىگە كۆزىنى قىيالمىدى! ئۇنىڭ ئەنسىرىگەن سەلتەنىتى ئۇنىڭ قولىدا قالمايدۇ!» دېدى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 260 ـ 261 ـ بەتلەر؛ دىيار بەكرى: 2 ـ جىلد، 38 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جارىيە سىرىننى ھەسسان ئىبنى سابىتقا، ھەزرىتى مارىيەنى ئۆزىگە نىكاھلىدى. ئوغلى ئىبراھىم بۇ ئايالدىن دۇنياغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي ئىرادە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان بۇ ئۆيلىنىشىدىمۇ بىرمۇنچە سىياسىي پايدىلار كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋال مىسىرلىقلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ـ ۋىزانتىيە ئۇرۇشىدا مىسىرلىقلار ۋىزانتىيەلىكلەرنى يالغۇز قويۇپ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ غەلبە قىلىشىغا ۋەسىلە بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ بىر مىسالىنى كۆرسىتىپ، ساھابىلىرىغا مۇنداق دېدى:

«سىلەر قىرات دېيىلگەن بىر ئۆلچەم بىرلىكىنى قوللىنىدىغان مىسىرنى پەتھ قىلىسىلەر. ئۇ يەرنىڭ خەلقىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ۋەسىيىتىمنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇلار بىلەن بىر نەسەب، يەنە كېلىپ كۈيئوغۇللۇق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقىمىز بار» (مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 226 ـ 227)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ھاجەر مىسىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملەرنىڭ نۇرى پەيغەمبىرىمىز مىسىرلىقلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقان دەپ ھېسابلىدى. كۈيئوغۇللۇق مارىيە ئانىمىزدىن كېلىدۇ[227].

سۈرىيە غەسسانى ئەرەبلىرىنىڭ رەئىسى بولغان ھارىسە، شۇجا ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەر مەكتۇبىغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن

227. ئىبنى ھىشام: 1، 4.

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىدىن رۇخسەت سورىدى. لېكىن ئىمپېراتور بۇنى رەت قىلدى[228].

سەلت ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر مەكتۇبىنى ئېلىپ بارغان يەمامە پادىشاھى ھەۋزەمۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلمىدى. قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن غەپلەت ئىچىدە ئۆلدى[229].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەۋسىيەلەرنى قىلدى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىميەردىكى بەزى كىشىلەرگە مەكتۇپ يازدى. مەكتۇبنى ئەياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيە قىلدى:

«ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىڭدا كېچىسى كىرمە، تاڭ ئېتىشنى كۈت. كېيىن كامىل تاھارەت ئال، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇ. سېنى مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە ياخشى كۈتۈۋېلىشقا ئۇچراش ئۈچۈن ئاللاھتائالاغا دۇئا قىل. ياخشى تەييارلىق قىل، مەكتۇبىمنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئال ۋە ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوڭ قولىغا بەر. بۇنداق قىلساڭ ئۇلار سېنى قوبۇل قىلىدۇ.»

ئەياش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغاندەك قىلدىم، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. كېيىنكى ۋەقەلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئەمەلگە ئاشتى" (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 282-283)

بۇ دەۋەتلەر مەدىنىدىن پۈتۈن جاھاننى قۇچاقلاشقا قاراپ ماڭغان ئىسلامنىڭ تۇنجى قەدەملىرى بولدى. بۇنىڭ يېنىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا جانلانغان ئىسلام كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. چۈنكى بۈيۈك زەپەرلەرنىڭ ئاساسلىرى بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرى بىلەن سېلىندى.

228. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 261-بەت.
229. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 262-بەت.




| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | دىھيە بىن ھەلىپە ئەل كەلبى | ۋىزانتىيە پادىشاھى ھىرەقلى | ئىللىئا قۇددۇس | پادىشاھلىقى ھەققىدە قورقتى مۇسۇلمان بولمىدى |
| 2 | ئابدۇللاھ بىن ھۇزاپە ئەس سەھمى | كىسرا (ئىران پادىشاھى) | مەدائىن | ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مەكتۇپىنى يىرتتى ئاللاھمۇ ئۇنىڭ تەختىنى گۇمران قىلدى |
| 3 | ئامىر بىن ئۇمەييە ئەد دامرى | ھەبەش نەجاشىسى | ھەبەشىستان | مۇسۇلمان بولدى |
| 4 | ھاتى بىن ئەبى بەلتائا | مىسىر مۇقەۋقىسى | مىسىر | مۇسۇلمان بولمىدى ئەمما ئەلچىگە ئىكرام قىلدى |
| 5 | ئەل ئالا بىن ھادرامى | بەھرەين پادىشاھى ئەل مۇنزىر بىن سەۋا | بەھرەين | مۇسۇلمان بولدى |
| 6 | سەلىت بىن ئامىر ئەل ئامىرى | يەمامە ئەمىرى | يەمامە | مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشنى شەرت قوشتى |
| 7 | شۇجا بىن ۋەھب ئەل ئەسەدى | گاسسانى ئەمىرى ئەل ھارىسى ئەل گاسسانى | ھاۋران | مەدىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش بىلەن تەھدىت قىلدى |
| 8 | ئەل مۇھاجىر بىن ئىمەييە ئەل مەھزۇنى | يەمەن ھاكىمى ئەل ھارىس ئەل ھىميەرى | يەمەن | مۇسۇلمان بولدى |
| 9 | ئامىر بىن ئەل ئاس ئەس سەھمى | ئۇممان پادىشاھى جۇلەندى | ئۇممان | مۇسۇلمان بولدى |

**يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى سېھىرلىشى**

يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپ مۇناپىقلىق قىلغان ۋە سېھىرگەرلىكتە ماھارەتلىك بولغان يەھۇدىي لەبىيد ئىبنى ئەئسەمگە:

”سەن بىزنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق سېھىرگىرىمىزسەن! مۇھەممەد ئەرلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىزنى سېھىرلىدى. بىز ئۇنىڭغا قارشى بىر ئىش قىلالمىدۇق. سەن ئۇنىڭ بىزگە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، دىنىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، بىزدىن كىملەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ياكى سۈرگۈن قىلغانلىقىنى كۆردۈڭ. بىز ئۇنى قىلغانلىرىغا قارشى جازالاش ئۈچۈن سېنى ۋەزىپىلەندۈرىمىز!“ دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرلىشى ئۈچۈن ئۈچ دىنار (ئالتۇن) بەردى.

لەبىيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاچلىرىدىن بىرقانچە تال قولغا كىرگۈزۈش يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىرماش-چىرماش چىگىپ، ئۇفلىدى. بۇ چېگىلگەن ۋە ئۇفلەنگەن چاچلارنى ئەركەك خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان غوزىكىنىڭ ئىچىگە قويدى. كېيىن ئۇنى ئېلىپ بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى قورام تاشنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇردى. لەبىيد سېھىر قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ ئازايدى. كېسىلى كۈنلەرچە ئۇزىراپ، يېمەك-ئىچمەكتىنمۇ قالدى.

ئاللاھتائالا رەسۇلىغا بۇ سېھىرنىڭ كىم تەرىپىدىن، قانداق قىلىنغانلىقىنى ۋە قايەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئەممارنى زەرۋان قۇدۇقىغا ئەۋەتتى. قۇدۇقنىڭ سۈيى خېنە رەڭگىگە بويىلىپ كەتكەن بولۇپ، يېنىدىكى خورما دەرىخىنىڭ باشلىرىمۇ شەيتاننىڭ بېشىغا ئوخشاش بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئەممار قۇدۇقنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ بوشاتتى، ئىچىدىكى قورام تاشنى چىقىرىپ، سېھىرنى تاپتى.

بۇ ئەسنادا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام سۈرە فەلەق ۋە ناسنى ئېلىپ كەلدى. ھەر بىر ئايەتنى ئوقۇغاندا بىر چىگىك يېشىلدى. ئەڭ ئاخىرقى چىگىك يېشىلگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز باغلاقتىن قۇتۇلغاندەك ئېچىلىپ كەتتى. يېمەك يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەرۋان قۇدۇقنى تىندۇرغۇزۇۋەتتى. سېھىر قىلغان يەھۇدىي لەبىيدنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرمىدى، گۇناھىنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈزىگىمۇ سالمىدى. ھاياتىغا قەست قىلغان لەبىيدنى ۋە ئۇ مەنسۇپ بولغان بەنى زۇرەيق يەھۇدىيلىرىدىن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدى[230].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىركۈنى:

«ھالاك قىلىدىغان يەتتە نەرسىدىن ساقلىنىڭلار!» دېدى.

ساھابىلار:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟“ دەپ سورىدى.

پەيغەمبىرىمىز:

«ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ئاللاھ (چېقىلىشنى) ھارام قىلغان بىر جاننى ھەقسىز رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ۋە پاك ئاياللارغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلاش» دېدى. (بۇخارى: «ۋەسايا»، 23؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 145)

پەيغەمبىرىمىز باشقا ھەدىسلەردىمۇ مۇنداق دېدى:

«كىمكى بىر چىگىك چىگىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئۇفلىسە سېھىر قىلغان بولىدۇ. كىم سېھىر قىلسا شېرىككە چۈشكەن بولىدۇ.» (نەسەئى: «تەھرىم»، 19)

«كىم ئوغۇرلانغان ياكى يۈتۈپ كەتكەن بىر مالنىڭ يېرىنى دەپ بەرگەن كىشىگە (ئەرراف)[231] نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىسا

230. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 197-بەت؛ بۇخارى: «تىب»، 47، 49؛ مۇسلىم: «سەلام»، 43؛ نەسەئى: «تەھرىم»، 20؛ ئەھمەد: 4-جىلد، 367-بەت، 6-جىلد، 57-بەت، يەنە شۇ كىتابنىڭ 21-جىلد، 282-بەت.

231. كاھىن: كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان پالچى دېمەكتۇر. ئەرراف:

ۋە سۆزلىگەنلىرىگە ئىشەنسە، ئۇ كىشىنىڭ قىرىق كۈنگىچە نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» (مۇسلىم: «سەلام»، 125)

## خائىن ۋە پاساتچى يەھۇدىيلارغا ئاخىرقى زەربە: خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى

(ھىجرىيىنىڭ 7-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ۋە سەپەر ئايلىرى / مىلادى 628-يىل 6-7-ئايلار)

مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئەھۋالى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى دەپ قارىغان مۇناپىقلارنىڭ بۇ پىكرىگە خەيبەر يەھۇدىيلىرىمۇ قوشۇلدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن، ئىلگىرى سۈرگۈن قىلىنغان يەھۇدىي قەبىلىلىرىدىن ئارىلىرىغا ئىلتىجا قىلىپ كىرگەنلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن خەيبەردە بۈيۈك بىر پاسات ئۇتى تۇتاشتى. يەھۇدىيلار غەتافان قەبىلىسىگە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش بەدىلىگە بىر يىللىق مەھسۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئۇلارغا غەتافان قەبىلىسى قوشۇلغاندا، ھەممىسى بىرلىشىپ يامان نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مەدىنىگە بىر قوشۇن ئەۋەتىشنى پىلانلىدى[232].

يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئىشىغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى تىنچلىق ئۈچۈن خەيبەرگە ئەۋەتتى. لېكىن كەلگەن رەت قىلىش جاۋابى ئالدىدا، ساھابىلىرىغا خەيبەر غازىتىغا چىقىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ:

بىر تەرەپتىن كاھىن مەناسىدا كېلىدۇ. ئەمما ئەرراف كۆپىنچە ھاللاردا ئوغۇرلانغان ۋە يوقالغان بىر نەرسىنىڭ ئورنىنى خەۋەر قىلىدىغان كىشىلەرگە دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنەججىم دېيىلىدىغان بىر كىشى باركى، ئۇمۇ ئەسلىدە كاھىن. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، مۇنەججىم يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى يۇلتۇزلارغا قاراپ بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

232. ۋاقىدى: 2-جىلد، 530-531-بەتلەر، 566، 640؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 92-بەت.

«بىز بىلەن پەقەت جىھادنى خالىغانلار كەلسۇن!» دېدى. (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 92، 106)

چۈنكى ئۇرۇش چېكىنىشكە بولمايدىغان بىر ئەھۋالغا كەلگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەدىنە خەيبەر بىلەن مەككە ئارىسىدا ئىدى. بۇ سەۋەبتىن قاچانكى مۇشرىكلار بىلەن بىر ئۇرۇش قىلىنسا، خەيبەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ناھايىتى چوڭ بىر خەتەر بولۇپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقنى ئاڭلىغان ساھابىلار بۇ دەۋەتكە قىزغىنلىق بىلەن قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن ساھابىلىرىنى جىھادقا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۇدەيبىيەگە قاتناشمىغانلارنى قوشۇنغا قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردا ئارىلىرىغا غەنىمەت مەقسىدى بىلەن قوشۇلۇۋالغان مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ زور پەيتلەردە قىلغان خىيانەتلىرى ئىسلام قوشۇنى ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ زەربە بولغان ئىدى. ھازىرمۇ ئەنە شۇ كىشىلەر باي يەھۇدىلارنىڭ كۆز قاماشتۇرىدىغان بايلىقلىرىدىن پاي ئېلىش چۈشەنچىسى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشماقچى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھۇدەيبىيەگە قاتناشقانلارنىڭ سىرتىدا ئۇرۇشقا قاتناشماقچى بولغانلارنىڭ تەلىپى رەت قىلىندى. ئاللاھتائالانىڭ بۇيرۇقىمۇ بۇ ئىدى:

قُل لَّنْ تَتَّبِعُونَا

**«(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ.»** (پەتىھ سۈرىسى، 15-ئايەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ خەيبەرگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئەھدىلەشكەن مەدىنە يەھۇدىلىرىنى قاتتىق قايغۇلاندۇردى ۋە ھەرىكەتكە ئۆتكۈزدى. بۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەنى قەينۇقا، بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىلىرىنى مەغلۇپ قىلغىنىدەك خەيبەر يەھۇدىلىرىنىمۇ مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇ ئەسنادا، مۇسۇلمانلاردا ئاز-كۆپ ئېلىشى بولغان يەھۇدىلار، ئېسىلمىغان مۇسۇلماننىڭ ياقىسى قالمىدى.

تۆۋەندىكى ۋەقە بۇ ئەھۋالنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققى مەسىلىدە قانچىلىك نازۇك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

يەھۇدىي ئەبۇ شەھمىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ھەدرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا بەش دەرھەم ئېلىشى بار ئىدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ يەھۇدىيدىن ئارپا سېتىۋالغان ئىدى. ئەبۇ شەھم ياقىسىغا ئېسىلغاندا، ئۇ:

"ماڭا بىرئاز مۆھلەت بەر. ئاللاھ خالىسا قەرزىمنى ئۆتەيمەن. چۈنكى ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىگە خەيبەر غەنىيمىتىنى ۋەدە قىلدى. ئى ئەبۇ شەھم! بىز ھىجازنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە بايلىق جەھەتتە ئەڭ باي شەھىرىگە كېتىۋاتىمىز" دېدى.

يەھۇيى ئەبۇ شەھمىنىڭ قىزغانچۇقلۇقى تېخىمۇ ئاشتى:

"سەن خەيبەر يەھۇدىلىرىنى ئىلگىرى ئۇرۇشقان ئەرەبلەردەك دەپ ئويلامسەن؟ تەۋرات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ يەردە ئون مىڭ ئەسكەر بار" دېدى.

ئابدۇللاھ:

"ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! سەن بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا تۇرۇۋاتىسەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارىمەن!" دېدى ۋە ئۇنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەھۇدىي نېمە دەيدۇ ئاڭلىغىن!" دەپ ئەبۇ شەھمىنىڭ سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى، بىر نەرسە سۆزلىمىدى. پەقەت كالپۇكلىرىنىڭ مىدىرلىغانلىقى كۆرۈلدى. ئەمما نېمە دېگەنلىكى ئاڭلانمىدى.

يەھۇدىي:

- ئى ئەبۇل قاسىم! بۇ ماڭا ھەقسىزلىق قىلدى، قەرزىنى ئۆتىمىدى - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئابدۇللاھقا:

- بۇنىڭ ھەققىنى بەرگىن - دېدى.

ئابدۇللاھ كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى، قەرزىنى خەيبەر غەنىيمىتى بىلەن ئۆتەيدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىپادىسىنى ئوخشاش ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرۇپ بازارغا باردى. ئۈستىدىكى تونىنى چىقىرىپ، سەللىسى بىلەن يۆگەندى ۋە يەھۇدىيغا:

- بۇ كېيىمنى مەندىن ئالغىن! - دېدى.

يەھۇدىي ئۇنى تۆت دەرھەمگە سېتىۋالدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالغان قەرزلىرىنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆتىدى. (ئەھمەد: 3-جىلد، 423-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 634-635)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قوشۇنى بىلەن ھەرىكەت قىلغاندا، ھەر بىر ئۇرۇشتا قىلىدىغان ئادىتى بويىچە جانابى ئاللاھقا شۇ دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلدى:

اللّٰهُمّ رَبّ السّمَوَاتِ السّبْعِ وَمَا أَظْلَلْنَ وَرَبّ الْأَرَضِينَ السّبْعِ وَمَا أَقْلَلْنَ وَرَبّ الشّيَاطِينِ وَمَا أَضْلَلْنَ وَرَبّ الرّيَاحِ وَمَا ذَرّيْنَ أَسْأَلُكَ خَيْرَ هَذِهِ الْقَرْيَةِ وَخَيْرَ أَهْلِهَا وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرّهَا وَشَرّ أَهْلِهَا وَشَرّ مَا فِيهَا

**«ئى يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكىلەرنىڭ، يەتتە قات يەرنىڭ ۋە ئىچىدىكىلەرنىڭ، شەيتانلارنىڭ ۋە ئۇلار ئازدۇرغانلارنىڭ، شاماللارنىڭ ۋە ئۇلار ئۇچۇرغان نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئىلاھىم! بىز سەندىن بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمىز! بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!»**[233] (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 379-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 642-بەت)

234. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ئولتۇراق ماكانغا كەلگەن ۋاقىتدا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى.

يولدا مېڭىۋاتقاندا مۇسۇلمانلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: "الله أكبر، الله أكبر لا إله إلا الله والله أكبر" "ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر!" يەنى: "ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر!" دەپ ھەممەيلەن بىرلىكتە تەكبىر ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئۆزەڭلارغا مەرھەمەتلىك بولۇڭلار! چۈنكى سىلەر ئاڭلىماس بىرسىگە خىتاب قىلمايۋاتىسىلەر، سىلەر خىتاب قىلىۋاتقان زات غائىبمۇ ئەمەس. سىلەر ھەممىنى كۆرىدىغان، ھەممىنى ئاڭلايدىغان، (قەيەردە بولۇڭلار) سىلەر بىلەن بىرگە بولغان زاتقا، ئاللاھقا خىتاب قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر دۇئا قىلىۋاتقان زات ھەر بىرىڭلارغا ئۇنىڭ ئۇلىقىنىڭ بوينىدىنمۇ يېقىندۇر» (بۇخارى: «دەئەۋات»، 50، 67؛ مۇسلىم: «زىكىر»، 44)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرگە كېچە ۋاقتى كېلىپ، ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇردى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز كېچىسى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماي، تاڭ ئېتىشنى كۈتەتتى. تاڭ ئاتقاندا يەھۇدىيلار كەتمەن، گۈرجەك ۋە زەمبىللىرى بىلەن سىرتقا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشى بىلەنلا:

"مۇھەممەد، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى!" دەپ ۋارقىراپ قەلئەلىرىگە كىرىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! ئۇرۇش بولۇپ خەيبەر (ئۇلارنىڭ قولىدىن) كەتتى! بىز دۈشمەن بىر قەۋمنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردۇقمۇ؟ ئاگاھلاندۇرۇلغان بۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ يامان بولىدۇ!» دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 38؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 380-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارارگاھىنى غەتافان بىلەن خەيبەر ئارىسىدا بولغان رەجىي دېگەن بىر ۋادىغا قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىتتىپاقداشنىڭ بىر-بىرلىرىگە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن بىرلىششىنى توسقان

(ھاكىم، 1-جىلد، 614/1634)

بولدى. دەرۋەقە، خەيبەر يەھۇدىلىرىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتكەن غەتافان يەھۇدىلىرى يوللىرىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەينىگە چېكىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا يالغۇز كىرىشكە مەجبۇر بولغان خەيبەر يەھۇدىلىرى قەلئەلىرىگە مۆكۈنۈپ ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى.

مۇھاسىرە ئەسناسىدا بىر پىتنىچى يەھۇدىيلارنى ئۇرۇشقا كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«يەھۇدىيلارغا بىر شەيتان كېلىپ: ”مۇھەممەد پەقەت ماللىرىڭلارنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ!“ دەپتۇ.

ئۇلارغا: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەڭلار، بۇنىڭ بىلەن ماللىرىڭلار ۋە جانلىرىڭلارنى قوغداڭلار. ئاخىرەتتىكى ھېسابىڭلار ئاللاھقا ئائىتتۇر! دەپ خىتاب قىلىڭلار» دېدى.

يەھۇدىيلارغا شۇ شەكىلدە خىتاب قىلىندى. ئۇلار:

”مۇسانىڭ ئارىمىزدىكى كىتابى تەۋراتقا قەسەم بولسۇنكى، بىز سىلەر تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلمايمىز، دىنىمىزدىنمۇ ۋاز كەچمەيمىز!“ دەپ جاۋاب بەردى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 653-بەت)

مۇھاسىرە كۈنلەرچە داۋاملاشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرىمۇ تۈگەش ئالدىدا ئىدى. ئۇرۇش شارائىتى خېلىلا قىيىنلاشتى. مۇسۇلمانلاردىن شېھىد بولغانلار، يارىلانغانلار بولۇپ كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر پۇرسەتتە ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن چېكىنمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا ھەرقانداق بىر كىشىنى كىچىك ۋە تۆۋەن كۆرمەيتتى. خەيبەر پەتىھدە بۇنىڭ بىر مىسالى بولۇپ ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىينىڭ قويلىرىنى باقىدىغان بىرقۇلغىمۇ ئىسلامنى ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇ قۇلنىڭ

ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولدى[234]. ۋەقە مۇنداق:"يەھۇدىي كاتتىۋاشلىرىدىن بىرىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يەسار بىر ئەتىگىنى قەلئە سىرتىدا قوي بېقىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىر مۇددەت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن يەسار ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەسلەم قويدى. كېيىن پادىچى قوللىرىدىكى پادىلارنى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

«ئۇلارنى كەينىگە قارىتىپ قوغلىغىن! ھېچ شۈبھە قىلمىغىنكى، ھەممىسى ئىگىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ» دېدى. ئەسلەم بىر ئوچۇم ئۇششاق تاش ئېلىپ قويلارغا قارىتىپ ئاتتى ۋە:

"ئىگەڭلارنىڭ يېنىغا قايتىڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ سىلەر بىلەن بىرگە بولمايمەن" دېدى. قويلار توپلاشقان ھالىتىدە كېتىپ قالدى، ئۇلارنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان بىرى باردەكلا قەلئەگە كىردى. پادىچىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قەلئەگە قاراپ ئىلگىرىلىدى[235].

مۇسۇلمان بولا-بولمايلا شۇھامان جىھادقا قاتناشقان ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر مۇددەتتىن كېيىن شېھىد بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان ئىدىكى، تۇيۇقسىزلا يۈزىنى باشقا تەرەپكە قارىتىۋالدى. ساھابىلار سەۋەبىنى سورىغاندا:

«ھازىر جەننەت پەرىلىرىدىن ئىككى ئايالى يېنىدا تۇرماقتا!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 398-بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 1-جىلد، 38-39)

---

234. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 398-بەت.
235. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 397-398-بەتلەر؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 1-جىلد، 38-39-بەتلەر.

مۇسۇلمانلار قاتتىق زورلانغان، قىلغان ھۇجۇملىرىنىڭ كەينىگە چېكىندۈرۈلۈشى بىلەن چارچاپ ھالى قالمىغان بىر ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئەتە بايراقنى شۇنداق بىر كىشىگە بېرىمەنكى، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئاللاھ خەيبەرنىڭ پەتھىنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ كىشى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ!»

غازاتقا قاتناشقانلار بايراقنىڭ كىمگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېچىنى ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئۈمىدى بىلەن بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلغان پۈتۈن ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئەمىر بولۇشنى ئۇ كۈندىكىدەك ھېچبىر زامان ئارزۇ قىلمىدىم. مېنى چاقىرىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن رەسۇلۇللاھقا ئۆزەمنى كۆرسىتىشكە تىرىشتىم" دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنى بېرىش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىردى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزلىرى ئاغرىغانلىقتىن، ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى قاتتىق ئاغرىق سەۋەبىدىن پۇتى دەسسىگەن يەرنىمۇ كۆرمەيدىغان بىر ئەھۋالدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغرىغان كۆزلىرىگە ئوقۇپ، مۇبارەك ئېغىزلىرى بىلەن ئۈفلىدى. ئاللاھنىڭ ئارسلانى ھەزرىتى ئەلى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن شىپا تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ساۋۇت كەيگۈزۈپ بايراقنى ئۇنىڭغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ئى ئەلى! قېنى ئىلگىرلە! ئاللاھ پەتھىنى مۇيەسسەر قىلغىچە ئوڭ-سول تەرىپىڭگە قارىما!»

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ھەرىكەت قىلدى، كېيىن تۇردى ۋە ئارقىسىغا قايتماي ئىندا قىلدى:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار بىلەن نېمە (قىلىشى) ئۈچۈن ئۇرۇشىمەن؟.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- ئۇلار بىلەن، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش. بۇنى قىلغاندا، دىنىنىڭ چەكلىمىلىرىنى دەپسەندە قىلمىغۇچە قانلىرى ۋە ماللىرىنى سەندىن قوغدىغان بولىدۇ. ئەسلى ھېسابلىرى (كۆرۈش بولسا) ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئالدىرىماي، تەمكىن ھالەتتە ئۇلارنىڭ يېنىغا بار. ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىل! ئەگەر بۇ دەۋىتىڭ بىلەن بىر كىشى مۇسۇلمان بولسا، بۇ ساڭا قىزىل تۆگىلەر بېرىلىشىدىنمۇ ياخشى!» (بۇخارى: «ئەسھابۇننەبى»، 9؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 32ـ34؛ ھەيسەمى: 6ـجىلد، 151ـبەت)

ئۇ كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ مەشھۇر چەۋەندازلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، خەيبەر پەتىھ قىلىندى. خەيبەرنىڭ سەككىز قەلئەسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇرۇشمايلا قەلئەلەرنى تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۆجىزىسى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئۇرۇشتا يەھۇدىيلاردىن 93 ئۆلدى، مۇئمىنلەردىن 15 كىشى شېھىد بولدى[236].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

236. سەييىد سەيفۇللاھ بۇ ھادىسىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: نان ئۈچۈن مەدھىيلىمە نادانىنى نادانلىق بۇدۇر؛
خەيبەردەك نەپسىڭنى ھالاك قىل، شاھى مەردانلىق بۇدۇر!
"بىر چىشلەم نان ئۈچۈن ئەسكى ۋە يامان كىشىلەرنى مەدھىيلىمە؛ چۈنكى ھەقىقىي جاھىللىق بۇدۇر. خەيبەر قەلئەسىدەك كۈچلۈك بولغان نەپسىڭنى يەڭگىنكى ھەزرىتى ئەلىگە ئوخشاش قەھرىمانلاردىن بولىسەن"




”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە خەيبەر غازىتىغا تەييار بولدۇق. مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتقان بىر ئادەم ئۇچۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ جەھەننەم ئەھلىدىن!»

دېدى. ئۇرۇش باشلانغاندا ئۇ كىشى قەھرىمانلارچە ئۇرۇشۇپ، يارىلاندى. ساھابىلاردىن بەزىسى:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىر ئاز بۇرۇن جەھەننەم ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان كىشى، قاتتىق جەڭ قىلىپ ئۆلدى!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

«ئۇ جەھەننەمگە كەتتى!»

دېدى.

بۇ جاۋاب بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرى قانداقلا بولمىسۇن بىر شۈبھىگە چۈشۈپ قالدى. ئەسكەرلەر مۇشۇ ھالەتتە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

”ئۇ ئەسكەر تېخى ئۆلمەپتۇ، ئەمما قاتتىق يارىلىنىپتۇ!“ دېيىشتى. كېچە بولغاندا ئۇ ئادەم يارىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالمىدى. قىلىچىنىڭ ئۇچىنى ئۆزى تەرەپكە قىلىپ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن:

«ئاللاھۇ ئەكبەر! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىمەن!» دېدى. كېيىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كىشىلەرگە شۇنى ئېلان قىلىشنى بۇيرىدى:

«جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر كىرىدۇ. شۇنىسى مۇتلەقكى، ئاللاھ بۇ دىننى فاجىر بىر كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ» (بۇخارى: «جىھاد»، 182، «مەغازى»، 38، «قەدەر»، 5؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 178)

خەيبەر زەپەرىدىن كېيىن يەھۇدىلار ئۆز زېمىنىغا شېرىك بولغان ئاساستا تۇرۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن يەھۇدىلارنى سۈرگۈن قىلمىدى. خالىغان ۋاقىتىدا چىقىرىۋېتىش شەرتى بىلەن، بۇ تۇپراقلارغا ئىشلەپ يىللىق ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىش شەرتى بىلەن يەھۇدىلارنى ئورتاق سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. بۇ يەھۇدىلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەتلىك دەۋرىگىچە ئورنىدا قالدى[237].

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر يىلى ئۇ يەرگە بېرىپ، ئېلىنغان مەھسۇلىنىڭ مىقدارىنى تەخمىنلەپ ئۇنىڭ يېرىمىنىڭ بەدىلىنى ئۇلاردىن ئالدى. يەھۇدىلار ئابدۇللاھنىڭ ھېسابلاشتا كۆرسەتكەن ئەستايىدىللىقى سەۋەبىدىن بىئارام بولدى. ھەتتا بىر قېتىم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ھېسابلاپ كەتمەي، بەزى نەرسىلەرگە كۆز يۇمۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىشى ئۈچۈن پارا بەرمەكچى بولدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ماڭا (بۇ يامان ئىشىڭلار سەۋەبلىك) ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆرۈمسىز ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان كىشىلەر. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپىم سىلەرگە قارشى ئادىل بولۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. سىلەرنىڭ ماڭا تەكلىپ قىلغىنىڭلار پارىدۇر. پارا بولسا ھارامدۇر، بىز ئۇنى يېمەيمىز!" دېدى.

يەھۇدىلار ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھۆرمەتلەپ:

---

237. مۇسلىم: «مۇساقات»، 5؛ ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 23ـ3007\24.

"مانا بۇ ئادالەت ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن ئاسمان-زېمىن ئۆز نىزامى ئىچىدە تۇرىدۇ" دېدى. (مۇۋەتتا: «مۇساقات»، 2)

## باشقىلارنىڭ ھەققىگە ئەھمىيەت بېرىش

خەيبەردە ئېلىنغان غەنىمەتلەر ئۇ يەردە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھۇدەيبىيەگە قاتناشقانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىندى. چۈنكى، ئاللاھتائالا خەيبەر غەنىيمىتىنى ھۇدەيبىيەگە قاتناشقان مۇسۇلمانلارغا سۈرە پەتىھنىڭ 20-ئايىتى بىلەن ۋەدە قىلغان ئىدى[238].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"خەيبەر غازىتى كۈنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر گۇرۇپ كىشى كېلىپ:

"پالانى، پالانى شېھىد بولدى!" دېدى. كېيىن بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

"پالانىمۇ شېھىد بولۇپتۇ!" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ياق! مەن ئۇنى غەنىمەت ماللىرىدىن ھەقسىز رەۋىشتە ئالغان بىر تون ئۈچۈن جەھەننەمدە كۆردۈم» دېدى. (مۇسلىم: «ئىمان»، 182)

ئەڭ ئۇلۇغ ماقاملاردىن بىرى بولغان شېھىدلىك كىشىنىڭ نۇرغۇنلىغان گۇناھلىرىغا كەففارەت بولسىمۇ، ئاممىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلىشنى ۋە بەندىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنى يوقۇتالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىد بولغانلىقى خەۋەر قىلىنغان بۇ ساھابىنىڭ غەنىمەت ماللىرى تەقسىم قىلىنماي، ئۇلاردىن ئالغان بىر تون ئۈچۈن جەھەننەمدە كۆيگەنلىكىنى ئېيتقان. ئاممىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلىش ۋە بەندىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئۈممەتكە ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مىدئام ئىسىملىك بىر

238. ۋاقىدى: 2-جىلد، 684-بەت

قارا تەنلىك قۇلى بار ئىدى. ئۇنى رىفائە ئىبنى زەيد ھەدىيە قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈكىنى چۈشۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز كېلىپ تەگكەن بىر ئوق ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى. مۇسۇلمانلار:

"ئى مىدئام! جەننەت ساڭا مۇبارەك بولسۇن! ئى رەسۇلۇللاھ خىزمەتچىڭگە شېھىدلىك مۇبارەك بولسۇن!" دەپ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ياق! ئۇنداق ئەمەس. جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خەيبەر كۈنى غەنىيمەت ماللىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالغان بىر شىرداق ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىدە لاۋۇلداپ كۆيمەكتە!» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار قاتتىق قورقتى، بىر ئادەم پەيغەمبىرىمىزگە بىر ياكى ئىككى تال ئاياق بوغقۇچى ئېلىپ كەلدى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ غەنىيمەت ماللىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئايىقىم ئۈچۈن بۇ بۇغۇچلارنى ئالغان ئىدىم" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

«ساڭىمۇ جەھەننەم ئوتىدىن بىر ياكى ئىككى باغ (يەنى بۇلار سەۋەبلىك ئازاب) بار» دېدى. (بۇخارى: «ئەيمان»، 33؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 183)

خەيبەر پەتھ قىلىنغان كۈنى بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۈگۈن مەن شۇنداق بىر پايدا ئالدىمكى، بۇنىڭغا ئوخشايدىغىنىنى بۇ ۋادى ئاھالىسىدىن ھېچكىم ئالالمىدى" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

«قېنى قارايلى! نېمىلەرنى پايدا ئالدىڭ؟» دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم:

"مەن ئېلىپ-سېتىشنى بىردەممۇ توختاتماي، داۋاملاشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن 300 ئۇقىيە پايدا ئالدىم" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ساڭا پايدىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم:

"ئۇ نېمە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇنۇ جاۋابنى بەردى:

«(پەرز) نامازدىن كېيىن ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامازدۇر» (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 168/2785)

مۇھاجىرلار خەيبەر غەنىيمەتلىرىدىن نېسىۋىسىگە چۈشكەن مال ۋە خورمىزارلىقلارنى ئالغان ۋاقتىدا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلىلا ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭ ئىلگىرى بەرگەن ۋە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئامانەت بەرگەن خورما باغچىلىرىنى ئەنسارلارغا قايتۇرۇپ بەردى[239].

## دەۋسلەرنىڭ مەدىنىگە كېلىشى

بۇ ئەسنادا دەۋس قەبىلىسىدىن بىر ھەيئەت مەدىنىگە كەلدى. بۇلارنىڭ بېشىدا بولغان تۇفەيل ئىبنى ئەمر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەككىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز قەبىلىسىگە قايتىپ، قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ دەۋىتىگە تۇنجى قوشۇلغان كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى[240]. كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئېشىپ 70، 80گە يەتتى. بۇلار خەيبەر پەتھى ئەسناسىدا ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلدى. ئۇ يەردىن خەيبەرگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ، جىھادقا قاتناشتى.

239. ئىبنى قەييۇم: 3ـ جىلد، 359ـ بەت.
240. ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2ـ جىلد، 226ـ بەت

سەپەر جەريانىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىقىلىپ، بىر مىنۇت بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بالدۇرراق ئۇچرىشىش ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىپ كېتىپ:

"ئى سەپەر كېچىسى! سېنىڭ بۇ ئۇزۇنلىقىڭدىن زېرىكتىم! ئەمما مېنى كۇفۇر ۋە ئىنكار يۇرتىدىن قۇتقازغانىمۇ سەنسەن!" دېگەن مەنىدە بېيىت ئوقۇدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 75؛ ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 636 ـ بەت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋسلەر بىلەن بىرلىكتە خەيبەرگە بارغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى پەتھە قىلىپ بولغان ئىدى[241]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىنى كۆرگەندە:

ـ سەن كىملەردىنسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ دەۋستىن بولىمەن ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن دەۋستىن كىم بىلەن ئۇچراشسام، ئۇنىڭدا ياخشىلىق كۆردۈم!

ـ دېدى. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 46/3838)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋسلىكلەرگە خەيبەر غەنىيمەتلىرىدىن ھەسسە بەردى[242].

## ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشى

خەيبەرنىڭ پەتھىسى تاماملانغان بىر پەيتتە ھەبەشىستاننىڭ ئون ئالتە كىشىلىك ھىجرەت كارۋىنى ھەزرىتى جەئفەرنىڭ باشچىلىقىدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. كارۋاندىكىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ خەيبەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى جەئفەرگە ئالدى بىلەن:

241. ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 328 ـ بەت.
242. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 353 ـ بەت.

«جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ماڭا نەقەدەر ئوخشايسەن!» دېدى. كېيىن ھەزرىتى جەئفەرنىڭ پىشانىسىدىن سۆيۈپ:

«خەيبەرنىڭ پەتىھ بولىشى بىلەن جەئفەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ قايسىسىغا خۇشال بولۇشۇمنى بىلەلمەيۋاتىمەن!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 414 ـ بەت)

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن قاتتىق خۇشال بولدى. خۇشاللىقىدىن بىر كىچىك بالىدەك، بىر ئايىغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۆزىنى يۇقاتتى[243].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ ھەرىكىتىدىن توسمىدى. بۇ ۋەجد ھالى بەزى تەرىقەتلەردە تەقرىرى سۈننەت دەپ قوبۇل قىلىنىپ، ۋەجد ئەھۋالىغا بىر سەۋەپ قىلىندى[244].

ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرى بىلەن بىرلىكتە يەمەن قەبىلىسىدىن بولغان ئەشئەرىلەرمۇ خەيبەرگە كەلگەن ئىدى. بۇلاردىن بىرى بولغان ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"بىز ئەشئەرىلەر يەمەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇنىڭ بىلەن قەۋمىمىزدىن 52 ياكى 53 كىشى بىلەن بىرلىكتە، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. يولدا ھاۋا بۇزۇلغانلىقتىن، كېمىمىز بىزنى ھەبەشىستان نەجاشىسىنىڭ دىيارىغا تاشلاپ قويدى. ئۇ يەردە، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە يېنىدىكى قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشتۇق.

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

243. ئەھمەد، 1 ـ جىلد، 108؛ ئىبنى سائاد، 4 ـ جىلد، 35

244. مەۋلەۋىلىكتىكى زىكىردە ۋەجدگە كەلگەندىن كېيىن باشلىنىدىغان ساما، بۇ ۋەقەدىن ئىلھام ئالغان.

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى ۋە بىر مۇددەت بۇ يەردە قېلىشىمىزنى بۇيرىدى. سىلەرمۇ بىز بىلەن بىرلىكتە قېلىڭلار!" دېدى.

نىھايەت، ئۇ يەردىن كېمىگە مىنىپ يولغا چىقتۇق. ھەممىمىز بىرلىكتە مەدىنىگە كەلدۇق. خەيبەرنى پەتھە قىلغان پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بىزگىمۇ خەيبەر غەنىيمەتلىرىدىن ئۈلۈش بەردى. (بۇخارى: «مەغازى»، 38؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 169)

## يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى زەھەرلىمەكچى بولىشى

بۇ ئارىدا يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلاردىن كۆرگەن ئىنسانىي مۇئامىلىگە قارىماي خائىنلىقىدىن ۋاز كەچمىدى. مەخپىي بىر پىلان تۈزۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ بەدبەختلەر ئىلگىرىكى جىنايەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئوتتۇرىدا تۇرغاندا، ئۇلارنى باشقا يەھۇدىي قەبىلىلىرىگە ئوخشاش سۈرگۈن قىلماي كەچۈرگەن پەيغەمبىرىمىزگە بۇنداق بىر خىيانەت قىلىش بىلەن، يەنە بىر قېتىم ئەھدىنى بۇزدى.

بۇ مەخپىي خىيانەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ رەئىسلىرىدىن ھارىسنىڭ قىزى زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىر قوينى كاۋاپ قىلىپ زەھەرلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوينىڭ تاغاق قىسمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ يەرنى بەكرەك زەھەرلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى لوقمىنى ئاغزىغا سالا ـ سالمايلا، ئاغزىدىن چىقىرىپ ساھابىلىرىغا:

«بۇ گۆش ماڭا زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتتى، ھەرگىز يېمەڭلار!» دېدى. لېكىن ساھابىلاردىن بىشر ئىبنى بەرا رەسۇلۇللاھ يېيىشنى باشلىشى بىلەنلا، گۆشتىن بىر پارچە ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىدىن بۇرۇن چايناپ يۇتۇۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى تاماققا تېخى قول ئۇزاتمىغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خىيانەتنى قىلغان ئايال تۇتۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ بۇ قوينى سەن زەھەرلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

زەينەب:

ـ زەھەرلىگىنىمنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ شۇ ئالدىمدىكى تاغاق سۆڭىكى خەۋەر قىلدى ـ دېدى.

زەينەب:

ـ شۇنداق، مەن زەھەرلىدىم! ـ دەپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىنى سورىغاندا:

ـ سەن مېنىڭ دادام، تاغام ۋە ئېرىمنى ئۆلتۈردۈڭ! قەۋمىمگە قىلمىغىنىڭ قالمىدى! ئۆز ـ ئۆزەمگە: "ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر بولسا، قىلغان بۇ ئىشىم ئۇنىڭغا مۇتلەق ئاللاھ تەرىپىدىن بىلدۈرۈلىدۇ ۋە زەھەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ يالغانچى بىرى ياكى بىر ھۆكۈمران بولسا، بۇ زەھەردىن ئۆلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىمىز!" دەپ ئويلىدىم.ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ ئاللاھ بۇنى قىلىدىغان كۈچنى ساڭا بەرمەيتتۇ!ـ دېدى.

ئۇ ئايال بىر تەرەپتىن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەنە بىر ياندىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ مۆجىزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىمان ئېيتىپ، پۇشمان قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە قىلىنغان بۇ سۇيىقەستنى ئەپۇ قىلدى. لېكىن بىر مۇددەتتىن كېيىن بىشر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەھەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسلىرى قىساس تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھارىسنىڭ قىزىغا ئوخشاش زەھەر ئىچۈرۈلۈپ قىساس ئېلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىككى تاغىقىنىڭ ئارىسىدىن قان ئالدۇردى. (بۇخارى: «جىزيە»، 7؛ مۇسلىم: «سەلام»، 45؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 390-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 678-679-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 153-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ يىل كېيىن، ۋاپاتى ئالدىدا كېسىلىنىڭ بۇ زەھەردىن بولغانلىقىنى ئېيتتى. (ھاكىم: 3-جىلد، 242/4966)

## مۇتئە مەسىلىسى

خەيبەرنىڭ پەتىھ جەريانىدا، ئىلگىرى ھېچقانداق بىر چەكلەش بولمىغان ۋە "مۇتئە نىكاھى" دەپ ئاتالغان ۋاقىتلىق ئۆيلىنىش چەكلەندى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر غازىتىدا ئاياللار بىلەن مۇتئە نىكاھى قىلىشنى ۋە ئۆي ئېشەكلىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى" (بۇخارى: «مەغازى»، 38، «نىكاھ»، 31، «زەبائىھ»، 28، «ھىيەل»، 3؛ مۇسلىم: «نىكاھ»، 29-32؛ مۇۋەتتا: «نىكاھ»، 41؛ نەسەئى: «نىكاھ»، 71)

مۇتئە بىر ئايال بىلەن پۇل-مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بەدىلىگە مەلۇم ۋاقىت ئۈچۈن نىكاھلىنىش يەنى بىر ئايلىق، بىر يىللىق دېگەندەك. بۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان بىر نىكاھ شەكلىدۇر. مۇتئە نىكاھى ئالدىدا بېكىتىلگەن مۇددەتنىڭ تۈگىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مىراس ئېلىش، نەپەقە بېرىش، ئىددەت تۇتۇش قاتارلىق نورمال نىكاھتا بولىدىغان ھەقلەر مۇتئەدە يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن خەيبەرنىڭ پەتىھىدىن كېيىن ھارام قىلىندى. بۇ ھەقتىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

« ئەمدى ئاللاھتائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى. كىمنىڭ يېنىدا مۇتئە نىكاھىدا بولغان بىر ئايال بولسا، ئەمدى ئۇنى قويۇۋەتسۇن! ئۇلارغا ھەققى سۈپىتىدە بەرگەنلىرىڭلاردىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار!» (مۇسلىم: «نىكاھ»، 21؛ ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 44؛ دارىمى: «نىكاھ»، 16؛ ئەھمەد: 3-جىلد، 406-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تەبۇك سەپىرىگە چىققاندا «سەنىييەتۇل ۋەدا» دېگەن جايدا ئارام ئېلىشقا بۇيرىدى. ئۇ يەردە يىغلاۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدى. جاۋابەن:

"بۇلار مۇتئە نىكاھى قىلىنغان ئاياللاردۇر!" دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«مۇتئەنى ئىسلامنىڭ نىكاھ، تالاق، ئىددەت ۋە مىراس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملىرى ھارام قىلدى» دېدى. (ئىبنى ھەببان: 6-جىلد، 178-بەت؛ دارەقۇتنى: 3-جىلد، 259)

بۇ سەۋەبتىن، مۇتئە يولى بىلەن نىكاھلانغان ئايال ئەر كىشىنىڭ ئايالىمۇ بولمايدۇ ھەم چۆرىسىمۇ بولمايدۇ. مۇتئە ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن "زىنا" دەپ قوبۇل قىلىندى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ:

"ئىسلامنىڭ دەسلىپىدە مۇتئە بار ئىدى. كىشى تونۇمايدىغان بىر شەھەرگە كەلگەندە، يەرلىك بىر ئايال بىلەن، ئۇ يەردە قېلىشنى تەخمىن قىلغان مۇددەت مىقدارىدا نىكاھلىناتتى. ئايال بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ساقلايتتى ۋە كېرەكلىك خىزمەتلىرىنى قىلاتتى. بۇ ئەھۋال:

وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ، إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ
أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ

**«ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى، 5-6-ئايەت)

دېگەن ئايەت نازىل بولغىچە داۋاملاشتى. (بۇ ئايەت نازىل بولۇشى بىلەن مۇتئەنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى) بۇ ئىككىسى (خانىمى

ۋە چۆرىسى) سىرتىدىكى پۈتۈن مۇناسىۋەتلەر ھارامدۇر" (تىرمىزى: «نىكاھ»، (29/1122

مۇتئە نىكاھىنىڭ جەمئىيەتتىكى پاجىئەلىك نەتىجىسى مۇنۇلاردۇر:

1. باللارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى. بۇ باللار دادىسىز چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن زىنا مەھسۇلىغا ئوخشاش تەربىيەدىن مەھرۇم بولغان ھالدا چوڭ بولىدۇ. قىز باللارغا بولغان پاجىئەسى تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇقتۇر.

2. دادا مۇناسىۋەت قۇرغان ئايال بىلەن مۇتئە ياكى نورمال نىكاھ بىلەن بىلمەستىن دادىنىڭ ئوغلى بىلەن ئائىلە قۇرۇش ئېھتىمالى بار. ھەتتا بىر دادىنىڭ قىزى بىلەن، قىزنىڭ قىزى بىلەن، ئوغلىنىڭ قىزى بىلەن، ھەمشىرىلىرىنىڭ قىزى بىلەن، يەنى ئۆزىگە نىكاھ قىلىش ئەبەدىي ھارام بولغان كىشىلەر بىلەن بىلمەستىن بىرگە بولۇش ئېھتىمالى بار. بۇ ئەھۋال چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بىرىسىدۇر. تارىختا بۇنىڭ بىرمۇنچە ئاچچىق مىساللىرى كۆرۈلگەن.

3. بىرقانچە قېتىم مۇتئە نىكاھى قىلغان كىشىنىڭ مىراسىنىڭ تەقسىم قىلىنماسلىقى. چۈنكى، بۇ كىشىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ سانى، ئىسىملىرى، تۇرۇۋاتقان يەرلىرى ئېنىق ئەمەس.

مۇتئە نىكاھى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلار ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر. بۇ نەسلىنى بۇزۇشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. مۇتئە قىلىنغان ئايالنىڭ روھىي دۇنياسىدا بۈيۈك بىر چۈشكۈنلۈك مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى، كىرالىنىش ئەڭ ئاچچىق ئازابلىغۇچى بىر ۋەقەدۇر. بۇ تەرەپتىن قارىغاندا، مۇتئە بىر ئىپپەت-نومۇس پىتنىسىدۇر. بىر كىشى قىزىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ مۇتئە قىلىشىنى پۈتۈن نەپرىتىگە قارىماي خالامدۇ؟

مانا بۇنىڭ ئۆزىلا مۇتئەنىڭ قانچىلىك يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىك[245].

245. مۇتئە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىبراھىم جانان يازغان "ئىپپەت مەسىلىسى: مۇتئە" ناملىق كىتابقا قاراڭ. ئىستانبۇل، 1983

## خەيبەردىن قايتىش

خەيبەر پەتھىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ئىككى كۈنلۈك مۇساپە يىراقلىقىدا بولغان فەدەك زېمىنىغا بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇ يەرنى ئۇرۇشسىز ئىسلام تۇپراقلىرىغا قوشتى.

ئاخىرىدا، خەيبەردىن قايتىش يولى ئۈستىدە بولغان ۋە كىچىك بىر يەھۇدىي ئولتۇراق مەركىزى بولغان ۋادىل قۇرامۇ بىر كۈنلۈك مۇھاسىرە نەتىجىسىدە پەتھە قىلىندى. ئۇلارمۇ خەيبەر يەھۇدىلىرىغا ئوخشاش، ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن جايلىرىدا قالدۇرۇلدى.

تەيما يەھۇدىلىرى، ئۆزى كېلىپ جىزيە ۋە باج بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرتلىرىدا قېلىپ تۇپراقلىرى ئۆزلىرىنىڭ بولدى. بۇ يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئىلگىرى خەيبەر يەھۇدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىشقانىدى[246].

خەيبەر ۋە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ پەتھىسى بىلەن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەككە پەتھىسىنىڭ ئالدى ئېچىلدى. چۈنكى بەنى قەينۇقا، بەنى نەزىر، بەنى قۇرەيزە ۋە ئاخىرىدا خەيبەر يەھۇدىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىنسانلارنى خېلىلا چۆچۈتۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ شۈبھىسى قالمىغان ئىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى، ھىجاز يەھۇدىلىرىنىڭ ئەڭ باي ۋە ئەڭ كۈچلۈكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاسارەتلىرى تىللاردا داستان ئىدى. مۇستەھكەم قورغان ۋە مول ھوسۇللۇق خورمىلارغا ئىگە ئىدى. پۈتۈن ئەرەبلەر ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىسمۇ، ئۇلارنى قوغدىيالايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، تەسلىم بولغاندا، بۇ قەھرىمانلىقنىڭ قانداق يوقاپ كەتكەنلىكىنى، قانداق ئېغىر

246. ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 391-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 707، 711.

ئەھۋاللاردا قالغانلىقىنى ھەممە كىشى كۆرگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ۋەزىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق تۈس ئالدى[247].

ئۇنىڭدىن باشقا خەيبەر پەتىھ جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدىشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۇل قالغان سەفىييە ئانىمىز بىلەن ئۆيلەندى[248]. سەفىييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەرگە كېلىشىدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى يەھۇدىي كاتتىۋاشلىرىدىن بىرىگە ياتلىق بولغان ئىدى. توي كېچىسى چۈشىدە بىر ئاينىڭ مەدىنە تەرەپتىن كېلىپ قۇچىقىغا چۈشكەنلىكىنى كۆردى. بۇنى يولدىشىغا دەپ بەرگەندە، ئۇ غەزەپلىنىپ:

"سەن پەقەت ھىجاز ھۆكۈمرانى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىشنى خالايدىكەنسەن!" دەپ يۈزىگە بىر كاچات سېلىپ كۆزىنى كۆكەرتىپ قويغان ئىدى. يولدىشى ئۆلۈپ ھەزرىتى سەفىييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ياتلىق بولغاندا، كۆزىدە ئۇ كاچاتنىڭ ئىزى تېخىچە تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز:

«بۇ نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى سەفىييە ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ:

«بىز سېنى ئۆز دىنىڭدا تۇرۇۋاتىسەن دەپ زورلىمايمىز! ئەگەر سەن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ئارتۇق بىلسەڭ، سېنى ئاياللىققا قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر يەھۇدىيلىقنى ئارتۇق بىلسەڭ، سېنى ئازاد قىلىمەن، قەۋمىڭگە كېتىسەن» دېدى. سەفىييە ئانىمىز ئىسلامنى تاللىدى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئارىسىغا قوشۇلدى. (ۋاقىدى: 2ـ جىلد، 674، 707؛ ئىبنى سائاد: 8ـ جىلد، 123ـ بەت؛ ئەھمەد: 3ـ جىلد، 138ـ بەت)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەھۇدىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىييە بىلەن ئۆيلىنىشى خەيبەر يەھۇدىلىرى بىلەن يېقىنلىششىقا،

247. ۋاقىدى: 2ـ جىلد، 729ـ دىن731ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4ـ جىلد، 234ـ بەت.

248. ئىبنى سائاد: 8ـ جىلد، 121ـ دىن126ـ بەتلەرگىچە.

ئارىلىرىدىكى خۇسۇمەتنى ئازايتىشقا ۋە دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋەسىلە بولدى. سەفىييە ئانىمىز دىققەت تارتىدىغان ۋە شىكايەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان دەرىجىدە يەھۇدىيلارغا يېقىنلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، گويا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئۆيىدىكى ۋەكىلى بولدى.

بىر كۈنى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چۆرىسى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ئۇنىڭغا:

”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەفىييە شەنبە كۈنىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ“ دەپ، شىكايەت قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تەكشۈرتتى. مۆھتەرەم ئانىمىز:

”شەنبە كۈننى سورايسەن. ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا جۈمە كۈننى ئېھسان قىلغىنىدىن بۇيان ئۇ كۈننى ياخشى كۆرمەيمەن. يەھۇدىيلار ھەققىدىكى سوئالىڭغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بار، سىلە-رەھىم قىلىۋاتىمەن“ دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ھەجەر: «ئەلبىدايە»، 4-جىلد، 347-بەت)

سەفىييە ئانىمىز كېيىن چۆرىسىگە قاراپ بۇ تۆھمەتنى نېمە ئۈچۈن چاپلىغانلىقىنى سورىدى. ئۇمۇ:

”شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن“ دەپ، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى.

سەفىييە ئانىمىزنىڭ جاۋابى، ئۇنىڭ ئىسلام ئەخلاقىنى نەقەدەر گۈزەل ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەرىجىدە شاھانە بولدى. چۈنكى، ئۆزىگە ھەقسىز بىر تۆھمەت چاپلىغان بۇ قۇلغا:

”كەت، سېنى ئازاد قىلدىم!“ دېدى. (ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 4-جىلد، 347-بەت)

**قازا ئۆمرىسى**

(ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيى \ مىلادى 629 ـ يىل 3 ـ ئاي)

بىر يىل ئىلگىرى ئېھرامغا كىرىپ، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ رۇخسەت بەرمەسلىكى سەۋەبى بىلەن ئادا قىلىنالمىغان ئۆمرىنىڭ ئورنىغا ئادا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۆمرە "قازا ئۆمرە" دېيىلدى.

ھۇدەيبىيەدە قىلىنغان كېلىشىمگە ئاساسەن بىر يىل كېيىن قىلىنىدىغان ئۆمرىنىڭ ۋاقتى كەلدى. ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلىنىڭ زۇلقەئدە ئېيى كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سەپىرىگە قېتىلغانلارنىڭ تامامىنى ئۆمرىگە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىدى. خەلقىمۇ تەييارلىق قىلىشنى ئېيتتى. ئەتراپتىن كېلىپ ئۇ پەيتلەردە مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان ئەرەبلەر:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئۇزۇقىمىز، بىزنى تويغۇزىدىغان بىر كىشىمىز يوق!" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىلىكلەرگە ئېھتىياجى بولغانلارغا ئاللاھ يولىدا سەدىقە بېرىشنى ۋە ئۇلارغا قاراشنى بۇيرىدى. ئۇلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇنمىغاندا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەدىنىلىكلەرمۇ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! بىز نېمىنى سەدىقە بېرىمىز، ھېچبىر نەرسە تاپالمىدۇق!" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

«نېمەڭلار بولسا! ھەتتاكى يېرىم خورما بولسىمۇ» دېدى. (ۋاقدى: 2 ـ جىلد، 731 ـ 732 ـ بەتلەر)

پەيغەمبىرىمىز ئىككى مىڭ ساھابىسى بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇبۇلغا، ساۋۇت ۋە نەيزە قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن يۈز تۆياققا يېقىن ئات ئالدى.

ساھابىلار:

"ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش يولۇچى قورالىدىن باشقا قورال ئالماسلىقىمىزنى شەرت قىلغان ئىدى!" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز:

"بىز ھەرەمگە ئۇ قوراللار بىلەن كىرمەيمىز. ئەمما ئۇلار ئېھتىمالغا يېقىن بولغان بىر ھۇجۇمغا قارشى بىزگە يېقىن يەردە تۇرىدۇ!" دېدى ۋە ئىككى يۈز كىشى بىلەن بىرلىكتە قوراللارنى مەككىگە ئۈچ مىل يېقىنلىقتىكى بەتنى يەئجەج دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. (ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 733 ـ 734 ـ بەتلەر)

سەپەر جەريانىدا ئەبۋادىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھتىن رۇخسەت سوراپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا قەبرىنى ئۆز قولى بىلەن تۈزىدى ۋە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارمۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى. كېيىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغانلارغا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

«ئانامنىڭ ماڭا بولغان شەپقەت ۋە مەرھەمىتىنى ئەسلىدىم ـ دە، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىدىم» دېدى.( ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 116 ـ 117 ـ بەتلەر)

ھۇدەيبىيە كېلىشىمگە ئاساسەن مۇشرىكلار مەككىنى بوشۇتۇپ ئۈچ كۈن يۇتۇن شەھەرنى مۇئمىنلەرگە قالدۇردى. ئۇلارمۇ تاغلارغا چىقىپ مۇسۇلمانلار نېمە ئىش قىلار دەپ ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. يەتتە يىلدىن ئىبارەت ئۇزۇن بىر مەزگىلدىن كېيىن كەبىنى كۆرگەن مۇئمىن كۆڭۈللەر، ھاياجان بىلەن بىرلىكتە:

لَبَّيْكَ، اللّٰهُمّ لَبَّيْك، لَبَّيْك لَا شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْك، إِنّ الْحَمْدَ
وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لَا شَرِيكَ لَك

دەپ تەلبىيە ئېيتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە، ئۇنى مۇتتەلىب جەمەتىدىن كىچىك باللار كۈتۈۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بىرىنى ئۇلىقىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرىنى كەينىگە مىنگۈزدى[249].

پەيغەمبىرىمىز مەدىنە قىزىتمىسىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلاتقانلىقى ھەققىدە ئىغۋا تارقاتقان مۇشرىكلارغا ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا تېز ۋە ھەيۋەت بىلەن مېڭىشنى بۇيرىدى[250].

«بۈگۈن ئۆزىنى قۇرەيشكە كۈچلۈك كۆرسەتكەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد ،424-425-بەتلەر)

ئۇ كۈندىكى شارائىتلاردا مەدىنىدىن مەككىگە قەدەر تۆت يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق بولغان بۇ مۇساپىنى بېسىپ، كەبىنى زىيارەتكە كەلگەن بۇ مۇسۇلمانلار قاتتىق ھارغىنلىقىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئۆمرىلىرىنى تەمكىن ۋە ھەيۋەتلىك شەكىلدە ئادا قىلدى. ھەتتا تاۋاپنىڭ تۇنجى ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشىدا ۋە سەئيى قىلغاندىمۇ بۈگۈنكى ئىككى يېشىل تۈۋرۈك ئارىسىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر شەكىلدە يۈگۈردى.

يەنە بىر تەرەپتىن مۇشرىكلار، تۆپىلىكلەردە مۇسۇلمانلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلاردا ھەرقانداق بىر ھارغىنلىق ۋە بوشاڭلىق ئالامەتلىرى كۆرگەن بولسا، باشقىچە نەرسىلەرنى ئويلاشقان بولاتتى. ئەمما ئۇلار كۆرگەن بۇ جانلىق ۋە روھلۇق ھەرىكەتلەر ئالدىدا قاتتىق ھەيران بولۇپ:

"سىلەر قىزىتما ئاجىزلىتىۋەتتى دېگەن كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟! ئۇلار بىزدىن روھلۇق ۋە جانلىق تۇرۇۋاتىمدۇ!" دېيىشتى. (مۇسلىم: «ھەج» 240)

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ كۈنى بىلال ھەبەشىنىڭ كەبىنىڭ تېمى ئۈستىگە چىقىپ توۋلىغان ئەزىنى مۇئمىنلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى جۇشقۇنلاشتۇرسا، مۇشرىكلارنى چۆچۈتتى.

---

249. بۇخارى: «ئۆمرە» 13، «لىباس» 99.

250. بۇخارى: «ھەج» 55؛ مۇسلىم: «ھەج» 240؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 305-306-ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن تاۋاپ قىلىۋاتقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تاۋاپتا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭغا:

"سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ۋە ئاللاھنىڭ ھەرىمىدە بۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتامسەن؟" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە:

«ئۇنى توسما! جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە ئوقتىن بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. ئى ئىبنى رەۋاھە! داۋاملاشتۇر!» دېگەندىن كېيىن، ئابدۇللاھقا:

«لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ»

«ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر. ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر. بەندىسىگە ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئىتتىپاقداش قوشۇننى مەغلۇب قىلغانمۇ يالغۇز ئۇدۇر!، دېگىن» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى سۆزلەشكە باشلىغاندا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلىدى. (ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 736 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 122 ـ 123 ـ بەتلەر)

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتقاندا ھەركىشىنىڭ سىماسىدا ئايرىم بىر لاتاپەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇنجى كەبە زىيارىتى ئەمەلگە ئاشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يىل ئىلگىرى كۆرگەن چۈشى بىلەن بىشارەت بەرگەن بۇ چۈش رىئاللىققا ئايلانغان ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھتائالا ئەمەلگە ئاشقان خەيبەر پەتھىسگە ئىشارەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە، يېقىندا نېسىپ بولىدىغان مەككە پەتھىسگىمۇ بىشارەت بېرىپ قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ صَدَقَ اللّٰهُ رَسُولَهُ الرُّءْيَا بِالْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ اِنْ شَٓاءَ اللّٰهُ اٰمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُؤُسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا فَجَعَلَ

مِنْ دُونِ ذٰلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا هُوَ الَّذِيٓ اَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدٰى وَدِينِ الْحَقِّ
لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهٖ وَكَفٰى بِاللّٰهِ شَهِيدًا

**«ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ھەق رەۋىشتە ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا، (دۈشمەندىن ئەمىن بولغان) (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر، ئاللاھ (سۈلھىدىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى. ئاللاھ ھەق دىننى پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىشكە ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.»**

(پەتھ سۈرىسى، 27 ـ 28 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن قىلغان قازا ئۆمرىسى مەككىلىكلەردە بۈيۈك بىر تەسىر قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئوسمان ئىبنى تەلھە ۋە ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق كىشىلەر مۇسۇلمانلار كارۋىنىغا قوشۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىققاندا، ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قىزى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئارقىسىغا چۈشۈپ:

"تاغا، تاغا!" دەپ ۋارقىرىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى ئېلىپ قولىدىن تۇتتى ۋە پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

"تاغاڭنىڭ قىزىنى يېنىڭغا ئالغىن!" دېدى. مەدىنىگە كەلگەندە ئۇمامەنى بېقىش ھەققىدە ھەزرىتى ئەلى، زەيد ۋە جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) ئىختىلاپقا چۈشتى. ھەزرىتى ئەلى:

"ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزىدۇر" دېدى.

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئۇ ھەم تاغامنىڭ قىزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى!» دېدى.

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ قىزىدۇر!" دېدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېرىنداش قىلغانىدى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇمامەنىڭ ھاممىسىنىڭ يېنىدا قېلىشىنى ھۆكۈم قىلىپ:

«ھامما ئانىنىڭ ئورنىدا!» دېدى. ئارقىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

«سەن مەندىن، مەنمۇ سەندىن!».

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

«جىسمىڭ ۋە مىجەزىڭ ماڭا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ»

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

«سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ھەم ئازادگەردىمىز!» دەپ، ھەربىرىگە ئايرىم-ئايرىم ئىلتىپات كۆرسەتتى. (بۇخارى: «مەغازى»، 43، «ئۆمرە»، 3؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 90)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدكە ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، زەيد شۇقەدەر سۆيۈندىكى، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پۇتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. جەئفەرگە ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، ئۇمۇ زەيدنىڭ ئارقىسىدىن ئوخشاش ماڭدى. ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، مەنمۇ خۇشاللىقىمدىن جەئفەرنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈتۈپ بىر پۇتۇم ئۈستىدە سەكرەشكە باشلىدىم" (ئەھمەد: 1-جىلد، 108-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 739-بەت).

# ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەبنىڭ ۋاپاتى

زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىدىن ئېلىپ كېلىنىۋاتقاندا تۆگىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قېلىپ، ياخشى بولالماي، ھىجرىيە سەككىزىنچى يىلىنىڭ بېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنى ئۇممۇ ئەيمەن، ئەنسار ئاياللىرىدىن ئۇممۇ ئەتىييە ۋە ئانىلىرىمىزدىن ھەزرىتى سەۋدە بىلەن ئۇممۇ سەلەمە يۇدى. بۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئۇنى يۇيۇشنى ئوڭ تەرىپىدىن ۋە تاھارەت ئەزالىرىدىن باشلاڭلار! سۇ ۋە سىدر[251] بىلەن تاق ساندا؛ ئۈچ، بەش ياكى يەتتە قېتىم، كېرەك بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يۇيۇڭلار! ئاخىرقى قېتىم يۇيۇشتا سۇغا كافۇر قويۇڭلار! يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭلار!» دېدى.

ھەزرىتى زەينەبنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئۈچكە ئايرىپ، ھەربىرىنى بىر ئۆرۈم قىلدى. بۇ ئۆرىملەرنىڭ ئىككىسى ھەزرىتى زەينەبنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى، بىرى بولسا ئالدى تەرىپىدىكى چاچلاردىن ئىدى. يۇيۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېلىگە باغلىغان لاتىنى ئۇلارغا بېرىپ:

«بۇنى زەينەبكە ئىچ كۆينەك قىلىڭلار!» دېدى.(بۇخارى: «جەنائىز»، 9، 13، 17؛ مۇسلىم: «جەنائىز»، 36؛ ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 34-36)[252] **پەيغەمبەر**

---

251. **سىدر:** ئەرەبىستاندا ئۆسىدىغان سايىسى قويۇق، يۇمشاق ۋە يېنىك بولغان بىر خىل دەرەخ . سىدر دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن مېيىت يۇيۇلىدۇ.

252. سۈننەت بولغان كېپەن ئەرلەر ئۈچۈن: تامبال، كۆينەك ۋە بىر پارچە رەخت بولۇپ جەمئىي ئۈچ پارچىدۇر. ئايال كىشى ئۈچۈن بولسا: تامبال، ياغلىق، بىر پارچە رەخت، كۆكسى بىلەن قورسىقىنى باغلايدىغان بىر پارچە رەخ ۋە كۆينەك بولۇپ بەش پارچىدۇر. .

ئەلەيھىسسالام جىنازا نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ناھايىتى غەمكىن ھالەتتە قەبرىگە چۈشتى. بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن خۇشال بولغان ھالدا تېشىغا چىقىپ:

«زەينەبنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا قەبرە ئازابىنى يېنىكلىتىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدىم. ئاللاھتائالا بۇ تەلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، قەبرە ئازابىنى يېنىكلەتتى» دېدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 7 ـ جىلد، 131 ـ بەت)

## بىر توپ ساھابىلار يازغان داستان: مۇئتە ئۇرۇشى (جەيشۇل ئۇمەرا)

(ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئېيى / مىلادى 629 ـ يىل 9 ـ ئاي)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بىردىن مەكتۇب بىلەن ھەرقايسى پادىشاھ ۋە ۋالىيلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بارغان يەرلىرىدىكى پادىشاھلار ئۇلارغا ھاقارەت قىلغان بولسا ۋە "ئەلچىگە ئۆلۈم يوق" دېگەن ھۆكۈم بويىچە، ساق ـ سالامەت مەدىنىگە قايتتى. لېكىن بۇلاردىن بۇسرا ئەمىرىگە بارغان ھارىس ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولمىدى. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئتەگە بارغىنىدا غەسسانى ئەمىرلىرىدىن شۇرەھبىل ئىبنى ئەمر يولنى توسۇپ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشى بىلەن، بەدبەخت زالىم شۇرەھبىل "ئەلچىگە ئۆلۈم يوق" دېگەن ھۆكۈمنى دەپسەندە قىلغان ھالدا ئۇ ساھابىنى شېھىد قىلدى[253].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھارىسنىڭ بۇ شەكىلدە شېھىد قىلىنىغانلىقىغا قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولدى. ئىسلامغا قارشى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق تاجاۋۇز ماھىيىتىدىكى بۇ ھەرىكەت مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق مەناسىغا كەلگەنلىكتىن، دەرھال ئۈچ مىڭ كىشىلىك بىر

253. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 755 ـ بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 3 ـ جىلد، 381 ـ بەت.

قوشۇن تەييارلاندى. ئەكسىچە بولغاندا، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئېتىبارى چۈشۈپ، سەلبى نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سىنىپ ئايرىمچىلىقنى پاچاقلاپ تاشلىغان ئىسلامنىڭ جاھانشۇمۇل ئىرادىسىگە بىنائەن، ئازادگەردىسى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەييارلانغان قوشۇنغا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن بۇ تەلىماتنى بەردى:

«ئەگەر ئۇرۇشتا زەيد شېھىد بولسا، قوماندانلىقنى جەئفەر ئالسۇن! جەئفەرمۇ شېھىد بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلسۇن! ئۇمۇ شېھىد بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىلىرىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە قوماندان قىلىپ سايلىسۇن!»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بىر يەھۇدىي تەلىماتنى بىر ئۆلۈم ئېلانى دەپ بىلىپ، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ۋەسىيىتىڭنى قىلغىن! ئەگەر مۇھەممەد پەيغەمبەر بولسا، سەن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلمەيسەن! چۈنكى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭمۇ ئىسىملىرىنى ئاتىغان كىشىلەر ئۇرۇشتا ئۆلەتتى، ساق قايتىپ كەلمەيتتى" دەپ، بۇ تاللانغان ساھابىنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سالماقچى بولغان بولسىمۇ، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. بەلكى سۆيۈنۈپ كەتتى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4 ـ جىلد، 238 ـ بەت)

ئۇ پىتنىخور يەھۇدىي بىلمەيتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ساھابىلىرىدەك زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شېھىد بولۇش ئىشقىدا يانماقتا ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەييالىقنى تولۇقلاپ، مۇبارەك جامالىنى سېغىنىش ھەسرىتىدە قالىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋىدالاشقاندىن كېيىن:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يادا ئېلىۋالغىدەك بىر نەرسە تەۋسىيە قىلساڭ" دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

«سەن ئەتە ئاللاھقا ناھايىتى ئاز سەجدە قىلىنغان بىر مەملىكەتكە بارىسەن. ئۇ يەردە سەجدە ۋە نامازلارنى كۆپەيتكىن» دېدى.

"ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يەنە بىر ئاز نەسىھەت قىلغىن!" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھنى داۋاملىق زىكىر قىل! چۈنكى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ئارزۇيىڭغا ئېرىشىشتە ساڭا ياردەمچى بولىدۇ!» دېدى. (ۋاقىدى: 2ـ جىلد، 758ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى "سەنىييەتۇل ۋەدا" دېگەن جايغىچە ئۇزۇتۇپ، دۇئا بىلەن يولغا سالدى. ھارىسنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن يېرىگە بېرىشنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى، مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە، ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى بۇيرىدى[254].

ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر ئالغان زالىم شۇرەھبىلمۇ ۋىزانتىيەنىڭ ياردىمى بىلەن يۈزمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. خرىستىئان ئەرەبلەردىن يەنە يۈزمىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلدى[255].

ئىسلام قوشۇنى دۈشمەنىنىڭ بۇ قەدەر كۆپ ئىكەنلىك خەۋىرىنى، پەقەت سۈرىيە زېمىنىغا كىرىپ بولغاندىلا بىلدى. بۇنداق بىر ئەھۋالنى كۈتمىگەن بولغانلىقىدىن، ئارىلىرىدا مەسلىھەت قىلدى. بىرمۇنچىسى ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن كەلگەن تەلىماتقا كۆرە ھەرىكەت قىلىش تەرەپتارى ئىدى. چۈنكى ئىككى تەرەپ قوشۇنى قىياسلانمايدىغان دەرىجىدە تەڭپۇڭسىز ئىدى. بۇ سەۋەب بىلەن قانداقلا

254. ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 128ـ بەت.
255. ئىبنى ھىشام: 3ـ جىلد، 429ـ بەت.

بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بىلدۈرۈش ھەققىدە بىرلىككە كېلەتتى، ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

”ھازىر بىز چېكىنگەن نەرسە قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يولغا چىققان نەرسىمىز ئەمەسمۇ؟ بىز دۈشمەن بىلەن سان كۆپلىكى ۋە قۇۋۋەت ئۈستۈنلىكى بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ؟ ياق! بىز ئاللاھ ئاتا قىلغان بۇ دىنىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇرۇشىمىز. نېمىگە تۇرىمىز؟ بىزنى كۈتىۋاتقان ئىككى گۈزەل نەتىجىنىڭ بىرى: شېھىدلىك، ياكى غازىلىق بىلەن بىرلىكتە زەپەر!“

بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارار بېرىلىپ، يولغا داۋام قىلىندى.

زەيد ئىبنى ئەكرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”مەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا بىر يېتىم ئىدىم. مۇئتە ئۇرۇشىغا چىققاندا مېنىمۇ تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۋالدى. كېچىدە بىر ئاز يول ماڭغاندىن كېيىن شۇ (مەنادىكى) بېيىتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم:

”ئى تۆگەم! مېنى ۋە يۈكۈمنى، قۇملۇقتىكى قۇدۇققا بارغاندىن كېيىن يەنە تۆت قونالغۇ كۆتۈرسەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنى باشقا بىر سەپەرگە چىقارمايمەن! سەن ئىگىسىز ۋە ئەركىن قالىسەن! مەن ھەرھالدا ئائىلەمنىڭ يېنىغا قايتمايمەن! ئۈمىد قىلىمەنكى، شېھىد بولىمەن! مۇسۇلمانلار كەلدى، مېنى ئەبەدىي بۇ يەرلەردە قېلىش ئىشتىياقىم بىلەن شام تۇپراقلىرىغا قويۇپ قويدى. ئەمدى، خورمىسى ساڭگىلاپ تۇرغان، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان دەرەخلەرگە، سۇغا قانغان، تۈۋلىرىدىن سۇغۇرۇلغان خورما دەرەخلىرىگە ئېھتىياجىم يوق!“

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ يىغلىدىم. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى قامچىسى بىلەن نوقۇلاپ:

”ھۇ يارىماس! ئاللاھنىڭ ماڭا شېھىدلىك نېسىپ قىلىشىنىڭ ۋە سېنىڭمۇ ئۇلاق ئۈستىدە، نەرسە-كېرەكلىرىڭنىڭ ئارىسىدا قايتىشىڭنىڭ نېمە زىيىنى

بار؟ بۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيانىڭ دەرت-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەتلىرىدىن قۇتۇلغان بولىمەن!“ دېدى.

كېچىسى تۆگىدىن چۈشۈپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن ئۇزۇن دۇئا قىلىپ:

”بۇ قېتىم ئىنشائاللاھ، ماڭا شېھىدلىك نېسىپ بولىدۇ!“ دېدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 431-432-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 759-بەت)

مۇئتە دىيارىدا، بىر توپ ئىسلام قوشۇنى ھەزرىتى زەيدنىڭ قوماندانلىقىدا قىلچە ئىككىلەنمەي دۈشمەن سەپلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تەۋھىدكە كۆڭلىنى بەرگەنلەر ھازىر ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى بېرىۋاتاتتى. ئۇرۇش قاتتىق قىزىغان بىر پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز قارىچۇقى ۋە مەككىلىك تۇنجى سەككىز مۇسۇلماننىڭ بىرى بولغان قوماندان زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەن نەيزىلىرى بىلەن شېھىد بولۇپ يىقىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بايراقنى دەرھال جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدى. ئۇمۇ قەھرىمانلارچە دۈشمەن ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. قىلىچ زەربىسى بىلەن ئىككى قولىدىن ئايرىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بايرىقىنى يەرگە چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن كېسىلگەن قوللىرى بىلەن ئۇنى كۆكسىگە قاماللاپ تۇتتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇمۇ شېھىد بولدى. جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن مەست بولغان ھالەتتە ئىدى. دەرۋەقە، بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ ئىلاھىي رازىلىققا ئېرىشتى.

نۆۋەت ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەگە كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ ئوخشاش ئىشتىياق بىلەن بايراقنى ئېلىپ، دۈشمەن سەپلىرىدە جەڭگىۋارلىق بىلەن ئېلىشتى. نەپسىنى مەشغۇل قىلمىسۇن دەپ يېنىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلدى:

”گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەدىنىدىكى پۈتۈن ماللىرىمنى بەيتۇلمالغا (مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە) قالدۇرىمەن!“

كېيىن شېھىد بولغانغا قەدەر قەھرىمانلارچە ئۇرۇشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ شېھىد بولۇشى بىلەن تېخى يېڭىلا مۇسۇلمان بولغان ۋە تۇنجى قېتىم ئىسلام سەپلىرىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايراقنى ئېلىپ جىھادنى داۋاملاشتۇردى. بىر توپ ساھابە بىلەن چېكەتكە توپىغا ئوخشاش كۆپ بولغان دۈشمەنگە قارشى بۈيۈك جاسارەت كۆرسەتتى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ مۇنبىرىدە ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇرۇش مەيدانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. ئۇ يەردە ئارقىمۇ ئارقا يىقىلغان شېھىدلەرنى غەمكىن ۋە قايغۇلۇق بىر شەكىلدە مۇنداق بىلدۈردى:

«زەيد ئىبنى ھارىسە بايراقنى قولىغا ئالدى. شەيتان شۇ ھامان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھاياتنى ۋە دۇنيانى ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك، ئۆلۈمنى يېقىمسىز كۆرسەتتى. زەيد بولسا:

"بۇ ۋاقىت مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىدە ئىماننى ساغلاملاشتۇرىدىغان بىر زاماندۇر! سەن بولساڭ ماڭا دۇنيانى ياخشى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىسەن!" دېدى ۋە ئىلگىرىلەپ ئۇرۇشقا كىرىپ قاتتىق ئۇرۇشقاندىن كېيىن شېھىد بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن ئەپۇ ۋە مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار».

كېيىن مۇنداق داۋام قىلدى:

"ئۇ ھازىر جەننەتكە كىردى، ئۇ يەردە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ! كېيىن بايراقنى جەئفەر ئالدى. شەيتان شۇ ھامان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھاياتنى ۋە دۇنيانى سۆيۈملۈك، ئۆلۈمنى يېقىمسىز كۆرسەتتى. جەئفەر بولسا:

"بۇ ۋاقىت مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىدە ئىماننى ساغلاملاشتۇرىدىغان بىر زاماندۇر! سەن بولساڭ ماڭا دۇنيانى ياخشى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىسەن!" دېدى ۋە ئىلگىرىلەپ دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ قاتتىق

ئۇرۇشقاندىن كېيىن شېھىد بولدى. مەن ئۇنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن“[256].

كېيىن:

«قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ئۇ شېھىد بولۇپ جەننەتكە كىردى. ئۇ ھازىر جەننەتتە ياقۇتتىن بولغان ئىككى قانىتى بىلەن خالىغانچە ئۇچىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جەئفەردىن كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئالدى!» دېگەندىن كېيىن بىرئاز جىم تۇردى. ئەنسارلارنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئاللاھ ۋە رەسۇلى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىش قىلىپ سالغانمىدۇ دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ پەيتتە ھەزرىتى ئابدۇللاھ بايراقنى ئېلىپ ئاتنىڭ ئۈستىدە دۈشمەنگە قاراپ ئىلگىرلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن سەركەش نەپسىنى تىزگىنلەپ:

”ئى نەپسىم! مەن سېنى ئۆزەمگە بويسۇندۇرىمەن دەپ قەسەم قىلدىم. سەن بۇنىڭغا يا ئۆزلىكىڭدىن رازى بولىسەن ياكى مەجبۇرى قوبۇل قىلغۇزىمەن! قارىسام سەن جەننەتنى بەكمۇ ياقتۇرمايۋاتىسەن! سەن بەدەن ئىچىدىكى بىر تامچە سۇدىن باشقا نېمە؟ ئى نەپسىم! سەن ھازىر ئۆلتۈرۈلمىسەڭ ئۆلمەمسەنكى؟ ئەگەر ئۇ ئىككى كىشىنىڭ قىلغىنىنى قىلىپ شېھىدلىكنى تاللىساڭ، توغرا بىر ئىش قىلغان بولىسەن! ئەگەر كېچىكسەڭ بەدبەخت بولىسەن!“.

256. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ”جەئفەرنى ئىزدىدۇق ۋە ئۇنى شېھىدلەر ئارىسىدىن تاپتۇق. ئۇ شۇنداق بىر ھالدا ئىدىكى، جەستىنىڭ ئالدى تەرىپىدە توقساندىن كۆپ ئوق ۋە نەيزە يارىسى كۆردۈق. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئارقا تەرىپىدە ئەمەس ئىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 44.) جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغاندا 33 ياشتا ئىدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 434-بەت). دېمەك بۇنىڭدىن كۆرۈۋالىمىزكى، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ، نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىدا ھېكمەت ۋە جاسارەت بىلەن سۆزلىگەندە 17 ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىدى“.

بۇ ئەسنادا بارمىقى يارىلانغان ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتتىن چۈشتى ۋە يارا بارمىقىنى پۇتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ:

"سەن پەقەت بىر قاناپ كەتكەن بارماق ئەمەسمۇسەن؟ بۇ قازاغىمۇ ئاللاھ يولىدا ئۇچرىدىڭ!" دېگەن مەنىدە بىر شېئىر ئوقۇدى ۋە قولىنى تېزلا تارتىپ ساڭگىلاپ قالغان بارمىقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئارقىدىن ئۇرۇشقا داۋام قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە قارشى كىچىك جىھاد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەپسىگە قارشى بۈيۈك جىھادنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

"ئى نەپسىم! ئەگەر ئەندىشەڭ ئايالىڭدىن مەھرۇم قېلىشتىن كەلگەن بولسا، مانا ئۇنىڭدىن ئۈچ تالاق بىلەن تامامەن ئايرىلدىم، كەتتى. ئەگەر قۇللىرىڭدىن يىراق قېلىشتىن بولسا، ئۇلارنىمۇ ئازاد قىلدىم. ئەگەر باغچا ۋە بوستىنىڭدىن مەھرۇم قېلىشتىن بولغان بولسا، ئۇلارنىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قالدۇردۇم".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىنى نەقىل قىلىشقا داۋام قىلدى:

«ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە جاسارىتىنى توپلىدى، قولىدا بايراقنى تۇتۇپ تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشتى ۋە شېھىد بولدى. ئېتىراز بىلدۈرۈپ تۇرۇپ جەننەتكە كىردى. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھتىن ئەپۇ ۋە مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار!» دېدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەننەتكە ئېتىراز بىلدۈرگەن ھالدا كىرىشى ئەنسارلارنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلدى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ ئېتىرازى نېمە ئىدى؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ يارىلانغان ۋاقتتا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشتىن چېكىندى، كېيىن ئۆز نەپسىنى ئەيىبلەپ، جاسارىتىنى توپلىدى ۋە شېھىد بولۇپ جەننەتكە كىردى. ئۇلار ماڭا جەننەتتە ئالتۇن تەختلەر ئۈستىدە كۆرسىتىلدى. ئابدۇللاھنىڭ تەختىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭكىگە قارىغاندا پەستە ۋە ئەگرى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. سەۋەبىنى سورىغىنىمدا:

ئابدۇللاھ ئۇرۇشقا ماڭغاندا بەزى ئىككىلىنىشلەردە بولغاندىن كېيىن ئۇرۇشقا كىرگەن ئىدى! دېيىلدى» دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 44؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 299-بەت؛ 3-جىلد، 113-بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 433-دىن 436-بەتلەرگىچە؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 762-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 46، 530؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3-جىلد، 237-بەت)

كېيىن ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ئاللاھ دەرگاھىغا قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! خالىد سېنىڭ قىلىچلىرىڭدىن بىر قىلىچتۇر. سەن ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. (ئەھمەد: 5-جىلد، 299-بەت)



## خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ماھىر قوماندانلىقى

خالىد ئىبنى ۋەلىد كەچ كىرىپ قوشۇن سەپلىرىگە قايتقانغا قەدەر ئۇرۇشنى مۇكەممەل ئىدارە قىلدى ۋە ئۇ كېچىسى ئۇرۇش تەرتىۋىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. ئوڭ تەرەپتىكىلەرنى سولغا، سول تەرەپتىكىلەرنى ئوڭغا، ئارقىدىكىلەرنى ئالدىغا، ئالدىدىكىلەرنى ئارقىغا ئالدى. ئەتىسى دۈشمەن، بۇ ئۆزگەرگەن ئۇرۇش تاكتىكىسى ئالدىدا تېڭىرقاپ قالدى. ئالدىلىرىدا يېڭى يۈزلەرنى كۆرۈشى بىلەن، مۇسۇلمانلارغا ياردەمچى قوشۇن كەپتۇ دەپ، گۇمان قىلىپ قاتتىق ئىككىلىنىشكە چۈشۈپ قالدى. ئاللاھنىڭ قىلىچى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىككىلىنىشنى تېپىلماس بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇنداق بىر ھۇجۇمنى كۈتمىگەن دۈشمەن ئۇلارنى باستۇرۇپ كەلگەن بۇ ئىمان سېلى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاخىرىدا ئېھتىيات قىلىپ ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇ كۈنى قولىدا تولۇق توققۇز قىلىچ پارچىلانغان ھەزرىتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[257] بۇ پاراسەتنىمۇ ئىشلىتىپ دۈشمەنگە تۈيدۇرماستىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. بۇ سىياسىي مانېۋىر ئۇنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى چىڭىتقان ئىككىنچى بىر ھەرىكەت بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇن بىر-بىرىنى يېڭەلمەي ئۇرۇشتىن چېكىنگەن بولدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپ زىيان تارتمايلا قوشۇننى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. يەتتە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا شېھىد بولغانلارنىڭ سانى ئون تۆت ئىدى. دۈشمەنلەردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مۇسۇلمان قوشۇنى يانلىرىدا ئاز-كۆپ غەنىيمەتمۇ ئېلىپ كەلدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 764-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 407-بەت)

---

257. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:
"قەسەم قىلىمەنكى، مۇئتە ئۇرۇشى كۈنى قولۇمدا توققۇز قىلىچ سۇنۇپ كەتتى. پەقەت يەمەندە ياسالغان، ئاغزى كەڭرى بىر قىلىچ چىدىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 44)"

پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارغا:

«يىغىلىپ قېرىندىشىڭلارنى كۈتۈۋېلىڭلار!» دەپ بۇيرىغاندا، ئىسسىق بىر كۈن بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈن مۇسۇلمانلار توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلۇغ مىنىپ مۇجاھىدلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى. بالىلار ئارقىلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز:

«بالىلارنىمۇ ئۇلاقلىرىڭلارغا مىندۈرۈۋېلىڭلار! جەئفەرنىڭ ئوغلىنى ماڭا بېرىڭلار!»

دېدى ۋە ئابدۇللاھنى ئېلىپ ئالدىغا مىندۈردى. (ئەھمەد: 5-جىلد، 299-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4-جىلد، 244-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خالىدنىڭ بۇ غەلىبىسىنى تەقدىرلىدى. مەدىنىگە قايتقان ساھابىلار مەسىلىنى تولۇق بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن "قاچقۇچىلار" دەپ سۆپەتلىگەنلەرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىۋاستە:

«ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشتىن قاچقانلار ئەمەس، تەكرار تەكرار ھۇجۇم قىلىپ، جەڭ قىلىدىغانلاردۇر!» دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 438-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 765-بەت)

چۈنكى بۇ ئۇرۇشتا، سان جەھەتتە تولىمۇ ئاز بولغان بىر قوشۇن بىلەن، بۈيۈك بىر قوشۇنغا ھەيۋە قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ بىلدۈرگەن بۇ ھەقىقەت ئەمىلىيەتكە ئايلاندى:

كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللّٰهِ وَاللّٰهُ مَعَ الصَّابِرِينَ

**«ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، ئاللاھ چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.»**

(بەقەرە سۈرىسى، 249-ئايەت)

مۇئتە ئۇرۇشى ئەھلى كىتاب بولغان خرىستىئانلار بىلەن بولغان تۇنجى ئۇرۇش بولدى. ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئىمان ئۇچقۇنى يۈزمىڭ ياكى ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك باتىل كۈچنى بىرتەرەپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ھەزرىتى جەئفەرنىڭ ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس دەيدۇكى:

"جەئفەر ۋە قېرىنداشلىرى شېھىد بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ كۈنى قىرىق تېرە ئاشلىغان ئىدىم. نانغا خېمىر يۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بالىلىرىمنىڭ يۈزلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ ياغلاپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«ئى ئەسما! جەئفەرنىڭ بالىلىرى قەيەردە؟» دېدى. ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، سۆيۈپ پۇرىدى. بۇ ئەسنادا كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ نېمە ئۈچۈن بالىلىرىمغا يېتىملەرگە قىلغىنىڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىسەن؟ بولمىسا جەئفەر ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئاچچىق بىر خەۋەر كەلدىمۇ؟" دېدىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق! ئۇلار بۈگۈن شېھىد بولدى!» دېدى.

"ۋاي ئېرىم! ۋاي جەئفىرىم!" دەپ پەرياد قىلدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ قىزى پاتىمەنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"جەئفەر ئائىلىسى ئۈچۈن تاماق تەييارلاڭلار! ئۇلار بۈگۈن باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەت بىلەن مەشغۇل" دېدى.

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىگە ئۈچ كۈن تاماق كۆتۈرۈلدى. ئالەملەرنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز جەئفەرنىڭ ئۆيىگە ئۈچ كۈن بارمىدى، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى. كېيىن يانلىرىغا بېرىپ:

«قېرىندىشىمغا ئەمدى يىغلىماڭلار! بۈگۈندىن باشلاپ قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى بېقىش ماڭا ئائىتتۇر!» دېدى.

ھەزرىتى جەئفەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى قۇش بالىلىرىنى ئاۋايلىغاندەك ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ:

«ماڭا بىر ساتىراچ چاقىرىپ كېلىڭلار!» دېدى. ساتىراچ كېلىپ بېشىمىزنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

«ئى ئاللاھ! جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق ئاتا قىل! ئابدۇللاھنىڭ قولىنى، سودا ـ سېتىقتا بەرىكەتلىك قىل!» دەپ دۇئا قىلدى ۋە بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

ئانىمىز كەلگەندە بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

«سەن بۇ بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە بېقىلىشى ھەققىدە ئەندىشە قىلما! مەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ۋەلىيسى» دېدى" (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 204 ـ 205 ـ بەتلەر؛ ئەبۇ داۋۇد: «تەرەججۇل»، 13/4192؛ ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 436 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 2 ـ جىلد، 766 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 37 ـ بەت)

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن شۇ خاتىرىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ياخشى ئېسىمدە. مەن ۋە ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى قۇسەم بىلەن ئۇبەيدۇللا كىچىك ئىدۇق، بىر كۈنى كوچىدا ئويناۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۇلاغلىق ھالدا يېنىمىزغا چىقىپ كەلدى. مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«ئۇنى ماڭا سۇنۇپ بېرىڭلار!» دېدى ۋە مېنى ئۇلىقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. قۇسەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«ئۇنىمۇ سۇنۇپ بېرىڭلار!» دېدى ۋە ئارقا تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغۇللىرى ئىچىدە قۇسەمدىن بەكرەك ئۇبەيدۇللاھنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭغا قارىماستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىدىن تارتىنمىدى ۋە ئارقىسىغا قۇسەمنى مىندۈردى. كېيىن ئۈچ قېتىم بېشىمنى سىلىدى ۋە ھەرقېتىم سىلىغاندا:

«ئى ئاللاھ! جەئفەرنىڭ بالىلىرىغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن!» دەپ دۇئا قىلدى"[258]. (ئەھمەد، 1-جىلد، 502؛ ھاكىم، 3-جىلد، 655/6411)

## ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى: مەككىنىڭ پەتھ قىلىنىشى

(ھىجرىينىڭ 8-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 20-كۈنى / مىلادى 630-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى)

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئارىسىدا قىلىنغان ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە ئاساسەن، سۈلھىنىڭ مۇددىتى ئون يىل قىلىندى. لېكىن مۇشرىكلار كۈندىن-كۈنگە ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئەرەبىستانغا تارقىلىشىدىن قاتتىق بىئارام ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاستا-ئاستا سۈلھى ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى سۈلھى ماددىلىرىغا قارشى ھۆرمەتسىزلىكنى ئاشكارىلىدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولۇپمۇ 17، 18 ئايغا قەدەر بىر ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلارغا بېقىندى بولغان بەنى بەكىر قەبىلىسىنى كۈشكۈرتۈپ، مۇسۇلمان بولغان خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۆز ئىچىدىن بەزىلىرىمۇ بۇ جىنايەتكە قاتناشتى[259].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېقىندى بولغان خۇزائە قەبىلىسى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا نامازدا ئىدى. قانخورلارچە قەتلىئام بىلەن بەزىلىرى سەجدىدە، بەزىلىرى رۇكۇدا، بەزىلىرى قىيامدا تۇرغان ھالىتىدە شېھىد قىلىندى. ھەتتا ھەرەمگە ئىلتىجا قىلغاندىمۇ قۇرەيش ۋە بەنى بەكىر قەبىلىسى ئۇ يەرنىڭ ھارامىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ مۇقەددەس جاينىڭ ھۆرمىتىنى

259. ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:
ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرگە دېدىمكى: "قۇسەم كېيىن نېمە بولدى؟" دېدىم. ئۇ: "شېھىد بولدى" دېدى.
بۇنىڭ بىلەن: "ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى خەيرلىك بولغاننى ياخشى بىلگۈچىدۇر" دېدىم. ئۇ: "شۇنداق!" دېدى. (ھاكىم: 3-جىلد، 655/6411).
259. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 4؛ بەيھاقى: «دەلائىل»، 5-جىلد, 6-بەت.

ساقلىماي قەتلىئامنى داۋملاشتۇردى. ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىندى[260].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئىلىپ كەلگەن ئەمر ئىبنى سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا مۇبارەك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن مەرۋايىت دانىلىرىغا ئوخشاش ياشلىرى گۆلدەك مەڭزىنى نەمدىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى بولغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى قاتتىق غەمكىن بولدى. قەلبى يارىلانغان ساھابىسى ئەمر ئىبنى سالىمغا تەسەللى سۇيىتىدە:

«ساڭا ياردەم قىلىندۇ، ئى ئەمر!» دىدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 12-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد, 784-785-بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولغان ھەممە ئىشقا قارىماي مۇشرىكلار بىلەن قىلىنغان سۈلھىنى ھىسابقا ئىلىپ، خۇزائە قەبىلىسىگە قىلىنغان ھۇجۇم تۈپەيلىدىن مەككىلىكلەرگە ئاۋۋال بىر ئەلچى ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇلار ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە ئىنتايىن ئىغىر خىلاپلىق قىلغان ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆلتۈرۈلگەن خۇزائە قەبىلىسىنىڭ دىيەتلىرىنى بىرىشى ياكى بەنى بەكىر قەبىلىسىنى ھىمايە قىلىشتىن ۋاز كىچىشى ياكى بۇ ئىككى تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئىناۋەتسىز دەپ قارىشى كىرەك ئىدى.

كۆزلىرىنى قان ئورىۋالغان بۇ مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۈچ تەكلىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماددىسىنى يەنى سۈلھىنى رەسمى ئىناۋەتسىز قىلىشنى قوبۇل قىلدى[261] ھالبۇكى, بۇ مۇسۇلمانلارنى مەككىنى پەتىھ قىلىشقا مەرھەمەت دىيىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كىيىن مۇشرىكلارنىڭ ئەقلى بىشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىش ئاللىبۇرۇن ئۆتكەن ئىدى. سۈلھى ئىككى تەرەپ قاتناشقان ئەھۋالدا بىكار قىلىندى.

260. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 11-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد, 783-بەت.
261. ۋاقىدى: 2-جىلد, 787-بەت.

ئەھۋالنى تۈزىتىش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ رەئىسى ئەبۇ سۇفيان چارىسىزلىكتە مەدىنىگە يولغا چىقتى. ئۇنىڭ سۈلھىنى يېڭىلاش مەقستى بىلەن مەككىدىن يولغا چىققانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلىرىغا ئېيتتى[262] . ئەسلىدىلا يۈز بەرگەن قەتلىئام بىلەن ماتەم ھاۋاسى خېلىلا جىددىيلەشكەن مەدىنىدە، ھېچكىم ئەبۇ سۇفيانغا قارىمىدى. شۇ دەرىجىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بولغان ئۇمmۇ ھەبىبە ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى تۇرۇپ، ئۆيىگە قەدەر كەلگەن دادىسى ئولتۇرماقچى بولغان كۆرپىنىمۇ ئاستىدىن تارتىپ ئېلىۋالدى. ئەبۇ سۇفيان چۆچۈپ كەتتى. ھەيرانلىق بىلەن:

"قىزىم، كۆرپىنى ماڭا لايىق كۆرمىدىڭمۇ، ياكى مېنى كۆرپىگىمۇ؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىردان ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە ئانىمىز مۇنداق جاۋاب بەردى:

"بۇ كۆرپە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت. سەن بىر مۇشرىك بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەسسەن!"

ئەبۇ سۇفيان ئاڭلىغان بۇ جاۋاب ئالدىدا قېتىپ قالدى:

"قىزىم سەن بىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئاجايىب بولۇپ قاپسەن!" دېدى.

ئۇممۇ ھەبىبە:

"ياق، ئاللاھ مېنى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈردى" دەپ ئىمانىنىڭ ھەرنەرسىنىڭ ئۈستىدە بولغان قىممىتىنى ئەسلەتتى. (ئىبنى ھشام: 4 ـ جىلد، 12 ـ 13 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن ساھابىلار بىرلىككە كەلگەن بۇ ھەرىكەت ئالدىدا چارىسىز مەككىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان ئەبۇ سۇفيان

262. ئىبنى ھشام: 4 ـ جىلد , 12 ـ بەت.

ئەتراپىنى ئورىۋالغان مەككىلىكلەرگە سۈلھىنىڭ مۇمكىن بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي:

”مەن قەلبلىرى پەقەت بىر قەلب ئۈستىدە بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردىن بىرەر ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممىسى بىلەن پاراڭلاشتىم، ئەمما ھېچبىر نەتىجە ئالالمىدىم!“ دېدى. (ئابدۇررەززاق، 5-جىلد، 375)

بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر تەييارلىقى ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى. يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى مەدىنىگە چاقىرسا، يىراقتىكىلەرنى ئۆز جايلىرىدا كۈتۈپ قوشۇنغا يولدا قوشۇلۇشنى بۇيرىدى. مەخپى ھەرىكەت قىلىندى. دۈشمەننىڭ مەدىنىدىكى بۇ قىزغىن ھەرىكەتلەردىن شۈبھىلەنمەسلىكى ئۈچۈن سۈرىيە تەرەپلىرىگە بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەتراپنى كونترول ئاستىغا ئالدى. جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۈيۈك پەتىھنى قانسىز نەتىجىلەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى ئالدى:

ئالدى بىلەن، ساھابىلىرىگە تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇپ، قايەرگە بارىدىغانلىقىنى مەخپىي تۇتۇپ نىيىتىنى ئاشكارىلىمىدى[263]. ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستى ۋە سىردىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مەككىگە بارىدىغانلىقىنى بىلمىدى، قىزى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سەپەرنىڭ قايەرگە بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇمۇ:

”بىلمەيمەن. بەلكى بەنى سۈلەيم، بەلكى سەقىف ياكى ھەۋازىنلارغا بېرىشنى ئويلايدىغاندۇ!“ دېدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 14-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مەككىلىكلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماسلىقى ۋە سۈلھى يولى بىلەن پەتىھنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن يوللارنى قامال قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن مەككىگە ھېچبىر خەۋەرچى ۋە جاسۇسنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىمكان بەرمىدى ۋە مۇنداق دۇئا قىلدى:

263. ئىبنى سائاد: 2-جىلد, 134-بەت.

«ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ يېنىغا تۇيۇقسىز بارغانغا قەدەر، قۇرەيشنىڭ جاسۇس ۋە خەۋەرچىلىرىنى ئۆزەڭ قامال قىلغىن، ئۇلارنى كۆرمەس ۋە ئاڭلىماس قىلغىن. قۇرەيشنىڭ كۆزلىرىنى باغلىغىنكى، مېنى تۇيۇقسىز ئالدىلىرىدا كۆرسۇن» (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 14-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن ھەرىكەت قىلغاندىمۇ، يەنىلا قۇرەيشنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەكسى يۆلىنىش بىلەن ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر بىلەن ئۇچراشتى، دائىرە شەكلىدە بىر يولنى بويلاپ مېڭىپ نىشانىنىڭ قايەر ئىكەنلىكىگە دائىر غۇۋالىقنى كۈچەيتتى. مەككىگە يېقىن كەلگەندە ھەربىر ئەسكەرنىڭ ئايرىم مەشئەل يېقىپ پسخولوگىيەلىك تەسىر بىلەن سانىنى كۆپ گۇمان قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلدى[264].

يەنە ئوخشاش مەقسەت بىلەن، مىيقات ئورنى بولغان زۇلھۇلەيفەدە ئېھرامغا كىرمەي سەپەرنىڭ يۆلىنىشى ھەققىدە مەخپىيەتلىكنى داۋاملاشتۇردى[265].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، بۇ كۈچنى ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرلىرىنى پەتھ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاللاھقا ئېچىش، ھەقىقي بەختكە، يەنى ھىدايەتكە ئېرىشىشنى تەمىنلەش ئۈچۈن قوللاندى. چۈنكى, ئۇ ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بىر "ھىدايەت پەيغەمبىرى" ئىدى.

ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھەققىدىكى بۇ چۈشەنچىلىرىنى، قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلىدى:

اَلَّذٖينَ اِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْاَرْضِ اَقَامُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتَوُا الزَّكٰوةَ
وَاَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلّٰهِ عَاقِبَةُ الْاُمُورِ

**«(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى: ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق,**

264. ھەمىدۇللاھ: 1-جىلد, 264-265-بەت.
265. نەبى بوزكۇرت، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىسى، "مەككە" ماددىسى.

**نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)»** (ھەج سۈرىسى، 41-ئايەت)

پۈتۈن ئەسھابى-كىرام بۇ مەخپىيەتلىككە رىئايە قىلغان بولسا، بەدرى غازىلىرىدىن ھاتىب ئىبنى ئەبى بەلتەئە مەككىگە ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ بىر مەكتۇب يېزىپ, ئۇنى بىر ئايال بىلەن يولغا سالدى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى بىلەن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بېرىپ ھەزرىتى ئەلى، زۇبەير ۋە مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ئۇ ئايالنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپ بەرگەن يەردە تۇتۇلدى ۋە ئۇنىڭدىكى مەكتۇب ئېلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلتۈرۈلدى. مەكتۇبتا مۇنۇلار يېزىلىق ئىدى:

"ئى قۇرەيش! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە شۇنداق كاتتا بىر قوشۇن بىلەن كېلىۋاتىدۇكى، كېچە قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق بولغان بۇ قوشۇن سەلدەك ئاقىدۇ. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ئۇستۇڭلارغا ئۆزى يالغۇز كەلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە غالىب قىلىدۇ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئۆزەڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىڭلار!" (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4-جىلد, 278-بەت)

ئەسلىدە بۇ ئىپادىلەر ھەقىقەتكە خىلاپ ئەمەس، خىيانەتمۇ يوق ئىدى. ئەمما مەخپىي قېلىشى لازىم بولغان بىر ھەقىقەت دۈشمەنگە ئېچىلىۋاتاتتى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قىلغان ھاتىبنى دەرھال يېنىغا چاقىرتىپ سورىدى:

«ئى ھاتىب! بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟».

"ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىڭدىكى مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە ئائىلە ۋە ماللىرىنى قوغدايدىغان كىشىلىرى بار. مېنىڭ ھېچكىمىم يوق. مەن بۇ مەكتۇب بىلەن ئۇلار ئارىسىدا مىننەتدارلىققا ئېرىشىپ، ئائىلەمنى، بالا-چاقىلىرىمنى قوغداشنى ئارزۇ قىلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن

ئۇلارنىڭ جاسۇسى ئەمەسمەن. مەن بۇ ئىشنى دىنىمدىن قايتىشقا ئوخشاش بىر رەزىللىك بىلەنمۇ قىلمىدىم. مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەسلا كۇفرىغا رازى بولمايمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بولغان ئىمانىم چەكسىز. ئەسلا دىنىمنى ئۆزگەرتكىنىم يوق" دېدى.

بۇنىڭ بىلەن مەرھەمەتلىك پەيغەمبىرىمىز:

«ھاتىب ئۆزىنى توغرا مۇداپىئە قىلدى» دېدى ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلدى.

ھاتىبنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان ھەزرىتى ئۆمەرگە جانابى ئاللاھنىڭ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى:

«ئۇ بەدىر غازىتىغا قاتناشتى. سەن نېمە بىلىسەنكى، بەلكى ئاللاھتائالا بەدىر ئەھلىنىڭ ھالىغا نەزەر سېلىپ: خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرنى مەغفىرەت قىلدىم!» دېگەن. (بۇخارى، "مەغازى"، 9؛ مۇسلىم، "پەزائىلۇس ساھابە"، 161)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ پەيتلەردە نازىل بولغان مۇنۇ ئايەت ئالدىدا، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولماسلىق ھەققىدە، باشتا ھاتىب بولۇش بىلەن بىرگە، پۈتۈن ساھابىلارغا تەبلىغ قىلدى:

آ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ اَوْلِيَآءَ تُلْقُونَ اِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَآءَكُمْ مِنَ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَاِيَّاكُمْ اَنْ تُؤْمِنُوا بِاللّٰهِ رَبِّكُمْ اِنْ كُنْتُمْ خَرَجْتُمْ جِهَادًا فِي سَبِيلِي وَابْتِغَآءَ مَرْضَاتِي تُسِرُّونَ اِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَاَنَا اَعْلَمُ بِمَآ اَخْفَيْتُمْ وَمَآ اَعْلَنْتُمْ وَمَنْ يَفْعَلْهُ مِنْكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ السَّبِيلِ

**«ئى مۇئمىنلەر مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر. ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە**

**سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار، (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار). سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزىسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.»**

اِنْ يَثْقَفُوكُمْ يَكُونُوا لَكُمْ اَعْدَآءً وَيَبْسُطُوٓا اِلَيْكُمْ اَيْدِيَهُمْ وَاَلْسِنَتَهُمْ

بِالسُّوٓءِ وَوَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ لَنْ تَنْفَعَكُمْ اَرْحَامُكُمْ وَلَآ اَوْلَادُكُمْ

يَوْمَ الْقِيٰمَةِ يَفْصِلُ بَيْنَكُمْ وَاللّٰهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

**«ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ مۇرتەد بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ئاراڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ (يەنى سىلەر جەننەتتە بولساڭلار, ئۇلار كۇففارلارنىڭ قاتارىدا دەۋزەختە بولىدۇ) ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»** (سۈرە مۇمتەھىنە، 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر)[266]

بۇ ئايەت بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بالا ـ چاقا، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كاپىرلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشى چەكلەندى. دەرۋەقە , نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى كەنئان ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. يەنە ئوخشاش شەكىلدە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالمۇ پاسىقلار بىلەن ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن پاسىقلاشتى ۋە ئىلاھىي غەزەپكە دۇچار بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بىر پەيغەمبەر بىلەن بولغان جىسمانىي يېقىنلىقىنىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمىدى.

266. بۇخارى، "تەپسىر"، 60

ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ كىشىلىك ئىمان قوشۇنى بىلەن مەدىنىدىن ئايرىلدى. جىھاد ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يولدا روزا تۇتمىدى. ساھابىلارغىمۇ تۇتماسلىقنى بۇيرۇق بەردى[267].

جۇھفە دېگەن يەرگە كەلگەندە ھەزرىتى ئابباس بىلەن كۆرۈشتى. ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى مەخپىي تۇتۇپ مەككىدە قالغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قۇرەيشنىڭ ئەھۋالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوللاپ تۇرغان ئىدى. مەككە مۇكەررەمەدە قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ھاجىلارغا سۇ تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. نىھايەت , ۋاقتى كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بالا-چاقىلىرى بىلەن يولغا چىققان ئىدى[268]. بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغىنىمدەك، سەنمۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئاخىرقىسى بولدۇڭ!» دېدى. (ئەلى ئەلمۇتتەقى: 11-جىلد , 699/33387)

مەككە پەتھىسگە قاراپ قىلىنغان بۇ سەپەر ئەسناسىدا پۈتۈن بىر ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولىدىغان بىر مەنزىرە شەكىللەندى. بۇ خالىقنىڭ نەزىرى بىلەن مەخلۇقاتقا نەزەر سېلىش شەكلىنىڭ بىر نامايەندىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنى سەلدەك ئاقاتتى. ئەرەبىستاننىڭ تۆت تەرىپىدىن يېڭى مۇسۇلمان بولغان قەبىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن كارۋانلىرى بىلەن ئىسلام قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، بىر مەھشەر شەكىللەندۈردى. پەيغەمبىرىمىز بۇ كاتتا قوشۇنى بىلەن ئارج دېگەن جايدىن ھەرىكەت قىلىپ تالۇبقا قاراپ كېتىۋاتقاندا، يولدا كۈچۈكلىرىنى ئېمىتىپ ياتقان بىر ئىت كۆردى. شۇ ھامان ساھابىلىرىدىن جۇئەيل ئىبنى سۇراقەنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنى بۇ ئىت ۋە كۈچۈكلىرىنىڭ بېشىدا قاراۋۇللۇققا قويدى. ئىت

267. بۇخارى: «مەغازى»، 47.
268. بۇخارى: «مەغازى»، 47.

ۋە كۈچۈكلىرىنىڭ پەتىھ جوشقۇنلىقى ئىچىدە كېتىۋاتقان ئىسلام قوشۇنى تەرىپىدىن ئۈركۈتۈلمەسلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى[269].

بۇ نېمىدېگەن تەسىرلىك مەنزىرە! ئەجىبا ئىنسانىيەت تارىخى بۇنداق بىر مەرھەمەت مەنزىرىسىنى ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باققانمۇ؟[270]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ پەتىھسىدەك ناھايىتى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان بۈيۈك بىر ۋەقە جەريانىدىمۇ، ناھايىتى كىچىك سانىلىدىغان بىر مەسىلە بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۆزىنى بىر ئىت ۋە كۈچۈكلىرىدىن مەسئۇل ھېس قىلغان. بۇ سەۋەب بىلەن بۇ ھادىسىدىن ئالىدىغان يەنە بىر ساۋاق رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭمۇ ئەڭ ئىنچىكە ئىشلارغا قەدەر ھەر نەرسىدىن مەسئۇل ئىكەنلىكىنىڭ تۇيغۇسى ئىچىدە بولۇشى ۋە ھەر ئېھتىماللىققا قارىتا داۋاملىق ئويغاق تۇرۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت[271].

---

269. ۋاقىدى: 2-جىلد, 804-بەت.

270. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ, بىر قىسىم ئىسلام دۈشمەنلىرى كۈنىمىزدىكى پاجىئەلىرىدىن بىرى بولغان «تېرور» سۆزى بىلەن ئىسلامغا قارا چاپلىماقتا. ھالبۇكى, تېرور قەلبسىزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئۇلارغا ئەسلا ئەخلاقىقا ئوخشاش ئالىي ھېس-تۇيغۇلار لازىم ئەمەس. ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان ھەر تۈرلۈك تېرورغا قارشى تۇرغان. دائىم كاپىر بولسۇن، مۇئمىن بولسۇن ھەرئىنساننىڭ ھەتتا جانلىق-جانسىز پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشنى ئاساس قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق ھاياتى تېرورغا قارشى تۇرۇش ۋە كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكەن.

271. شائىر مەھمەت ئاكىف ئەرسوي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا نېمىدېگەن گۈزەل مىسرالار تۈزگەن:

دىجلە دەرياسى بويىدا يېسە بۆرە بىر قوينى،
كېلەر ئەدلى ئىلاھىي سورار ئۆمەردىن ئۇنى!
ياشانغان ئايال ئوتۇنسىز قالار، ئۆمەر مەسئۇل!
ئەگەر كەلسە يېتىمغا زىيان ئۆمەر مەسئۇل!
بىر يوقسۇل قارالماستىن ئۆلسە ئەگەر،
ئۆمەر قالار يەنە ئاستىدا، ھېچكىم قالمىسا!
ئەگەر بىرى زېمىنغا، تۆكسە ھەقسىز بىر تامچە قان،
بوغار ئۇ تامچە ئۆمەرنى بىر كۈن ئازاب بولۇپ!
ئۆمەر تۇيمىسا ھەر قەلبنىڭ ئاھۇ-زارىنى؛

ئۇ پەيتتە مەككىلىكلەر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىر قونالغۇ مۇساپە يىراقلىقتىكى مەررۇز زەھران ۋادىسىغا يەرلەشكەنلىكىنى بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەربىرىنىڭ ئايرىم ئوت يېقىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن غايەت زور مەنزىرىنى كۆرگەندە قاتتىق دەھشەتكە چۈشۈپ ئەقىللىرى لال بولدى.

ئەبۇ سۇفيان يانداشلىرى بولغان ھاكىم ئىبنى ھىزام ۋە بۇدەيلنى يېنىغا ئېلىپ ئەنسىرىگەن ھالدا ئەتراپىنى كۆزىتىش ئۈچۈن مەككىدىن چىقتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ياققان مەشئەلنى كۆرۈشى بىلەن چۆچۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قايسى قەۋم ۋە قەبىلىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئەمما ئۇ يەرگە چۈشكەنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئېھتىماللىق ئەقلىگە كەلمىدى. مەككە پۈتۈن ئەتراپتىن قورشاۋغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇ سۇفيان ۋە يېنىدىكىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى[272].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغاندا، تاغىسى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. تەڭداشسىز سىياسىي قابىلىيىتى بىلەن بىر ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئىشلەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا خىتاب قىلىپ:

---

ئۆمەر پۈچۈلانمىسا ھەر ماتەمنىڭ ئەتراپىدا،
خەلىپە ئۆمەردىن باشقا كىم چىقار مەسئۇل!
ئۆمەر نىمە قىلسۇن ئىلاھى، ئىنسان جاھالەت زۇلمىدا!
ئۆمەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلىنغاندەك تەلەپ قىلىنىدۇ.
ئۆمەر! ئۆمەر! قانداق ئالدىڭ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۈستۈڭگە سەن؟

272. بۇخارى: «مەغازى»، 48.

«ئەبۇ سۇفياننى ئېلىپ، قوشۇننىڭ ئۆتىدىغان يېرىگە ئاپا! ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسەت!» دېدى.

بۇ قۇرەيشنىڭ رەئىسى بولغان ئەبۇ سۇفياندا مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى بىكاردىن-بىكار ئارتۇق ھەيۋە قىلىشنى توسۇدىغان بىر روھى ھالەتنى تەييارلاش دېمەكتى. بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار قارشىلىق كۆرسەتمىگەندە، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىناتتى.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفياننى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان ئۆتكەلگە ئاپاردى. ئۇ پەيتتە ئىسلام قوشۇنى ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، سەپ-سەپ ھالىتىدە ئىلگىرلەۋاتاتتى. ھەربىر سەپتىكى ئىمانلىق يۈرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان "الله أكبر" "ئاللاھۇ ئەكبەر" "ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر" دېگەن سادالار ئەرشكە قەدەر يۈكسەلدى.

ئەبۇ سۇفياننىڭ كۆزلىرى بۇ مەنزىرە ئالدىدا قاماشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلىگى ئۆتكەندىمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي:

- ئى ئابباس! قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلى سەلتەنىتىنى نېمدېگەن چوڭايتقان - ھە! -دېدى.

ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئارىلىشىپ:

- ياق، بۇ سەلتەنەت ئەمەس، پەيغەمبەرلىكتۇر - دېدى.

ئەبۇ سۇفيانمۇ:

- شۇنداق، شۇنداق - دەپ تەستىقلىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 48؛ ھەيسەمى: 4-جىلد , 164-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد , 135-بەت؛ ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل»، 2-جىلد , 242-بەت)

كېيىن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىدى:

- ئى ئەبۇ سۇفيان تېخىچە لا إله إلا الله دەيدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن كەلىمە تەۋھىدنى سۆزلىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلىش سۆزىنى تەلەپپۇز قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتا سورىدى:

- مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى سۆزلەيدىغان ۋاقتىڭ كەلمىدىمۇ؟[273].

ئەبۇ سۇفيان بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىر ئاز مۆھلەت تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن كەلىمە شاھادەتنى پۈتۈن تەلەپپۇز قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يۇمشىتىش ۋە قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، مەككە خەلقى ئامانلىقتا بولىدىغان يەرلەرنى ئېيتقاندا، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىنىمۇ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

«كىمكى مەسجىدى ھەرەمگە كىرسە ئامانلىقتا بولىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن سىرتقا چىقمىسا ئۇ ئامانلىقتا بولىدۇ. كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە ئىلتىجا قىلسا ئۇمۇ ئامانلىقتا بولىدۇ!» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 24-25\3021-3022؛ ھەيسەمى: 6-جىلد, 164-دىن166-بەتلەرگىچە؛ ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 22-بەت)

273. جانابى ئاللاھنىڭ قۇرئانى-كەرىمدىكى:قُلْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ فإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الْكَافِرِينَ﴾ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە, ئاللاھ كافىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوست تۇتمايدۇ.» (ئال ئىمران سۈرىسى، 32-ئايەت) دېگەن بايانىدىمۇ يالغۇز ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن, پەقەت ئاللاھقا ياكى پەقەت رەسۇلۇللاھقا ئىمان ۋە ئىتائەت قىلغان كىشىلەر ئايەتكە ئاساسەن ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان كاپىرلار دەپ سۈپەتلەنگەن. چۈنكى, مۇھىم بولغان نەرسە بەندە ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە نۇقسانلىق ئىدراكىغا كۆرە ئەمەس، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەقەززاسى بويىچە ئىمان ئېيتىشتۇر. ئۇنداقتا، ئاللاھتائالا رەسۇلغا دىنىنىڭ بىر ئاساسىي بولغان شاھادەتتە بۇ نېسۋىنى بېرىپ، مۇئمىنلەرگىمۇ ئىمان ئېيتىش شەرتى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرىغان ئىكەن، بۈگۈن بىر توپ غاپىللارنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ئىلاھىي بايانغا قارىماي ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەن مەنادا بولغان پاك سۈننەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى ۋە چولتا ئەقىللىرى بىلەن "پەقەت قۇرئان بىزگە يېتەر!" دېيىشلىرى تاشقى كۆرۈنۈشتە قۇرئانغا ئېسىلغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان شۇ سۆزلىرىگىمۇ قانچىلىك زىت، جاھىلانە ياكى بولمىسا خائىنلارچە بىر ھەرىكەتتۇر!.

قويۇۋېتىلگەن ئەبۇ سۇفيان مەككىگە قايتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىغا ئاخىرقى خىتابىنى قىلدى:

«سىلەرگە قارشى ھەرقانداق بىر ھۇجۇم بولمىغىچە، ھېچكىمگە قىلىچ تەڭلىمەڭلار!» (ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد , 28 ـ بەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن , پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت قاناتقا ئايرىغان ئىسلام قوشۇنىغا ھەرىكەت قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن مەككە تۆت تەرەپتىن كەلگەن تەكبىر ئاۋازلىرى بىلەن ياڭرىدى.

سەككىز يىل ئىلگىرى ئىككى تۆگە ۋە ئۈچ كىشى بىلەن مەككىدىن غەمكىن ئايرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈگۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئون مىڭ كىشىلىك ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بىلەن بۇ مۇبارەك شەھەرگە كىردى. ئۇ كۈنى يۇرتىدىن چىقىرىلغان مەزلۇم بىر شەخس بۈگۈن يۇرتىنى پەتىھ قىلغان غالىب بىر قوماندان بولدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلانماي تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە بويىنىنى ئەگكەن ھالدا، بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان ھالدا مەككىگە كىردى. بېشىنى ئاللاھتائالاغا بولغان كەمتەرلىكى بىلەن شۇ دەرىجىدە ئەگكەن ئىدىكى، ساقىلىنىڭ ئۇچلىرى تۆگىنىڭ ئىگىرىگە تىگىپ قالدى. ئۇ ئەسنادا:

اَللّٰهُمَّ لاَ عَيْشَ اِلاَّ عَيْشُ الْآخِرَةِ

«ئى ئاللاھ! ھايات، پەقەت ئاخىرەت ھاياتىدۇر!» دېدى[274]. (ۋاقىدى: 2 ـ جىلد , 824 ـ بەت؛ بۇخارى: «رىقاق» ، 1)

275. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا ھاياتىغا نىسبەتەن ئاخىرەتنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ھاياتى بويىچە تەكرارلىدى. رىۋايەتلەردە , پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى بىنا قىلىنىۋاتقاندا، خەندەك قېزىلغاندا، پەتىھ كۈنى مەككىگە كىرگەندە ۋە ۋېدالىشىش ھەججى قىلغاندا، ئەرەپات كۈنى مۇئمىنلەرنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەنلىرىدە بۇ سۆزلەرنى سۆزلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. (بۇخارى: «جىھاد» ، 33، 110، «مەناقىبۇل ئەنسار» ، 9، «مەغازى» ، 29؛ مۇسلىم: «جىھاد» ، 126 ـ 129؛ تىرمىزى: «مەناقىب» ، 55؛ ئىبنى ماجە: «مەساجىد» ، 3.)

پەيغەمبەر ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن ساھابە ـ كىرامنىڭ ئەھۋالىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن پەرق قىلمىدى.

ئىسلام قوشۇنى ھېچبىر قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇ سۇفيانغا قىلىنغان تاكتىكا ۋەسىلىسى بىلەن، ئۇنىڭ مەككىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىشى خېلىلا نەتىجە كۆرسىتىپ، ھېچكىم بۇ ئىسلام قوشۇنىغا قارشى چىقىشقا جاسارەت قىلالمىدى. پەقەت خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ مەككىگە كىرگەن يېرىدە كىچىك بىر توقۇنۇش بولۇپ، ئۇنى تېزلا بېسىقتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە پەتھىنى ئوقۇغان ۋاقىتتا ساھابىلار بىلەن بىرلىكتە كەبىگە قاراپ بۇرالدى. تۆگىسىدىن چۈشمەي كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن:

جَآءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ

**«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى, باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى.»** (ئىسرا سۈرىسى، 81 ـ ئايەت)

دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاچ قولىدىكى تاياق بىلەن كەبىدىكى بۇتلارنى بىۋاستە ئۇردى. (بۇخارى: «مەغازى» 48؛ مۇسلىم: «جىھاد» 87؛ ۋاقىدى: 2 ـ جىلد, 831 ـ 832 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھتا سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، ئىچىگە كىرمىدى. ئالدى بىلەن ئۇلارنى يۇقۇتۇشنى بۇيرىدى. ساھابىلار دەرھال بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى.

ئۇنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىرىدا پال ئوقلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان شەكلىدىكى سۈرەتلىرىنى كۆرگەندە، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ! بۇ سۈرەتلەرنى سىزغان مۇشرىكلارنىڭ جېنىنى ئالسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى, بۇ پەيغەمبەرلەر ئەسلا پال ئوقلىرى بىلەن قىسمەت

ئىزدەپ يۈرمىدى. (ئەكسىچە ئۇنىڭدىن چەكلىدى)» (بۇخارى: «ئەنبىيا»، 8، «ھەج» 54، «مەغازى»، 48)

جالالىددىن رۇمى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

"ئى بۈگۈنكى مۇسۇلمان! ئەگەر ئەھمەد (مۇھەممەد) ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن غەيرەت قىلىشى ۋە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش ھەققىدىكى ھىممىتى بولمىغان بولسا، سەنمۇ ئەجدادىڭغا ئوخشاش بۇتلارغا چوقۇناتتىڭ".

مۇسۇلمانلار مەككىنى پەتھى قىلغان كۈن، تاڭ ئاتقۇچە تەكبىر، تەھلىل ئېيتتى. توختىماي كەبىنى تاۋاپ قىلدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ سۇفيان ئايالى ھىندقا:

"سەن بۇنىڭ ئاللاھتىن بولغانلىقىغا قانائەت قىلامسەن؟" دەپ سورىدى.

ھىند:

"شۇنداق! بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان بىر ئىشتۇر!" دېدى.

ئەبۇ سۇفيان ئەتىسى ئەتىگەندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاقشام ئايالى بىلەن ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئەبۇ سۇفيان:

"شاھادەت ئېيتىمەنكى، سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىسەن! جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۆزۈمنى ئاللاھ بىلەن ھىندتىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى!" دېدى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4 ـ جىلد, 296 ـ بەت)

پەتىھتىن كېيىن مەككىلىكلەر بالىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلدى، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ دۇئا قىلدى. (ئەھمەد: 4 ـ جىلد , 32 ـ بەت)



## كەچۈرۈم بايرىمى

بۇ پەيتتە قۇرەيش مەسجىدى ھەرەمگە يىغىلىپ، ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈمنى كۈتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۇ يەردىكىلەرگە ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە شامىل بولغان شۇ جاھانشۇمۇل خۇتبىسىنى سۆزلىدى:

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. پەقەت ئۇ باردۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر ئورتىقى ۋە شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم قىلدى ۋە پۈتۈن دۈشمەنلىرىمىزنى تارقىتىۋەتتى. كەبە خىزمىتى ۋە ھاجىلارغا سۇ تارقىتىش ئىشىدىن باشقا جاھىلىيەت ئادەتلىرى بۈگۈن شۇ ئىككى ئاياغىمنىڭ ئاستىدىدۇر.

ئى قۇرەيش!

ئاللاھ سىلەردىن جاھىلىيەت مەغرۇرلۇقىنى، ئاتا - بوۋىلىرىڭلار بىلەن (ماختىنىپ) تەكەببۇرلۇق قىلىشنى چەكلىدى. پۈتۈن ئىنسانلار ئادەمدىن، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»

پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزىدىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

يَآ اَيُّهَا النَّاسُ اِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَاُنْثٰى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوا اِنَّ اَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللّٰهِ اَتْقٰيكُمْ اِنَّ اللّٰهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ

**«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»** (سۈرە ھۇجۇرات، 13-ئايەت. ئىبنى ماجە: «دىيەت»، 5؛ ئەھمەد: 2-جىلد، 11-بەت؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 49/3270)

ئەمدى مەككە مۇكەررەمە ھۇدەيبىيەنىڭ بىشارىتى سۈپىتىدە، ئەپۇ، سۈلھى، خاتىرجەملىك ۋە ھىدايەت ئىچ-ئىچىگە كىرىپ كەتكەن روھانىي بىر پەتىھ بىلەن ئەسلى ئىگىلىرىگە، يەنى جىگەر پارىلىرىغا قوينىنى ئاچتى. مىڭلىغان مۇشەققەت ۋە زۇلۇم بىلەن تولغان مەككە ھەسرىتىمۇ ئاخىرلاشتى. يىللارچە سوزۇلغان قايغۇ خۇشاللىققا ئالماشتى. مانا بۇنىڭ شۈكرانىسى سۈپىتىدە، تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك ئەپۇنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقىگە:

«ئى قۇرەيش جامائىتى! ھازىر سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئويلايسىلەر؟» دەپ سورىدى.

قۇرەيشلەر:

"بىز سېنىڭ ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىڭنى ئۈمىد قىلىپ: "ياخشىلىق قىلىدۇ!" دەپ ئويلايمىز. سەن سېخىلىق ۋە ياخشىلىق قىلغۇچى بىر قېرىنداشسەن! سېخىلىق ۋە ياخشىلىق قىلغۇچى بىر قېرىنداشنىڭ ئوغلىسەن!..." دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەنمۇ ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرىغا دېگىنىگە ئوخشاش:

لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللّٰهُ لَكُمْ وَهُوَ اَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

**«بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر.»** (يۈسۈف سۈرىسى، 92-ئايەت)

دەيمەن. قېنى كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئەركىن!» دېدى.

باشقا بىر خىتابىدا:

«بۈگۈن مەرھەمەت كۈنىدۇر. بۈگۈن ئاللاھنىڭ قۇرەيشنى ئىسلامىيەت بىلەن كۆچلەندۈرىدىغان، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدىغان بىر كۈندۇر» دېدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، پەتىھتىن ئىلگىرى بىر مۇنچە مۇسۇلمانىنىڭ مېلى ۋە جېنىغا زامىن بولغان كىشىلەرمۇ ھىدايەت شەرىپىگە ئېرىشتى. ئاللاھتائالا

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى پەيغەمبىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ، بويۇن ئەگكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، قويۇۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن مەككىلىكلەرگە "تۇلەقا" يەنى "ئازاد قىلىنغانلار" دەپ ئىسىم بېرىلدى[275].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارزۇسى ھېچبىر شەخس سىرتتا قالماسلىق شەرتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىدى. مەككىنىڭ پەتھىسىدىن كېيىن كۈچ ۋە قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە بولغان بىر پەيتتە، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە ھەرتۈرلۈك زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقنى راۋا كۆرگەن ئىنسانلاردىن ئىنتىقام ئالالايدىغان بىر ئەھۋالدا بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمى كەچۈرۈم ئېلان قىلىشى، خالىقنىڭ نەزىرى بىلەن مەخلۇقاتقا نەزەر سېلىش شەكلىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

يىللاردىن بۇيان مەسخىرە، ھاقارەت، زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكتىن باشقا بىر نەرسىنى كۆرمىگەن مەككە ئۇ كۈنى بولۇپ ئۆتكەن بۈيۈك بىر كەچۈرۈم بىلەن تەرىپلىگۈسىز بىر مەرھەمەت تەجەللىسى كۆردى. لېكىن بۇ گۈزەللىككە كۆلەڭگە چۈشۈرمەكچى بولغان فەزالە ئىسىملىك بىر مەككىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش مەقستى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا سوقۇنۇپ كىردى. ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىددىيلەشمەي، شەپقەت قاناتلىرىنى ئاچقان ھالدا فەزالىگە:

- سەن فەزالەمۇسەن؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق! - دېدى. ئارقىدىن ئالەملەرگە رەھمەت بولغان پەيغەمبىرىمىز:

- ئى فەزالە! زېھنىڭدە پىلانلىغان نەرسىدىن تەۋبە ۋە ئىستىغفار ئېيت!

- دەپ، مۇبارەك قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئاندىلا زېھنىدىكى ئۆلتۈرۈش چۈشەنچىسى يوقالغان فەزالەنىڭ قەلبى يۇمشاپ، ئىمان نۇرى بىلەن تولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن

275. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد , 32-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد , 835-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد , 142-143-بەتلەر.

ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 37-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەسسىرە»، 3-جىلد, 538-بەت)

ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب مەسجىدى ھەرەمدە ئولتۇرۇپ ئويلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن:

"ئەجەبا مۇھەممەدكە قارشى ئەسكەر توپلايمۇ، شۇ ئادەم بىلەن يەنە ئۇرۇش قىلىشقا قايتايمۇ، نېمە قىلسام بولار ئەجەبا؟!" دېگەن سۆزلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا تۇردى ۋە ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىغا قولى بىلەن ئۇرۇپ:

- ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ سېنى خار قىلىدۇ! - دېدى.

ئەبۇ سۇفيان بېشىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشى بىلەن:

"ھازىرغا قەدەر سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە تولۇق قانائەت قىلالمىغان ئىدىم. كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەن خىياللار تۈپەيلىدىن ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەيمەن!" دېدى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4-جىلد, 296-بەت)

ئوھود ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ جىگىرىنى خىرىس بىلەن چىشلىگەن ھىندمۇ مەككىنىڭ پەتھە كۈنىدە ئىمان ئېيتىپ ئومۇمى كەچۈرۈمگە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىمۇ كەچۈردى[276].

ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە ئىسلامنىڭ ساناقلىق دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئىدى. مەككىنىڭ پەتھىسىدىن كېيىن يەمەنگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئايالى ئۇنى مۇسۇلمان ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكرىمەنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ:

276. ۋاقىدى: 2-جىلد, 850-بەت.

«ئى كۆچمەن ئەسكەر، خوش كەلدىڭ!» دېدى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان ئەسكىلىكىنى يۈزىگە سالماي، ئەپۇ قىلدى. (ھاكىم: 3 ـ جىلد, 271/5059؛ ۋاقىدى: 2 ـ جىلد, 851 ـ 852)

ھەببار ئىبنى ئەسۋەدمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەنلەردىن بىرى ئىدى. مەككىدىن مەدىنىگە تۆگە ئۈستىدە ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقان زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قەستەن نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ تۆگىدىن پەسكە چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. ھەزرىتى زەينەب ھامىلدار بولغانلىقتىن بالىسى چۈشۈپ كېتىپ، ئېغىر يارىلانغان ئىدى. ھەببار بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرنى قىلغان ئىدى. مەككە پەتھىسىدىن كېيىن قېچىپ كەتتى ۋە قولغا چۈشۈرۈلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتتە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلدى. ئۇنىڭغا ھاقارەت ۋە تەنە قىلىشنى چەكلىدى[277]. چۈنكى قۇرئانى ـ كەرىمدە:

خُذِ الْعَفْوَ وَاْمُرْ بِالْعُرْفِ وَاَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ

**«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا, ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)»** (ئەئراف سۈرىسى، 199 ـ ئايەت) دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىق بىر قۇرئان ئىدى. قۇرئان ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئۇنىڭدا كۆرۈلەتتى. ئۆزىگە قارشى قىلىنغان پۈتۈن گۇناھلارنى ئىككىلەنمەي چىن يۈرەكتىن ئەپۇ قىلدى. لېكىن ئۈممىتىگە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن ھەققىنى ئىجرا قىلىپ, ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇنى ھېچكىم پەسكويغا چۈشۈرەلمەيتتى.

277. ۋاقىدى: 2 ـ جىلد, 857 ـ 858 ـ بەتلەر.

مەككىدە جاھانشۇمۇل بىر كەچۈرۈمنىڭ كۆرستىلىشى بىلەن بىرگە، بەزى ئۆزگەرمەس مۇشرىكلار ئۈممەتنىڭ مەنپەئى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقى ئىجرا قىلىندى[278].

مەككىدىن غەنىمەت سۈپىتىدە ھېچقانداق نەرسە ئېلىنمىدى[279]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام قوشۇنىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن مەككە بايلىرىدىن قەرز ۋە ساۋۇت ئالدى. كېيىن بۇنى ھەۋازىن غەنىمەتلىرى ئارقىلىق تۆلەپ:

«قەرزىنىڭ بەدىلى رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش!» دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد , 863-بەت؛ ئەبۇ داۋۇد: «بۇيۇئ» ، 88/3562؛ مۇۋەتتا: «نىكاھ» ، 44)

مەككىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نەمۇنە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن بۇ ئومۇمى كەچۈرۈم خۇشاللىقىنى ياشاۋاتقاندا پېشىن ۋاقتى كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقېتىمقىدەك يەنە ئەزان توۋلاش ئۈچۈن ھەزرىتى بىلالنى بۇيرىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر زامانلاردا قۇل بولۇپ ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىن-قىستاقلار بىلەن ”ئەھەد، ئەھەد“ ”ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر“ دەپ ئىڭرىغان كۈنلىرىنى ئەسلىدى. زۇلۇم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئىدى. ھازىر ئۇ ھۆر ۋە غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر ئىسلام قوشۇنى بىلەن مەككىدە ئىدى. ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان ھالدا كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان ئاۋازى بىلەن ئەزان توۋلىدى. شۇ قەدەر ئىچ-ئىچىدىن قايناپ تۇرغان ھالەتتە ئەزان توۋلىغان ئىدىكى، پۈتۈن مەككە تاغلىرى ۋە ئاسمىنى بۇ سادا بىلەن جاراڭلىدى. ئاسمانلار تەبەسسۇم قىلدى، يەرلەر خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇ كۈنى توۋلانغان ئەزان مۇئمىنلەرگە ئەبەديي بىر ئەسلىمە ئىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن مۇشرىكلاردىن بىر قانچىسى:

278. ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد» ، 117/2683؛ نەسەئى: «تەھرىمۇددەم» ، 14.
279. ئەبۇ داۋۇد: «خاراج» ، 24-25\3023.

"ئىست بىزگە! قۇللارچىلىك بولالمىدۇق! ئۇلار نەلەرگە يەتتى، بىز قايسى ھالدا قالدۇق؟" دەپ ئىلگىرى قىلغانلىرىغا، يەنى ئۇ ۋاقىتتا قەدەر ھەقىقەتتىن غاپىل قالغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى.

## مەككىلىكلەرنىڭ بەيئىتى

پېشىن نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تۆپىلىكىگە چىقىپ، مەككىلىكلەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى. ئالدى بىلەن ئەرلەر "مۇسۇلمانلىق ۋە جىھاد قىلىش" ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى[280]. ئاياللارنىڭ بەيئىتى ھەققىدە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى.

يَآ اَيُّهَا النَّبِيُّ اِذَا جَآءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلٰٓى اَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللّٰهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ اَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَاْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ اَيْدِيهِنَّ وَاَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

**«ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرىغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن. ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12 ـ ئايەت)

280. ئەھمەد: 3 ـ جىلد, 415 ـ بەت؛ بۇخارى: «مەغازى»، 53

ئاياللارنىڭ بەيئىتى پەقەت سۆز بىلەن بولدى، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شەكلىدە بولمىدى.

ئۇمەيمە بىنتى رۇقەيقا رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

”ئەنسارلاردىن بىر گۇرۇپ ئاياللار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

”ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىك، ھېچبىر زامان بوھتان چاپلىماسلىق، بۇيرۇقلىرىڭدا ساڭا ئىسيان كۆتەرمەسلىككە بەيئەت قىلىمىز“ دېيىشىمىز بىلەن پەيغەمبىرىمىز:

«كۈچۈڭلار يەتكەن ۋە تاقەت قىلالايدىغان ئىشلاردا!» دېدى. بۇ شەپقەتكە تولغان سۆزگە جاۋابەن بىز:

”ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىزدىن تېخىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر، قېنى بەيئەت قىلايلى!“ دېدۇق.

ئاياللار بەيئەتنى قول ئېلىشىپ، قىلماقچى بولدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن. مېنىڭ بىر ئايالغا قىلغان سۆزۈم يۈز ئايالغا سۆزلىگەن سۆزۈمگە ئوخشاش» دېدى“ (مۇۋەتتا: «بەيئەت»، 2؛ تىرمىزى: «سىيەر»، 3/1597)

## ئامانەتنى ئۆز ئەھلىگە بېرىڭلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كەلگەندە مەسجىدى ھەرەمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان ئىدى. مۇجاھىدلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ھەزرىتى بىلالنى ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ھەزرىتى بىلال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كېلىشىڭنى بۇيرىدى!“ دېدى. ئوسمان:

"بولىدۇ!" دەپ ئانىسى سۇلافەنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ ۋاقىتتا ئاچقۇچ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى:

"ئى ئانا! ئاچقۇچنى ماڭا بەرگىن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشىمنى بۇيرىدى" دېدى.

سۇلافە:

"قەۋمىڭ شەرەپلەنگەن، پەخىرلەنگەن بىر نەرسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئاپىرىپ تاپشۇرۇشىڭدىن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىمەن! ئۇ بۇ ئاچقۇچنى سىلەردىن ئالغاندىن كېيىن، ھەرگىز سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ!" دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاز تىرىشقاندىن كېيىن ئاچقۇچنى ئانىسىدىن ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كېلىپ:

"بۇنى ساڭا ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە بېرىمەن!" دېدى.

ئاچقۇچنىڭ ئۆزگە قايتۇرۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىدىن قورقتى. (ۋاقىدى: 2-جىلد, 833-بەت؛ ھەيسەمى: 6-جىلد, 177-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى ئاچتى. ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىكىنىڭ يېپىۋېتىلىشىنى بۇيرىدى. بىر مۇددەت ئۇ يەردە قالدى. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد, 835-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد, 137-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىدىن چىقتى. پەتىھ خۇتبىسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

«ئوسمان قەيەردە؟» دەپ سورىدى.

ئوسمان ئىبنى تەلھە دەرھال ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

اِنَّ اللّٰهَ يَاْمُرُكُمْ اَنْ تُؤَدُّوا الْاَمَانَاتِ اِلٰٓى اَهْلِهَا وَاِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ اَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ اِنَّ اللّٰهَ نِعِمَّا يَعِظُكُمْ بِهٖ اِنَّ اللّٰهَ كَانَ سَمٖيعًا بَصٖيرًا

**«شۈبھىسىزكى, ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا**

**بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى! ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 58-ئايەت)

«ئى ئەبۇ تەلھە جەمەتى! ئاللاھتائالانىڭ ئامانىتىنى داۋاملىق سىلەردە قېلىش ۋە دۇرۇس ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىڭلار! ئۇنى زالىم بولمىغىچە ھېچكىم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ئالالمايدۇ! بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش كۈنىدۇر» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 31-32-بەتلەر؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 837-838-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 137-بەت)

بۇ ۋەقەدىمۇ كۆرۈلگەندەك، ئامانەتنىڭ ئۆز ئەھلىگە بېرىلىشى مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى ئامانەت ئۆز ئەھلىگە بېرىلگەن ۋاقىتلاردا، شەخس، ئائىلە ۋە دۆلەتتە خاتىرجەملىك داۋاملىشىدۇ، ئەكسىچە ئەھۋاللاردا بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقلارمۇ يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ. تارىخ بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان مىساللىرى بىلەن تولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامانەتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن؛

«ئامانەت ئەھلىگە بېرىلمىگەن ۋاقىتتا قىيامەتنى كۈتكىن!» (بۇخارى: «ئىلىم»، 2؛ ئەھمەد: 2-جىلد، 361-بەت)

خۇلاسە، ئامانەتنىڭ ئۆز ئەھلىگە بېرىلمەسلىكى قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۆزىدە بۇرۇندىن تارتىپ سىقايە (ھاجىلارغا سۇ ئىكرام قىلىش) ۋەزىپىسى بولغان ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھىجابە[281] ۋەزىپىسىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا:

«مەن سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ بەيتۇللاھقا ئەۋەتىدىغان يۇيۇقا ئوخشاش نەرسىلەردىن تۇرمۇشۇڭلارنى ئۆتكۈزىدىغان نەرسىنى ئەمەس، ھاجىلارنىڭ سۇ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بايلىقىڭلاردىن چىقىم

281. ھىجابە: كەبىنىڭ يوپۇقى ۋە ئاچقۇچىنى ساقلاش.

قىلىپ، ياخشىلىققا نائىل بولىدىغان قىيىن ۋەزىپىنى بېرىمەن!» دەپ، ھاجىلارغا سۇ ئىكرام قىلىش ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتتى.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تائىفتا بىر ئۈزۈم بېغى بار ئىدى. ئىسلامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇ يەردىن قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ، زەمزەمنىڭ ئىچىگە قوشۇپ ھاجىلارغا ئىكرام قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل ۋە نەۋرىلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 32-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد, 137-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد, 838-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەتىھنىڭ ئىككىنچى كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆرە تۇردى. ئاللاھتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى, ئاللاھ، ئاسمانلار بىلەن يەرنى، قۇياش بىلەن ئاينى ياراتقان كۈنى، مەككىنىمۇ دەخلى-تەرۇز قىلىنماس قىلدى. قىيامەت كۈنىگە قەدەر دەخلى-تەرۇز قىلىنمايدىغان ھالەتتە قالىدۇ. شۈبھىسىز, ئاللاھ پىل قوشۇنىنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇپ، رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەرنى مۇۋەپپەق قىلدى. مەككە مەندىن كېيىن ھېچكىمگە ھالال ئەمەس. مەككىنىڭ ئوۋ ھايۋانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، تىكەنلىرى كېسىلمەيدۇ، بىر نەرسە تېپىۋالغان كىشىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئېلىشىدىن باشقا، يۇتۇپ كەتكەن ياكى چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىش ھالال ئەمەس. بىر كىشىنىڭ يېقىنى ئۆلتۈرۈلسە ئىككى نەرسىنىڭ قايسىسى خەيرلىك بولسا ئۇنى تاللىيالايدۇ: دىيەت ۋە قىساس».

بۇنىڭ بىلەن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ئىزخىر (دەرىخنىڭ كېسىلىشى) بۇنىڭدى خالى بولسۇن. چۈنكى قەبرە ۋە ئۆيلىرىمىز ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىمىز" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئىزخىر بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ!» دېدى[282].

282. بۇخارى: «لۇقاتە»، 7، «مەغازى»، 53؛ ئەھمەد: 4-جىلد, 31-32-بەتلەر، 2-

مەككىنىڭ پەتھە قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرەمدە ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دادىسى ئەبۇ قۇھافەنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈشى بىلەن:

- ئى ئەبۇ بەكرى! ياشانغان داداڭنى بۇ يەرگىچە ئەكەلمىسەڭ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلسەم بولمامدۇ؟ - دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ سىنىڭ يېنىڭغا كېلىشى سىنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىڭدىن تېخىمۇ مۇناسىپ. - دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ قۇھافەنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى، قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

«ئەبۇ قۇھافە! مۇسۇلمان بول، سالامەت بولىسەن!» دېدى.

ئەبۇ قۇھاپە مۇسۇلمان بولدى، سەممىي ھالدا شاھادەت ئېيتتى. (ئىبنى سائاد: 5 - جىلد, 451 - بەت)

ئەبۇ قۇھافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيئەت قىلىش ئۈچۈن قولىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قولىغا ئۇزاتقاندا پەيغەمبەر ئاشىقى ئەبۇ بەكرى

---

جىلد, 238 - بەت.

ئىزخىر: مەككە مۇكەررەمەدە ئۆسىدىغان كەڭرى ياپراقلىق ۋە خۇشپۇراقلىق بىر ئۆسۈملۈكتۇر. ھايۋانلارغا يەم قىلىپ بېرىلگەندەك ئۆي ۋە قەبرىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. فىقھ ئالىملىرى ھەرەم رايونىدا كېسىلىشى چەكلەنگەن دەرەخلەرنى "ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ چىققانلار" دەپ خاتىرىلىگەن. ئىنسان ئەمگىكى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەنلەرنىڭ كېسىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلغان، كوپ قىسىم ئۆلىمالار جائىز ئىكەنلىكىگە قانائەت كەلتۈرگەن. مىسۋاك كېسىشنىڭ دەرەخكە زىيان يەتكۈزمەي يوپۇرماق ۋە مېۋىسىنىڭ ئۈزۈلۈشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. (ئىبراھىم جانان: «ھەدىس ئېنسىكلوپېدىيىسى» 12 - جىلد، 525 - 526 - بەتلەر)

مەدىنە ھەرەم رايونىدىكى يېشىل دەرەخ ياكى ئوتلارنىڭ ئېھتىياج چۈشكەن كېسىلىشى جائىز كۆرۈلگەن. مەدىنە تېرىقچىلىق رايونى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ مەسىلىدە رۇخسەت سورالغان ۋە ئۇلارغا مەككە ھەرىمىدىكى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن كېسىلىشىگە رۇخسەت بېرىلگەندەك، مەدىنىدە تېخىمۇ رۇخسەت بېرىلگەن. يەنە مەدىنە سىرتىدىكى ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئوۋلىنىشىمۇ ئەركىن قويۇۋېتىلگەن. (ھەمدى دۆندۈرەن: «شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» "ھەرەم" مەدىنە).

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيرانلىق بىلەن نىمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىغاندا، ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆز ياشلىرى ئىچىدە:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئۇزىتىلغان شۇ قول دادامنىڭ قولى ئەمەس، سىنىڭ تاغاڭ ئەبۇ تالىبنىڭ قولى بولسا ئىدى، بۇ ۋەسىلە بىلەن ئاللاھتائالا مىنىڭ ئورنۇمغا سىنى سۆيۈندۈرگەن بولسا، قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتىم. چۈنكى سەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىڭ" دىدى. (ھەيسەمى: 6ـ جىلد , 174ـ بەت)

مانا بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىدىن پايدىلىنىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدا پانى بولۇشنىڭ ئاجايىب بىر مەنزىرىسى. بۇنىڭدەك ھەيرانلىق، ئىھتىرام ۋە مۇھەببەت زامانىنى ئەجىبا تارىخ قانچە قىتىم كۆرگەندۇ؟

## تەڭداشسىز ۋاپا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەتھىتىن كىيىن مەككىدە ئون بەش كۈن قالدى. بۇ ئارىدا ئەنسارلاردىن بەزىلىرى ئەندىشە قىلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە قايتىدىغان ياكى قايتمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىشىۋاتاتتى. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇبارەك يەرنىڭ پەتھىنى نىسىپ قىلغان ئىدى. سەفا ئىگىزلىگىدە دۇئا قىلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى سەزدى. دۇئادىن كىيىن ئۇلارنىڭ يىنىغا كىلىپ:

ـ نىمە ھەققىدە پاراڭلاشتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇلار قايغۇلىرىنى تىلغا ئالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپا ئۆرنىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دىدى:

ـ ئى ئەنسارلار! ئۇنداق بىر ئىش قىلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. مەن سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا ھىجرەت قىلدىم. ھاياتىم ھاياتىڭلار , ئۆلۈمۈم سىلەرنىڭ يىنىڭلاردا بولىدۇ.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئەنسارلارنىڭ ئەندىشىسى قالمىدى. (مۇسلىم: «جىهاد» ، 84، 86؛ ئەھمەد: 2 ـ جىلد , 538 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككىنىڭ پەتھىدىن كېيىن ئاللاھقا بولغان شۈكرانىسىنى تېخىمۇ زىيادىلەشتۈرۈپ:

سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ

«مەن ئاللاھنىڭ زاتىنى ھەر تەرەپتىن، يەنى ئۇنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىشلىرىدا، ئىسىملىرىدا ئۇنىڭ شەنىگە لايىق بولمىغان پۈتۈن نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن. ئۇنىڭغا لايىق ماختاش بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئاللاھتىن مېنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەن زىكرنى نامازىدا، بولۇپمۇ رۇكۇ ۋە سەجدىسىدە كۆپ ئوقۇشنى باشلىغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز:

«رەببىم ماڭا ئۈممىتىمدە بىر ئالامەت كۆرىدىغانلىقىمنى، ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىمدا بۇ زىكرنى كۆپ ئېيتىشىمنى بۇيرىغان ئىدى. مەن ئۇ ئالامەتنى كۆردۈم» دېدى. (مۇسلىم: «سەلات» ، 220)

سۈرە نەسردە ئۆزگە ياردەم ۋە پەتىھ كەلگەندە، ئىنسانلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، تەسبىھ ۋە ئىستىغفار ئېيتىشى بۇيرۇلدى.

سۈرە نەسردە تىلغا ئېلىنغان "نەسر: ياردەم" سۆزىنىڭ پۈتۈن ئەرەبلەرگە ئۈستۈن كېلىشكە، "پەتىھ" سۆزىنىڭ مەككىنىڭ پەتھىگە ئىشارەت قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. "پەتىھ" سۆزىنىڭ "ئېچىش" دېگەن مەنىسىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىنىڭ پەتھىگە "فەتھۇل فۇتۇھ" دەپ ئىسىم بەرگەن. چۈنكى بۇ يەردىكى پەتىھ پەقەت دۈشمەن قولىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئېلىنىشىدىن ئىبارەت بولماي، مەسجىدى ھەرەمنىڭ كونتروللۇقى ۋە كەبىنىڭ پەتھى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا كۆڭۈلنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا، ئىسلام دەرۋازىسىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئېچىلىشىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ كۈنى

شەھەردىن بەكرەك كۆڭۈللەرنى پەتىھ قىلدى. بۇ سەۋەبتىن مەككىنىڭ پەتىھ قىلىنىشى ئىسلام پەتىھلىرىنىڭ باشلانغۇچى دەپ قوبۇل قىلىنىدى. پۈتۈن ئەرەبىستان ۋە ئۇ يەردىن پۈتۈن جاھانغا تارقالغان ئىسلامنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي پەتىھلىرى كەبە ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن باشلاندى. چۈنكى پۈتۈن قەبىلىلەر ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن مەككىنىڭ پەتھىنى كۈتۈپ:

"ئۇنى قەۋمى بىلەن يالغۇز قويۇپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ئۈستۈن كېلەلىسە ئۇ پەيغەمبەردۇر" دەيتتى. (بۇخارى: «مەغازى»، 53)

ھەسەن بەسرىدىن نەقىل قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتىھ قىلغاندا، ئەرەبلەر:

"ئاللاھتائالا مەككىلىكلەرنى پىل ئىگىلىرىنىڭ قوشۇنىدىن قوغدىغان ئىكەن، مادامىكى, مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە ئۈستۈن كەلدى، ئۇ ھالدا سىلەرنىڭ قولۇڭلار ئۇنىڭغا ھەرگىز يەتمەيدۇ" دەپ، توپ-توپ بولۇپ ئاللاھنىڭ دىنىغا كىردى. (ئەلمالىلى: 9-جىلد, 6236-دىن 6238-بەتلەرگىچە)

## ھۇنەين غازىتى

(ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 11-كۈنى / مىلادى 630-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ پەتھىدىن كېيىن پەقەت كەبىدىكى بۇتلارنى چېقىش بىلەنلا كۇپايە قىلمىدى. ئەتراپتىكىلەرنىمۇ يوق قىلىش ئۈچۈن گۇرۇپپىلار تەشكىللەپ, شېرىكنىڭ جانسىز تاشلىرىنى خاراب قىلىشقا ئەۋەتتى. يەنى بىر تەۋھىد تازىلىقى باشلىدى[283]. لېكىن بۇ ئەھۋالنى

283. ۋاقىدى: (3-جىلد 873-بەت) خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇززا دېگەن بۇتنى چېقىپ، مەككىگە قايتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنى 350 كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ بېشىدا، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بەنى جەزىمە قەبىلىسىگە ئەۋەتتى. ھەزرىتى خالىد، بۇ ھەرىكەتتە بىر خاتالىق سەۋەبىدىن ئوتتۇز كىشىنى ئۆلتۈردى. خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق قايغۇردى. قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ ئىككى قېتىم: «ئى ئاللاھ! خالىدنىڭ قىلغان ئىشىدىن يىراق ئىكەنلىكىمنى ساڭا بىلدۈرىمەن!» دەپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى. ھەزرىتى

ھۆنەيندە ياشايدىغان ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن تائىفتا ئولتۇراقلاشقان بەنى سەقىف قەبىلىسى كۆتىرەلمەي، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك بىر قوشۇن تەييارلىدى. ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشقا چىققانلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسىلىرىنى يېنىغا ئېلىۋالدى[284].

ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قوشۇنىغا مەككىدىن يەنە ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قوشۇپ, ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. نەقەدەر ھېكمەتلىك بىر تەجەللىدۇركى، قوشۇندا يىللارچە شېرىك نامىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ئۇلارغا مىڭلارچە ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككۈزگەن ئەبۇ سۇفيانمۇ بار ئىدى. ئەمدى بولسا ئىسلام سەپلىرىنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن ئۇرۇشاتتى. ھەتتا مەككىلىك سەكسەنگە يېقىن مۇشرىكمۇ قوشۇنغا قوشۇلغان ئىدى[285].

مۇسۇلمانلار قوشۇنى ھەرقايسى جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇپ، كۆز قاماشتۇرىدىغان ھەيۋەت بىلەن ھۆنەينگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ھەممەيلەن ھازىرغا قەدەر بۇنىڭدەك قوراللانغان ۋە تەشكىللەنگەن بىر قوشۇننىڭ

ئەلنى يېتەرلىك مىقداردا پۇل بىلەن بەنى جەزىمە قەبىلىسىگە ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ دىيەتلىرىنى تۆلەتتى. ھەزرىتى ئەلى، غەنىمەت سۈپىتىدە ئېلىنغان ۋە بۇزۇۋېتىلگەن پۈتۈن ماللارنى ھەتتاكى ئىتلارنىڭ سۇ ئىچىدىغان قاچىسىدىن تارتىپ تۆلەپ بەردى. ئېشىپ قالغان پۇللارنىمۇ ئېھتىماللىققا ئىگە زىيانلار ئۈچۈن بەنى جەزىمە قەبىلىسىگە بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەندە، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز: «ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ، توغرا قىلىپسەن!» دېدى. (بۇخارى: «مەغازى» 58، «ئەھكام» 35؛ نەسەئى: «ئەدەبۇل قۇزات» 16؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 53 ـ 57؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 875 ـ 884 ـ بەتلەر) بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىگە بولغان چوڭقۇر شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ ئۈپۈقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ، خالىقنىڭ نەزىرى بىلەن مەخلۇقاتقا نەزەر سېلىش ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ. چېقىلغان ئىتنىڭ قاچىسى چاغلىق نەرسىلەرنىڭمۇ تۆلەپ بېرىلىپ ھايۋانلارنىڭ ھەقلىرىگىمۇ رىئايە قىلىنىشى، بىز ئۈچۈن نېمىدېگەن بۈيۈك ئۆرنەك.

284. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 65 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 150 ـ بەت.

285. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 68 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 890 ـ بەت

ئەرەبستان زېمىنىدا كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى ئويلىدى. بۇ ئەھۋال ساھابە-كىرامنىڭ كۆڭلىنى مەغرۇرلۇققا ئۈندىرىپ:

"بۈگۈن بىز قوشۇن ئەسلا يېڭىلمەيدۇ!" دەپ، دۈشمەننى كىچىك سانىشىغا ۋە ماددىي كۈچكە ئىشىنىپ , غەلىبىگە مۇتلەق كۆز بىلەن قارىشىغا سەۋەب بولدى. مانا بۇ بىردەملىك مەغرۇرلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاھىي ئىمتىھانغا تۇتۇلىشىغا سەۋەب بولدى.

ئىسلام قوشۇنى ھۇنەينگە كىرىدىغان تار يوللاردا خاتىرجەم ئىلگىرىلەۋاتقاندا، تاڭ سۈزۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز توزاققا چۈشۈرۈلدى. قورقۇنچ ئاشكارە بولدى. مۇسۇلمانلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئاستىدا قالدى. ئىسلام قوشۇنىدا ئىككىلىنىش ۋە تەشۋىش بىلەن تولغان بىر قالايمىقانچىلىق باش كۆتەردى. بۇ ئارقىدىن كەلگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى بىلەن مۇسۇلمان سەپلىرى پارچىلىنىپ چېكىندى. ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىمۇ ئۇلارنى قوغلاشقا باشلىدى.

ئۇ دەھشەتلىك ئالا-تۇپىلاڭ ئىچىدە ئورنىدىن ئايرىلمىغان، داۋاملىق دۈشمەننىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە مىنگەن ھايۋاننى داۋاملىق ئالدىغا ھەيدەپ ئۆزىنى دۈشمەننىڭ ئىچىگە ئاتقان يالغۇز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولدى. ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسلىسىز جاسارەت ۋە شىجائەت نەمۇنىسى كۆرسەتتى. ھەتتا تاغىسى ھەزرىتى ئابباس ۋە ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭ جېنىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن , ئۇنىڭ ئۇلىقىنىڭ تىزگىنىنى تۇتىۋېلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تىرىشتى[286].

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قالايمىقانچىلىقى داۋاملاشتى. ئارىلىرىدا:

"بۈگۈن سېھىر بۇزۇلدى" دەپ، پەرياد قىلغانلاردىن:

286. مۇسلىم: «جىھاد»، 76.

"بۇ بۇزۇلۇشنىڭ ئارقىسى دېڭىزغىچە بارمايدۇ!" دېگەنلەرگە قەدەر ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەنلەر بار ئىدى. مەككىلىكلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئارىسىدا:

"ھەزرىتى مۇھەممەد ئۆلدى. ئەرەبلەر بۇرۇنقى دىنلىرىغا قايتىدۇ!" دېگەن سۆزلەرمۇ ئاڭلاندى.

ھالبۇكى , پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساق ئىدى ۋە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆلىقىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇردى. ئاللاھقا تەۋەككۇل ۋە تەسلىم بولۇش بىلەن ساھابىلىرىغا خىتاب قىلىپ:

«ئى ئەنسارلار! ئى مۇھاجىرلار! ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بۇ يەرگە كېلىڭلار! مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىمەن!»

كېيىن ئاۋازى يۇقىرى چىقىدىغان تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىشارەت قىلىپ، ئىسلام قوشۇنىغا خىتاب قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى بۇيرىدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

"ئى كەبىدە بەيئەت قىلغانلار! ئى دەرەخ ئاستىدا رىزۋان بەيئىتىدە سۆز بەرگەنلەر! (يۈگۈرۈڭلار)، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بۇ يەردە!" دەپ ۋارقىردى.

بۇ دەۋەتنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: "لەببەيكە لەببەيكە" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. بۇنىڭ بىلەن مەيىن بىر شامال بىلەن تارقىلىپ كەتكەن پەرۋانىلەرنىڭ يەنە جان جەھلى بىلەن نۇرنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقىنىغا ئوخشاش بىر غەيرەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىدا سەپ تۈتۈشقا باشلىغان مۇئمىن كۆڭۈللەر ئۇلار چۈشۈپ قالغان قورقۇنچتىن چىقىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ئىسلام سەپلىرى ئەسلىگە كېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قوللىرىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئېچىپ:

«ئى ئاللاھ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

خۇددى بەدىر ئۇرۇشىدا قىلغانىدەك يەردىن مۇبارەك قوللىرى بىلەن بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ, دۈشمەن سەپلىرىگە قارىتىپ چاچتى ۋە ساھابىلىرىغا: «قېنى ئەمدى راستچىللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىڭلار!» دېدى. (مۇسلىم: «جىھاد» ، 76 ـ 81؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد , 157 ـ بەت ، 5 ـ جىلد , 286 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد , 72 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد , 897 ـ 898 ـ بەتلەر)

بۇ قېتىم ئىسلام قوشۇنى ئۇرۇشنى يېڭى باشلىغانىدەكلا تېز سۈرئەت بىلەن مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ھۇجۇملار بىلەن قىسقا ۋاقىتتىلا دۈشمەننى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مۇسۇلمانلاردىن پەقەت تۆت كىشى شېھىد بولدى، مۇشرىكلاردىن يەتمىش كىشى ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەن شۇنداق مەغلۇب قىلىندىكى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن نەرسىلىرى مۇسۇلمانلارغا قالدى. ھېسابسىز غەنىيمەت قولغا چۈشتى[287].

شۈبھىسىزكى, بۇ ئەھۋال ئاللاھتائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلغان بۈيۈك مەرھەمىتى ۋە ئىكرامى ئىدى. چۈنكى ئۇلار باشتا يېڭىلەي دەپ قالغان بىر ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىجائەت، جاسارەت ۋە جانابى ئاللاھقا چىن كۆڭۈلدىن ئىلتىجا قىلىشى بىلەن غەلىبىگە نائىل بولدى. ئاللاھتائالا بۇ ھەقىقەتنى قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّٰهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ اِذْ اَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْـًٔا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْاَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ ثُمَّ اَنْزَلَ اللّٰهُ سَكِينَتَهُ عَلٰى رَسُولِهِ وَعَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَاَنْزَلَ جُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَذٰلِكَ جَزَٓاءُ الْكَافِرِينَ

**«ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەيىن كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار. (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز**

287. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد , 79 ـ بەت.

**كۆپ , مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار. بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى.(قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قۇشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار) ئاللاھ كافىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كافىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 25 ـ 26 ـ ئايەت)

دەرۋەقە , ئۇ كۈنى مۇشرىك سەپلىرىدە بولۇپمۇ كېيىن ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھتائالانىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان بۇ ياردىمىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىگە ئۇ ۋاقىتتا قەدەر ھېچ كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ئېتىراپ قىلغان[288].

مەغلۇپ بولغان ھەۋازىن قوشۇنلىرىدىن بىر قىسمى تائىفقا، بىر قىسمى نەھلىگە كەتتى، يەنە بىر قىسمى ئەۋتاستا بارگاھ قۇردى[289].

ھۇنەين غازىتىدا غەلىبە قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاش بۇيرۇقىنى بېرىپ، ئەسىر ۋە غەنىيمەتلەرنى جىئرانىگە يوللىدى. ئارقىدىن، بۇ ھەرىكەتنى تاماملاش ئۈچۈن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنىڭ تاغىسى ئەبۇ ئامىرنىڭ قوماندانلىقىدا بىر ئەترەتنى ئەۋتاس ۋادىسىغا ئەۋەتتى، ئۆزى ئىسلام قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە تائىفقا قاراپ يولغا چىقتى.

288. ئەھمەد: 5 ـ جىلد , 286 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 6 ـ جىلد , 182 ـ 183 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد , 79 ـ بەت.
289. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد , 84 ـ بەت.

## ئەۋتاس ئۇرۇشى

(ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى شەۋۋال ئېيى / مىلادى 630 - يىل 2 - ئاي)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تائىفقا يۈرۈش قىلىش سەۋەبى بىلەن بىۋاستە قاتناشمىغان بۇ ئۇرۇشتا، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەبۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد بولدى، بۇنىڭ باراۋىرىدە دۈشمەن قوماندانىمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەبۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىلىنىپ ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە، جىيەنى ئەبۇ مۇساغا:

"ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا مەندىن سالام ئېيت! مېنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىسۇن!" دېدى.

تاغىسىنىڭ شېھىد بولۇشى بىلەن قوماندانلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھۇجۇمنى ياخشى ئىدارە قىلىپ ئىسلام بايرىقىنى ئەۋتاستا غەلىبە بىلەن لەپىلدەتتى. قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا تاغىسىنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى ۋە ۋاپاتى ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۇ تەلەپ قىلىپ تاھارەت ئالدى، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

"ئى ئاللاھ! بەندەڭ ئەبۇ ئامىرغا مەغفىرەت قىلغىن! ئۇنى قىيامەت كۈنىدە شۇ ياراتقان ئىنسانلاردىن يۇقىرى بىر ماقامغا ئېرىشتۈرگىن!" دەپ ،ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئەبۇ مۇسانىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 55)

## تائىف مۇھاسىرىسى

(ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى شەۋۋال ئېيى / مىلادى 630 - يىل 2 - ئاي)

ھىجاز رايونىنىڭ دۇنيا جەننىتى دەپ سانىلىدىغان بىر شەھىرى بولغان تائىف، بىر ئېگىزلىك ئۈستىگە بىنا قىلىنغان مۇستەھكەم بىر قەلئەگە ئىگە

. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاسىرە كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى.

بۇ مۇھاسىرە بىر زامانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان زۇلۇمنىڭ ئىنتىقامى ئەمەس، ھۇنەيىن ئۇرۇشىنىڭ داۋامى ئىدى. چۈنكى, ھۇنەيىندىن قاچقانلار ئۇلارنىڭ رەئىسى مالىك ئىبنى ئەۋف بىلەن ھەممىسى تائىف قەلئەسىگە كىرىۋېلىپ، بەنى سەقىف بىلەن بىللە يەنە بىر مۇداپىئە ئۇرۇشىغا تەييارلانغان ئىدى.

مۇھاسىرىدە بىر قىسىم تاكتىكا ئىشلىتىلىپ، يېڭى ئۇرۇش ۋاستىلىرى قوللىنىلدى. لېكىن تائىف مۇستەھكەم بىر قەلئە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇجۇملارغا بەرداشلىق بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۈشمەننى قەلئە سىرتىغا چىقىرىش مۇمكىن بولمىدى. ھەتتا خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇلاردىن چېلىشىش ئۈچۈن بىر ئەر تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار جاۋابەن:

”قەلئەيىمىزدە ساقلا قارشى تۇرالايدىغان ھېچكىم يوق!“ دەپ، تۇرۇۋاتقان يېرىدىن بىر كىشىنىمۇ سىرتقا چىقارمىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«دۈشمەن تۈلكىگە ئوخشاش ئۇۋىسىغا كىرىۋالدى. ئەمدى ئۆز ئەھۋالىغا قويۇۋېتىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىر زىيان كەلمەيدۇ!» دەپ، مۇھاسىرە بىكار قىلىنغان ئەھۋالدىمۇ ئۇلاردىن ھېچقانداق زىيان كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلدى. چۈنكى, ئۇ تاجاۋۇزچى ئەمەس، بەلكى رەھمەت ۋە تەبلىغ پەيغەمبىرى ئىدى. مەككىلىكلەرگە بولغىنىدەك، تائىفلىقلارنىڭمۇ ھىدايەتكە ئېرىشىشىگە ۋەسىلە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. دەرۋەقە, ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تائىف مۇھاسىرىسىدە مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيان سالغان سەقىف قەبىلىسىگە بەددۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن رەھمەت پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! سەقىفكە ھىدايەت ئاتا قىل! ئۇلارنى بىزگە ئەۋەتكىن!» دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، ئۇ يەردىن ئايرىلدى. نەتىجىدە بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن قىسقا مۇددەتتىن كېيىن سەقىفلىكلەر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد, 134-بەت؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 73/3942)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتتىن ئىلگىرى ئۆزىگە قاتتىق ئەسكىلىك قىلغان، تاش بوران قىلىپ ھەر تەرىپىنى قان ئېچىدە تاشلاپ قويغان بىر قەۋمگە بەددۇئا قىلمىغىنىدەك ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى ئىشتىياق بىلەن ئارزۇ قىلدى. دەرۋەقە، بىر يىل كېيىن كېلىپ مۇسۇلمان بولغانلىرىدا، تەرىپلىگۈسىز خۇشاللىققا غەرق بولۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ نەچچە كۈنگىچە بىرگە بولدى.




بۇ مۇھاسىرىنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ زور غەلىبىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلئەدىكى قۇللارغا مۇسۇلمان بولغان تەقدىردە ھۆرلۈككە

ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشى بىلەن كۆپلىگەن قوۋملار دۈشمەن سەپلىرىدىن قېچىپ ئىسلامنى تاللاپ ھىدايەتكە ئېرىشى ئىدى[290].

ئەبۇ زۇرئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبىرىمىز تائىف سەپىرى ئەسناسىدا "قەرنۇل مەنازىل" دېگەن جايدىن ئايرىلىپ ئۇلىقىغا مىنمەكچى بولغاندا تۆگىسى قەسۋانى تەييارلىدىم. قەسۋانىڭ چۇلۋۇرىنى قولۇمدا تۇتتۇم، ئۈستىگە مىنىپ بولغاندىن كېيىن چۇلۋۇرنى قولىغا بەردىم ۋە ئارقىسىغا مىندىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنى ماڭغۇزۇش ئۈچۈن تۆگىنىڭ ئارقىسىغا قامچىسى بىلەن ئۇراتتى، ھەر ئۇرغاندا قامچا ماڭىمۇ تېگەتتى. كېيىن ماڭا قاراپ:

- قامچا ساڭىمۇ تېگىۋاتامدۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! - دېدىم.

جىئرانەگە چۈشكەندە بىر بۇلۇڭدا پادىلار تۇراتتى. غەنىمەت ماللىرىنىڭ بېشىدا تۇرغان مەمۇردىن ئۇلار ھەققىدە بىر نەرسە سورىدى. مەمۇر سورالغان نەرسىلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەبۇ زۇرئە قايەردە؟ - دەپ سورىدى.

- مانا مەن بۇ يەردە! - دېدىم.

- بۇ پادىلارنى ئالغىن! ئاخشام ساڭا تەگكەن قامچىلارنىڭ بەدىلى! - دېدى. سانىغىنىمدا، ئۇ پادىلارنىڭ 120 تۇياق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆزەمنىڭ بولغان ۋە ئەڭ كۆپ پايدىلانغان مېلىم مانا شۇلار ئىدى" (ۋاقىدى: 3-جىلد, 939-بەت)

بۇ ۋەقەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ ھەققى مەسىلىسىدە كۆرسەتكەن ئەستايىدىللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

290. بۇخارى: «مەغازى»، 56.

## غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىف مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلام قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە غەنىيمەت ۋە ئەسىرلەر توپلانغان جىئرانەگە كەلدى. بۇ پەيتتە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىمۇ ئەۋتاس ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ ئۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. ئىسلام قوشۇنى پۈتۈن دۈشمەنلىرىنى بىرتەرەپ قىلىپ، نۆۋەت غەنىيمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا كەلدى. قىلىنغان ئۇرۇشلاردا يىگىرمە تۆت مىڭ تۇياق تۆگە، قىرىق مىڭ تۇياق قوي ۋە ئۆچكە، تۆت مىڭ ئۇقىيە كۈمۈش قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە مىڭ كىشى ئەسىرگە ئېلىندى[291].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنداق دېدى:

«يېنىدا غەنىيمەت مېلى بولغانلار يىڭنىدىن يىپ چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ھەممىسىنى قايتۇرسۇن! ياخشى بىلىڭلاركى، غەنىيمەت مېلىغا خىيانەت قىلىش ئىگىسى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئار-نومۇستۇر، ئوتتۇر!» (مۇۋەتتا: «جىھاد»، 22؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 316-بەت)

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەسىرلەر ئارىسىدا ئىملداش سىڭلىسى ھەزرىتى شەيمانىڭ بارلىقى خەۋەر قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان ئۇنى يېنىغا ئەكەلدۈرۈپ تونىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا سالدى. سەھرادا بىللە چوڭ بولغان بۇ قىممەتلىك ئىملداش سىڭلىسىغا بۈيۈك بىر ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھالدا:

- خوش كەلدىڭ! - دېدى. بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەپ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئاتا-ئانىسىنى سورىدى. شەيما ئۇلارنىڭ بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەققىدىمۇ سورىدى. كېيىن:

291. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 152-بەت.

ـ خالىساڭ، مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت كۆرۈپ يېنىمدا قال! خالىساڭ، ساڭا مال ـ مۈلۈك بېرىپ قەبىلەڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتەي. قايسىنى خالىساڭ شۇنى قىلىمەن. ـ دېدى. شەيما:

ـ سەن ماڭا مال بەر ۋە قەۋمىمنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىن. ـ دېدى. ئارقىدىن مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەيما خانىم ۋە ئائىلىسىدىن ھايات بولغانلارغا قوي، تۆگە بەردى. شەيما خانىمغا يەنە ئايرىم ھالدا بىر ئەر بىر ئايال قۇل بەردى. شەيما ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۆيلەندۈردى. (ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد, 91 ـ 92 ـ بەتلەر؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد, 913 ـ بەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈردى. بۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەنلەر بۇ ئەھۋالدىن شىكايەت قىلدى. سەھرالىق بەدەۋى ئەرەبلەر غەنىيمەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى زورلاپ تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئاستىدا توختاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تونى دەرەخكە ئىلىنىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنى توختۇتۇپ:

«تونۇمنى ماڭا بېرىڭلار! ئەگەر سىلەر كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ دەرەخلەردەك ئۇلاقلىرىم بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئۈلەشتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. سىلەر مېنىڭ پىخسىق، يالغانچى ۋە قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمنى كۆرەتتىڭلار!» دېدى. (بۇخارى: «جىھاد»، 24)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ئۈستىگە توپلىشىۋېلىپ شۇ قەدەر بىئارام قىلدىكى، نىھايەت (ئىلگىرىكى بىر پەيغەمبەرنى تىلغا ئېلىپ):

« ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن بىر بەندىنى ئۇنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەنىدى. قەۋمى ئۇنى ئۇرۇپ باشلىرىنى يېرىۋەتكەندە، ئۇ بەندە پېشانىسىدىن ئاققان قاننى قولى بىلەن سۈرتىسە ھەمدە: "ئى رەببىم قەۋمىمنى ئەپۇ قىلغىن!

چۈنكى , نېمە قىلغانلىقنى بىلمەيدۇ“ دەپ دۇئا قىلاتتى» دېدى. (ئەھمەد: 1 ـ جىلد , 456 ـ بەت؛ مۇسلىم: «جىھاد» ، 105 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ئىشىدا ئالدىرىماسلىقتىكى ھېكمەت جىئرانەگە كېلىپ ئوننچى كۈنى ئاشكارىلاندى. مەغلۇپ بولغان ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بىر ھەيئەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ ۋەسىلە بىلەن ئەسىر ۋە ماللىرىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەسنادا بەنى سەئىد جەمەتىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ سايىدا تۇرۇۋاتقانلار سېنىڭ ئىملداش تاغىلىرىڭ، ھاممىلىرىڭ ۋە ساڭا سۈت ئەمگۈزۈپ باققان ئاياللاردۇر! ئەگەر بىز شام ياكى ئىراق پادىشاھىنى ئەمدۈرگەن بولساق ۋە ھازىرقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئېھسانىنى تىلىگەن بولساق، بىزدىن ئايىمايتتى. ھالبۇكى، سەن ئەمدۈرۈلۈپ بېقىلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«مەن غەنىيمەت تەقسىم قىلىشنى بۈگۈنگە قەدەر كېچىكتۈردۈم. ئەمما سىلەر بەك كېچىكىپ قالدىڭلار! ئەمدى ئەسىرلىرىڭلار ياكى ماللىرىڭلاردىن بىرىنى تاللاڭلار!»

بۇنىڭ بىلەن ھەيئەت ئەسىرلىرىنى تاللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن سىلەرگە، ماڭا ۋە ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىگە تەقسىم قىلىنغان ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. باشقىلىرى ئۈچۈن ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن يېنىمغا كېلىڭلار!» دېدى.

ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا مەسىلىنى چۈشەندۈردى. ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىگە تەككەن ئەسىرلەرنىمۇ بېرىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«سىلەردىن كىمكى ئەسىرلىرىنى بەدەلسىز، كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن قايتۇرۇپ، قېرىنداشلىرىنى خۇشال قىلىشنى ياخشى كۆرسە، شۇنداق

قىلسۇن! كىمكى ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسا، بۇنى ئاللاھ ئاتا قىلىدىغان تۇنجى غەنىمەت بىلەن ئۆتەيمىز. خالىغان كىشى بۇنداق قىلسۇن!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى ئەسىرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ھەققى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەسىرلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئۇلاردىنمۇ بۇنى تەلەپ قىلىشى بىلەن پۈتۈن ساھابىلارمۇ بۇ پەزىلەتتىن نېسىۋىسىنى ئېلىش ئۈچۈن خۇشاللىق ئىچىدە:

"بىزمۇ ئەسىرلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بېرىۋەتتۇق!" دېدى.

(بۇخارى: «مەغازى»، 54؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 134 ـ 135 ـ بەتلەر)

بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى ھەۋازىنغا مىڭلارچە ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىر نەرسە ئېلىنماي قايتۇرۇپ بېرىلدى. تارىخ بۇنداق بىر مەنزىرىنى ھېچبىر زامان كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەمما ھازىر كۆرۈۋاتاتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتكە سىڭدۈرگەن ئىسلام ئەخلاقى سايىسىدە بىر مىنۇت ئىچىدە ئالتە مىڭ ئەسىر شەرتسىز قويۇۋېتىلدى.

بۇ ئەھۋال ئەمگەن سۈتىنىڭ ھەققىگە قىلىنغانلىنىڭ ۋاپانىڭ نامايەندىسىدۇر! زالىم بىر جەمئىيەتكە بىر پەزىلەت دەرسىدۇر! ھالبۇكى، ئىنسان ئىزلىرى يوقاپ كەتكەن ياخشىلىقلارنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. "ۋاپا" كۆپىنچە لۇغەت كىتابلىرىدىكى بىر سۆز بولۇپ قالىدۇ.

بۇ تەڭداشسىز پەزىلەت نەتىجىسىدە پۈتۈن ھەۋازىنلار ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ھەتتا ئۇ ۋاقىتتا تائىفتا تۇرۇۋاتقان قەبىلىنىڭ رەئىسى مالىك ئىبنى ئەۋفمۇ ئەھۋالنى بىلىپ ھەيران قالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىشى بىلەنلا ئۇمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش شەرىپىگە نائىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يۈز تۆگە بېرىپ يەنە قەبىلىسىگە رەئىس قىلدى[292].

292. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 137 ـ 138 ـ بەتلەر

بۇ يەردىن ئېلىنىدىغان ساۋاق ئەڭ گۈزەل تەبلىغنىڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدىغانلىقىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا پاراسەت بىلەن قىلىنغان ئىلمىي سىياسەتنىڭ نەقەدەر بۈيۈك بىر بەرىكەتكە ۋەسىلە بولىدىغانلىقىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەقىلسىزلارچە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان زىيىنىمۇ شۇ قەدەر بۈيۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى ئادىل تەقسىم قىلدى. غەنىيمەت بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنۈپ، تۆت ئۈلۈشى ئەسكەرلەرگە بېرىلدى، بىر ئۈلۈشى بەيتۇلمالغا قويۇلدى. بەيتۇلمالنىڭ ئىشلىتىلىشى خالىغان شەكىلدە بولۇش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بىر ھەق ئىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن بۇنى ئالدىدىكى تۆگىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇپ ئېلىپ ساھابىلىرىغا مۇنداق دېدى:

«مېنىڭ سىلەرنىڭ غەنىيمەتلىرىڭلار بىلەن بىر تۆگە ئەمەس، ئۇنىڭ بىر تال تۈكىچىلىكمۇ ئالاقەم يوق، نېمە ئۈچۈن سەۋر قىلالمايسىلەر؟ غەنىيمەت ماللىرى شۇ ۋادىنىڭ (تاشلىرى ۋە) دەرەخلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى سىلەرگە تارقىتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەشتە بىرىنى ئايرىسام، ئۇمۇ يەنە سىلەرنىڭ كەمبەغەللىرىڭلارغا سەرپ قىلىنىدۇ» (مۇۋەتتا: «جىھاد»، 22؛ ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 316 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنىڭ ئىلاھىي بايان بىلەن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بەشتە بىر قىسمىدىن كۆڭۈللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىشى كېرەك بولغان كىشىلەرگە كۆپلەپ بەردى. بۇلاردىن ھاكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىيمەت ماللىرىدىن بىر مىقدار بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم، يۈز تۆگە بەردى. يەنە بىر ئاز تەلەپ قىلدىم، يەنە يۈز تۆگە بەردى. يەنە تەكرار تەلەپ قىلدىم، يەنە يۈز تۆگە بەردى. كېيىن:

– ئى ھاكىم! ھەقىقەتەن بۇ مال تاتلىقتۇر. كىم ئۇنى ھېرىس قىلماستىن ئالسا، ئۇ مالدا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. كىمكى ئۇنى كۆز تىكىپ ھېرىسمەنلىك بىلەن ئالسا، ئۇ مالنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. بۇ يەپ تويمايدىغان بىر كىشىگە ئوخشايدۇ. بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشىدۇر، – دېدى.

بۇنىڭ بىلەن، مەن:

– ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھاياتلا بولسام سەندىن باشقا ھېچكىمدىن بىر نەرسە قوبۇل قىلمايمەن، – دېدىم.

ھاكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن ئىككى يۈز تۆگىنى ئالدى، قالغىنىنى قويۇپ قويدى. بىر كۈنى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەنىيمەت مېلىدىن ئۈلۈشىنى بېرىش ئۈچۈن ھاكىمنى چاقىرتتى. لېكىن ھاكىم ئۇنى ئېلىشتىن باش تارتتى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى بىر نەرسىلەر بېرىش ئۈچۈن دەۋەت قىلدى. ھاكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرنى ھاكىمغا شاھىد قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا شۇ غەنىيمەتتىن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئايرىغان ئۈلۈشىنى بېرىۋاتىمەن، ئەمما ئېلىشنى خالىمىدى“ دېدى. نەتىجىدە ھاكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۆلگىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە قوبۇل قىلمىدى. (بۇخارى: «ۋەسايە»، 9؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 945 ـ بەت)

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپ، ھۇنەيىن ۋە تائىف ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىئرانەدە توپلانغان غەنىيمەت ماللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ۋاقتتا سەفۋانمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدى. تۆگىلەر، قوي ـ ئۆچكىلەر ۋە پادىچىلار بىلەن تولغان ۋادىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ئەۋالىنى كۆزىنىڭ ئۇچىدا كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا خىتابەن:

- ئەبۇ ۋەھب! بۇ ۋادىنى ياقتۇرۇپ قالدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

سەفۋان:

- شۇنداق، - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ ۋادىمۇ ۋە ئىچىدىكىلەرمۇ سېنىڭ بولسۇن! - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن سەفۋان ئۆزىنى تۇتالمىدى:

- پەيغەمبەردىن باشقا ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ كۆڭلى بۇ دەرىجىدە مەرت بولمايدۇ، - دېدى ۋە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. (ۋاقىدى: 2 - جىلد، 854 - 855 - بەتلەر)

كېيىن سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشنىڭ يېنىغا قايتىپ:

- ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد شۇنداق ئېھسان قىلىدۇكى، يوقلۇق ۋە يوقسۇللۇقتىن ھەرگىزمۇ قورقمايدۇ، - دېدى. (مۇسلىم: «فەزائىل»، 57 - 58)

ئەبۇ سۇفيان، ئەقرە ئىبنى ھابىس، ئۇيەينە ئىبنى ھسن، ئابباس ئىبنى مرداس، مالىك ئىبنى ئەۋف قاتارلىق قىرىققا يېقىن كىشىنى ئىسلامغا مايىللاشتۇرۇلۇش ئۈچۈن بۇ شەكىلدە كۆز قاماشتۇرىدىغان ماللار بېرىلدى[293].

ئابباس ئىبنى مرداس ئىسمىلىك شائىر ئۆزىگە بېرىلگەن غەنىيمەت مېلىنى ئاز كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتابەن ۋايساپ بىر شېئىر ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنى چاقىرتىپ:

«تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالغا ئۇنىڭدىن بۇرۇن:

«ساڭا ئۇنىڭ تىلىنى كېسىشنى بۇيرۇغىنىمدا ئۇنىڭغا بىر كېيىم بەر!» دەپ قويغان ئىدى. كېيىن:

293. ۋاقىدى: 3 - جىلد، 944 - دىن947 - بەتلەرگىچە.

- ئى بىلال! بۇنى ئېلىپ بېرىپ تىلىنى كەس! - دېدى.

بىلال ئابباسنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا ئابباس:

- ئى رەسۇلۇللاھ! تىلىمنى كېسەمدۇ! ئى مۇھاجىرلار! تىلىمنى كېسەمدۇ! ئى ئەنسارلار! تىلىمنى كېسەمدۇ! - دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئابباسنى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئابباس داد-پەريادىنى يۇقىرى كۆتۈرىشى بىلەن ھەزرىتى بىلال:

- ئاغزىڭنى يۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىيىم بېرىپ سېنىڭ ئاغزىڭنى يۇمدۇرۇشۇمنى بۇيرىدى، دېدى. نەتىجىدە بىلال ھەبەشى پەسكويغا چۈشكەن ئابباسقا يەنە بىر زىيادە كىيىم بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇلۇشىنىمۇ يۈز تۆگىگە چىقاردى. (ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 273-بەت؛ مۇسلىم: «زاكات»، 137-بەت)

بۇ ئەسنادا سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! جۇئەيل ئىبنى سۇراقە (دەك كەمبەغەل بىرىنى) قويۇپ، ئەقرەئگە ئوخشاش (باي ۋە قەۋمىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا) يۈز تانىدىن تۆگە بەردىڭ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇيەينە ۋە ئەقرەئگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن يەر يۈزى تولۇپ تاشسا، جۇئەيل ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىدۇر! ئەمما، مەن بۇلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن قوللايمەن، جۇئەيلنى ئۇنىڭ مۇستەھكەم مۇسۇلمانلىقىغا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا تەييارلانغان ئالىي مۇكاپاتلارغا ھاۋالە قىلىمەن!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 143-بەت؛ ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 246-بەت)

قەلبلىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنماقچى بولغان كىشىلەرگە غەنىيمەتتىن كۆپلەپ بېرىلىشى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەنلىكتىن، ساھابىلەر ئارىسىدا تەشۋىشكە يول ئاچتى. ھەتتا بەنى تەمىم جەمەتىدىن زۇل ھۇۋەيسىرە ئىسىملىك بىرسى ھەددىدىن ئېشىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئادالەتلىك بول! ـ دېگەن سۆزنى دېيىشكە جۈرئەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق قايغۇرۇپ:

ـ شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئادالەتلىك بولمىسام، كىم ئادالەت بىلەن ئىش قىلار؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىگە كايىدى. (مۇسلىم: «زاكات»، 148).

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئايەت نازىل بولدى:

وَمِنْهُمْ مَنْ يَلْمِزُكَ فِي الصَّدَقَاتِ فَاِنْ اُعْطُوا مِنْهَا رَضُوا وَاِنْ لَمْ يُعْطَوْا مِنْهَٓا اِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ وَلَوْ اَنَّهُمْ رَضُوا مَٓا اٰتٰيهُمُ اللّٰهُ وَرَسُولُهُ وَقَالُوا حَسْبُنَا اللّٰهُ سَيُؤْتِينَا اللّٰهُ مِنْ فَضْلِهٖ وَرَسُولُهُٓ اِنَّٓا اِلَى اللّٰهِ رَاغِبُونَ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىيمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولۇشىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولسا ۋە: «ئاللاھ بىزگە كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن ئاللاھتىن (ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئېھسانىنى) ئۈمىد قىلىمىز» دېسە، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى.»** (تەۋبە سۈرىسى، 59 ـ 58 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن قىلىنغان غەنىيمەت تەقسىمىنىڭ ئەسلىدە ئىلاھىي تەقسىمات ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە ۋە غاپىل قەلب بىلەن ساغلام قەلب ئارىسىدىكى پەرق ئايرىلماقتا.

شىكايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەنسارلاردىن ئىدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەرتىلەرچە ئېھسانلارنى غەنىيمەت مېلىنىڭ ئومۇمدىن ئەمەس "پاي" دەپ ئاتالغان ۋە ئىشلىتىلىشى پەقەت رەسۇلۇللاھقا ئائىت بولغان بەشتە بىرلىك غەنىيمەتتىن قىلغان ئىدى. ئەمما مۇشۇمۇ بەزى ئەنسار

ياشلىرىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى.[294] يۈز بەرگەن بۇ تۈرلۈك ئېتىرازلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەنسارلارنى توپلىدى. ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمنى چاقىرمىغان بۇ يىغىندا، مەسىلىنىڭ ئەسلى نېگىزىنىڭ چۈشىنىلىشى ئۈچۈن جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئەسلەتكەن ھالدا مۇنداق خىتاب قىلدى:

«ئى ئەنسارلار! ھەققىمدە كۆڭلۈڭلاردىن ئۆتكۈزگەن تەسىرلەرنى ئاڭلىدىم. (ئەمما ئېيتىپ بېقىڭلار)، سىلەر يولدىن ئازغان مۇشرىك ئىدىڭلار. ئاللاھتائالا مېنىڭ ۋاستەم بىلەن سىلەرگە توغرا يول كۆرسەتمىدىمۇ؟ سىلەر كەمبەغەل ئىدىڭلار، مېنىڭ ئاراڭلارغا كېلىشىم بىلەن ئاللاھتائالا ھەممىڭلارنى باي قىلمىدىمۇ؟ ئاراڭلاردىكى دۈشمەنلىك سىلەرنى يەۋاتقاندا، مېنىڭ كېلىشىم بىلەن ئاللاھتائالا كۆڭلۈڭلارغا مۇلايىملىق ئاتا قىلىپ، سىلەرنى بىرلەشتۈرمىدىمۇ؟»

بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئەنسارلاردىن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "پۈتۈن نېمەت ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۈچۈندۇر!" دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى:

«ئى ئەنسارلار! سىلەر ماڭا: "قەۋمىڭ سېنى يالغانغا چىقارغاندا ئارىمىزغا كەلدىڭ! سېنى بىز تەستىق قىلدۇق! قەۋمىڭ سېنى تەركەتكەندە، بىز ياردەم قىلدۇق! قەۋمىڭ سېنى قوغلىدى، بىز باغرىمىزغا باستۇق! سەن يوقسۇل ئىدىڭ، بىز مېلىمىزغا شېرىك قىلدۇق" دېگەن بولساڭلار، مەنمۇ سىلەرنى تەستىق قىلىپ: «ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭلار!» دەيتتىم.

ئى ئەنسارلار! بىر گورۇھ كىشىلەرگە بېرىلگەن دۇنيا مېلى تۈپەيلىدىن سىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر توغرىمۇ؟ مەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋە ئىمانىڭلارنىڭ كامالىتىگە ئىشىنىپ سىلەرنى مەھرۇم قىلغان ئەھمىيەتسىز دۇنيا سەۋەبلىك ئېچىڭلار سىقىلدىمۇ؟...

294. كامىل مىراس، تەجرىد تەرجىمىسى، 10 ـ جىلد، 341 ـ بەت.

ـ ئى ئەنسارلار! ھەممەيلەن ئالغان ماللىرى بىلەن ئۆيلىرىگە قايتسا، سىلەر پەيغەمبىرىڭلار بىلەن قايتىشنى خالىمامسىلەر؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ئەنسارلارنىڭ كۆزلىرىگە يىغلىغان ياشلار سەلدەك ئاقتى. ئەمدى ئۇلار ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سېنىڭ بىلەن قايتىشنى خالايمىز! ـ دەپ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى يېڭىلىدى. ئۇلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭ بۇ شەكىلدە تەسەللىي بولۇشىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

ـ ئى ئەنسارلار! ئەگەر ھىجرەت پەزىلىتى بولمىسا ئىدى، مەن شەكسىز ئەنسارلاردىن بولۇشنى خالايتتىم. ئى ئەنسارلار! ئەگەر ھەممە كىشى بىر يول تۇتۇپ ماڭسا، مەن ئەنسارلارنىڭ يولىدىن ماڭىمەن!» دېدى.

بۇ قايغۇلۇق يىغلىشتىن كېيىن ئەنسار سەپلىرىدىن: " ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزگە يېتەرلىكتۇر!" دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن بىر خاتا چۈشىنىش ئاچچىق يارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بىلەن ساقايدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 56؛ مۇسلىم: «زاكات»، 135؛ ھەيسەمى: 10 ـ جىلد، 31 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ۋاپادارلىقىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئۆرنەكلەر بار: ئىنسان تەبىئىتى ئېتىبارى بىلەن ئېھسان ۋە ياخشىلىققا مايىلدۇر. ئېھسان قىلىنغان كىشى دۈشمەن بولسا دۈشمەنلىكى يوقۇلىدۇ. ئوتتۇرىدا بولسا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. يېقىندا بولسا مۇھەببىتى زىيادىلىشىدۇ.

خۇلاسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك شەخسىيەت ئىكەنلىكىنىڭ بىر تەجەللىسىمۇ بۇ غەنىمەت تەقسىمدە روشەن كۆرۈلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىئرانەدە ئون ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۆمرە ئۈچۈن ئىھرامغا كىرىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى[295]. بۇ سەۋەب بىلەن

295. بۇخارى: «ئۆمرە»، 3؛ تىرمىزى؛ «ھەج»، 92/935.

مەككىلىكلەر بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ جېنىدىكى ئىسلامغا كىرىپ ئۈممە قىلىشى تېخىمۇ پەزىلەتلىك سانالدى .

## بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن نىشاننى چۈچۈتۈش ئۈچۈن ئەبۇ قەتادەنى بىر ئەترەت ئەسكەر بىلەن نەجد تەرىپىگە ئەۋەتتى. بۇ ئەترەت "ئىزەم" دېيىلگەن بىر يەرگە كەلگەندە ئامىر ئىبنى ئەزبەت ئىسىملىك بىر زات بىلەن ئۇچراشتى. ئامىر مۇسۇلمانلارغا سالام بەرگەن ھالدا كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئەبۇ قەتادە بىلەن بىرلىكتە كەلگەنلەردىن مۇھەللىم ئىبنى جەسسامە ئىلگىرىكى شەخسىي ئاداۋەت تۈپەيلىدىن ئامىرنىڭ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆلتۈردى ۋە ماللىرىنىمۇ غەنىمەت دەپ قولغا كىرگۈزدى.

ئەبۇ قەتادە ۋە ئۇنىڭ ئەترىتى نەجدتىن قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ۋادىسىدا پېشىن نامىزىنى تېخى يېڭىلا ئادا قىلىپ، ساھابىلىرى بىلەن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى. ۋەقە ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىلگەندە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوٓا اِذَا ضَرَبْتُمْ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ فَتَبَيَّنُوا وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ اَلْقٰىٓ اِلَيْكُمُ السَّلَامَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا فَعِنْدَ اللّٰهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ كَذٰلِكَ كُنْتُمْ مِنْ قَبْلُ فَمَنَّ اللّٰهُ عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوا اِنَّ اللّٰهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا

**«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار، (يەنى مۇئمىن ياكى كافىرلىقى ئېنىق بولغىچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال-مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ- سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار، (يەنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ**

**سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ساۋاب بار). ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كافىر ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 94-ئايەت)

شۇ پەيتتە ئامىرنىڭ يېقىنلىرى كېلىپ مۇھەللىم ئۈستىدىن دەۋا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇھاكىمىدىن كېيىن ئامىرنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن دىيەت بېرىش قارار قىلىندى:

- مۇھەللىم كەلسۇن -دە، ئاللاھ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتسۇن! - دېدى.

مۇھەللىم كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىدى:

- ئامىر مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتقان تۇرسىمۇ سەن ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ، شۇنداقمۇ؟

بۇ قېتىم مۇھەللىم:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتقىن! - دېيىش مەجبۇرىيىتىدە قالدى. مۇھەللىمنىڭ بۇ ئىپادىسى بۇ جىنايەتنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقىنىڭ ئېتىراپى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان بولغان ۋە ھېچبىر جىنايىتى بولمىغان بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن، جىنايىتى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان تۈردىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇ ھەقتە ئەڭ كىچىك بىر كەچۈرۈم كۆرسىتىلسە، كېيىن جەمئىيەت ئىچىدە بۇ تۈردىكى جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى. بۇ سەۋەبتىن، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەللىمنىڭ قىلغان بۇ ئېغىر جىنايىتى سەۋەبى بىلەن ئىستىغفار تەلىپىنى رەت قىلدى، ھەتتا:

ـ ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلمىسۇن! ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى[296].

بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغان شائىر كامال ئەدىپ كۇركچۇ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىنى كەتكۈزىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىشلاردىن ئۈممەتنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

"بىر مۇسۇلماننىڭ ئىلتىپاتىڭدىن چۈشۈپ كېتىشى نەقەدەر ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش، ئۇ غاپىلغا ئىككى دۇنيادا يېتەرلىك بىر زىياندۇر!"

دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغان مۇھەللىم ئۆيىگە بېكىنىۋالدى. بىر ھەپتە كېيىن دەرت ـ ئەلەمدىن ئۆلدى. يېقىنلىرى ئۇنى كۆمگەندە تۇپراق بۇ جەسەتنى قوبۇل قىلمىدى. تەكرار ـ تەكرار كۆمۈلگەن بولسىمۇ، يەر ھەر قېتىم ئۇنى سىرتىغا چىقىرىۋېتەتتى. چارىسىزلىق ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ تۇپراق ئۇنىڭدىنمۇ ئەسكى كىشىلەرنى قوينىغا ئالغان، ئاللاھتائالا سىلەرگە ئىبرەت كۆرسىتىش ۋە ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“نىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشنى خالايدۇ!» دەپ مۇھەللىمنى قايتا ۋە قەبرىنىڭ ئۈستىگە تاش قويۇپ كۆمۈشنى ئېيتتى. (ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 112 ـ بەت؛ ئىبنى ماجە: فىتەن 1؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 302 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 919 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“نىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتىگە رىئايە قىلماسلىقنىڭ نەقەدەر بۈيۈك بىر پاجىئە ۋە بىر مۇسۇلمانغا ھەقسىزلىق قىلىشنىڭ ئۇنى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ شەكىلدە مۇئامىلە قىلىپ، ئىنسانلارنى بۇ تۈردىكى ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنى بۇيرىغان.

296. ۋەقەنى نەقىل قىلغان ساھابە دەيدۇكى:
”بىز ئۆز ئىچىمىزدە: ”رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتتى، ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىش ۋە ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلەش ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدى“ دېيىشەتتۇق“. ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 112 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 304 ـ جىلد.

بۇ ۋەقە كەلىمە تەۋھىدنى سۆزلىگەن ھەر كىشىنىڭ مۇسۇلمان دەپ قارىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدىكى بىر كىشىنىڭ ئاشكارا ئەكس ئەتمىگەن بىر كۇپرى ئەمىلى بولمىسا ئۇنىڭغا يامان گۇمان بىلەن قاراش ھارامدۇر.

بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈم قىلغاندا تاشقى كۆرۈنۈش كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلىشىدىمۇ خاتالىشىش ئېھتىمالى بولغان يەردە، ئەمدى قويۇپ ئۇنىڭغا ئېنىقلاش ئىمكانسىز بولغان ئىچكى بىر ئەھۋالغا تايىنىش سالاھىيىتى بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئىنسانلار شەخسىي قانائىتىگە قاراپ، كۆپلىگەن ھەقسىزلىقلارغا دۇچ كېلىشتىن قۇتۇلالمايتتى.

تاشقى كۆرۈنۈشكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ ئەمەللىرى بۇزۇق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ: "سەن مېنىڭ قەلبىمگە قارا!" دېگەندەك بىر مۇنچە قۇرۇق ئۆزرىلەرگە ئېسىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. زامانىمىزدا كۆپلىگەن غاپىللار تەرىپىدىن ئاجايىب قوللىنىلغان بۇ باھانە ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان شۇ ھۆكۈم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قىلىنغان ئىجرائات بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان. تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلىش مۇناپىقلارنىڭ ئاشكارا قىلغان توغرا ئەمەللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، مۇناپىقلىقنى تېخىمۇ تەسىر قىلىدىغان بىر سۈرەتتە ئېلىپ بېرىشقا ئىمكان بېرىدىغان بىر ئاجىزلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئادالەتنى گۇمانى دەلىللەر بىلەن ئىجرا قىلىشقا ئوخشاش چەكلىمىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان بىر ئەھۋالغا قارشى تۇرىدۇ.

## مەككىگە ۋالى ۋە مۇئەللىم تەيىنلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن شەھەرنى ئىدارە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەتتاب ئىبنى ئەسەدنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئىلگىرى ھۆنەيىن ئۇرۇشىغا چىققان چاغدىمۇ ئۇنى مەككىدە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. (ئىبنى

ھىشام: 4-جىلد، 69، 148) ئەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ۋاقىتتا تېخى يىگىرمە ياشلاردا ئىدى[297]. ھالبۇكى، ئۇ يەردە ياشانغان ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەر بار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھوقۇق لاياقەت ۋە قابىلىيەتلىك يەنى سالىھ، مەلۇماتلىق، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە بېرىلىشى كېرەك.

يەنە ئوخشاش شەكىلدە، ئىسلامنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا نەقىل قىلىنىپ ھىدايەت ئۇچقۇنى سۈپىتىدە كۈنىمىزگە قەدەر كېلىشىدە ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىنى ئادا قىلغان ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەتتاب ئىبنى ئەسەدكە ئوخشاش پەزىلەتلىك ياشلاردۇر. مەسىلەن: ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئون ئۈچ ياشلاردا، ھەزرىتى ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئاياللارنىڭ ئىسلامنى ئۆگىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ھەزرىتى ئائىشە ئون سەككىز ياشلاردا ئىدى. يەنە ئوخشاشلا ئەقەبە بەيئەتىگە قاتناشقان ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ياشلار تەشكىل قىلاتتى. يەنە تەبلىغ يولىدا بىئرى مائۇنەدە شېھىد قىلىنغان قۇرئان مۇئەللىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ياشلار ئىدى. بۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ كەلگۈسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان ياشلارغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ سەۋەب بىلەن يېنىغا كەلگەن كىشىلەرنى بىر قانچە كۈنلۈك بولسىمۇ ساھابىلىرىنىڭ يېنىدا تەربىيەگە ئالاتتى. تاڭ ئېتىپ يانلىرىغا كەلگەندە ئۆگەنگەنلىرىنى تەكشۈرەتتى، ئەگەر يېتەرلىك كۆرمىسە، ئۇلارنى باشقا ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئىسلامنى ياخشى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

297. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3-جىلد، 556-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىنچىكىلىكىنىڭ بىر ئەسىرى سۈپىتىدە، مەككىلىكلەرگە فىقھىي (دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى) ۋە قۇرئانى-كەرىم ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئاز ئىبنى جەبەل[298] ۋە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى[299] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى ئۇ يەردە قالدۇردى. بۇ ئەھۋالمۇ ئىسلامىي تەلىم-تەربىيەگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىشمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر دەلىلدۇر.

298. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 148-149-بەتلەر؛ ھاكىم: 3-جىلد، 303\5181.
299. ۋاقىدى: 3-جىلد، 959-بەت.

# ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى

## تىل قىلچى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات يىغىشنى خالىمىغان بەنى تەمىم قەبىلىسىگە ھەزرىتى ئۇيەينەنى بىر تۈركۈم ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇيەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بەنى تەمىم قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ كۆپلىگەن غەنىيمەت ۋە ئەسىرلەر بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتتى[300].

بۇنىڭ بىلەن بەنى تەمىم ئاقساقاللىرى ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ھەيئەت بىلەن يانلىرىغا شائىرلىرىنىمۇ ئېلىۋالغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. مەسجىدتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋاتقاندا، سەۋر قىلالماي:

ـ چىق يېنىمىزغا! ـ دەپ ھۆرمەتسىزلىك قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇنداق ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىدىن بىئارام بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

اِنَّ الَّذٖينَ يُنَادُونَكَ مِنْ وَرَآءِ الْحُجُرَاتِ اَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ

**«شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر.»** (سۈرە ھۇجۇرات، 4 ـ ئايەت؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 223 ـ 233 ـ بەتلەر).

پەيغەمبىرىمىز پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن مەسجىدنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇردى. بەنى تەمىم ھەيئىتى:

ـ سېنىڭ بىلەن شېئىر ئېيتىشايلى، قەسىدە ئوقۇيلى دەپ شائىرلىرىمىز ۋە ناتىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەلدۇق! ـ دېدى.

300. ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 160 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ مەن شېئىر ئوقۇش ئۆچۈن ئەۋەتىلمىدىم. قەسىدە ئوقۇش ئۈچۈنمۇ بۇيرۇلمىدىم. ئەمما سىلەر بىر سۆزلەپ بېقىڭلار، بىر كۆرەيلى! ـ دېدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 1 ـ جىلد، 128 ـ بەت)

بەنى تەمىمدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى ۋە پاساھەتلىك بىر خۇتبە ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلاردىن سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئۇمۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە جانابى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دائىر بىر خۇتبە ئوقۇپ تەمىملىككە غالىب كەلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەنى تەمىمدىن زەبرىقان ئىبنى بەدرىنىڭ ئوقۇغان شېئىرىغا مەشھۇر شائىر ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب قايتۇرۇپ ئىسلامنىڭ شەرىپىگە دائىر پاساھەتلىك بىر قەسىدە ئوقۇدى.

ساھابىلارنىڭ بۇ غەلىبىسى قۇرئانى-كەرىمگە ئوخشاش بىر تىل مۆجىزىسى بولغان ئىلاھىي كىتابقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭدىن باشقا "جەۋامىئۇل كەلىم: ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان" ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغىنى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەربىيىسىدە بولغانلىقىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى شائىر نەقەدەر گۈزەل تىلغا ئالغان:

ئۇنى بىر لەھزە كۆرگەنلەر گۈل بولۇر،
سۆزىگە شاھىد بولغانلار بۇلبۇل بولۇر.

دەرۋەقە، بۇ ھەقىقەتنى پەرق ئەتكەن تەمىملىك شائىر ئەقرە ئىبنى ھابىس:

"بۇ زاتنىڭ خاتىبى بىزنىڭ خاتىبىمىزدىن، شائىرىمۇ بىزنىڭ شائىرىمىزدىن ئۈستۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بىزنىڭ ئاۋازلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىدۇر!" دەپ، ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنى ھەيئەت ئەزالىرىغا كۆپ ھەدىيە بەردى. (ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 232 ـ بەت)

شۇ پەيتتە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا كىچىك بىر دەتالاش بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖ وَاتَّقُوا اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تَرْفَعُوٓا اَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ اَنْ تَحْبَطَ اَعْمَالُكُمْ وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلار ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تو ۋلاپ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك پەيغەمبەرگە (تو ۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 1 ـ 2 ـ ئايەت)

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئاۋازىنى شۇ قەدەر پەس قىلاتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، نېمە دېگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراش مەجبۇرىيىتىدە قالاتتى[301].

باشقا ساھابىلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۈيۈك بىر ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئىدى. ئۇنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن

301. بۇخارى: «مەغازى»، 68.

تىرىشچانلىقنى كۆرسىتەتتى. دەرۋەقە، ئاۋازى بوم بولغان بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلغانلىقى قورقۇنچىسى بىلەن غەمكىن بولۇپ ئۆيىگە بېكىنىۋالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەسەللىسى بىلەن خاتىرجەم بولدى[302].

ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا ئۇنىڭدىن بۇرۇن قولىنى تاماققا ئۇزاتمايتتى[303]. ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تىرناقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇراتتى، ئۇنى بىئارام قىلىدىغان ھەرتۈرلۈك ھەرىكەتلەردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى[304]. ئۇ توغرىسىدا سۆز قىلغاندا سۆزلىرىگە دىققەت قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاي بىلەن قىياشقا ئوخشىتاتتى[305]، ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلغاندىمۇ ئاجايىب دىققەت قىلاتتى، رىۋايەت قىلىۋاتقاندا چىرايلىرى ئۆزگىرىپ، يۈزلىرىدىن تەر ئاقاتتى، كۆزلىرى ياشلار بىلەن تولۇپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتەتتى[306]. مەسجىد ئەتراپىدىكى ئۆيلەردىن ھەرقانداق بىرىدە قوزۇق ياكى مىخ قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىسا، دەرھال: "رەسۇلۇللاھنى بىئارام قىلماڭلار!" دەپ خەۋەر ئەۋەتىشەتتى. بەزىلىرى ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەدىنە سىرتىدا ياسىتىپ كېلەتتى[307].

كەئب ئىبنى زۇھەيرمۇ ئىلگىرى ئىسلامغا ئۇرۇش ئاچقان شائىرلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ يازغان ھەجۋى شېئىرلار تۇپەيلىدىن كۆرۈلگەن يەردە ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن قېنى ھالال قىلىندى. لېكىن مۇسۇلمان بولغان قېرىندىشى بۇجەير ئۇنىڭغا نەسھەت قىلىپ بىر شېئىر يېزىپ، بۇنداق داۋام قىلغان تەقدىردە ئاقىۋىتىنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

302. بۇخارى: «تەپسىر»، 1\49.
303. ئەبۇ داۋۇد: «ئەتئىمە»، 15/3766.
304. بۇخارى: «ئەدەبۇل مۇفرەد»، 316؛ ھەيسەمى: 8-جىلد، 40-بەت.
305. مۇسلىم: «فەزائىل»، 109
306. ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 156-بەت؛ ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 38؛ دارەمى: «مۇقەددىمە»، 28.
307. قەستەلانى: 2-جىلد، 386-بەت.

كەئبمۇ بۈيۈك ئەندىشە ئىچىدە ساھابە-كىرامدىن بىرىنىڭ كۆرستىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىسمىنى ئېيتماي بەيئەت قىلدى. يەردە تىزلىنىپ ئولتۇردى. كېيىن:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كەئب ئىبنى زۇھەير تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ھالدا ئامانلىقqa ئېرىشىش ئۈچۈن ھۇزۇرۇڭغا كېلىشنى خالايدۇ، قوبۇل قىلامسەن؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق!» دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن خۇشاللىقتا:

" مەن كەئب ئى رەسۇلۇللاھ!" دېدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 152-بەت؛ ھاكىم: 3-جىلد، 675/6480؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 393-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كەچۈرۈشىگە بىر شۈكرانە بولىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشتىن بۇرۇن يازغان "بانەت سۇئاد" قەسىدىسىنى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇپ، ئۈستىدىكى توننى سېلىپ كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەيدۈردى. بۇنىڭ بىلەن قەسىدىنىڭ ئىسمى ئەرەبچىدە تون مەناسىدا كەلگەن "بۇردە" سۆزى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، "قەسىدەئى بۇردە" دەپ ئاتالدى.

كەئبگە ھەدىيە قىلىنغان ئۇ تون ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا بىرىدىن يەنە بىرىگە ئۆتۈپ كۈنىمىزگە قەدەر كەلگەن بۇ تون بۈگۈن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىكى توپكاپى سارىيىدا ساقلانماقتا.

"قەسىدەئى بۇردە" دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان يەنە بىر شېئىر باركى، ئۇ ئىمام بۇسىرى ھەزرەتلىرىگە ئائىتتۇر[308]. بۇ ئىككىنچى قەسىدەنىڭ توغرا ئىسمى "قەسىدەئى بۇرئە" دۇر. بۇرئە: كېسەللىكنىڭ شىپا تېپىشى مەناسىدا بولۇپ، ئىمام بۇسىرىنىڭ بۇ قەسىدىنىڭ بەرىكىتى

308. مۇھەممەد ئىبنى سائىد ئەلبۇسىرى مىسىرلىق بولۇپ، 13-ئەسىردە مەملۇكلار دەۋرىدە ياشىغان. 1211/608-1296/694.

بىلەن پالەچ كېسەللىكىدىن قۇتۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئىسمنى ئالغان. ۋەقە مۇنداق:

ئىمام بۇسىرىنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى پالەچ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەسىدەئى بۇرئەنى يېزىپ جانابى ئاللاھتىن شىپالىق تىلەيدۇ. قەسىدىسىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن كېچىسى چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ قەسىدىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئىمام بۇسىرىنىڭ پالەچ بولغان يەرلىرىنى سىلايدۇ. ئىمام بۇسىرى ئويغانغاندا كېسەللىكىدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، جانابى ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىدۇ. ئەتىگىنى خۇشاللىق ۋە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش تۇيغۇسى ئىچىدە مەسجىدكە كېتىۋاتقاندا، شەيخ ئەبۇررىجا ھەزرەتلىرىگە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شەيخ ھەزرەتلىرى:

- ئى ئىمام! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيلىگەن قەسىدەڭنى ئوقۇمسەن؟ - دەيدۇ.

ئىمام بۇسىرى:

- مېنىڭ نۇرغۇنلىغان قەسىدەم بار. قايسىسىنى سوراۋاتىسىز؟ - دېيىشى بىلەن، شەيخ ئەبۇررىجا:

- بۇ كېچە رەسۇلۇللاھقا ئوقۇپ بەرگەن شېئىرىڭنى دەۋاتىمەن. چۈنكى، سەن ئۇنى ئوقۇۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆردۈم - دەيدۇ.

ئىمام بۇسىرى ھەيرانلىق بىلەن سورايدۇ:

- بۇ قەسىدەمنى ۋە كۆرگەن چۈشۈمنى ھېچكىمگە ئېيتمىغان تۇرسام، سىز بۇنى قايەردىن بىلدىڭىز؟...

شەيخ ئەبۇررىجا جاۋابەن:

- ئى ئىمام! مەنمۇ ئۇ يەردە ئىدىم - دەيدۇ ۋە قەسىدىنىڭ تۇنجى بېيتىنى ئوقۇيدۇ:

أَمِنْ تَذَكُّرِ جِيرَانٍ بِذِى سَلَمٍ

مَزَجْتَ دَمْعًا جَرٰى مُقْلَةٍ بِدَمِ
سەلەم[309] يارانىڭنى ئالغىنىڭدا يادىڭغا،
كۆزلەردىن ئاققان ياشنى ئارلاشتۇردىڭمۇ قانغا؟
"ئەي كۆڭۈل! سىلەملىلەرنى ئەسلىگىنىڭ ئۈچۈن كۆزلىرىڭدىن قانلىق ياش ئاققۇزۇۋاتامسەن؟"

رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، بۇ قەسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەمنۇن بولغانلىقىدىن مۇبارەك بەدىنىنى بىر دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ لەرزان بىر شەكىلدە تەۋرىنىشىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلدۇرغانمىش ۋە تەبەسسۇم قىلغانمىش[310].

## پاسقىنىڭ خەۋىرىنى ئىنقىلاڭلار

ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق جەمەتىگە زاكات توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن توپلانغان بىر مۇنچە كىشىلەرنى كۆرۈپ قورقتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇلار بىلەن ئارىسىدىكى ئاداۋەت تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى ئويلاپ، قايتىپ مەدىنىگە كەلدى. ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمىغان ھالەتتە يەنى ئۇلارغا بوھتان چاپلاپ :

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار دىنلىرىدىن يېنىۋاپتۇ. زاكاتنى بەرمىدى. مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق جەمەتىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر ئەترەت تەييارلىدى. بەنى مۇستەلىق بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى بىلەن، ۋەلىدنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن توپلانغان ھەيئەت تىزدىن مەدىنىگە كەلدى. مەدىنىدە ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇ ئەسنادا

309. سەلەم: مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پات-پات ساھابىلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىدىغان دەرەخلىك بىر ئورۇننىڭ ئىسمى.

310. ئىلھام ئارمۇتچۇئوغلۇ، "قەسىدەئى بۇردە"، كونىيا، 1983، 8-11-بەتلەر

جانابى ئاللاھ پۈتۈن مۇئمىنلەرگە ھەرقانداق بىر ئىشتا ئېنىقلىماي، ھۆكۈم بەرمەسلىك توغرىسىدا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوٓا اِنْ جَآءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوٓا اَنْ تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلٰى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ وَاعْلَمُوٓا اَنَّ فِيكُمْ رَسُولَ اللّٰهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِنَ الْاَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلٰكِنَّ اللّٰهَ حَبَّبَ اِلَيْكُمُ الْاِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ اِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ اُولٰٓئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە فىسقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 6 ـ 7 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەبباد! ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بار! زاكاتلىرىنى ئال! ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئېلىۋېلىشتىن ساقلان!» دېدى. ئەبباد ئىبنى بىشر بەنى مۇستەلىق جەمەتىدە ئون كۈن تۇردى. ئۇلارغا قۇرئانى ـ كەرىم ئوقۇتۇپ، ئىسلامنى ئۆگەتتى. (ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 279 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام: 3 ـ جىلد، 340 ـ 341 ـ بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 161 ـ بەت)

بەزىدە مەنبەسى پاسىق بولغان بىر خاتا خەۋەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ئاخىرىدا پاسىق بولمىغانلىقى ئېنىق بولغان، بەلكى بىر ئاز ساپ

بىرىگە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۇمۇ بۇ خەۋەرنى ياخشى نىيەت بىلەن سىزگىچە يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، سۆزلىگەن كىشى پاسىق بولمىسىمۇ ئاساسسىز رىۋايەتكە تايانغان بىر خەۋەرگە ئىشىنىپ، ئۇنى تارقىتىشىمۇ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتنى يوق قىلالمايدۇ. چۈنكى، خەۋەر ياخشى بولغان ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن بىر چەكلىمە توغۇلمىسىمۇ، يامان بولغاندا بەندىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە غەيۋەت قاتارلىق چوڭ گۇناھلارغا بېرىپ قېلىش خەتىرى بار. بۇ سەۋەبتىن پەقەتلا بىرسىنىڭ سۆزىگە تايانغان ۋە رىۋايەت يولى بىلەن كەلگەن ياخشى بولمىغان خەۋەرلەرگە نىسبەتەن داۋاملىق ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

### بۈيۈك بىر ئىمتىھان:تەبۇك غازىتى

(ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى رەجەب ئېيى/ مىلادى 630 ـ يىل 10 ـ 11 ـ ئاي)

تەبۇك مەدىنە بىلەن شامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ يەرگە قىلىنغان يۈرۈش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان غازاتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولدى. بۇ يۈرۈش مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ داۋامىغا ئوخشايدۇ. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مۇئتە ئۇرۇشىنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىرى بىلەن، ۋاقىت ئۆتۈپ مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئەرەبىستاننى ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خىرىستىئان ئەرەبلەرنى قوللانماقچى بولدى. ئۇ بۇنىڭغا نامزات كۆرگەن غەسسانىلارمۇ ئەسلىدىلا بۇنداق بىر ھەرىكەت ئۈچۈن ئۇزۇندىن بۇيان تەييار ئىدى. ئەھۋال بۇنداق بولغانلىقتىن مەدىنىگە كەلگەن تىجارەت كارۋانلىرى دۈشمەننىڭ تەييارلىقىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈپ، يېقىن بىر زاماندا مەدىنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمى سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلدى. ئۇ ۋاقىتقا قەدەر قىلىنغان ھەربى يۈرۈشلەر دۈشمەننىڭ خەۋەر تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەخپى تۇتۇلاتتى. لېكىن تەبۇك غازىتىدا ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت ياز مەۋسۇمىنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرى

ئىدى. دۈشمەن كۈچلۈك، باردىغان جاي يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىلى مەدىنىدە يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ قىيىن ئەھۋالدا ئىدى[311].

بۇلارنى پۇرسەت بىلگەن مۇناپىقلار يەنە بۇرۇنقى كونا خۇيىغا قايتىپ مۇئمىنلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى بۇزۇشقا تىرىشتى. مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي:

"مۇھەممەد رىم ئىمپېراتورلىقىنى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچىقى دەپ ئويلاپ قالدىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى كۆزلىرىم بىلەن كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن!" دېدى.

يەنە بىر قىسىم مۇناپىقلار:

"مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئۇرۇشقا چىققان بارمۇ؟" دېيىشكە باشلىدى.

بۇلارغا جاۋابەن ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللّٰهِ وَكَرِهُوٓا اَنْ يُجَاهِدُوا بِاَمْوَالِهِمْ وَاَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ اَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ

**«رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بىخارامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى جانلىرى بىلەن، جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىززىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)»** (تەۋبە سۈرىسى، 81-ئايەت)

بەدەۋىلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، رۇخسەت سورىدى. بۇنى قۇرئانى-كەرىم مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

311. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 165-بەت؛ بۇخارى: «تەپسىر»، 2\66.

وَجَآءَ الْمُعَذِّرُونَ مِنَ الْاَعْرَابِ لِيُؤْذَنَ لَهُمْ وَقَعَدَ الَّذٖينَ كَذَبُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ سَيُصٖيبُ الَّذٖينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَابٌ اَلٖيمٌ

**«ئەئرابىلاردىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار(جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئىماننى دەۋا قىلىپ) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىھادقا چىقمىدى. (يەنى ئەئرابىلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىھادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى). ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»**[312]. (سۈرە تەۋبە، 90 - ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئانى - كەرىم مۇئمىنلەر بىلەن مۇناپىقلارنىڭ بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى:

لَوْ كَانَ عَرَضًا قَرٖيبًا وَسَفَرًا قَاصِدًا لَاتَّبَعُوكَ وَلٰكِنْ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ وَسَيَحْلِفُونَ بِاللّٰهِ لَوِ اسْتَطَعْنَا لَخَرَجْنَا مَعَكُمْ يُهْلِكُونَ اَنْفُسَهُمْ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ اِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ

**«ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇراھال سەپەر بولىدىغان بولسا ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى. لېكىن بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىپ: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.»**

(تەۋبە سۈرىسى، 42 - ئايەت)

312. ۋاقىدى: 3 - جىلد، 993 - دىن996 - بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 2 - جىلد، 165 - بەت.

لَا يَسْتَاْذِنُكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ اَنْ يُجَاهِدُوا بِاَمْوَالِهِمْ وَاَنْفُسِهِمْ وَاللّٰهُ عَلِيمٌ بِالْمُتَّقِينَ اِنَّمَا يَسْتَاْذِنُكَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ وَارْتَابَتْ قُلُوبُهُمْ فَهُمْ فِي رَيْبِهِمْ يَتَرَدَّدُونَ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد! سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ. ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 44 ـ 45 ـ ئايەت)

مۇناپىقلار ئۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىش نىيەتلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قوياتتى. جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْ اَرَادُوا الْخُرُوجَ لَاَعَدُّوا لَهُ عُدَّةً

**«ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى.»** (تەۋبە سۈرىسى، 46 ـ ئايەت)

مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق بىر كۈندە چىقىپ قوشۇنغا قوشۇلمىغانلىقى بىر ئىلاھىي مەرھەمەت ئىدى. دەرۋەقە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بۇ قېتىممۇ ئوھۇد غازىتىدا قىلغىنىنى قىلىپ قايتىپ كەتتى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلٰكِنْ كَرِهَ اللّٰهُ انْبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ وَقِيلَ اقْعُدُوا مَعَ الْقَاعِدِينَ لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ اِلَّا خَبَالًا وَلَاَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ وَاللّٰهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ

**«لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى. (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ ـ تىڭلايدىغانلار بار، ئاللاھ زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر.»**

(تەۋبە سۈرىسى، 46 ـ 47 ـ ئايەت)

باشلىنىشتىلا بۇزغۇنچىلىق چىقارغان مۇناپىقلار ئۇرۇش جەريانىدا شۇنداق زىيانلىق بولاتتىكى، پىتنە، يالغانچىلىق، بوھتان ۋە قورقۇنچاقلىقى بىلەن پۈتۈن ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزۇپ، ھەر بىرى بەدەندىكى ياردەك مۇئمىنلەرگە ئەزىتراپ بېرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈنكى، جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششى نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنىڭ كۆزلىرىنى قورقۇتۇشى نەتىجىسىدە مۇمكىن بولمىدى. ساھابىلارمۇ ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن خالاس بولدى.

مۇناپىقلار بىرەر ئۆزرە ئويدۇرۇپ ئۇرۇشتىن رۇخسەت سورايتتى. بۇ رۇخسەت مەسىلىسىنى شۇ قەدەر ئىلگىرى سۈردىكى، بەزىلىرى ئۇ يەرلەردە رۇم قىزلىرىنى كۆرۈپ پىتنىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى دېيىشتىنمۇ چېكىنمىدى. بۇنىڭ بىلەن گوياكى ھەق بىر ئۆزرە قويغاندەك كۆرۈنۈپ مۇناپىقلىقنى يوشۇرماقچى بولدى. لېكىن ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئېچىپ بەردى:

وَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ ائْذَنْ لِي وَلَا تَفْتِنِّي اَلَا فِي الْفِتْنَةِ

سَقَطُوا وَاِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌ بِالْكَافِرِينَ

**«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن)» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبهىسىزكى، جەھەننەم كافىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 49 ـ ئايەت)

بىر تەرەپتىن مۇناپىقلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت سالغان جانابى ئاللاھ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەسىرىدە قېلىپ بىرئاز ھورۇنلۇق قىلغان مۇئمىنلەرنىمۇ ئاگاھلاندۇردى:

يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا مَا لَكُمْ اِذَا قٖيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فٖي سَبٖيلِ اللّٰهِ اثَّاقَلْتُمْ اِلَى الْاَرْضِ اَرَضٖيتُمْ بِالْحَيٰوةِ الدُّنْيَا مِنَ الْاٰخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا فِي الْاٰخِرَةِ اِلَّا قَلٖيلٌ اِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا اَلٖيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْـًٔا وَاللّٰهُ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدٖيرٌ

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدىڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئاللاھ ھەرنەرسىگە قادىردۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 38 ـ 39 ـ ئايەت)

اِنْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِاَمْوَالِكُمْ وَاَنْفُسِكُمْ فٖي سَبٖيلِ اللّٰهِ ذٰلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ اِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ

**«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش- قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن، جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 41-ئايەت)

بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن، مۇئمىنلەردە بۈيۈك بىر جانلىنىش بولدى. كۆڭۈللەردىكى ھورۇنلۇق ئۆز ئورنىنى نادامەت بىلەن تولغان ھۇجۇمغا بىكارلاپ، ئىمان سەپەرۋەرلىكى باشلىدى. چۈنكى، دۈشمەن ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتىدا جىھاد قىلىش پەرز ئەيىن بولۇپ پۈتۈن مۇئمىنلەر بۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ئەمما بۇ پەرز بىلەن مەسئۇل قىلىنماي جىھادتىن كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلار ئايەت-كەرىمدە مۇنداق بىلدۈرۈلدى:

لَيْسَ عَلَى الضُّعَفَاۤءِ وَلَا عَلَى الْمَرْضٰى وَلَا عَلَى الَّذٖينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنْفِقُونَ حَرَجٌ اِذَا نَصَحُوا لِلّٰهِ وَرَسُولِهٖ مَا عَلَى الْمُحْسِنٖينَ مِنْ سَبٖيلٍ وَاللّٰهُ غَفُورٌ رَحٖيمٌ

**«ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىپلەشكە يول يوقتۇر. ئاللاھ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 91-ئايەت)

ئايەتنىڭ بايانىغا ئاساسەن، ئۇرۇشتىن ئەپۇ قىلىنغانلار مەملىكىتىدە پىتنىگە مەيدان ئېچىپ بەرمەي، يالغان خەۋەرلەرنى تارقاتماي، ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلىلىرىگە ياردەمچى بولسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇرۇشقا قاتنىشالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا بىر گۇناھ يېزىلمايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى چەكلىگەن ھېچقانداق

بىر ئەمىر كەلمىگەنلىكتىن، ئارزۇ قىلىشسا، قوشۇنغا يۆلۈك بولماسلىق شەرتى بىلەن ئۇرۇشقا قاتنىشالايدۇ.

تەبۇك غازىتىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان پەيتتە ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلىش سەپەرۋەرلىكىگە ئاۋاز قوشۇشنىڭ ھاياجانىغا چۆمگەن ئىدى. ئەمما ساھابە-كىرامنىڭ كەمبەغەللىرىدىن يەتتە كىشى بۇ غازاتقا قاتنىشىش ئۈچۈن مىنىدىغان ئۇلاغ تاپالمىدى. كۆپىنچە ئىككى ئەسكەرگە، ھەتتا بەزىدە ئۈچ ئەسكەرگە بىر تۆگە توغرا كېلەتتى ۋە تۆگىگە نۆۋەت بىلەن مىنەتتى. لېكىن بۇ غازاتقا قاتنىشىشنى ۋە ھەر زامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىپ، نۆۋەتلىشىپ بولسىمۇ مىنىدىغان بىر تۆگە تاپالمىغان كەمبەغەل ساھابىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى "مىندۈرىدىغان تۆگە يوق ئىكەنلىكىنى" ئېيتقاندا، يىغلىغان ھالەتتە قايتتى. ئاللاھ يولىدا تۆكۈلگەن بۇ ياشلار ئاللاھ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ، ئايەتتە:

وَلَا عَلَى الَّذِينَ اِذَا مَآ اَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَآ اَجِدُ مَآ اَحْمِلُكُمْ
عَلَيْهِ تَوَلَّوْا وَاَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ الدَّمْعِ حَزَنًا اَلَّا يَجِدُوا مَا يُنْفِقُونَ

**«يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىپلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار(جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق»دېدىڭ، ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى.»** (تەۋبە سۈرىسى، 92-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ ئۇلارنىڭ (ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيەتكە تارتىلمايدىغانلىقىنى) بايان قىلدى.

ئايەتتە ئىلاھىي ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن كىشىلەردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى كەئب بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن يىغلىغان ھالدا قايتىشقاندا، ئىبنى يامىن ئۇلاردىن:

- سىلەر نېمە ئۈچۈن يىغلايسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- بىز بىر ئۇلاغ ھەل قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بارغان ئىدۇق. بىزنى مىندۈرىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىدى. بىزنىڭمۇ مىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە غازاتقا چىقىدىغان بىر ئۇلىغىمىز يوق! - دېدى.

ئىبنى يامىن ئىككىسىگە بىر تۆگە ۋە ئوزۇق ئۈچۈن بىر ئاز خورما بەردى. ھەزرىتى ئابباس كۆز ياش تۆككەنلەردىن ئىككىسىگە، ھەزرىتى ئوسمانمۇ ئۈچ كىشىگە ئۇلاغ بەردى[313]. بىر قىسىم ئېھتىياج ئىگىلىرىگىمۇ كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغ ھەل قىلىپ بەردى[314]. بۇ غازاتتىن ئەپۇ قىلىنغان تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۆزلىرىگە ئېغىر كەلگەن ۋە قەلبلىرى جانابى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولغان بۇ ساھابىلار بۇ چوڭقۇر ئىشتىياقىنىڭ بەدىلىگە بۇ غازاتقا قاتنىشىش شەرىپىگە نائىل بولدى.

مانا بۇ ئەھۋال ساھابە كىراملىنىڭ مېلى ۋە جېنى بىلەن ھەق يولدا قانداق پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى كۆرستىدىغان ساناقسىز مىساللارنىڭ بىرىدۇر.

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبۇكتا بولۇپ ئۆتكەن ئىبرەت بىلەن تولغان بىر ئەسلىمىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

”تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا تەمشەلگەن كۈنلەردە مەدىنىدە مۇنداق نىدا قىلدىم:

”غەنىمەت نېسىۋەمنى بېرىش بەدىلىگە كىم مېنى ئۇلىغىغا مىندۈرىدۇ؟“

313. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 172-بەت؛ ۋاقىدى: 3-جىلد، 994-بەت.
314. بۇخارى: «مەغازى»، 78.

ئەنسارلاردىن ياشانغان بىر كىشى نۆۋەتلىشىپ مىنىش شەرتى بىلەن مېنى ئۇرۇشقا ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇ هامان: "پۈتۈشتۇق!" دېيىشىم بىلەن:

ـ ئۇنداق بولسا ئاللاھ بەرىكىتى بىلەن قېنى ماڭ! ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ ياخشى بىر ھەمراھ بىلەن يولغا چىقتىم. ئاللاھ غەنىمەتمۇ نېسىپ قىلدى، ئۈلۈشۈمگە بىر مىقدار تۆگە بېرىلدى. بۇلارنى ھېلىقى ئەنسارىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ماڭا:

ـ تۆگىلىرىڭنى ئېلىپ كەتكىن! ـ دېدى.

ـ باشتا قىلغان ئەھدىمىزگە ئاساسەن بۇلار سېنىڭ، ـ دېدىم.

ئەمما ئۇ ئەنسارى:

ـ ئى قېرىندىشىم! غەنىيمىتىڭنى ئال، مەن سېنىڭ ماددى ئۈلۈشۈڭنى تەلەپ قىلمىغان ئىدىم. (مەن ساۋابىڭغا، يەنى مەنىۋى غەلبەڭگە شېرىك بولۇشنى ئويلىغان ئىدىم)، ـ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 113/2676)

بۇ ئىبرەتلىك سەپەر، جان ۋە ماللىرىنى ئاخىرەت سەرمايىسىگە ئايلاندۇرۇپ، جەننەتنى سېتىۋېلىش ھاياجانى ئىچىدە، قىيامەتكە قەدەر ئۈممەتكە نەمۇنە بولىدىغان مەنزىرىلەر مەيدانغا كەلدى. ساھابە ـ كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پەرۋانە بولاتتى. ئاللاھ يولىدا پۈتۈن نەرسىسى بىلەن كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى: "ئاتا ـ ئانام ۋە جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ!" دېگەن نىدالىرى بىلەن تىلغا ئالاتتى.

شائىر ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا بىر پەرۋانىدەك پۈتۈن نەرسىلىرىنى پىدا قىلىشنى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن گۈزەل تەسۋىرلىگەن:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان زەررىچىلىك ھەق ئۈچۈن، جانمۇ پىدا، تەنمۇ پىدا، مەنمۇ پىدا!"

بۇ ئىشتىياق ساھابە-كىرامدا كېيىنمۇ داۋاملاشقان ۋە ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىدىكى ئايەتتە بۇيرۇلغان تەقۋانى تاللاپ ئىككى كۆزى ئەما ھالەتتە قادىسىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ھەتتا ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە بايراقدارلىق قىلغان.

نازىل بولغان ئايەتتىكى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ تەسىرى بىلەن قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھەيۋەتلىك بىر ئىسلام قوشۇنى تەييارلاندى. سانى ئوتتۇز مىڭنىڭ ئۈستىدە ئىدى[315]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مالىك ئىبنى نەججار جەمەتىنىڭ بايرىقىنى ئۇمارە ئىبنى ھەزمگە بەردى. كېيىن زەيد ئىبنى سابىتنى كۆرۈشى بىلەن بايراقنى ئۇمارەدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئاچچىقلاپ قالدىڭمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاچچىقلىمىدىم! لېكىن قۇرئاننى سىلەرمۇ ئارتۇق بىلىڭلار! ئۇ قۇرئاننى سەندىن كۆپ يادا ئالغان! قۇرئاننى كۆپ يادا ئالغان كىشى بۇرنى كېسىلگەن نېگىر قۇل بولسىمۇ، ئالدىغا قويۇلىدۇ - دېدى.

ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىگە بايراقلىرىنى قۇرئاننى كۆپ يادا ئالغان كىشىلەرگە كۆتەرگۈزۈشنى بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەۋف جەمەتىنىڭ بايرىقىنى ئەبۇ زەيد، بەنى سەلەمەنىڭ بايرىقىنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆتەردى. (ۋاقىدى: 3-جىلد، 1003-بەت)

## ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك

غازاتقا چىقىدىغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ساھابىلىرىنى ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش سەپەرۋەرلىكىگە چاقىردى. ھالبۇكى، ئۇ پەيتتە مەدىنىدە بۈيۈك بىر

315. ۋاقىدى: 3-جىلد، 1002-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 166-بەت.

قەھەتچىلىك بولۇۋاتاتتى. ساھابە-كىرام بۇنىڭغا قارىماي، يۈكسەك بىر ئىرادە بىلەن پانى مەنپەئەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، پىداكارلىق مۇسابىقىسىگە كىرىشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدىن پايدىلانغىنىمدەك، باشقا ھېچبىر كىشىنىڭ مېلىدىن پايدىلانمىدىم.» دېگەن سۆزى ئالدىدا كۆز ياشلىرى ئىچىدە قالغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن ۋە مېلىم پەقەت سېنىڭ ئۈچۈن ئەمەسمۇ ئى رەسۇلۇللاھ؟!" (ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 11) دېيىش بىلەن ئۆزىنى پۈتۈن نەرسىسى بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«بالا-چاقىلىرىڭغا نېمە قويۇپ قويدۇڭ ئى ئەبۇ بەكرى؟» دېگەن سوئالىغا بۈيۈك بىر ئىمان بىلەن:

"ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى (قويۇپ قويدۇم ئى رەسۇلۇللاھ!)" دەپ، جاۋاب بەردى. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 16/3675)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېلىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ قېتىم چىقىم قىلىشتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىگەنلىكىنى ئويلىدى. لېكىن يەنىلا يېتىشەلمىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 300 تۆگىنى تولۇق جابدۇپ، ئىسلام قوشۇنىغا ئاتىدى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا 1000 دىنار بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە:

«ئوسمانغا (بۇ مەرتىلەرچە چىقىم قىلغانلىقى ئۈچۈن) بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشى زىيان بەرمەيدۇ!» (تىرمىزى: «مەناقىب»، 18/3700؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 63-بەت) دەپ، ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىمۇ پۈتۈن زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلدى. ئايال ساھابىلارمۇ قانچىلىك

زىبۇ-زىننەتلىرى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى[316]. ئۇن بىر ياشتىكى بىر مۇئمىنە قىزمۇ كىچىك ۋاقتىدا قۇلىقىغا تاقىغان ھالقىسىنى چىقىرالماي، ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن قۇلىقىنى يىرتىپ، قانغا بويالغان ھالقىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى.

باي بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە تاپالمىغان ساھابىلارمۇ جېنى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىشنىڭ غەيرىتىدە ئىدى. بۇلاردىن ئەبۇ ئاقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن بىر كېچە ئىشلەپ ئىككى كەمچەن خورما ئالدى. بىر كەمچىنىنى ئۆيىگە، يەنە بىرىنى قوشۇنغا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ سېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭگىمۇ، قويۇپ قويغىنىڭغىمۇ بەرىكەت بەرسۇن!» دېدى ۋە ئېلىپ كېلىنگەن خورمىنىڭ توپلانغان ياردەمگە تۆكۈلۈشىنى بۇيرىدى. (تەبەرى: «تەپسىر»، 10-جىلد. 251-بەت)

مۇناپىقلار بۇ تۈرلۈك ياخشىلىقلارغا تىلىنى چايىنىشىپ، ئەبۇ ئاقىلنىمۇ رىياكارلىق بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇقبە ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"سەدىقە ئايىتى[317] نازىل بولغاندا، دۈمبىمىزدە يۈك توشۇپ تاپقان پۇللىرىمىزدىن سەدىقە قىلىشقا باشلىدۇق. شۇ چاغلاردا بىر ئادەم كېلىپ، كۆپ سەدىقە قىلدى. مۇناپىقلار: "كۆز كۆز قىلىۋاتىدۇ" دېيىشتى. باشقا بىرسى كېلىپ، بىر كەمچەن خورما سەدىقە قىلدى. مۇناپىقلار يەنە: "ئاللاھنىڭ بۇنىڭ بىر كەمچەن خورمىسىغا ئېھتىياجى يوق" دېدى" بۇنىڭ بىلەن:

---

316. ۋاقىدى: 3-جىلد، 992-بەت.

317. سەدىقە ئايىتى كۆپىنچە قىسمى تەبۇك بىلەن ئالاقىدار نازىل قىلىنغان سۈرە تەۋبەنىڭ 103-ئايىتىدۇر:

خُذْ مِنْ اَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكّ۪يهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ اِنَّ صَلٰوتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللّٰهُ سَم۪يعٌ عَل۪يمٌ

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»

اَلَّذينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوّعينَ مِنَ الْمُؤْمِنينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذينَ لَا يَجِدُونَ اِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ اللّٰهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ اَليمٌ

**«(مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»** دېگەن ئايەت نازىل بولدى. (سۈرە تەۋبە، 79 ـ ئايەت. بۇخارى: «زاكات»، 72)

ھەدىسنىڭ ھەر خىل رىۋايەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆپ سەدىقە قىلغان كىشى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر كەمچەن خورما ئېلىپ كەلگەن كىشى ئەبۇ ئاقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

يەنە كەمبەغەل مۇسۇلمانلاردىن ئۇلبە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ، مۇنداق يالۋۇردى:

”ئى ئاللاھ! سەن جىھادقا چىقىشنى بۇيرىدىڭ ۋە تەشۋىق قىلدىڭ. ھالبۇكى، مېنى ئۈستىگە مىنىپ رەسۇلۇڭ بىلەن بىرلىكتە جىھادقا چىقىشىم ئۈچۈن بىر ئۇلاغقا ئىگە قىلمىدىڭ! رەسۇلۇڭنىڭ قولىدىمۇ مېنى ئۈستىگە مىنگۈزۈدىغان بىر ئۇلاغ قالدۇرمىدىڭ! مەن ھەر زامان مال، بەدەن ۋە باشقا نەرسىدىن ئۈستۈمگە چۈشكەن سەدىقىنى بەرگەن ئىدىم. ئى ئاللاھ! بەندىلەرنىڭ ئىچىدە ماڭا نېسىپ قىلغان شۇ بىر پارچە مېلىمنى سەدىقە قىلىمەن!“.

تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! قولۇمدا سەدىقە قىلىپ بەرگىدەك بىر نەرسەم يوق. بۇ بىر پارچە نەرسىنى سەدىقە قىلىمەن! بۇ سەۋەب بىلەن مېنى بىئارام قىلىپ، يامان سۆزلەرنى قىلغان ياكى مېنى مەسخىرە قىلغان كىشىگىمۇ ھەققىم ھالال بولسۇن!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساخاۋەت بىلەن تولغاندەك، ئەپۇ ۋە مەرھەمەت بىلەن تولغان بۇ سۆزلەر ئالدىدا:

«ئاللاھ سەدىقەڭنى قوبۇل قىلسۇن!» دېدى ۋە باشقا بىر سۆز سۆزلىمىدى. ئەتىسى ئۇنىڭغا:

«مەن سېنىڭ سەدىقەڭنى قوبۇل قىلدىم. ساڭا خۇش بىشارەت بېرىمەن! مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن سەدىقىسى قوبۇل بولغانلارنىڭ تىزىملىكىگە كىردىڭ» دېدى. (ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2 ـ جىلد، 500 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەسسىرە» 4 ـ جىلد، 9 ـ بەت؛ ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 994 ـ بەت)

مۇناپىقلارنىڭ بىر قىسمى تېخىچە مۇسۇلمانلاردىن ئىمانى ئاجىز بولغانلارنى تەسىرى ئاستىغا ئېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىششىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. بۇلار سۇۋەيلىم ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىنى مەركەز قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى تەلھەنى بىر قانچە ساھابە بىلەن ئەۋەتىپ، سۇۋەيلىمنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار چېچىلىپ كېتىپ، ئىككىنچى قېتىم بۇ خىل بىر تەشەببۇسقا جۈرئەت قىلالمىدى[318].

يەنە بىر تەرەپتىن، مۇناپىقلارنىڭ بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقىغا نازىل بولغان ئاگاھلاندۇرۇش ئايەتلىرى بىلەن، كۆڭلىنى ئىلاھىي ئازابنىڭ قورقۇنچىسى بېسىۋالغان مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا قاتناشتى. شۇ ھالەتتە بولدىكى، مەدىنە مۇنەۋۋەر قويۇقۇرۇقلا قالدى. لېكىن ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن بولۇپ، بۇ ئارىدا دۆلەت مەركىزىدە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ۋەقەلەر بىلەن دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى قىيىن بولاتتى، دىن ئاجىزلىشاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئالىملار تەبىقىسىدىن ئىبارەت بىر گۇرۇپنىڭ بولماسلىقى دۆلەتنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن نەتىجىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭغا ئورۇن

318. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 171 ـ بەت.

بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىشىش ھەققىدە ئاللاھتائالا بىر ئۆلچەم بېكىتتى:

وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَآفَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ اِذَا رَجَعُوٓا اِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ

**«مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس، (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنى ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى.»** (تەۋبە سۈرىسى، 122 ـ ئايەت)

بۇ ئىلاھىي بۇيرۇقنىڭ تەقەززاسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە قالدۇردى.

## سائەتۇل ئۇسرە: قىيىنچىلىق ۋاقتى

پۈتۈن زورلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارىماي قوشۇن بۈيۈك بىر ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتى. قوشۇن بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا چىدامچانلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قالدى. چۈنكى شارائىت قىيىن ئىدى. بۇ غازاتنى قىيىنلاشتۇرغان سەۋەبلەر قىسقىچە شۇلاردىن ئىبارەت:

1. قاتتىق قۇرغاقچىلىق.
2. يولنىڭ ئۇزۇن ۋە پىيادە يۈرگىلى بولمايدىغان بىر چۆل بولۇشى.
3. مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان ۋە مېۋە توپلىنىدىغان مەزگىل بولۇشى.
4. قاتتىق ئىسسىق.
5. ۋىزانتىيە قوشۇنىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ كۈچلۈك سانىلىشى.

دەرۋەقە، پۈتۈن بۇ قىيىنچىلىقلار سەۋەبى بىلەن بۇ غازاتقا "غزوة العسرة" "غەزۋەتۇل ئۇسرە" (جاپالىق غازات)، قوشۇنغا "جيش العسرة" "جەيشۇل

ئۇسرە“ (جاپاكەش قوشۇن)، سەپەر جەريانىدىكى كۈنلەرگە ”ساعة العسرة“ ”سائەتۇل ئۇسرە“ (قىيىنچىلىق ۋاقىتلار) دېيىلدى.

قوشۇن ھەرىكەت قىلىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇناپىقلارنىڭ پىتنىلىرى سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىشىۋېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى:

”ئى رەسۇلۇللاھ! مۇناپىقلار مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويغانلىقىڭنى سۆزلىشىۋاتىدۇ! ماڭا بۇ غازاتقا قاتنىشىش ئۈچۈن رۇخسەت بەرگىن!“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەلى! ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ. مەن سېنى ئارقامدا قالدۇرۇپ قويغان كىشىلەرگە ۋەكىل قىلدىم. دەرھال قايتىپ كەت! ئۆز ئائىلەڭگە، مېنىڭ ئائىلەمگە كۆز قۇلاق بول، ئۇلار ئۈچۈن مېنىڭ ۋەكىلىم بول! ئى ئەلى! سەن مېنىڭ نەزىرىمدە (تۇر تېغىغا ماڭغاندا) مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشقا رازى ئەمەسمۇسەن؟ بىرلا پەرق بىلەنكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 174-بەت؛ بۇخارى: «مەغازى»، 78؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس ساھابە»، 31)

بۇ ئىلتىپاتقا نائىل بولغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۈيۈك بىر خۇشاللىق ئىچىدە ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتتى.

سەپەر باشلىنىپ، ئارىدا خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ساھابە-كىرامدىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنغا يېتىشتى. ئۇ ئاجىز ئۇلىقى يولغا چىدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇننىڭ كەينىدە قېلىپ، ئۇلىقىنى تاشلاپ قويىن بولسىمۇ پىيادە يۈرۈپ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

«ئاللاھ ئەبۇ زەرگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ يالغۇز ياشايدۇ، يالغۇز ئۆلىدۇ ۋە يالغۇز تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىلىك سۆزلىرى ۋاقتى كەلگەندە ئەمەلگە ئاشتى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغۇز ياشىدى، يالغۇز ۋاپات بولدى. (ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 1000 ـ بەت)

ئىسلام قوشۇنىنىڭ سەپىرى ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئۆتتى. ھاۋامۇ دىمىق ئىسسىق ئىدى. ئۈچ كىشىگە بىر تۆگە توغرا كەلگەنلىكتىن، ساھابىلار نۆۋەت بىلەن تۆگىگە مىندى، بۇمۇ ئېغىر بىر قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. بىر خورمىنى ئىككى ئادەم بۆلۈشتى، تېخى بەزىدە سۇ تېپىشمۇ قىيىنغا توختىدى. بۇ سەۋەبتىن تاھارەت ئالغاندا ئەزالار بىرلا قېتىمدىن يۇيۇلدى. مەسە ئۈستىگە مۇقىملارنىڭ بىر كۈن، سەپەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۈچ كۈن مەسىھ قىلىشى بۇيرۇلدى[319]. بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى ۋە پەقەت ئىسلام ئەسكەرلىرى بار يەرگىلا يامغۇر ياغدى[320].

ئىسلام قوشۇنى سەمۇد قەۋمىنىڭ ھالاك بولغان جايى "ھىجر" دېگەن رايوندىن ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا:

«بۇ يەر قېچىشقا تېگىشلىك بىر ۋادىدۇر!» دېدى. (ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 1008 ـ بەت)

ئارقىدىن:

«ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ يۇرتىغا يىغلىغان ھالدا كىرىڭلار. بولمىسا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر سىلەرنىڭ بېشىڭلارغىمۇ كېلىشى مۇمكىن» دېدى. كېيىن باشلىرىنى ئورىغان ھالدا ئۇ رايوندىن تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ئېلىنغان سۇلارنى تۆكتۈرۈۋەتتى. ئىسراپ ھەققىدە ئاجايىپ دىققەت قىلىدىغانلىقىغا قارىماي، بۇ سۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىرلارنىمۇ تاشلاتقۇزۇۋەتتى. (بۇخارى: «ئەنبىيا»، 17، «تەپسىر»، 2\15؛ مۇسلىم: «زۇھد»، 39)

319. ئىبنى ماجە: «تاھارەت»، 45؛ ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 27 ـ بەت.
320. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 177 ـ بەت.

چۈنكى قەھر قىلىنغان ئورۇنلار دۇچار بولغان پالاكەتنىڭ نەسلىكىنى قىيامەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قەھر قىلىنغان يۇرتلاردا، ئىسيان ۋە گۇناھ قاتمۇ-قات بولغان ئورۇنلاردا مەنىۋى داۋام قىلىۋاتقان قەھرنىڭ خەتەرلىك تەسىرىگە دۇچار بولماسلىق ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنىدەك تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

ھىجر رايونىدا ئۆتكۈزگەن بىر كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ كېچە ئىنتايىن قاتتىق بوران چىقىدۇ. ھەممەيلەن تۆگىلىرىنى چىڭ باغلىسۇن ۋە تۇرغان يېرىدە ئولتۇرسۇن، ئورنىدىن تۇرمىسۇن!» دېدى. ھەقىقەتەن ئۇ كېچە ئىنتايىن قاتتىق بوران چىقتى. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان بىرىنى بوران يەرگە يىقىتتى، تۆگىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن كەتكەن يەنە بىرسىنىمۇ تاي تېغىغا پىرقىراتقان پېتى ئاپىرىپ تاشلىدى. (بۇخارى: «زاكات»، 54؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 11)

تەبۇكقا بىر كۈنلۈك مۇساپە قالغاندا، ئىسلام قوشۇنى يەنە قاتتىق سۇسىزلىقتا قالدى. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سىلەر ئەتە ئاللاھ خالىسا تەبۇك بۇلىقىغا يېتىپ بارىسىلەر!» دېدى.

(ئەتىسى بۇلاققا يېتىپ بارغاندا) ئۇ يەردىكى بار سۇ ئوچۇملاپ-ئوچۇملاپ بىر سۇ تولۇمىغا توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن قول-يۈزىنى يۇيۇپ، بۇلاققا قايتا چاچتى. كېيىن ئۇچى تۆمۈر ئۈچ كالتەكنى بۇلاققا پاتۇردى. دەرھال (سۈپ-سۈزۈك) ئۈچ بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. پۈتۈن ساھابىلار ئۇسسۇزلىقىنى قاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ماڭا):

«ئى مۇئاز! ئۆزۈن بىر ئۆمرۈڭ بولسا ئىدى، ئۆزۈن ئۆتمەستىن بۇ سۇ بىلەن بۇ يەرلەرنىڭ باغ-بوستانلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرەتتىڭ!» دېدى. (مۇسلىم: «فەزائىل»، 10؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 238-بەت)

تەبۇك غازىتىدا ساھابىلار قاتتىق ئاچلىقتىن تاقەت قىلالماي:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! رۇخسەت بەرسەڭ تۆگىلىرىمىزنى بوغۇزلاپ يېسەك ۋە ئىچىلىرىمىز ئانچە-مۇنچە مايلانسا؟“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بولىدۇ، قىلىڭلار!» دېدى. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر تۆگىلەرنى بوغۇزلاشقا رۇخسەت بەرسەڭ، قوشۇندا ئۇلاغ ئازىيدۇ. ئەمما (خالىساڭ)، ئۇلارغا قوللىرىدا بار بولغان ئوزۇقلىرىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرىساڭ ۋە كېيىن ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، بەلكى ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلار“ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنداقتا، شۇنداق قىلايلى!» دېدى ۋە تېرىدىن داستىخاندەك بىر نەرسىنى كەلتۈرگۈزۈپ يەرگە سالدى. كېيىن قولدا مەۋجۇت بولغان ئوزۇقلارنى كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ساھابىلاردىن بەزىسى بىر ئوچۇم قوناق، بەزىسى بىر ئوچۇم خورما يەنە بەزىسى نان پارچىلىرى ئېلىپ كەلدى. بۇ سېلىنچا ئۈستىدە ھەقىقەتەن ئاز بىر نەرسە يىغىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىكەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

«قاچىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېلىپ بۇنىڭدىن ئېلىڭلار!» دېدى. ئەسكەرلەر قاچىلىرىنى تولدۇردى. شۇ قەدەركى، تولدۇرمىغان بىرمۇ قاچا قالمىدى. كېيىن تويغىچە يېدى، يەنىلا بىرمۇنچە تاماق ئېشىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شەك-شۈبھىسىز ئىشەنگەن ھالدا ئاللاھقا ئۇچراشمىغان كىشى، جەننەتكە (كىرىشتىن) مۇتلەق چەكلىنىدۇ» (مۇسلىم: «ئىمان»، 45)

ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتا قارارگاھىنى قۇرغاندا دۈشمەندىن ئەڭ كىچىك بىر ھەرىكەتمۇ كۆزگە كۆرۈنمىدى. چۈنكى بۇ قەدەر بۈيۈك بىر ئىسلام قوشۇنىنى كۆرگەن خىرىستىئان ئەرەب قەبىلىلىرى ئىلگىرى مۇئتەدىكى ئۈچ مىڭ كىشىلىك بىر ئىمان قوشۇنىنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنى ئەسلەپ ئۇرۇشقا چىقىشتىكى ئىرادىلىرىنى يوقىتىپ چېكىنگەن ئىدى. ۋىزانتىيە ئەرەبىستاننى ئىستىلا قىلىش پىكرىدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچكەنىدى. چۈنكى ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئۇ ئەسنادا ھۇمۇستا ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىستىلا قىلىنىشىدىكى خەۋەرلەرنىڭ خىرىستىئان غەسسان ئەرەبلىرىنىڭ مۇبالىغىسى ئىكەنلىكى بىلىندى.

بۇ يۈرۈش بىلەن مۇسۇلمانلار بۈيۈك بىر ئىززەتنى قولغا كەلتۈردى. ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي چېگرالىرى پۈتۈنلەي كونترول قىلىندى. ئىيلە ھۆكۈمدارى، جەربە ۋە ئېزرۇھ خەلقى، مەكنا يەھۇدىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىزيە تۆلەش بەدىلىگە ئامانلىق تىلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد 420 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن دۇمەتۇل جەندەلگە ھۇجۇم قىلىپ، خىرىستىئان ھۆكۈمدارى ئۇكەيدىر ئىبنى ئابدۇلمەلىكنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭغىمۇ جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن ئامانلىق بېرىلدى. (ئىبنى ھىشام: 4ـ جىلد، 180ـ182؛ ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 276ـ277؛ ئەھمەد: 5ـ جىلد، 425ـ بەت)

ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتا يىگىرمە كۈن قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ ئىلگىرىلەشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ ئىسلامنى ئىنسانلارغا قىلىچ زورلۇقى بىلەن تارقىتىش ئارزۇسىدا ئەمەس ئىدى. ۋىزانتىيە دۆلىتىگە كېرەكلىك بولغان ھەيۋە كۆرسىتىلگەچكە، ئالدىغا ھېچبىر دۈشمەن چىقالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ۋاقىتلاردا سۈرىيەنى تائۇن كېسەللىكى بېسىپ كەتكەن ئىدى. تائۇن تارقىلىشچان، ئۆلتۈرگۈچى بىر كېسەللىك بولغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بىر رايوندا تائۇن بارلىقنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار! سىلەر ئۇ يەردە بولساڭلار، ئۇ يەردىن چىقماڭلار!» دېدى (بۇخارى: «تىب»، 30)

ئارقىدىن ساھابە-كىرام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەدىنىگە قايتىشنى قارار قىلدى.

بۇ پەيتتە ئەبۇ ھەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنغا يېتىشتى. ئۇ باشتا بۇ سەپەرنىڭ مۇشكۇللىكى تۈپەيلىدىن مەدىنىدە قېلىپ، قوشۇنغا قاتناشمىغان ئىدى. بىر كۈنى باغچىسىدىكى باراڭدا ئاياللىرى ئۇنىڭغا تاماق تەييارلىغاندا، ئۇنى تاماق يېيىشكە چاقىردى. ئەبۇ ھەيسەمە بۇ مەنزىرىنى كۆرىشى بىلەن خىيالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئەھۋالى كېلىپ يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۆز-ئۆزىگە:

"ئۇلار بۇ ئىسسىقتا ئاللاھ يولىدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان يەردە، مېنىڭ بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟" دېدى. بۇ نادامەت بىلەن ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان داستىخانغا قول ئۇزاتماي يولغا چىقتى. تەبۇكتا ئىسلام قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ:

«ئى ئەبۇ ھەيسەم! ھالاك بولغىلى تاس قالدىڭ!» دەپ، ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 174-بەت؛ ۋاقىدى: 3-جىلد، 998-بەت)

ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە تاقىتى يەتمەيدىغان بىر تەكلىپنى قويمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى كۈچى يېتىدىغان ياكى يەتكۈزەلەيدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئەبۇ ھەيسەمەنىڭ بۇ ئىشى، ئىككىنچى تۈرگە كىرەتتى.

بۇ ۋەقەلەر بىز ئۈچۈن جانلىق بىر نەسىھەتتۇر. ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانلىرىمىزنى ھەق يولىدا قانچىلىك سەرپ قىلالىغانلىقىمىزنى ئۆلچەشتە ۋە مۇئمىن بولۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەپەككۇر قىلىشتا بىر ۋەسىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتا تۇرۇۋاتقان بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر خورما دەرىخىگە تايىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئېتىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ياكى پىيادە يۈرۈپ ئۆلگىچە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (ئاللاھنىڭ دىنىنى ھىدايەت ئىزدىگەنلەرگە يەتكۈزگەن) كىشىدۇر! ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان پاسىق ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى كىشىدۇر.

ياخشى بىلىڭلاركى، سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر! ئېسىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ساغلام ھالقا تەقۋادۇر! دىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى (ئىسلام)دۇر! سۈننەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مۇھەممەدنىڭ سۈننەتلىرىدۇر! سۆزلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتۇر. قىسسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى قۇرئان (دا بولغانلىرى)دۇر[321]. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ بۇيرىغان پەرزلەردۇر. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ يامىنى بىدئەتلەردۇر. ئەڭ گۈزەل يول پەيغەمبەرنىڭ يولىدۇر. ئۆلۈملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى شېھىدلىكتۇر.

321. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى قىسسىلەردىن تەركىب تاپقان. جانابى ئاللاھ قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلاردا بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشىمىزنى، ئىبرەت ئېلىشىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەۋالىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ اَحْسَنَ الْقَصَصِ بِمَآ اَوْحَيْنَآ اِلَيْكَ هٰذَا الْقُرْاٰنَ وَاِنْ كُنْتَ مِنْ قَبْلِه۪ لَمِنَ الْغَافِل۪ينَ

«بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ.». سۈرە يۈسۈف، 3-ئايەت.

فَاقْصُصِ الْقَصَصَ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

«ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن.». (سۈرە ئەئراف، 176-ئايەت) وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ ف۪ي هٰذَا الْقُرْاٰنِ مِنْ كُلِّ مَثَلٍ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ

«بىز كىشىلەرنى ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن دەپ بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.» (سۈرە زۇمەر، 27-ئايەت)

كورلۇقنىڭ ئەڭ يامىنى توغرا يولنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن باشقا ياققا بۇرۇلۇشتۇر. ئاز بولۇپ يەتكەن نەرسە كۆپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ تائەتتىدىن مەشغۇل قىلىپ قويغان نەرسىدىن ياخشىدۇر. ئۆزرە تىلەشنىڭ ئەڭ يامىنى جان ھەلقۇمغا كەلگەن ۋاقىتتىكىسىدۇر. پۇشايماننىڭ ئەڭ يامىنى قىيامەت كۈنىدىكىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى جۈمە (نامىزىغا) ئەڭ كېيىن كەلگەن ۋە ئاللاھنى يامان تىل بىلەن ئەسلىگەنلەردۇر. خاتالىقى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى كۆپ يالغان ئېيتقان كىشىدۇر.

بايلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى كۆڭۈل بايلىقىدۇر. ئوزۇقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەقۋا ئوزۇقۇدۇر. ھېكمەتنىڭ بېشى ئاللاھتىن قورقۇشتۇر. ھېكمەتسىز (سۆز ۋە) شېئىر ئىبلىسنىڭ ئىشلىرىدۇر. ھاراق پۈتۈن گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر. (پاسىق) ئاياللار شەيتاننىڭ تورزاقلىرىدۇر. (ياخشى تەربىيە بېرىلمىگەن) ياشلىق قىپقىزىل ساراڭلىقتۇر. ئۆسۈم ئىنسان قولغا كەلتۈرگەن نەرسىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. كىشلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ ئەڭ يامىنى يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشتۇر. بەختلىك كىشى باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئالغان كىشىدۇر.

ھەر بىرىڭلار قەبرىگە بارىسىلەر. ئەمەللەرنىڭ ھىسابى ئاخىرەتكە قالىدۇ. ئەمەللەردە ئاساس بولغان نەرسە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدۇر. چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى يالغان، خاتا چۈشەنچىلەردۇر. مۇئمىننى تىللاش گۇناھكارلىقتۇر. مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش كۇپۇرلۇقتۇر. مۇئمىننىڭ گۆشىنى يېيىش (غەيۋىتىنى قىلىش) ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىقىشتۇر.

يالغان بىر ئىشقا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان كىشى يالغانچىلىققا چىقىرىلىدۇ. كەچۈرۈم تەلەپ قىلغان كىشى ئاللاھ تەرىپىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. كىمكى غەزىپىنى يەڭسە، ئاللاھ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. ئۇچرىغان زىيانغا چىدىغان، سەۋر قىلغان كىشىگە ئاللاھ ئۇنىڭ بەدىلىنى بېرىدۇ. ئاللاھ زورلۇقلارغا بەرداشلىق بەرگەن كىشىنىڭ ئەجرىنى قاتمۇ-قات ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھقا ئىسيان قىلغان كىشىنى ئاللاھ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ.

ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئۈممىتىمنى مەغفىرەت قىلغىن!
ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئۈممىتىمنى مەغفىرەت قىلغىن!
ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئۈممىتىمنى مەغفىرەت قىلغىن!
ئۆزەم ۋە سىلەر ئۈچۈن، ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەيمەن!» (ۋاقىدى: 3-جىلد، 1016-1017؛ ئەھمەد: 3-جىلد، 37-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 5-جىلد، 13-14)



## تەبۇك شېھىدى

تەبۇك يۈرۈشىدە يالغۇز بىر ساھابە شېھىد بولدى. بۇ ساھابە مۇشرىك بىر قەبىلە ئىچىدە ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ئابدۇللاھ ئەلمۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. دادىسى ئۆلگەندە ئۇنىڭغا ھېچقانداق مىراس قويمىدى. باي تاغىسى ئۇنى يېنىغا ئېلىپ، پۇلدار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئابدۇللاھ مۇسۇلمان بولماقچى بولسىمۇ مۇشرىك تاغىسى سەۋەبىدىن بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھ قىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ تاغىسىغا:

"ئى تاغا! مۇسۇلمان بولۇشۇڭنى داۋاملىق كۈتۈپ تۇردۇم. سىنىڭ تېخىچە مۇھەممەدنى ئارزۇ قىلغانلىقىڭنى كۆرەلمەيۋاتىمەن! ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا رۇخسەت بەرسەڭ؟" دېدى.

تاغىسى:

"ئەگەر سەن مۇھەممەدكە ئەگەشسەڭ، ئۈستۈڭدىكى كېيىمدىن تارتىپ، ساڭا بەرگەن نەرسەمنى قايتۇرۇۋالىمەن!" دېدى.

ئابدۇللاھ:

"مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدكە ئەگەشتىم! تاشقا، بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلىدىم! قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئالساڭ ئال!" دېدى.

تاغىسى كىيىم-كېچەكلىرىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمسىز ھالەتتە ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى. ئانىسى قېلىن كىگىزنى ئىككىگە پارچىلاپ بەردى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭ يېرىمىنى بېلىدىن تۆۋەنگە، يېرىمىنى ئۈستىگە يۆگىۋالدى. ئۇ قارارىدا مۇستەھكەم بولۇپ، مەدىنىگە تېزدىن بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئالدىدىكى پۈتۈن قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ كۆپ تۇرالمىدى. ئۆزىنى سىققان بۇ قەۋمدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ، كېچىدە مەخپىي يولغا چىقتى. مۇشەققەتلىك

بىر سەپەردىن كېيىن پۇت-قوللىرى يېرىلغان، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن تاقىتى قالمىغان، پەرىشان ھالەتتە مەدىنىگە يېقىنلاشتى. ھاياجانلىق بىر پەيتتە تۇيۇقسىز ئۇستىدىكى بۇ ئەسكى كېيىملەر بىلەن كائىناتنىڭ نۇرى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشىش ھاياجىنىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان بۇ ياش ساھابە كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەيرانلىققا تولغان نەزەرلىرى ئارىسىدا ئارامىنى پەيغەمبەر مەسجىدىدە ئالدى. سەھەر ۋاقتىغىچە مەسجىدتە ياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، جامائەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆيگە قايتىدىغان پەيتتە ئابدۇللاھنى كۆردى. ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ، يالغۇزلارنىڭ ۋە مەزلۇملارنىڭ ئىلتىجا قىلغۇچىسى بولغان رەھمەت پەيغەمبىرى ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇبارەك ساھابىنى شەپقەت بىلەن باغرىغا باستى. ئىسمىنىڭ ئابدۇلئۇززا ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

«سەن ئابدۇللاھ زۇلبىجادەيىن (ذُو الْبِجَادَيْنِ)؛ (جۇپ كېيىم \ جۇپ كىگىز ئىگىسى) سەن! ماڭا يېقىن يەردە تۇر! پات-پات يېنىمغا كەل!» دېدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇففەدە تۇرۇپ، قۇرئانى-كەرىم ئۆگىنەتتى ۋە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سۈرىلەرنى يادلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن باغلانغان بۇ مۇبارەك ساھابە ئۇنىڭ يېنىدا جىھادتىن-جىھادقا يۈگۈرۈپ، شېھىد بولۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلىش ئارزۇسى بىلەن يېنىپ كۆيىدى. تەبۇك غازىتىغا تەييارلانغاندا ئۆزىگە شاھادەت نېسىپ بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇئا تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ قېنىنى كاپىرلارغا ھارام قىلغىن!» دەپ، دۇئا قىلدى.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنى تەلەپ قىلمىغانىدىم! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشقا چىقىپ، قىزىتما تۇتۇپ ئۆلسەڭ، شېھىدسەن! ئۆلىغىڭ سېنى يەرگە چۈشۈرۈپ بوينۇڭنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، سەن يەنە شېھىدسەن! غەم قىلما! بۇلاردىن قايسىسى بولسا، شېھىدلىك ئۈچۈن ساڭا يېتەر! - دېدى.

ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ شاھادىتى مۆجىزىلىك ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن شەكىلدە ئەمەلگە ئاشتى. قوشۇن قايتىش تەييارلىقى قىلىۋاتقان بىر كېچە بىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى، ئىككىسى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ دوستى بولۇپ ئۈچ كىشى بىر مەشئەل نۇرى ئاستىدا جىنازە كۆتۈردى. بۇ ئۈچ كىشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"كېچە قاراڭغۇلۇقىدا، ساھابىلار چېدىر قۇرغان ساھەنىڭ بىر تەرىپىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر نۇرنى كۆردۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئارقىغا چۈشتۈم. بىردىنلا ئالدىمدا كۆرگىنىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىدى. ئۇلار ئابدۇللاھ زۇلبىجادەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈۋاتاتتى. بىر يەرگە كېلىپ، قەبرە كولىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېزىلغان قەبرىگە كىردى. ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار جىنازىنى پەيغەمبىرىمىزگە سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قېرىندىشىڭلارنى ماڭا يېقىنلاشتۇرۇڭلار» دېدى، يېقىنلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى قەبرىگە قويۇپ يەرلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ، مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئى رەببىم! مەن ئۇنىڭدىن رازىمەن، داۋاملىق رازى بولۇپ كەلدىم، سەنمۇ رازى بول!»

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلىرىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

”بۇ مەنزىرە ئالدىدا ئىچىم ئاجايىپ بىر ھېسسىياتقا تولدى. زۇلبىجادەينىگە ھەۋەس قىلدىم ۋە شۇ پەيتتە:

”بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى مەن بولۇپ قالغان بولسام، كاشكى، بۇ قەبرىگە بۇ پەيغەمبەر ئىلتىپاتى بىلەن كۆمۈلگەن كىشى مەن بولۇپ قالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!“ دەپ ئارزۇ قىلدىم“ (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 183-بەت؛ ۋاقىدى: 3-جىلد، 1013-1014-بەتلەر؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 3- جىلد، 227-بەت)

## مۇناپىقلارنىڭ خىيانىتى ۋە زىرار مەسجىدى

تەبۇكتىن قايتىش باشلانغاندا مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قوشۇن كېچىسى ئۆتىدىغان تار بىر يول ئېغىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست پىلانلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ھۇزەيفەتۇل يەمانىنى ئەۋەتتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

”ئى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى! چېكىنىڭلار!“ دەپ ۋارقىراپ، مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى تارقىتىۋەتتى. (ئەھمەد: 5-جىلد، 453-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلارنى ئىككىنچى تۇزىقى كۈتمەكتە ئىدى. ئىسلامىيەتنىڭ كۈچلىنىشى بىلەن بىرلىكتە مەدىنە ۋە مەككىدىن ئايرىلغان ئەبۇ ئامىر ئىسىملىك خەزرەجلىك بىر خىرىستىئان ۋىزانتىيەگە ئىلتىجا قىلىپ، توختىماي مۇناپىقلارنى كۈشكۈرتتى. بۇ پىتنە-پاسات قازىنىنىڭ ئالاقىلىشىش نوقتىسى سۈپىتىدە قۇبا مەسجىدىنىڭ بىر ئاز نۆۋەن تەرىپىدە بىر مەسجىد بىنا قىلدى. بۇ مەشھۇر زىرار مەسجىدى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە دەۋەت قىلدى، ئۇنىڭ:

«ئاللاھ خالىسا بۇ سەپەردىن قايتقاندا!» دېيىشى بىلەن ئىسلام قوشۇنىنىڭ قايتىشىنى كۈتۈۋاتقان ئۈچ كىشىنىڭ كۆتۈۋشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بىر قونالغۇ مۇساپە يىراقلىقتىغا كەلگەندە، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، تاشقى كۆرۈنۈشتە بىر مەسجىد قىلىپ سېلىنغان بۇ پىتنە ئۇۋىسىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى خەۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، مەسجىدكە قارشى مەسجىد بىلەن، دىنغا قارشى دىنىنى قوللىنىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇناپىقلار تەرىپىدىن تەييارلانغان بۇ تۇزاق مەقسىدىگە يېتەلمىدى. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇچۇق شەكىلدە بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈردى:

وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مَسْجِدًا ضِرَارًا وَكُفْرًا وَتَفْرِيقًا بَيْنَ الْمُؤْمِنِينَ وَارْصَادًا لِمَنْ حَارَبَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ مِنْ قَبْلُ وَلَيَحْلِفُنَّ اِنْ اَرَدْنَٓا اِلَّا الْحُسْنٰى وَاللّٰهُ يَشْهَدُ اِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ لَا تَقُمْ فِيهِ اَبَدًا لَمَسْجِدٌ اُسِّسَ عَلَى التَّقْوٰى مِنْ اَوَّلِ يَوْمٍ اَحَقُّ اَنْ تَقُومَ فِيهِ فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ اَنْ يَتَطَهَّرُوا وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ

**«بەزى كىشىلەر مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇئامىر راھىب)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن. بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر. ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن)پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 107 ـ 108 ـ ئايەت)

بۇ قېتىم مەسىلە پەقەت مۇناپىقلىقتىلا توختاپ قالماي، بەلكى ئوچۇقچە بىر توزاق ۋە مەخپىي پىلان ماھىيىتىنى ئالدى. بۇ سەۋەبتىن مۇناپىقلارنىڭ ماسكىسىنىڭ يىرتىلىشى ۋە مەسجىد دەپ سالغان ھىيلە-نەيرەڭ ئۆيىنىڭ يىقىپ تاشلىنىشى لازىم ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلىپ مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا زىرار مەسجىدىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.(ئىبنى ھىشام، 4-جىلد، 581)

## كىچىك جىھادتىن بۈيۈك جىھادقا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى غازات بولغان تەبۇك مۇشەققەت بىلەن تولغان مۈشكۈل بىر يۈرۈش بولدى. ئىسلام قوشۇنى مىڭ كىلومېتىر يەرگە بېرىپ كەلگەن ئىدى. مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا چىرايلىرى ئۆزگىرىپلا كېتىپ، تېرىلىرى ئۇستىخانلىرىغا چاپلىشىپ، چاچ-ساقاللىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بىر ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەمدى كىچىك جىھادتىن بۈيۈك جىھادقا قايتىسىلەر!» دېدى. ساھابىلار ھەيرانلىق ئىچىدە:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھۋالىمىز مەيداندا! بۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك جىھاد بارمۇ؟“ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەمدى بۈيۈك جىھادقا (نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلىشقا) قايتىمىز!» دېدى. (سۇيۇتى: 2-جىلد، 73-بەت)

نەپس جىھادى قەلبى تەلىم ۋە مەنىۋى تەربىيەدۇر. بۇنىڭدىكى غايە ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىنساننى مەنىۋى جەھەتتىن ”كامىل ئىنسان“ ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ يولى ئىلاھىي ھەقىقەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەقىل، ئىمان، ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن بىر قەلب، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھانىيىتى بىلەن تاج كەيگەن ھالەت بىلەن ”تەۋھىدنىڭ مىراجىغا ئۆرلىگەن ھالدا“ كامالەتكە يېتىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن خەلق ھاياجاندا پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلام قوشۇنىنى كۈتۈۋالدى. كىچىك بالىلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى سەنىييەتۇل ۋەدا دېگەن جايدا كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يولغا تۆكۈلدى[322].

## تەۋبىلىرى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ ساھابە

ئەرلەردىن تەبۇك سەپىرى (ئۇرۇشى)غا چىقماي مەدىنىدە قالغانلار ئۈچ گۇرۇپ كىشىلەر ئىدى:

1. ئۆزرۈلۈكلەر: بۇلار ئىلگىرى ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇشقا چىقىشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ چىقالمىغان كىشىلەركى، ئۇلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئىسلام قوشۇنىغا:

«سىلەر مەدىنىدە شۇنداق بىر كىشىلەرنى قالدۇرۇپ قويدۇڭلاركى، قانداقلا بىر يەردىن ماڭساق، قانداقلا بىر ۋادىدىن ئۆتسەك، ئۇلار ئەجىردە بىزگە شېرىك بولدى. ئۇلارنى پەقەت ئۆزرۈلىرى (ئۇرۇشقا چىقىشتىن) قالدۇرۇپ قويدى» دېدى (بۇخارى: «مەغازى»، 81؛ مۇسلىم: «ئىمارە»، 159)

باشقا بىر ھەدىستە:

«ئەمەللەر نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ!» دېيىلگەن. (بۇخارى: «بەدئۇل ۋەھيى»، 1)

2. مۇناپىقلار: بۇلار بىرمۇنچە سەۋەب كۆرسىتىپ پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ بۇ يۈرۈشتىن قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ساناپ قوشۇنغا قاتناشمىغانلار ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ سالامەت ۋە بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن قايتقانلىقىنى كۆرگەندە، يۈگۈرۈشكەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، مىڭلارچە يالغان سۆزلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. سانى سەكسەن ئەتراپىدا بولغان بۇ مۇناپىقلار ھەققىدە ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

322. بۇخارى: «جىھاد»، 196 ـ بەت.

وَيَحْلِفُونَ بِاللّٰهِ إِنَّهُمْ لَمِنكُمْ وَمَا هُم مِّنكُمْ وَلَكِنَّهُمْ قَوْمٌ يَفْرَقُونَ، لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَأً أَوْ مَغَارَاتٍ أَوْ مُدَّخَلاً لَّوَلَّوْاْ إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ

**«ئۇلار: «بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن»دەپ ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان، غار ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى.»** (تەۋبە سۈرىسى، 56-57-ئايەت)

يَعْتَذِرُونَ اِلَيْكُمْ اِذَا رَجَعْتُمْ اِلَيْهِمْ قُلْ لَا تَعْتَذِرُوا لَنْ نُؤْمِنَ لَكُمْ قَدْ نَبَّاَنَا اللّٰهُ مِنْ اَخْبَارِكُمْ وَسَيَرَى اللّٰهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ ثُمَّ تُرَدُّونَ اِلٰى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ سَيَحْلِفُونَ بِاللّٰهِ لَكُمْ اِذَا انْقَلَبْتُمْ اِلَيْهِمْ لِتُعْرِضُوا عَنْهُمْ فَاَعْرِضُوا عَنْهُمْ اِنَّهُمْ رِجْسٌ وَمَأْوٰيهُمْ جَهَنَّمُ جَزَاۤءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ

**«ئۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى مەدىنىگە تەبۇك غازىتىدىن) قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلار سىلەرگە (غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا) ئۆزرە بايان قىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا: «ئۆزرە بايان قىلماڭلار، سىلەرنىڭ (سۆزۈڭلارغا) ئىشەنمەيمىز، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى (ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى) بىزگە خەۋەر قىلدى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر) ئاندىن كېيىن (يەنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر**

**بايان قىلىپ) ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەگىلار ۋە سالاملاشماگىلار) ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 94 ـ 95 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتكە ئاساسەن مۇناپىقلار ئىسلام جەمئىيىتىدىن چىقىرىۋېتىلىپ،"مۇردار" يەنى "نىجىسلار" دېگەن سۈپەت بېرىلىپ مۇسۇلمانلاردىن سانالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئۈچۈن قىلىنغان ھەرتۈرلۈك جىھادقا چىقىشتىن چەكلەندى.

3. ئۆزرىسىزلەر: بۇلار ئىككى گۇرۇپتۇر:

A. بۇلار ھېچقانداق ئۆزرىلىرى يوق ۋە مۇناپىقلاردىنمۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلاردۇر. لېكىن بۇ كىشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن خاتالىرىنى تونۇپ قاتتىق پۇشايمان قىلغان. شۇ قەدەر پۇشايمان قىلىشتىكى، قىلغان خاتالىقىنىڭ بىر جازاسى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەشمىگۈچە، بۇ شەكىلدە باغلاقلىق قالىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن:

«مەنمۇ ئۇلار ھەققىدە بۇيرۇق ئالمىغۇچە ئۇلارنى يەشمەسلىككە قەسەم قىلمەن» دېدى. بۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

وَاٰخَرُونَ اعْتَرَفُوا بِذُنُوبِهِمْ خَلَطُوا عَمَلًا صَالِحًا وَاٰخَرَ سَيِّئًا
عَسَى اللّٰهُ اَنْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

**«يەنە بىر قىسىم كىشلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى). ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن**

**(تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»**
(تەۋبە سۈرىسى، 102 ـ بەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇشايمان قىلغانلىقىدىن ئۆزىنى تۈۋرۈككىلەرگە باغلىغان بۇ ساھابىلارنى يەشتى.

B. بۇلارمۇ ھېچقانداق ئۆزرىلىرى يوق ۋە مۇناپىقلاردىنمۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئۇرۇشقا قاتناشمىغان، ئەمما باشتىلا پۇشايمان قىلىپ ئۆزلىرىنى تۈۋرۈككە باغلىغان ساھابىلارنىڭ سىرتىدا قالغان ئۈچ ساھابىدۇر. شائىر كەئىب ئىبنى مالىك، مۇرارە ئىبنى رەبى ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييەدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ساھابە مۇناپىقلارغا ئوخشاش يالغان ئېيتىشمىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچقانداق ئۆزرىسىز ھالدا ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقىنى بايان قىلىشتى. قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىدىن تەرىپلىگۈسىز بىر نادامەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا كەچۈرۈم سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي بۇيرۇقلارغا رىئايە قىلىشتا ناھايىتى ئەستايىدىل بولغاچقا، بۇ ئۈچ ساھابىنى ئەپۇ قىلمىدى. ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ساھابىلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلدى.

بۇ ئۈچ ساھابە پۈتۈن غازاتلارغا قاتناشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەئبتىن باشقا، قالغان ئىككىسى بەدىر غازىتىغىمۇ قاتناشقان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ھازىر تەبۇكقا قاتناشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ مۇئامىلە ئالدىدا دۇنيا ئۇلارغا تار كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالاملىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئۇلاردىن يۈز ئۆرىشى نەتىجىسىدە، يەريۈزى ئۇلارغا ياتلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇقەدەر بولدىكى، ئاياللىرىمۇ ئۇلارغا بىر يات كىشىدەك بىلىندى. قىلىدىغان ھېچبىر ئىشى قالمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يىغلىدى. ئۇلار خاتا قىلغانىدى. لېكىن ئىخلاس، توغرىلىق، ساداقەت، سەمىمىيەت، تەسلىمىيەت، نادامەت ۋە تەۋبىدىن يىراقلاشمىدى. مانا شۇ

ھالەتتە ئەللىك كۈن ئۆتتى. نىھايەت، توغرا سۆزلىگەنلىكى ۋە سەممىي تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە مۇنۇ ئايەت بىلەن ئەپۇ قىلىشقا ئېرىشتى:

وَعَلَى الثَّلٰثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا حَتّٰىٓ اِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الْاَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ اَنْفُسُهُمْ وَظَنُّوٓا اَنْ لَا مَلْجَاَ مِنَ اللّٰهِ اِلَّآ اِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوا اِنَّ اللّٰهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ يَٓا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا اتَّقُوا اللّٰهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ

**«جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.»** (تەۋبە سۈرىسى، 118 ـ 119 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئب ئىبنى مالىكقا بۇ خۇشاللىق خەۋەرنى مۇنداق بىلدۈرگەن:

«ساڭا توغۇلغان كۈنۈڭدىن بۇيان ئۆتكۈزگەن ئەڭ خەيرلىك ۋە ئەڭ بەختلىك بىر كۈن بىلەن بىشارەت بېرىمەن!»[323]

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھنىڭ بۇ ئەپۇسىغا بىر شۈكرانە يۈزىسىدىن:

323. بۇ خۇشخەۋەر بىلەن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغاندا، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تەبرىكلىدى. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ سەممىي مۇئامىلىسىنى ئۆمرى بويىچە ئۇنۇتمىدى.

”ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رىزاسى ئۈچۈن مېلىمنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلماقچىمەن!“ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ئېلىپ قوي! بۇنداق قىلىش سېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر!» دېدى.

كەئب ئىبنى مالىك:

”ئۇنداقتا خەيبەردىكى نېسىۋەمنى ئايرىپ قالاي. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ مېنى بۇ خەتەردىن پەقەت راستچىللىقىم بىلەن قۇتقازدى. ئەمدى مەن بۇنىڭدىن كېيىن، ھاياتىم بويىچە توغرىدىن باشقا بىر سۆز سۆزلىمەيمەن!“ دېدى.

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ئاللاھتائالا ماڭا بەرگەن ئەڭ بۈيۈك نېمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا توغرا سۆزلىشىم، بۇنىڭ بىلەن يالغان سۆزلىگەنلەر بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلۇشۇمدۇر. چۈنكى ئاللاھتائالا تەبۇك يۈرۈشىگە قاتناشماي (ئۆزرە ئويدۇرۇپ چىقىپ) يالغان سۆزلىگەنلەر ھەققىدە ھېچكىمگە قىلمىغان ئېغىر سۆزلەر بىلەن ۋەھىي قىلىپ مۇنداق دېدى:

فَأَعْرِضُواْ عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْسٌ

«ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار) ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر.» (سۈرە تەۋبە، 95-ئايەت. بۇخارى: «مەغازى»، 79، «ۋەسايا»، 16، «جىھاد»، 103؛ مۇسلىم: «تەۋبە»، 53، «مۇسافىرىن»، 74)

بۇ ئۈچ ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈن غازاتلارغا قاتناشقان تۇرۇقلۇق، پەقەت بىر غازاتقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قەدەر ئېغىر بىر جازاغا دۇچار بولدى. بۇ ۋەقە ئۆزرىسىز بىر شەكىلدە ياخشىلىققا

بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ئاللاھ يولىدىكى تەۋھىد كۈرىشىنىڭ سىرتىدا قالغان كىشىلەرگە نېمىدېگەن بۈيۈك بىر ئاگاھلاندۇرۇش.

نېمىدېگەن بىر ئىبرەتلىك بىر ھادىسىكى، بىر ئىنسان ساھابە سۈپىتىگە ئېرىشىپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاجىز ۋاقىتلىرىدا باشتا بەدىر غازىتىدىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان غازاتلارغا قاتنىشىپ ئۆلۈم بىلەن يۈزمۇ-يۈز بولغان، كېيىن تەبۇكقا ئوخشاش مۇشەققەتلىك، ئەمما ئۇرۇشسىز بىر يۈرۈشكە ئۆزرىسىز قاتناشماسلىق سەۋەبى بىلەن بۇ دەرىجىدە قاتتىق بىر مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ! بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بىلەن بىرلىكتە قورقۇتىدىغان بىر مەنا مەۋجۇت. ھەر دەۋردە بولغاندەك، زامانىمىزدىمۇ ئىسلامنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرا كەلسە، بۇ كۈرەشتە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بوشاڭلىق قىلىپ سەل قارىغانلارنىڭ ئەھۋالى ئەپسۇسلىنارلىقتۇر. بەدىر غازىتىغا قاتنىشىپ بەدىر غازىسى بولغانلار بۇنچىلىك سەل قاراشقا بۇ دەرىجىدە بەدەل تۆلىگەن بولسا، بىزدەك ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار دەپ ئويلاش، ئاللاھتائالانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇشقا غەيرەت قىلىش كېرەك.

ئاللاھتائالا مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى تەسىرلەرگە ئۇچرىشى ۋە يامان تەسىرلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇشقا بۇيرىغان. ئىمانىدا، ئەھدىسىدە، ھەق دىنغا بولغان ئېتىقادىدا، مەيلى نىيەت، مەيلى سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتتىن بولسۇن، ھەر جەھەتتە توغرا ۋە دۇرۇس كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى، ئۇلار تەرەپتە تۇرۇشنى، ئۇلاردىن ئايرىلماسلىقنى بۇيرىغان. يەر-يۈزىنىڭ كۆڭۈلگە تار كەلمەسلىكى، ۋىجدانىمىزنىڭ ئازابلانماسلىقى، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنىڭ رىزالىقىغا نائىل بولۇش ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن زۆرۈر. سادىقلار بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ پايدىسىنى، شائىر نەقەدەر گۈزەل تەسۋىرلىگەن:

يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن يالغۇز قالغاندا تىكەن،

لېكىن بولغاندا گۈل بىلەن بىرگە لەززەت بىلەن سۇ ئىچەركەن.

بۇ ئىشنىڭ تەبۇك غازىتىدا، يەنى جاپالىق بىر سەپەردە يۈز بېرىشى چوڭقۇر ھېكمەتكە ئىگە. راھەت ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، سادىقلار مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھادقا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بولۇش كېرەك. سادىقلار سەبرى قىلغان زورلۇقلارغا كۆكسىنى كېرىش، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش، ئارقىدا قالماسلىق كېرەك.

ئومۇمى جەھەتتىن تەبۇك غازىتى ھەققىدە نازىل بولغان سۈرە تەۋبىدە ئاللاھ يولىدا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە كۆپ توختالغان. چۈنكى مال ۋە جان بىلەن بولغان جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ دىندىكى ساداقىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك دەلىلىدۇر. شۇنداقلا بۇ مۇئمىن بىلەن مۇناپىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

اِنَّ اللّٰهَ اشْتَرٰى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اَنْفُسَهُمْ وَاَمْوَالَهُمْ بِاَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرٰيةِ وَالْاِنْجِيلِ وَالْقُرْاٰنِ وَمَنْ اَوْفٰى بِعَهْدِه۪ مِنَ اللّٰهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِه۪ وَذٰلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟! (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ھېچ ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 111 ـ ئايەت)

يەنە بىر مۇھىم جەھەت شۇكى، ھەر ئەسىردە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خەتەر مۇناپىقلىقتۇر. تەبۈك غازىتى، سۈرە تەۋبە بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرغان.

قىيىنچىلىق ۋاقتىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بىر مۇسۇلمان ئەسلا راھەت-پاراغەتكە بېرىلمەسلىكى، ئۇچرىغان ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئاللاھ يولىدا داۋاملىق ئىلگىرلەشتىن چېكىنمەسلىكى كېرەك.

## ئاسمان-زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھقا ئائىتتۇر

ئاللاھ كاپىرلارنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىغا قارىماي، ئۆز دىنىنى ھاكىم قىلىپ، مۆئمىنلەرنى ئۇلارغا قارشى غالىپ قىلدى. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، ئۆز يولىدا ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت بىلەن مېڭىۋاتقان مۆئمىنلەرگە خاس بولغان ئىلاھىي بىر ۋەدىسى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ دۈشمەنلىرى خالىمىسىمۇ بۇ ھەقىقەت ئەلۋەتتە ئەمەلگە ئاشاتتى. ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

هُمُ الَّذِينَ يَقُولُونَ لَا تُنْفِقُوا عَلٰى مَنْ عِنْدَ رَسُولِ اللّٰهِ حَتّٰى يَنْفَضُّوا
وَلِلّٰهِ خَزَآئِنُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَلٰكِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَا يَفْقَهُونَ

**«ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار (ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ.»** (مۇنافىقۇن سۈرىسى 7-ئايەت)

ھەقىقەتەن ئەسىرلەردىن بۇيان كاپىرلار تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزلىتىلىشقا ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ ئاسمان-زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھقا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن جانابى ئاللاھ مۆئمىنلەرگە بۈيۈك ئېھسانلارنى ئاتا قىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىپ قىسقا بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى بۈيۈك غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، كاپىرلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلدى.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ياردىمى سايىسىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئاز بىر كۈچ بىلەن بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بەدىر، مۇئتە، ئەندەلۇس، مالازگىرت ۋە بىر مۇنچە غەلىبىلەر بۇ ھەقىقەتنىڭ بىر نەچچە مىسالىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن دۇنياغا "ئاللاھنىڭ سۆزى ئەڭ ئۈستۈن" دېگەن ئىمزانى قويغان بۈيۈك ئوسمانلى دۆلىتىنى 400 ئاتلىق ئەسكەر قۇرغان.

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئىخلاسىغا قارىتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. يەنى ئىخلاسىنى يوقاتقان كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئىخلاستىن ئايرىلمىغان كىشى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەتتە يېڭىلمەس بىر ھالەتكە كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئىسلام دۈشمەنلىرى نېمە قىلسا قىلسۇنكى، مۇسۇلمانلارغا ئاخىرقى نۇقتىدا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۆز كىتابىدا بۇ ئىلاھىي ھەقىقەتنى مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ:

وَاِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْـًٔا اِنَّ اللّٰهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ

**«ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 120-ئايەت)

دەرۋەقە، ئەشۇ بەختلىك زامانلار ۋە ئىسلام تارىخى بۇ ئايەتنىڭ سانسىزلىغان تەجەللىسىگە شاھىدتۇر.

## ئىبادەتسىز دىندا ياخشىلىق يوق!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىشانلانغان پەتىھلەرنى تاماملاپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، تائىف رەئىسى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد يۈگۈرگەنچە كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئارقىدىن تائىفقا قايتىپ قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بىر زامانلاردا ئۆزلىرىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاش-بوران قىلغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇرۋەگە

قارشى بولغان مۇئاملىسى تېخىمۇ قاتتىق بولدى. ئۇنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ شېھىد قىلدى[324].

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولۇپ ئۆزىگە ۋەزىپىسى قايتۇرۇپ بېرىلگەن ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ رەئىسى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تائىفلىقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇ بۇيرۇق بىلەن مالىكنىڭ پات ـ پات ھۇجۇم قىلىشى سەۋەبلىك قەلئەلىرىدە سولىنىپ قېلىپ سىرتقا چىقالمىغان تائىفلىقلار قاتتىق زېرىكىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى مەدىنىگە ئەۋەتتى[325].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف ئەلچىلىرىنى كۆڭلى يۇمشىسۇن دەپ، مەسجىدتە كۈتۈۋالدى[326]. ئەلچىلەر كېچىلىرى ئوقۇلغان قۇرئانى ـ كەرىمنى، ساھابىلارنىڭ تەھەججۇد نامىزىدا ئوقۇغان سۈرىلەرنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاقىت نامازدا سەپ بولۇپ تۇرىشىنى كۆردى[327].

سەقىف ئەلچىلىرى نامازدىن كەچۈرۈم قىلىنىش شەرتى بىلەن ئىمان ئېيتىپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى:

«ركۇسىز (نامازسىز) بىر دىندا ياخشىلىق يوق» دەپ، رەت قىلدى.
(ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 25 ـ 26\3026)

تائىفلىقلار بۇ قېتىم لات ئىسىملىك بۇتىنىڭ يەنە ئۈچ يىل ئورنىدا قالدۇرۇلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئەخمىقانىلىق قىلدى. قوبۇل قىلىنمىغاندا: "ئۇنداقتا بىر ئاي بولسىمۇ يېنىمىزدا قالسۇن!" دېدى. بۇمۇ قوبۇل قىلىنمىدى. نىھايەت، چارىسىز ھالدا ئىمان ئېيتتى. بۇ قېتىممۇ ئۆزلىرىنىڭ لات بۇتىنى كۆيدۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چوقۇم سىلەر كۆيدۈرۈسىلەر!» دەپ چىڭ تۇرۇۋالماي، بۇ

324. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 194 ـ بەت؛ ھاكىم: 3 ـ جىلد، 713/6579.
325. ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 195، 138.
326. ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 218 ـ بەت.
327. ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 965 ـ بەت.

ئىش ئۇچۇن ئەبۇ سۇفيان بىلەن مۇغىيرەنى ئەۋەتتى[328] تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، بۇت چېقىلغاندا سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرى ئۆيلىرىدىن چىقىپ ھازا تۇتۇپ يىغلىدى. لېكىن ئىسلامنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى بىلگەنچە، خالىس مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، بۇتلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنۇتتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە دەۋرىنىڭ 9-يىلىدىكى تائىفلىقلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۇلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن قىلغان مەرھەمەت دۇئاسى ئاللاھ دەرگاھىدا مەقبۇل قىلىنىپ ئەمەلگە ئاشتى.

سەقىف ئەلچىلىرىگە ئىسلامنىڭ پەرز ۋە ئەھكاملىرى ئۆگىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رامىزاننىڭ قالغان قىسمىدا روزا تۇتۇشنى بۇيرىدى. بىلال ھەبەشى ئۇلارنىڭ زو ۋە ئىپتارلىق تاماقلىرىنى توشىدى[329].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەن ھەيئەتلەر بىلەن ئەتىگەن-ئاقشام قايسى ۋاقىتتا قولايلىق بولسا بىرىپ كۆرۈشتى، مەسىلىلىرىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا پاراڭلاشتى[330]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف ھەيئىتى بىلەن ھەركۈنى خۇپتەندىن كېيىن كۆرۈشتى. بىر قېتىم ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇن سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن پات-پات بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىغا چۈشۈرۈپ يەنە بىرىنى ئارام ئالدۇرۇش ئېھتىياجى ھىس قىلدى[331].

سەقىف ۋەكىللىرىدىن ئەۋس ئىبنى ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى خۇپتەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە يېنىمىزغا كەلمىدى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىمىزغا كېلىشتە نېمىشقا كەچ قالدىڭىز؟ - دەپ سورىدۇق.

328. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 197-بەت؛ ۋاقىدى: 3-جىلد، 967-968-بەتلەر.
329. ۋاقىدى: 3-جىلد، 968-بەت.
330. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:
"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مەسىلە ھەققىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن كېچىنىڭ خېلى كەچ ۋاقىتلىرىغىچە پاراڭلىشاتتى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتىم" (تىرمىزى: «سەلات»، 12/169)
331. ئەبۇ داۋۇد: «شەھرۇ رامىزان»، 9/1393.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- ھەر كۈنى قۇرئاندىن بىر قىسىم ئوقۇشنى ئۆزەمگە ۋەزىپە قىلغان ئىدىم، بۇنى ئادا قىلمىغىچە كېلىشنى خالىمىدىم - دېدى.

تاڭ ئاتقاندا ساھابە-كىرامغا:

- سىلەر قۇرئاننى قانداق پارچىغا بۆلۈپ ئوقۇيسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ئۇلار:

- بىز سۈرىلەرنى تۇنجى ئۈچ سۈرىنى بىر پارچىغا، كېيىن ئۇنىڭ داۋامىدىكى بەش سۈرىنى ئىككىنچى بىر پارچىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت بىلەن يەتتە، توققۇز، ئون بىر ۋە ئون ئۈچ سۈرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىردىن بۆلۈم قىلىمىز. ئەڭ ئاخىرىدا ئاخىرىدا قاف سۈرە قافتىن باشلاپ ئاخىرىغىچە مۇپەسسەل سۈرىلەرنى بىر ھىزب قىلىپ قۇرئانى-كەرىمنى (يەتتە قىسىمغا بۆلۈپ) ئوقۇيمىز - دېدى. (ئەھمەد: 4-جىلد، 9-بەت؛ ئىبنى ماجە: «سەلات»، 178)

ساھابە-كىرام قۇرئانى-كەرىمگە ئاللاھتائالادىن كەلگەن پەرمان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئامانىتى دەپ قاراپ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنى نامىزىدا ئوقۇش بىلەن بىرلىكتە، ساياھەت ۋە غازاتلاردا، سۆھبەتلەردە، كېچە نامازلىرىدا كۆپلەپ قىرائەت قىلاتتى. قۇرئاننىڭ تەمگە تويمايتتى، ئۇنى ئوقۇماي بىر كۈنمۇ ئۆتكۈزمەيتتى[332]. كۈنلىرىنى قۇرئان بىلەن باشلايتتى، كۆز ئاغرىقى بولغانلارغا مۇسھەف-شەرىفكە قاراشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ھەتتا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەك كۆپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئىككى مۇسھەف (قۇرئان) كونىراتقان ئىدى[333].

سەقىق ۋەكىللىرى ئارىسىدا قۇرئانى-كەرىمگە ئىشتىياقى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى ئوسمان ئىبنى ئەبىل ئاس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش جەھەتتە ئەڭ كىچىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كەينىدىكى ئۇلاقلارنىڭ يېنىدا قالدۇرغان ئىدى. ۋەكىللەر ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ، چۈش ئىسسىقىدا

332. ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 75-76-بەتلەر.
333. قەتتانى: 2-جىلد، 197-بەت.

ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئالدىراش كۆرسە، ئەبۇ بەكرىنىڭ ياكى ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ يېنىغا بېرىپ سورايدىغىنىنى سوراپ، ئوقۇماقچى بولغىنىنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇشال قىلدى. سەقىف ۋەكىللىرى يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئىچىمىزدىن بىرىنى بىزگە ئىمام قىلىپ تەيىنلەپ بەرگىن!" دېدى. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياش جەھەتتىن ئەڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى. (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 185-بەت؛ ئىبنى سائاد: 5-جىلد، 508-بەت؛ ئەھمەد: 4-جىلد، 218-بەت)

## تەبۇكتىن كېيىنكى باشقا ۋەقەلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىق ئايالى ھەزرىتى مارىيەدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كەلدى. ھەزرىتى ئىبراھىم تەبۇكتىن قايتىش سەپىرىدە ئاغرىپ قېلىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردى. مۇبارەك كۆزلىرىدىن مەرھەمەت تامچىلىرى تۆكۈلۈپ، مۇنداق دېدى:

إِنَّ الْعَيْنَ تَدْمَعُ وَالْقَلْبَ يَحْزَنُ وَلَا نَقُولُ إِلَّا مَا يَرْضَى
رَبُّنَا وَإِنَّا بِفِرَاقِكَ يَا إِبْرَاهِيمُ لَمَحْزُونُونَ»

**«كۆز يىغلايدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، ئەمما بىز رەببىمىزنىڭ رازى بولىدىغان سۆزىدىن باشقا بىر سۆز سۆزلىمەيمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبراھىم! بىز سېنىڭ پىراقىڭدا قاتتىق غەمكىنمىز!»**

دېدى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 44؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 138-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تاش كەلتۈرۈلۈشىنى بۇيرۇپ، ئۇنى قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە قويدى. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەبرىسى بۇنىڭ

بىلەن بىر بەلگە قويۇلغان بولدى. قەبرىنىڭ ئۈستىگە تۇنجى قېتىم سۇ سېپىلگەنمۇ ئۇ بولدى[334].

شۇ پەيتتە كۈن تۇتۇلدى. ساھابىلاردىن بەزىلىرى بۇنى بىر جاھىلىيەت ئادىتى سۈپىتىدە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغا باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەقە جەريانىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ساھابىلارنىڭ بۇ پىكرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ:

«كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئىككى ئايەتتۇر. بۇلار بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمى، ھاياتى سەۋەبلىك تۇتۇلمايدۇ، كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار ئاللاھنى زىكىر قىلىپ، ناماز ئوقۇڭلار!» دېدى[335].

(نەسەئى: «خۇسۇف»، 14)

رەجەب ئېيىدا، ھەبەشىستان نەجاشىسى ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىدا دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىنمۇ نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى مۇساپىدە تۇرۇپ نەجاشىنىڭ ۋاپاتىنى شۇ كۈنى ساھابىلىرىغا خەۋەر قىلىپ:

«يىراق بىر يۇرتتا ۋاپات قىلغان قېرىندىشىڭلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇڭلار!» دېدى.

ساھابىلار:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىم؟" دەپ سورىغاندا، كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز:

«نەجاشى ئەسھەمەدۇر! بۈگۈن ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىسى ئەسھەمە ۋاپات بولدى! قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەڭلار!» دېدى

334. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 144-بەت؛ ئىبنى ئابدىلبەر: 1-جىلد، 59-بەت.

335. كۈنىمىزدە بەزى يەرلەردە ئاي-كۈننىڭ تۇتۇلىشى جەريانىدا ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش ئورنىغا داقا-دۇمباق چېلىپ، ئاسمانغا ئوق ئاتىدىغان ئىشلار مەۋجۇت. بۇ بىدئەت ۋە پۈتۈنلەي خۇراپى بىر خەلق چۈشەنچىسى بولۇپ ئىسلام بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. يەنە ھۇقۇشنىڭ ھوۋلىشىنى شۇملۇق ساناپ كۆز يېشى تۆكۈشمۇ ئوخشاشلا خاتا چۈشەنچىتىن كېلىپ چىققان بىر ئادەت.

ۋە غەيبىي جىنازا نامىزى ئوقۇدى. (مۇسلىم: «جەنائىز»، 62ـ68؛ ئەھمەد: 3ـ جىلد، 319؛ 4ـ جىلد، 7)

كېيىن نەجاشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر قىلغان كۈنى ۋاپات بولغانلىقى بىلىندى.

شەئبان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۆھتەرەم ئايالى بولغان ئۇممۇ گۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولدى[336].

تەبۇكتىن قايتىپ تەخمىنەن ئىككى ئايدىن كېيىن يەنى زىلقەئدە ئېيىدا مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ پىتنەـ پاسات تولغان ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تەۋرىدى ۋە كەينىدە قالغان باشقا مۇناپىقلارنىڭ كۆپىنچىسى تەۋبە قىلىپ ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولدى.

ئۇ ئۆلگەندە، ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلدى. كۆينىكىڭنى بەرگىن، ئۇنىڭغا كېپەن قىلاي. جىنازا نامىزىنى ئوقۇغىن ۋە ئىستىغفار ئېيتقىن!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆينىكىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى، تەييار قىلىنغاندا نامىزىنى چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

وَلَا تُصَلِّ عَلٰىٓ اَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ اَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلٰى قَبْرِهٖ اِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللّٰهِ وَرَسُولِهٖ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ

**"(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن. (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن**

336. ئىبنى سائاد: 8ـ جىلد، 38ـ بەت.

**ئۆلدى"** (سۈرە تەۋبە، 84ـ ئايەت. بۇخارى: «جەنائىز»، 23؛ ئىبنى ماجە: «جەنائىز»، 31)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا: «كۆينىكىم ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇغان نامىزىم ئۇنى ئاللاھتىن كەلگۈسىدىكى ئازابقا قارشى قوغدىمايدۇ! ئەمما مەن بۇنىڭ سايىسىدە ئۇنىڭ قەۋمىدىن مىڭ كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.

دەرۋەقە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆينىكىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇلىدىغان نامازدىن شاپائەت تىلىگەنلىكىنى كۆرگەن خەزرەجلەردىن مىڭ كىشى مۇشرىكلىكنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولدى[337].

## ئەلچىلەر يىلى

مەككە پەتھە قىلىنىپ، ھۇنەين ئۇرۇشى غەلبە قىلغاندىن كېيىن، تائىف خەلقى مۇھاسىرىدىن بىر يىل كېيىن مۇسۇلمان بولدى. بۇ ئەسنادا قىلىنغان تەبۇك يۈرۈشىمۇ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن نەتىجىلەندى. ئەمدى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتنىڭ ئالدىدا توسالغۇ بولىدىغان ھېچبىر كۈچ قالمىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ مۇقەددەسلىكىنى توغرا تونۇش پۇرستى تاپقان ئەرەبىستان قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى. يەمەن، ھەزرەمەۋت، بەھرەين، ئامان، سۈرىيە، ئىران چېگرالىرىدىن كەلگەن بۇ ئۆمەكلەر مۇسۇلمان بولۇش ياكى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەر تەلەپ قىلدى.

كەلگەن ھەيئەتلەرنىڭ ئىسلامنى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە ئۆگىنىپ، قايتىپ بېرىپ قەبىلىلىرىگە يەتكۈزگەنلىكىگە ئەڭ گۈزەل بىر مىسال

337. ئاينى: 8ـ جىلد، 54ـ بەت؛ دىيار بەكرى: 2ـ جىلد، 140ـ 141ـ بەتلەر.

بەنى تۇجىبلاردۇر. بۇلاردىن ئون ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيئەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇلار زاكات ماللىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بۇ ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى خۇشال قىلدى. ھەيئەتكە:

- خۇش كەلدىڭلار! - دەپ، بىلال ھەبەشىگە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرىدى. بەنى تۇجىب ھەيئىتى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ماللىرىمىزدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ساڭا ئېلىپ كەلدۇق! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، كەمبەغەللىرىڭلارغا تارقىتىڭلار - دېدى.

ھەيئەت:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بىز پەقەت كەمبەغەللىرىمىزدىن ئاشقىنىنى ساڭا ئېلىپ كەلدۇق - دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئەرەب ئۈممەكلىرى ئىچىدە، توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ تۇجىب ھەيئىتىگە ئوخشايدىغىنى يوقتۇر - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھىدايەت ئاللاھتائالانىڭ ئىلكىدە. ئاللاھ ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئىمانغا ئاچىدۇ! - دېدى.

تۇجىب ھەيئىتى پەيغەمبىرىمىزدىن قۇرئان ۋە سۈننەت ھەققىدە بىر مۇنچە نەرسىلەرنى سورىدى. سورىغان نەرسىلەرنىڭ جاۋابلىرى يېزىلىپ ئۇلارغا بېرىلدى. بۇ تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بولغان ئالاقىسى كۈچەيدى. ھەيئەت بىر قانچە كۈن قالغاندىن كېيىن قايتماقچى بولدى. ئۇلارغا:

- نېمىشقا ئالدىرايسىلەر؟ - دېيىلدى.

ـ ئارقىدا قالغان قەۋمىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ رەسۇلۇللاھتىن كۆرگەن ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئاڭلىتىمىز ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ خوشلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىلال ھەبەشىنى ئەۋەتىپ، ھەدىيەلىرىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى بۇيرىدى ۋە باشقا ھەيئەتلەرگە بېرىلگەندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئېھسان قىلىشنى ئېيتتى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 323 ـ بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 3 ـ جىلد، 650 ـ 651 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيئەتلەرنىڭ مەدىنىدە بىر مۇددەت تۇرۇشىنى تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ قۇرئانى ـ كەرىم ۋە دىنىي ئاساسلارنى ئۆگىنىشىنى، بىۋاستە ئۆزىنىڭ تەتبىقاتىنى كۆرگەن ھالدا ئىسلامنى چۈشىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەسىلەن: ئابدۇل قەيس ھەيئىتى كەلگەندە ئەنسارلاردىن ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشنى ۋە ئىززەت ـ ئىكرامدا بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئارىدا كېرەكلىك دىنىي مەلۇماتلارنى ئۆگىتىشنى، ناماز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۈرىلەرنى يادلاتتۇرۇشنى بۇيرىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەنسارلارنىڭ مۇئامىلىسىدىن مەمنۇن بولۇپ بولمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەمنۇنىيەتىنى بىلدۈردى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيئەتتىكىلەرنى دىننى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىردىن، ئىككىدىن تارقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئابدۇل قەيس ھەيئىتىنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسىدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارغا بىر ـ بىردىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يادا ئالغان تەھىييات (تەشەھھۇد) دۇئاسى، فاتىھە سۈرىسى ۋە ئۆگەنگەن سۈننەتلەرنى بىۋاستە كونترول قىلدى[338].

بۇ شەكىلدە ئىسلامىيەت كۈندىن ـ كۈنگە پۈتۈن ئەرەبىستانغا تارقالدى. ئىنسانلار توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلامغا كىردى. مەدىنە ھەركۈنى يېڭى كەلگەن مۇساپىرلار بىلەن تولۇپ تاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەنلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ، ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ

338. ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 402 ـ بەت.

مۇئامىلە قىلدى. ئۇلاردىن كەلگەن رايونلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات ئالدى، تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، كۆڭۈللىرىگە ئىسلامنىڭ نۇرىنى نەقىشلىدى[339].

بۇرۇنقى ئازابلار ئورنىنى مېھرىبانلىققا بوشاتتى. دەرۋەقە، ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىن بولغان بۇ مەرھەمەتنىڭ شۈكرانىسىنىڭ ئادا قىلىنىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆئمىنلەرگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

اِذَا جَآءَ نَصْرُ اللّٰهِ وَالْفَتْحُ وَرَاَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ
اللّٰهِ اَفْوَاجًا فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ اِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا

**«ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.»** (نەسر سۈرىسى، 1-3-ئايەت)

ھىجرەتتىن كېيىنكى توققۇزىنچى يىلدا ئەمەلگە ئاشقان ئىسلامنىڭ ئەرەبىستاندا بۇ شەكىلدە تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى ۋە بۇ دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن توپ-توپ قەبىلە ئەلچىلىرىنىڭ مەدىنىگە كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يىل "ئەلچىلەر يىلى" دەپ ئاتالدى.

## ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى

ھەج ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلىغا قەدەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەنىف دىنىغا ئاساسەن ئادا قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، مۇشرىكلار تەرىپىدىن بىر قىسىم خاتالار قوشۇۋېتىلگەن ئىدى. بۇ يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ھەج ئەمىرى قىلىپ، ھەجنى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر كارۋان بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى. ئۆزى ئونىنچى

339. نەسەئى: «ئۆمرە»، 5.

يىلى ھەج قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان يىگىرمە تۆگىنىمۇ بىرلىكتە ئەۋەتتى.

ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج كارۋىنى بىلەن يولغا چىققان پەيتتە سۈرە تەۋبە (بەرائە)نىڭ تۇنجى ئايەتلىرى نازىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن بۇتلاردىن تازىلانغان ئاللاھنىڭ بەيتىنىڭ مۇشرىكلاردىن تازىلىنىشى بۇيرۇلدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇشرىكلارنىڭ كەبىدە ئىبادەت قىلىشىغا قارشى چىقىلمىغان ئىدى. ئەسلى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كەبىدە، مۇشرىكلارنىڭ چاۋاك چېلىپ، كىيىمسىز ھالەتتە غەيرى ئەخلاقى ئۇسۇللار بىلەن ئىبادەت قىلىشى تەۋھىد جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلمەيتتى، خەلق ئارىسىدىمۇ ئىختىلاپقا سەۋەب بولاتتى. مانا بۇ سۈرە بەرائەنىڭ بۇ پەيتتە نازىل بولغان ئايەتلىرى كەبىدە تەۋھىدكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھۆرمەتسىزلىككە خاتىمە بەردى. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

بَرَآءَةٌ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖٓ اِلَى الَّذٖينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكٖينَ فَسٖيحُوا فِي الْاَرْضِ اَرْبَعَةَ اَشْهُرٍ وَاعْلَمُوٓا اَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللّٰهِ وَاَنَّ اللّٰهَ مُخْزِي الْكَافِرٖينَ وَاَذَانٌ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖٓ اِلَى النَّاسِ يَوْمَ الْحَجِّ الْاَكْبَرِ اَنَّ اللّٰهَ بَرٖيٓءٌ مِنَ الْمُشْرِكٖينَ وَرَسُولُهُ فَاِنْ تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَاِنْ تَوَلَّيْتُمْ فَاعْلَمُوٓا اَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللّٰهِ وَبَشِّرِ الَّذٖينَ كَفَرُوا بِعَذَابٍ اَلٖيمٍ اِلَّا الَّذٖينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكٖينَ ثُمَّ لَمْ يَنْقُصُوكُمْ شَيْـًٔا وَلَمْ يُظَاهِرُوا عَلَيْكُمْ اَحَدًا فَاَتِمُّوٓا اِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ اِلٰى مُدَّتِهِمْ اِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْمُتَّقٖينَ

**«(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا-جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ كافىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر. بۇ چوڭ ھەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن**

**كىشلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن)تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر، ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرىسەڭلار بىلىڭلاركى، ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. كافىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى تۈگىشىگە قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 1 ـ 4 ـ ئايەت)

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوٓا اِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُوا الْمَسْجِدَ
الْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هٰذَا وَاِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنٖيكُمُ اللّٰهُ مِنْ
فَضْلِهٖٓ اِنْ شَآءَ اِنَّ اللّٰهَ عَلٖيمٌ حَكٖيمٌ

**«ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن. (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 28 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدىن مەككىگە ئەۋەتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەقەبە جەمرەسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بىر خۇتبە ئوقۇش بىلەن ئورۇنلىدى. سۈرە تەۋبىدىن بىر مىقدار ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇلاسىلىگەن مۇنۇ تۆت نەرسىنى پۈتۈن كىشىلەرگە بايان قىلدى:

1. (ھەربىر كىشى بىلسۇنكى)، جەننەتكە پەقەت مۇئمىنلەر كىرەلەيدۇ.

2. كەبە ھەر قانداق ۋاقىتتا كىيىمسىز تاۋاپ قىلىنمايدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ بۇ شەكىلدە پەيدا قىلغان بىدئەتلىرىگە خاتىمە بېرىلدۇ)

3. يىلدىن كېيىن ھېچبىر مۇشرىك بەيتۇللاھقا يېقىنلىشالمايدۇ.

4. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈپ، بۇنىڭغا سادىق قالغان مۇشرىكلەر ھەققىدە، بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقىچە مۇئاھىدە ماددىلىرى سالاھىيەتكە ئىگە قالىدۇ.

شۇ يىلدىن كېيىن ھېچبىر مۇشرىك ھەجگە كەلمىدى ۋە كەبە كىيىمسىز ھالەتتە تاۋاپ قىلىنمىدى.

شۇ يىلدىن كېيىن شىرىكنىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ بارغان بۇ ھاماقەتلىك ۋە بەختسىزلىكنى چۈشەنگەن ئاخىرقى مۇشرىكلارمۇ نىھايەتتە ئىماننى تاللىدى.

شۇ يىلدىن كېيىن، كەبە بۇتلاردىن تازىلانغاندەك مۇشرىكلاردىنمۇ پاك-پاكىز تازىلانغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىدىغان بۈيۈك ھەج ئۈچۈن تەييار ھالەتكە كەلدى[340].

340. ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 201-بەت؛ تىرمىزى: «ھەج»، 44/871؛ ۋاقىدى: 3-جىلد، 1077-بەت.

# ھىجرەتنىڭ ئونىنچى يىلى

## ئەدىي ئىبنى ھاتىمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مەرتلىكى تىللاردا داستان بولغان ھاتىم ئەتتائى تەيىي قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەدىينىڭ دادىسى ئىدى. ئەدىي قەۋمى ئىچىدە بۈيۈك، شەرەپلىك، خاتىب، ھازىر جاۋابلىق، پەزىلەتلىك ۋە مەرت بىر ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىي قەبىلىسىنىڭ بۇتى "فۇلۇس"نى چېقىپ تاشلاشقا ئەۋەتكەندە، ئەدىي شامغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. سىڭلىسى سەففانە ئەسىرلەر ئارىسىدا مەدىنىگە ئېلىپ كېلىندى.

پەيغەمبىرىمىز سەففانەنى شەرتسىز قويۇۋېتىپ، كىيىم-كېچەك ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بېرىپ، قەۋمىدىن ئىشەنچلىك بەزى كىشىلەرنىڭ يېنىغا قوشۇپ شامغا يولغا سالدى.

ئەدىي ئىبنى ھاتىم مۇنداق دەيدۇ:

"سەففانە ئەقىللىق بىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا:

- ئۇ زات ھەققىدە كۆز قارىشىڭ قانداق؟ - دەپ سورىدىم. ماڭا:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ تېزدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىشىڭنى ئۈيغۇن كۆرىمەن. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتە باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشۈڭ سېنىڭ ئۈچۈن بىر پەزىلەت بولىدۇ. بىر ھۆكۈمدار بولسا، ئۇنىڭ سايىسىدە يەمەندىكى سەلتەنىتىڭنى يوقاتمايسەن، پەس بىر ھالغا چۈشمەيسەن! ئەمدى قارار قىلىش سەندە قالدى! - دېدى.

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەقىقەتەن توغرا قاراش! مەن بۇ زاتنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئۇ بىر يالغانچى بولسا (يالغانچىلىقى) ماڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر توغرا بولسا سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن! - دېدىم ۋە مەدىنىگە كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا

ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقىلارنى كۆرگىنىمدە شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇنىڭدا كىسرانىڭ، قەيسەرنىڭ سەلتەنىتى يوق!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىن تۇتۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى. يولدا مىسكىن ۋە ياشانغان بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئېھتىياجىنى ئېيتتى. ئۇمۇ ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۆرە تۇرۇپ، ئايالنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۆيىگە بارغىنىمىزدا خورما قوۋزاقلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر كۆرپىنى ماڭا بەردى:

- بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇر! - دېدى.

مەن:

- ياق! ئۇنىڭ ئۈستىدە سەن ئولتۇر! - دېدىم.

رەسۇلۇللاھ ماڭا:

- ياق، سەن ئولتۇرىسەن! - دېدى.

كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇق يەردە ئولتۇردى. ئىچىمدە:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئىشى ئەمەس! - دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەدىي! مۇسۇلمان بول، سالامەت بولىسەن، - دېيىشى بىلەن:

- مېنىڭ دىنىم بار، - دېدىم.

- سېنىڭ دىنىڭنى سەندىن ياخشى بىلىمەن! - دېدى.

- مېنىڭ دىنىمنى مەندىنمۇ ياخشى بىلەمسەن؟ - دېدىم.

- شۇنداق! سەن رەقۇسى[341] ئەمەسمۇ؟ قەۋمىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەنىمەتلەردىن تۆتتە بىرىنى ئالىسەنغۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ھەئە شۇنداق - دېدىم.

341. رەقۇسىيە: خرىستىئانلىق بىلەن سابىئىلىك ئارىلاشتۇرۇلغان بىر دىن تەلىماتى.

ـ ئەسلىدە بۇ دىنىڭغا كۆرە ساڭا ھالال ئەمەس! ـ دېدى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نەرسە دېمىدى. رەسۇلۇللاھ بۇنى سۆزلىگەندە قاتتىق ئوڭايسىزلاندىم. ئۇنىڭغا:

ـ توغرا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى شۇنداق! ـ دېدىم.

شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى خىجىل قىلىدىغان سۆزنى بىر قېتىمۇ تەكرارلىمىدى. سۆزلىرىگە داۋاملىق:

ـ سېنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭگە توسقۇن بولغان نەرسىنى بىلىمەن. سەن: "ئۇنىڭغا ئاجىزلار، ئەرەبلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كۈچسىز كىشىلەر ئەگىشىدۇ" دەيسەن. سەن ھەيرەنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى.

ـ كۆرمىدىم، لېكىن ئاڭلىدىم ـ دېدىم.

ـ جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ بۇ دىننى تاماملايدۇ. شۇنداق بولىدۇكى، يالغۇز بىر ئايال ھەيرەدىن يولغا چىقىپ (ئاللاھتىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقماستىن خاتىرجەم ھالدا) ئاللاھنىڭ ئۆيىنى تاۋاپ قىلىدۇ. كېيىن كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ خەزىنىلىرى پەتىھ قىلىنىدۇ! ـ دېدى.

ـ كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ شۇنداق، كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ! ـ دېدى. كېيىن:

ـ ئۇزۇن ئۆتمەي، مال ـ دۇنيا شۇ قەدەر كۆپىيىدۇكى، ھېچكىم ئۆزىنى چۈشۈرمەيدۇ (يەنى باشقىلاردىن تىلەپ ئۆزىنى چۈشۈرمەيدۇ)، مالنىڭ زاكىتىنى ئالىدىغان كىشى تېپىلماي قالىدۇ! ـ دېدى.

مۇسۇلمان بولغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق سۆيۈندى. يۈزىدە بۈيۈك بىر خۇشاللىقنى كۆردۈم. ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرۇشۇمنى بۇيرىدى. ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشكە باشلىدىم. ھەربىر ناماز ۋاقتى كىرىپ بولغىچە ئۇنى سېغىنىپ كېتەتتىم!

كېيىن بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئايالنىڭ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ھېچنىمىدىن قورقماي ھەيرەدىن يولغا چىقىپ بەيتۇللاھنى ھەج قىلغانلىقىنى كۆرگەنمەن! ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىسرانىڭ خەزىنىلىرىنى پەتھە قىلغانلار ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۈچىنچىسىمۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئېيتتى. (بۇخارى: «مەناقىب»، 25؛ ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 377 ـ 379 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى ھىشام: 4 ـ جىلد، 246 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 5 ـ جىلد، 62 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن يەنە بىر خەۋەرمۇ ئەمەلگە ئاشتى. خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز زاكات مەمۇرلىرىنى ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ئەۋەتتى. مەمۇر ماللارنى تارقاتماي قايتۇرۇپ كەلدى. چۈنكى زاكات ئالىدىغان بىر كىم تاپالمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پۇللارغا نۇرغۇن قۇل سېتىۋېلىپ، ھەممىسىنى ئازاد قىلدى[342].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەججى: ۋىدالىشىش ھەججى

ھەج پەرز بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەج ۋىدالىشىش ھەججىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەجدە مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىدالاشقاندا كىشىلەر: "بۇ ۋىدا ھەججىدۇر" دېدى ۋە بۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولدى[343]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇنى "ھەججەتۇل ئىسلام" دەپ تىلغا ئالدى[344].

342. بۇتى: 434 ـ بەت.
343. بۇخارى: «ھەج»، 132.
344. ھەيسەمى: 3 ـ جىلد، 237 ـ بەت.

ئەرەبىستان باشتىن ئاخىرى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھاكىمىيىتى كۈچلەندى. ھىجرەتنىڭ ئونىنچى يىلىغا توغرا كەلگەن بۇ ھەجگە پۈتۈن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن دەۋەت قىلىندى.

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشقىدا تولۇپ ـ تاشقان كۆڭۈللەر بۇ دەۋەتكە ئۇمۇمىيۈزلۈك قاتناشتى. بۇ خەۋەر مەدىنىنىڭ سىرتىغا تارقىلىشى بىلەن، ئىنسانلار ھەرتەرەپتىن ئېقىن سۇدەك كېلىشكە باشلىدى. يولدا ئۇلارغا قوشۇلغانلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. تۆت تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەج قىلىشىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن مۇئمىنلەرنىڭ سانى يۈز يىگىرمە مىڭغا يېتىپ، ھەممىسى بىر جان، بىر يۈرەك بولدى.

كائىناتنىڭ پەخرى ھەج ۋە ئىھرام ھەققىدە قىسقا مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن يولغا چىقتى. پەيغەمبىرىمىز ھەجدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يۈز تۆگە ئېلىپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن سەپەردە مۇسۇلمانلارغا ھەج توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئوقۇغان خۇتبىلىرىدە ئىھرامنىڭ، ھەجنىڭ ۋاجىب، سۈننەتلىرىنى بايان قىلدى. زۇلھۇلەيفەگە كەلگەندە، ئەقىق ۋادىسىدا مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېدى:

«رەببىم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جىبرائىل بۇ كېچە يېنىمغا كېلىپ: "بۇ مۇبارەك ۋادىدا ناماز ئوقۇ، ھەج ۋە ئۆمرىگە نىيەت قىلدىم دېگىن!" دېدى» (بۇخارى: «ھەج»، 16)

ئۇ يەردە ئىككى رەكئەت ئىھرام نامىزى ئوقۇدى. ئاللاھقا ھەمدۇسانا، تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن:

اَللَّهُمَّ حَجَّةٌ لَا رِيَاءَ فِيهَا وَلَا سُمْعَةَ

«ئى ئاللاھ! بۇنى ماڭا ئىچىدە رىيا، سۇمئە (كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش، شۆھرەت) بولمىغان مەبرۇر ۋە مەقبۇل بىر ھەج قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. (ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 4)

زۇلھۇلەيفىدە ئىھرامغا كىرىپ:

«لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَا شَرِيكَ لَكَ»

دەپ تەلبىيە ئېيتتى. (بۇخارى: «ھەج»، 26)

كېيىن:

«سىلەردىن كىم ھەج ۋە ئۆمرىنى نىيەت قىلماقچى بولسا ئۇنى قىلسۇن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھرامغا كىرىپ تەلبىيەنى باشلىغاندىن كېيىن، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

"ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭغا تەلبىيەدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتىرىشنى بۇيرىغىن! چۈنكى بۇ ھەجنىڭ ئالامەتلىرىدۇر!" دېگەنلىكىنى ئېيتتى. (ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 16)

ئاسمان-زېمىن ئېيتىلغان تەلبىيە ئاۋازلىرى بىلەن لەرزىگە كېلىپ، پۈتۈن ئەتراپنى ھۇزۇر قاپلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان يەرلەردە مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. كېيىن ۋاپا ۋە سۆيگۈ نامايەندىسى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان يەرلەرگە مەسجىد سېلىندى[345].

تونىنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئوڭ قولىنى ئاچقان ھالدا مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ ھەجەر ئەسۋەد تەرەپكە بېرىپ تۇتتى. بۇ ئەسنادا كۆزلىرى ياش بىلەن تولدى. ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيدى:

«اَللّٰهُمَّ اِيمَانًا بِكَ وَتَصْدِيقًا بِكِتَابِكَ وَاتِّبَاعًا سُنَّةَ نَبِيِّكَ»

«ئى ئاللاھ! ساڭا ئىمان ئېيتقان، كىتابىڭنى تەستىق قىلغان، پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن ھالدا (باشلايمەن)» دەپ،

345. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 173-بەت.

ھەجەر ئەسۋەد بۇرجىكىدىن باشلاپ تاۋاپنى باشلىدى. (ھەيسەمى: 3 ـ جىلد، 240 ـ بەت)

تاۋاپنىڭ تۇنجى ئۈچ ئايلىنىشىدا قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ ئوڭ مۈرىسى ئوچۇق ھالدا ماڭدى. رۇكنۇل يەمانى بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىسىغا كەلگەندە:

رَبَّنَآ آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»** (بەقەرە سۈرىسى، 201 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىز تاۋاپنىڭ بۇ قىسمىنى تاماملىغاندىن كېيىن ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن تەستە ئۆتۈپ ماقامى ئىبراھىمغا باردى. ماقامى ئىبراھىمنى ئۆزى بىلەن كەبىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. كېيىن قايتىپ تەكرار ھەجەر ئەسۋەدنى تۇتۇپ، ھەزرىتى ئۆمەرگە:

«ئى ئۆمەر! سەن كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك بىر كىشىسەن. ھەجەر ئەسۋەدنى تۇتۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى قىستاپ ئاجىزلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمە! ئۆزەڭ بىئارام بولما، باشقىلارنىمۇ بىئارام قىلما. بوش بولسا ھەجەر ئەسۋەدنى تۇت ۋە سۆي. ئەكسىچە، يىراقتىن ئىشارەت قىلىپ كەلىمە تەۋھىد ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتىپ ئۆتۈپ كەت!» دېدى[346]. (ھەيسەمى: 3 ـ جىلد، 241 ـ بەت؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 28 ـ بەت)

346. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىگىمۇ ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن يىراقتىن ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن. بۇ كۈنىمىزدىكى ھەجگە بارىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان مەسىلە. ھەجدە ھاسىل قىلىنىغان ساۋابلار مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش بىلەن بېكار بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، كەبە ياكى ھەجەر ئەسۋەدكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن باشقا كىشىلەرنى ئىتتىرىپ، ئۇلارغا ئازار بېرىشكە ئوخشاش ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.
ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى سۆيۈپ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كېيىن كەبىنىڭ بەنى مەھزۇم ئىشىكىدىن چىقىپ سەفا ئېگىزلىكىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا:

إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّٰهِ

**«سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 158 ـ ئايەت)

دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ:

«ئاللاھ ئايەتتە تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالغان يەردىن باشلايمەن!» دەپ سەئيى قىلىشنى سەفادىن باشلاش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بەيتۇللاھنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتتى. ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم:

لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ لَا إِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ الْأَحْزَابَ وَحْدَهُ

"بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق. ئۇنىڭ تەڭدىشى ۋە شېرىكى يوق. بارلىق مۈلك ئۇنىڭدۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ تىرىلدۈرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم قىلدى، مۇشرىكلار قوشۇنىنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى" دېدى. (ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 84)

---

"سېنىڭ ھېچبىر نەرسىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاش ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، مەنمۇ سېنى سۆيمەيتتىم" دېگەن. (بۇخارى: «ھەج» 50؛ مۇسلىم: «ھەج» 251). ساھابىلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسى بىر ئىشنىڭ ھېكمىتى چۈشىنىلمىسىمۇ ياكى ئايدىڭلاشمىسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك ئېلىشنىڭ، ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەتبىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن سەفادىن مەرۋە تۆپىلىكىگە قاراپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئيى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە مېڭىشنى تېزلاشتۇردى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەندە مېڭىشنى تەبىئىي ھالەتكە كەلتۈردى. بۇ ئەسنادا:

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ الْأَعَزّ الْأَكْرَمُ

«پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغفىرەت قىل ۋە ماڭا رەھىم قىلغىن! سەن ئەڭ ئەزىز، ئەڭ كەرەملىكسەن!» دەپ دۇئا قىلدى. (ھەيسەمى: 3 ـ جىلد، 248 ـ بەت)

رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەرۋە تۆپىلىكىگە بارغىنىدا، سەفادا قىلغانلىرىنى قىلدى. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ ـ كېلىپ سەئيىنىمۇ تاماملىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۆت كۈن قالدى. بەشىنچى كۈنى (تەرۋىيە كۈنى) بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن تۆگىسىگە مىندى. مىناغا بېرىپ پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى ئۇ يەردە ئوقۇدى. كۈن چىققىچە ساقلىدى. زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئەرەفاتقا قاراپ ھەرىكەت قىلدى. مىنادىن ئەرەفاتقا بارغىچە تەلبىيە ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شەكىلدە ئۈممىتىگە قانداق ھەج قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، پۈتۈن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئەرەفاتتا، بۈگۈنكى نەمىرە مەسجىدىنىڭ ئورنىدا تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، مەشھۇر "ۋىدالىشىش خۇتبىسى"نى ئوقۇدى:

«ئى ئىنسانلار!

سۆزلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار! بىلمەيمەن، بەلكى بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن بۇ يەردە بىرگە بولالماسلىقىم مۇمكىن!

ئى ئىنسانلار!

بۇ كۈن قانداق مۇقەددەس بىر كۈن، بۇ ئاي قانداق مۇقەددەس بىر ئاي بولسا، بۇ شەھەر (مەككە) قانداق مۇقەددەس بىر شەھەر بولسا،

جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، ئىپپەت-نومۇسىڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر، بۇلارغا چېقىلىش ھارامدۇر.

ساھابىلىرىم!

ئەتە پەرۋەردىگارىڭلارغا ئۇچرىشىسىلەر ۋە بۈگۈنكى ھەربىكەتلىرىڭلاردىن ھساب بېرىسىلەر! مەندىن كېيىن ئىلگىرىكى زالالەتلەرگە قايتىپ بىر-بىرىڭلارنىڭ بوينىغا ئۇرماڭلار! خەۋىرىڭلار بولسۇنكى، مەن ئالدى بىلەن بېرىپ ھەۋز كەۋسەر (كۆلى)نىڭ بېشىدا سىلەرنى كۈتىمەن! باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن سۆيۈنىمەن. گۇناھ قىلىپ يۈزۈمنى قارا قىلماڭلار!

ساھابىلىرىم!

كىمنىڭ يېنىدا بىر ئامانەت بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرسۇن! ئۆسۈمنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. لېكىن قەرزىڭلارنىڭ ئەسلى سىلەرگە قايتىدۇ. زۇلۇم قىلماڭلار، زۇلۇمغىمۇ ئۇچرىماڭلار! ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆسۈم ئېلىش، بېرىش چەكلەندى. جاھىلىيەتتىن قالغان بۇ ئادەتنىڭ ھەرتۈرلۈكى ئايىغىمنىڭ ئاستىدا يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. ئالدى بىلەن تاغام ئاببانىڭ ئۆسۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرىمەن.

ساھابىلىرىم!

جاھىلىيەت دەۋرىدە تۆكۈلگەن قان دەۋالىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئالدى بىلەن بوۋام ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ نەۋرىسى رەبىئەنىڭ قان دەۋاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمەن.

ئى ئىنسانلار!

بۈگۈن شەيتان سىلەرنىڭ بۇ تۇپرىقىڭلاردا قايتىدىن تەسىر كۆرسىتىپ، ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش كۈچىنى مەڭگۈلۈك يوقاتتى. لېكىن سىلەر بۇ ئەمەلدىن قالدۇرغان نەرسىلىرىمنىڭ سىرتىدا، ئۆزەڭلار كىچىك چاغلىغان ئىشلاردا

ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار، بۇمۇ ئۇنى مەمنۇن قىلىدۇ. دىنىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن بۇلاردىنمۇ ساقلىنىڭلار!

ئى ئىنسانلار!

ئاياللارنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىڭلار! ئۇلارغا شەپقەت ۋە سۆيگۈ بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار! ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. سىلەر ئاياللارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى سۈپىتىدە ئالدىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ئاللاھ نامىدا ۋەدە بېرىپ ھالال قىلدىڭلار! سىلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدە ھەققىڭلار بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بار. سىلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ ئائىلە شەرىپىنى ھېچقانداق كىشىگە دەپسەندە قىلدۇرماسلىقىدۇر. ئاياللارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى ھەددىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن ھەرتۈرلۈك يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىڭلاردۇر. بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخستى بولماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ مېلىدىن ھەرقانداق نەرسىنى باشقىسىغا بېرىشى ھالال ئەمەس!

قۇللىرىڭلارغا كەلسەك، ئۇلارغا يېگەن نەرسەڭلاردىن يېدۈرۈشكە، كەيگەن نەرسەڭلاردىن كەيدۈرۈشكە دىققەت قىلىڭلار! بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، كەچۈرۈڭلار! لېكىن ئازار بەرمەڭلار! چۈنكى ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇر.

ئى مۇئمىنلەر!

سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاپ، ياخشى چۈشىنىڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر. دىنىي قېرىندىشىڭلارغا ئائىت بىر ھەقنى رۇخسەتسىز ئېلىش ھالال ئەمەس. لېكىن كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن بەرسە ئالساڭلار بولىدۇ.

ھەقسىزلىق قىلماڭلار! ھەقسىزلىققىمۇ بويۇن ئەگمەڭلار! باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئالماڭلار!

ساھابىلىرىم!

ئۆز نەپسىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار! نەپسىڭلارنىڭمۇ سىلەردە ھەققى بار.

ئى ئىنسانلار!

ھەربىر گۇناھكار ئۆز قىلمىشىدىن مەسئۇل. ھەرقانداق گۇناھكارنىڭ قىلغان گۇناسىنىڭ جازاسىنى ئۇنىڭ بالىلىرى تارتمايدۇ! ھەرقانداق بالىنىڭ گۇناھىدىنمۇ دادىسى مەسئۇل ئەمەس!

ئى ئىنسانلار!

جانابى ئاللاھ ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى (قۇرئاندا) بەرگەن. مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشقا ھاجىتى يوق[347]. بالا كىمنىڭ ياتىقىدا تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا ئائىت. زىنا قىلغان كىشى ئۈچۈن مەھرۇم قېلىش بار. دادىسىدىن باشقىسىغا ئائىت نەسەب دەۋا قىلغان نەسەبسىز(يەنى دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ياكى كىمدىن بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ مەلۇم بىر كىشىنى مېنىڭ دادام دەپ دەۋا قىلىشى) ياكى خوجايىنىدىن باشقىسىغا قۇل بولۇۋالغان (يەنى مەن پالانىنىڭ قۇلى دەپ ئۆز خوجايىنىدىن ۋاز كەچكەن) تۇزكور ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىسۇن! ئاللاھتائالا بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تەۋبە ۋە شاھادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئى ئىنسانلار!

پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلارمۇ بىردۇر. ھەممىڭلار ئادەمنىڭ بالىلىرى. ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار، ئۇنىڭغا ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر. ئەرەبنىڭ ئەرەب ئەمەسلەرگە، (ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىككە) تەقۋا ئۆلچىمىدىن باشقا بىر ئۈستۈنلىكى يوقتۇر.

ئى ئىنسانلار!

347. ۋەسىيەت مىراس ئايىتى نازىل بولۇشتىن بۇرۇن پەرز ھۆكمىدە ئىدى. ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ھەقلەر ئوچۇق بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەسىيەت قىلىش پەرزلىق ھۆكمىدىن قالغان. لېكىن كىشى خالىسا مېلىنىڭ ئۈچتە بىر مىقدارىدىن ئاشمىغان قىسمىدا ۋەسىيەت قىلالايدۇ.

توختىماي مېڭىۋاتقان زامان ئاللاھنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ھالىغا قايتتى. بىر يىل ئون ئىككى ئاي، بۇلارنىڭ تۆتى ھارام بولغان ئايلاردۇر. بۇلارنىڭ ئۈچى ئارقا ـ ئارقىدىن زىلقەئدە، زىلھەججە ۋە مۇھەررەم؛ تۆتىنچىسى (جەمادىيەل ئاخىر بىلەن شەئبان ئارىسىدا بولغان) رەجەب ئېيىدۇر. بۇ يىل ھارام ئايلىرى بۇرۇنقى ئورنىغا كەلدى. ھەج مەۋسۇمى زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنىگە توغرا كەلدى.

ئى مۇئمىنلەر!

سىلەرگە بىر ئامانەت قويىمەنكى، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار، يولۇڭلاردىن ئاداشمايسىلەر. ئۇ ئامانەت ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر.

ئى ئىنسانلار!

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار! بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىڭلار! رامىزان روزىسىنى تۇتۇڭلار ۋە بۇيرۇقلىرىمغا ئىتائەت قىلىڭلار! (پەقەت مۇشۇنداق قىلغىنىڭلاردا) رەببىڭلارنىڭ جەننىتىگە كىرىسىلەر.

ئى ئىنسانلار!

ھەددىدىن ئېشىشتىن ساقلىنىڭلار! سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ سەۋەبى دىندا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئىدى. ھەج ئەمەللىرىنى (ئۇسۇل ۋە ئەدەبلىرىنى) مەندىن ئۆگىنىڭلار! بىلمەيمەن، بەلكى بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشالماسلىقىم مۇمكىن! بۇ نەسىھەتلىرىمنى بۇ يەردە بولغانلار بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن! يەتكۈزۈلگەن كىشى (سۆزلىرىمنى) بۇ يەردە بولۇپ ئاڭلىغان كىشىدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

سۆزلىرى بۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز مىڭدىن ئاشىدىغان ساھابىسىدىن سورىدى:

«ئى ئىنسانلار! ئەتە مېنى سىلەردىن سورايدۇ، نېمە دەيسىلەر؟»

پۈتۈن ساھابىلار:

"ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈڭ. ۋەزىپەڭنى ئورۇنلۇدۇڭ، بىزگە نەسىھەت قىلدىڭ دەپ شاھادەت ئېيتىمىز!" دېدى.

بۇ شاھادەتنىڭ كەينىدىن پەيغەمبىرىمىز دىنىنىڭ تەبلىغىگە دائىر:

«ساھابىلىرىم! تەبلىغ قىلدىممۇ؟ تەبلىغ قىلدىممۇ؟ تەبلىغ قىلدىممۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەستىق ئالدى. كېيىن قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ جانابى ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقىنى تىلەپ:

«شاھىت بول يا رەب! شاھىت بول يا رەب! شاھىت بول يا رەب!» دېدى. (مۇسلىم: «ھەج»، 147؛ ئەبۇ داۋۇد: «مەناسىك»، 56؛ ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 76، 84؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 30-بەت؛ ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 275-بەت؛ ھەمىدۇللاھ: «ئەلۋەسىقە»، 360-بەت)

ۋىدالىشىش خۇتبىسى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بەلگىلىنىشى، دىنىنىڭ خۇلاسىسى ۋە ئەينى ۋاقىتتا "بىر كىشىلىك ھوقۇق باياناتى"دۇر. دەرۋەقە، 1789-يىلى بۈيۈك فرانسوز ئىنقىلابىنىڭ پىكرى ئاساسلىرىنى تەييارلىغانلاردىن بىرى بولغان "پەيلاسوپ لافايەتتە" مەشھۇر "كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى" نەشىر قىلىنىشتىن بۇرۇن پۈتۈن قانۇن سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە ئېلان قىلغان، پۈتۈن ئالەمگە مەشئەل بولىدىغان بۇ ئادالەت پىرىنسىپلىرىنى كۆرۈشى بىلەن:

"ئى مۇھەممەد! ئادالەتتە شۇنداق بىر پەللىگە چىقىپسەنكى، ھېچكىمنىڭ ئۇ سەۋىيەدىن ئېشىپ كېتىشى بۈگۈنگە قەدەر مۇمكىن بولمىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ!" دېگەن[348].

ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرى بۇ خۇتبىسىدە ئىنسانلارنىڭ بىلىشى كېرەك بولغان ۋە بىلمىگەن تەقدىردە ئۆزلۈك ھېساپلانمايدىغان ھۆكۈملەرنى بايان قىلدى. ئۇ يەردە توپلانغان ساھابىلار ئارقىلىق بۇ ھۆكۈملەرنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاڭلىتىلىشىنى نىشانلىدى.

348. كامىل مىراس: تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى، 9-جىلد، 289-بەت.

ۋىدالىشىش خۇتبىسىدىن كېيىن بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئىككى نامازنى بىرلەشتۈرۈپ ئالدى بىلەن پېشىننىڭ پەرزىنى، ئارقىسىدىن قايتا ئىقامەت تەكبىرى ئېيتىپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن تۆگىسى قەسۋاغا مىنىپ، رەھمەت تېغىنىڭ ئاستىدىكى ۋەققە دېگەن جايغا كەلدى. قەسۋانىڭ كۆكسىنى تاش تەرەپكە بۇرىدى ۋە قىبلە تەرەپكە قاراپ، كۈن پېتىپ قىزىللىقى يوقىغىچە ۋەققىدە تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەققىدە بىر قولى بىلەن تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكى ۋە كۆڭۈل دۇنياسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى. بۇ دۇئانىڭ بىر قىسمى مۇنداق:

«ئى ئاللاھ! سەن بۇيرىغان شەكىلدە ۋە بىزنىڭ سۆزلىگىنىمىزدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان ھەمدۇ-سانالار ساڭا بولسۇن!

ئى ئاللاھ! مېنىڭ نامىزىم، ئىبادىتىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم سېنىڭ ئۈچۈندۇر! قايتىدىغان جايىم سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر!

ئى ئاللاھ! قەبرە ئازابىدىن، قەلبىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن، ئىشلارنىڭ قالايمىقانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

ئى ئاللاھ! شاماللار ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

ئى ئاللاھ! كۆزۈمدە بىر نۇر، قۇلىقىمدا بىر نۇر، قەلبىمدە بىر نۇر ياراتقىن!

ئى ئاللاھ! قەلبىمنى كەڭرى قىلغىن! ئىشلىرىمنى ئاسانلاشتۇرغىن!

ئى ئاللاھ! سالامەتلىكىنىڭ كېسەللىككە ئايلىنىشىدىن، تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئازابىڭدىن ۋە پۈتۈن غەزەبلىرىڭدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!

ئى ئاللاھ! مېنى توغرا يولۇڭغا يەتكۈزگىن! ئۆتمۈشۈم ۋە كەلگۈسىمنى مەغفىرەت قىلغىن!

دەرىجىلەرنى يۇقىرىلاتقان، بەرىكەتلەرنى چۈشۈرگەن، ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان رەببىم! ئاۋازلار تۈرلۈك-تۈرلۈك تىللار بىلەن قايناپ سەن تەرەپكە قاراپ ئۆرلەيدۇ، سەندىن ھەرخىل تەلەپلەرنى سورايدۇ! مېنىڭ ئىستىگىممۇ دۇنيا خەلقى مېنى ئۇنۇتقان ئىمتىھان يۇرتىدا سېنىڭ مېنى خاتىرلىشىڭدۇر!

ئى ئاللاھ! سەن سۆزۈمنى ئاڭلايسەن، تۇرۇۋاتقان يېرىمنى كۆرىسەن، يوشۇرۇن-ئاشكارا نېمەم بولسا ھەممىنى بىلىسەن! ئىشلىرىمدىن ھېچبىرى ساڭا مەخپىي ئەمەس! مەن چارىسىزمەن، يوقسۇلمەن، سەندىن ياردەم،ئامانلىق تىلەيمەن! قورقىمەن، كەمچىلىكلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن! بىر چارىسىز سەندىن قانداق تەلەپ قىلغان بولسا، مەنمۇ شۇنداق تەلەپ قىلىمەن! بىر گۇناھكار ساڭا قانداق يالۋۇرسا، مەنمۇ شۇنداق يالۋۇرىمەن! سېنىڭ دەرگاھىڭدا بويننى پۈككەن، سېنىڭ ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياشلار تۆككەن، سېنىڭ يولۇڭدا بارلىقىنى پىدا قىلغان، سېنىڭ ئۈچۈن يۈزىنى تۇپراققا سۈرتكەن بىر قۇلۇڭ ساڭا قانداق دۇئا قىلسا، مەنمۇ شۇنداق دۇئا قىلىمەن!

ئى رەببىم! دۇئايىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن مېنى مەھرۇم قىلما! ماڭا رەھىم-شەپقەت قىل! ئى تەلەپ قىلىنغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئاتا قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ سېخىيسى!» (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 5-جىلد، 166-دىن 168-بەتلەرگىچە؛ ھەيسەمى: 3-جىلد، 252-بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 2-جىلد، 237-بەت).

ئىلگىرىكى سەلەپلىرىمىزنىڭ ئەرەفاتتا قىلغان دۇئالىرىدىن پارچىلار:

ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئالدىڭدا كىم ئۆزىنى ماختىيالايدۇ؟

ئى ئاللاھ! تىلىم گۇناھلار بىلەن تۇتۇلغان، مېنىڭ ساڭا ۋەسىلە قىلىدىغان ئىشقا يارايدىغان بىر ئەمىلىم، ئەمەلدىن باشقا بىر شاپائەتچىم يوق!

ئى ئاللاھ! كەمچىلىكىم تۈپەيلىدىن سەندىن ئۆزۈر تىلەشكە يۈزۈم قالمىغانلىقىنى بىلىمەن! ئەمما سەن كەرەملىكلەرنىڭ ئەڭ كەرەملىكىسەن!

ئى ئاللاھ! مەن مەرھەمىتىڭگە نائىل بولۇشقا لايىق بولمىسام، مەرھەمىتىڭ ماڭا يېتىشەلەيدۇ! چۈنكى سېنىڭ رەھمىتىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان دەرىجىدە چەكسىزدۇر!

ئى ئاللاھ! مېنىڭ كەمچىلىكلىرىم قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ، سېنىڭ مەغفىرىتىڭ ئالدىدا كىچىك قالىدۇ! سەن ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغىن ئى كەرەم ئىگىسى رەببىم!

رەببىم! ئەگەر سەن پەقەت ئىتائەتچان بەندىلىرىڭنى ئەپۇ قىلساڭ، گۇناھكارلار كىمگە بېرىپ سېغىنىدۇ؟

رەببىم! ئەگەر سەن پەقەت تەقۋادار بەندىلىرىڭگە رەھمەت قىلساڭ، گۇناھكارلار كىمدىن ياردەم سورايدۇ؟!

مەن ساڭا ھەر ۋاقىت موھتاجمەن! سېنىڭ ماڭا ھېچبىر ئېھتىياجىڭ يوق! سەن پەقەت مېنىڭ ياراتقۇچۇم سۈپىتىدە مېنى مەغفىرەت قىل! مېنى شۇ تۇرۇۋاتقان يېرىمدىن، پۈتۈن ھاجەتلىرىم ئورۇنلانغان، تەلەپلىرىم ئىجابەت قىلىنغان، ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھالەتتە قايتۇرغىن!

تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئىگە بولغان پەرۋەردىگارىم!

سۈكۈتتە تۇرغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن نەرسىلەرنى بىلىدىغان رەببىم!

سەندىن باشقا ياردەم كۈتۈلىدىغان بىر ئىلاھ بولمىغان پەرۋەردىگارىم!

ئۈستۈڭدە قورقۇشقا لايىق باشقا بىر ياراتقۇچى بولمىغان رەببىم!

يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ۋەزىرى، پارا بېرىلىدىغان ئىشىك باقارى بولمىغان پەرۋەردىگارىم!

تەلەپلەر كۆپەيگەنچە، مەرتىلىك ۋە سېخىلىقى ئاشىدىغان، ئېھتىياجلار كۆپەيگەنچە، فەزلى-كەرىمى چوڭىيىدىغان پەرۋەردىگارىم!

ئى ئاللاھ! سەن ھەربىر مېھماننى كۈتۈۋالىسەن! بىز سېنىڭ مېھمىنىڭ! بىزنى جەننىتىڭدە كۈتۈۋال!

ئى ئاللاھ! ھەر كارۋانغا ھەدىيە، ھەر سورىغۇچىغا نېمەت بېرىلىدۇ. ھەر زىيارەتچىگە ئىكرام قىلىنىدۇ! ھەربىر ساۋاب ئۈمىد قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدۇ! بىز توپلىشىپ سېنىڭ مۇبارەك ھەرىمىڭگە كەلدۇق! شۇ مۇبارەك يەرلەردە ھازىر بولدۇق! ئۈمىدىمىز، ئۇلۇغ دەرگاھىڭدىكى ساۋاب ۋە مۇكاپاتقا نائىل بولۇشتۇر! ئۈمىدىمىزنى بىكار قىلمىغىن ئى ئاللاھ!“ (غەزالى: «ئىھيا»، 1-جىلد، 337-338-بەتلەر؛ بەيھاقى: «شۇئەبۇل ئىمان»، 2-جىلد، 25-26-بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفاتتا تۇرۇۋاتقان ۋاقتتا، يېنىغا نەجد خەلقىدىن بەزى كىشىلەر كېلىپ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ھەج قانداق بولىدۇ؟ نېمە بىلەن تامام بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەج ئەرەفاتتۇر. كىم مۇزدەلىفە كېچىسى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن ئەرەفاتقا كەلسە ھەجگە يېتىشكەن بولىدۇ. مىنا كۈنلىرى ئۈچ كۈن، ئالدىراپ ئۇ يەردە ئىككى كۈن قالغان كىشىلەرگە گۇناھ يوق» دېدى. (ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 57)

## بۈگۈن دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەقفەدە تۇرۇپ كۈن پاتقان پەيتتە نازىل بولغان ئايەت بىلەن دىنىنىڭ تاماملىنىپ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئېيتتى:

فِسْقٌ اَلْيَوْمَ يَئِسَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ دِينِكُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِ اَلْيَوْمَ اَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَاَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْاِسْلَامَ دِينًا

**«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»** (سۈرە مائىدە، 3-ئايەت؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 5/3043)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئاڭلا-ئاڭلىماي پاراستى بىلەن ھەممىنى چۈشەندى. "تاماملانغان نېمەت"نىڭ مەنىسىنى سەزدى. "دىنىنىڭ كامالەتكە يېتىشى"نىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان ۋەقەنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

بۇ ئايەت پاراسەت ئەھلى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىش خەۋىرى ئىدى. ئاللاھتائالا پات ئارىدا كائىناتنىڭ پەخرى، ھەبىبىنى ئەبەدىيەت ئالىمىگە دەۋەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، ھېچكىم بىر نەرسە ھېس قىلمىغاندا ئۇ يۈرىكىگە چۈشكەن ئايرىلىش ئەلەملىرى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن يىغلاشقا باشلىدى[349].

چۈنكى يىگىرمە ئۈچ يىلدا كەلگەن مۇقەددەس ئامانەت قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان ئۈممەتكە بىر رەھمەت سۈپىتىدە تاپشۇرۇلغان ئىدى.

قۇياش پاتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىندۈرىۋالغان ھالدا ئەرەفاتتىن مۇزدەلىفەگە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇ يەردە خۇپتەن ۋاقتىدا جەمئىي قىلىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئالدىدا شام، ئارقىدىن خۇپتەننى ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقۇچە مۇزدەلىفەدە تۇردى. كۈن يورۇغىچە مۇزدەلىفەدىكى ئورنىدىن ئايرىلمىدى. بۇ ئەسنادا تەلبىيە ۋە دۇئانى داۋام قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنادا ئاتىدىغان تاشلارنى مۇزدەلىفەدە توپلىدى. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مۇزدەلىفەدىن ئايرىلدى. ساھابىلىرىغا جەمرەلەرگە[350] (شەيتانلارغا) ئاتىدىغان تاشلارنى توپلاشنى بۇيرىدى.

349. ئەلماللىلى: 3-جىلد، 1569-بەت.

350. جەمرە: ئوت يالقۇنى، چوغ، كىچىك، ئۇششاق تاش دېگەندەك مەنىلەرى بار. بۇ يەردە ھەجدە جەمرەلەرنىڭ ئېتىلىدىغان جايى مەناسىدىدۇر. بۇ چوڭ جەمرە، ئوتتۇرا جەمرە ۋە كىچىك جەمرە، ئۇششاق تاشلارنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا، مەلۇم يەردە ۋە مەلۇم ساندا ئېتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. (بىز تىلىمىزدا بۇلارنى چوڭ شەيتان، ئوتتۇرانچى شەيتان ۋە كىچىك شەيتان

ئۇنىڭدىن باشقا شەيتانلارنى تىرناقچىلىق كىچىك تاشلار بىلەن بارماقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئېتىشلىرىنى ئېيتتى ۋە تاشلارنىڭ قانداق ئېتىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت بىلەن كۆرسەتتى.

## غەزەپ تەجەللى قىلغان يەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە مىنا بىلەن مۇزدەلىفە ئارىسىدىكى بەتنى مۇھەسسىردىن تېزلىك بىلەن ئۆتتى. ساھابىلار ھەيرانلىق بىلەن:

"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن سۈرئىتىڭىزنى تېزلەتتىڭىز؟" دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«جانابى ئاللاھ بۇ ئورۇندا ئەبابىل قۇشلىرىنى ئەۋەتىپ ئەبرەھەنىڭ پىل قوشۇنىنى ھالاك قىلغان ئىدى. ئۇ غەزەپنىڭ تەسىرى بىزگە يۇقمىسۇن دەپ سۈرئەتنى تېزلەتتىم» دېدى. (نەۋەۋى: «شەرھۇ مۇسلىم»، 18-جىلد، 111-بەت؛ ئىبنى قەييۇم: 2-جىلد، 255-256-بەتلەر)

دەرۋەقە، ھەجدە بۇ ئورۇندا (ۋەقفە) تۇرۇشقا بولمايدۇ.

رەھمەت ۋە غەزەپ تەجەللىسى بەزىدە مەدەنلەرگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەھمەت تەجەللى قىلغان كەبە، مەسجىدلەر، سالىھلارنىڭ يەرلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن پايدىلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە گۇناھ، ئىسيان قىلىنىدىغان، بولۇپمۇ قەھر-غەزەب تەجەللى قىلغان ئورۇنلاردىن قېچىش كېرەك.

مەدەنلەرمۇ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇلغان. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇغان خورما كۆتىكى ئۇ نۇرانى ھېسسىيات بىلەن تولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر يەردە خۇتبە

---

دەپ ئاتايمىز. يەنە بىر مەسىلە: شەيتانلارغا ئاتىدىغان تاشنى مۇزدەلىفەدىن توپلاش شەرت ئەمەس، يول ۋە مىنادا توپلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ - ت).

ئوقۇشقا باشلىغاندا ئىچ-ئىچىدىن يىغلىغان[351] بۇ ۋەقەنى نەقىل قىلغان ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر ھالەتتە كەلمەكتە.

جالالىدىن رۇمى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

"ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوت ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىسىۇر ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇلار سەن-بىزگە نىسبەتەن جانسىز، ئەمما ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا جانلىقتۇر".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەسسىر ۋادىسىدىن تېزلىك بىلەن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ جەمرەگە (شەيتانغا) يەنى جەمرەتۇل ئەقەبەگە باردى. بۇ جەمرەنى قۇربانلىق قىلىش كۈنى قۇياش چىققاندىن كېيىن ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك تاشلارنى باشم شاھادەت بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىر-بىردىن ئاتقاندا، كىشىلەرمۇ بۇ تاشلارنى ئېتىشقا ۋە قىستاڭچىلىق سەۋەبى بىلەن بىر-بىرلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز:

«ئى ئىنسانلار! بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! سىلەر جەمرە تاشلىرى ئاتىدىغان ۋاقتىڭلاردا تىرناقچىلىك كىچىكلىرىنى، بارماقلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئېتىڭلار!» دېدى[352]. (ئەھمەد: 6-جىلد، 379-بەت)

قۇدامە ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە شەيتانلارغا تاش ئېتىۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم. ئۇرۇشۇش، ئىتتىرىش، "نېرى تۇر، نېرى تۇر!" دەيدىغان ئىش يوق ئىدى" (ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 66)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان ھەربىر يىل ئۈچۈن بىر تۆگە ھېسابلاپ ئاتمىش ئۈچ تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن قۇربانلىق قىلغاندىن كېيىن پىچاقنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى. قالغانلىرىنى ئەلى بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر

351. بۇخارى: «مەناقىب»، 25، «بۇيۇئ»، 32.

352. ئەپسۇسكى بۈگۈنكى شەيتانغا تاش ئېتىش مەسىلىسى ئۆز ئۇسلۇبىغا لايىق ھالەتتە، ئىبادەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئادا قىلىنمايۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىبادەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقتىدىكى روھىي ھالىتى بىلەن قىلىنىشى كېرەك.

ئەلەيھسسالام بوغۇزلانغان ھەربىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىر پارچىدىن ئېلىشقا بۇيرىدى. بۇلار بىر داشقازانغا قويۇپ پىشۇرۇلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭدىن يېدى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلگە تۆگىلەرنىڭ قالغان گۆش، تېرە، يۇڭلىرىنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىشنى بۇيرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قۇربانلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ساتىرىچىنى چاقىرتىپ چېچىنى ئالدۇردى.

«ئاياللار چېچىنى ئالمايدۇ، پەقەت چاچلىرىدىن قىسقارتىدۇ!» دەپ ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈشىنى چەكلىدى. (دارەمى: «مەناسىك»، 63)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام شەيتانغا تاش ئېتىشنى تاماملىغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلدى ۋە چېچىنى چۈشۈردى. ساتىراچ ئوڭ تەرەپتىكى چاچلارنى تۇتۇپ چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇ تەلھەنى چاقىرىپ، بۇ چاچلارنى ئۇنىڭغا بەردى. كېيىن ساتىراچ سول تەرەپتىكى چاچلارنى تۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئال» دېدى، ئۇمۇ ئالدى. بۇلارنىمۇ ئەبۇ تەلھەگە بېرىپ:

«بۇلارنى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگىن!» دېدى“ (مۇسلىم: «ھەج»، 323 ـ دىن 326 ـ بەتلەرگىچە؛ بۇخارى: «ۋۇزۇئ»، 33)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پىشانىسىدىكى چاچلار چۈشۈرۈلگەندە خالىد ئىبنى ۋەلىد:

”ئى رەسۇلۇللاھ! پىشانەڭدىكى چېچىڭنى ماڭا بەرگىن! بۇ ھەقتە ھېچكىمنى مەندىن ئارتۇق كۆرمە! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!“ دەپ يالۋۇردى[353]. چاچلار ئۇنىڭغا بېرىلگەندە، ئۇلارنى كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە

353. بۇ ئەسنادا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوھود، خەندەك ۋە ھۇدەيبىيە غازاتلىرىدا قىلغانلىرىنى ئويلاپ، ئەمدىلىكتە شۇ ئاندىكى ھالىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالغان ئىدى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 174 ـ بەت).

كۇلاسىنىڭ ئىچىنىڭ ئالدى قىسمىغا يەرلەشتۈردى. بۇ سايىدە ئۇ ئۇرۇشتا مەغلۇب قىلىمىغان ھېچبىر قوشۇن يوقتى. دەرۋەقە، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"مەن ئۇنى قايسى تەرەپكە بۇرىسام، ئۇ تەرەپ پەتىھ قىلىندى!" دېگەن[354]. (ۋاقىدى: 3 ـ جىلد، 1108 ـ بەت؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 2 ـ جىلد، 111 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتىدىن بۇرۇن تۆگىسىگە مىنىپ "ئىفازە تاۋاپىنى" قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھقا قاراپ ماڭدى. تاۋاپنى تاماملىغاندىن كېيىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. كېيىن زەمزەم قۇدۇقىغا باردى. ئۇ كۈنى كەچ كىرىشكە ئۇلگۈرۈپ مىناغا قايتتى. تەشرىق كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرىنى مىنادا ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنلەردە كېلىپ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ تۇردى.

355. 1983 ـ يىلىدا ئوفلۇق (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، ترابزون ۋىلايىتىنىڭ ئوف رايونى) ئەلى يۈجەل ئەپەندىدىن مۇنۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئىدىم: سولۇۋا مەركەز مەسجىدىدە ئىمام-خەتىبلىك قىلاتتىم. قوشنا يېزىدىن بىر ئىمام يېنىمغا كېلىپ: "ئۇستاز بېشىمدىن بىر ۋەقە ئۆتتى، بىر مەنا بېرەلمىدىم" دەپ، مۇنداق دېدى: "بىر كۈنى ماڭا، مەن ئىماملىق قىلىۋاتقان يېزىغا يېقىن بىر يېزىدىن بەزى كىشلەر بىر قۇچاق كىتاب بىلەن كېلىپ: ئىمام ئەپەندى، دادىمىز ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ كىتابلىرى بىزگە قالدى. ئەمما بىز بۇ كىتابلارنى ئوقۇيالمايمىز. سىز ئىمام بولغاندىن كېيىن، بۇ كىتابلاردىن پەقەت سىزلا پايدىلىنالايسىز، كىتابلارنى سىزگە ھەدىيە قىلايلى" دېدى.

كىتابلارنى ئالدىم، ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن گۈرۈلدەپ كۆيىۋاتقان ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. ئىچىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئالىمغا ئائىت مەكتۇبلار، كونۋېرتلار چىقتى. خۇسۇسىي مەكتۇب بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىنى يىغىپ ئوچاققا ئاتتىم. ئۇ گۈرۈلدەپ كۆيىۋاتقان ئوچاق بىردىنلا ئۆچۈپ قالدى. بۇنىڭدىن شۈركىنىپ كەتتىم ۋە قورقۇنچ بىلەن ئۆيدىن سىرتقا قاچتىم. كېيىن قورققان ھالدا ئۆيگە كىردىم".

ئەلى ئەپەندى داۋاملاشتۇرۇپ: مەن ئۇ ئىمامغا: "ئۇ كونۋېرتلار ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى بار ئىدى" دېدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئىمامنى كۆرگىنىمدە ماڭا دېدىكى:"ئۇستاز ئۇ كونۋېرتلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى بارلىقىنى قەيەردىن بىلدىڭىز؟ كىتابلارنى ماڭا ھەدىيە قىلغان كىشىلەر كېيىن كېلىپ:

ئىمام ئەپەندى بىز بىلمەپتىمىز، دادىمىزنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدىكى كونۋېرتلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساقىلى باركەن، ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟" دېدى.

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز قۇربان ھېيتىنىڭ كەينىدىن كەلگەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تەشرىق كۈنلىرىدە قۇياش پېتىشقا ئۆلگۈرۈپ پىيادە يۈرۈپ، مىنا مەسجىدىدىن كېيىنكى تۇنجى شەيتاننىڭ يېنىغا باردى. تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ئۈچىنچى شەيتانغا تاش ئېتىپ پېشىندىن كېيىن مىنادىن مۇھەسسەبكە[355] ھەرىكەت قىلدى. مۇسۇلمانلار مۇھەسسەبتىن ئەتراپقا تارقىلىپ كەتمەكچى بولغاندا:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ (مەككىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن) ئاخىرقى بارىدىغان يېرى بەيتۇللاھ بولمىغىچە، ھەرگىز بىر يەرگە كەتمىسۇن!(يەنى مەككىدىن چىقىپ كەتمىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مەككىدىن ئايرىلغۇچى كەبىدە ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلماي تۇرۇپ مەككىدىن ئايرىلمايدۇ)» دېدى. (دارىمى،"مەناسىك"، 58) زۇلھەججىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن بۇرۇن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بەيتۇللاھقا بېرىپ ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلدى. بۇ پەيتتە بىر كىشى كېلىپ مەككىدە قېلىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەككە قالىدىغان يەر ئەمەس. سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەككىدە ئۈچ كۈن قالسا بولىدۇ!» دېدى. (ئەھمەد: 4- جىلد، 339- بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەمگە قاتتىق ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. بىر نەرسە يېيىش ياكى ھاجەت قىلماقچى بولسا سىرتقا چىقىپ، ئۇزاق بىر يەرلەرگە كېتەتتى. زېرىكىش ئالامىتى كۆرۈلمىسۇن ۋە ئۇلۇغلاشتا نۇقسان كۆرسەتمەي دەپ ئۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرمايتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر يۇرتتا تۇرۇپ قەلبىنىڭ بەيتۇللاھقا باغلىق بولۇشى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپمۇ قەلبىنىڭ، ئۇ مۇبارەك جاينى ھەرقانداق بىر شەھەرگە ئوخشاش

355. **مۇھەسسەب:** مىنا بىلەن مەككە ئارىسىدا بولۇپ، مىناغا مەككىدىن يېقىنراق بىر يەر. قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۆپۈر ئۈستىدە بىرلىشىپ پەيغەمبىرىمىزگە قارشى چىقارغان بايقۇت قارارىنى بۇ يەردە ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەن. (بۇخارى: «ھەج»، 45).

كۆرۈشىدىن، ھەرخىل نالايىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سېلىشىدىن ۋە يۇرت ھەسرىتى چەكمەي قېلىشىدىن ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار "ۋىدالىشىش تاۋاپى"نى قىلغاندىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتىپ كەلدى. (بۇخارى: «ھەج»، 21، 70، 128. مۇسلىم: «ھەج»، 147؛ ئىبنى ماجە: «مەناسىك»، 84)

ئاللاھتائالا ئۆز نېمىتىنى تاماملىغان ۋە دىن كامالەتكە يەتكەنلىكتىن ئەمدى ئەڭ بۈيۈك ئايرىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

# ھىجرەتنىڭ ئون بىرىنچى يىلى

## ئۇچرىشىش ۋە بۈيۈك ۋىدا: ئۇ ئالەمگە سەپەر

پەيغەمبەرلەر ھالقىسىنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھالقىسى ئىككى ئالەمنىڭ خوجىسى، ئىنسى-جىنلارنىڭ رەسۇلى، ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى، كائىناتنىڭ نۇرى، ئالەملەرگە رەھمەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىدىن كېيىن قىزىتما كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. بۇ كېسەللىك ئۇنى ئۇممىتىدىن ئايرىپ، ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلغان رەفىقۇل ئەئلاغا ئۇچراشتۇرىدىغان ئاخىرقى كېسەل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلىدىلا "سۈرە نەسرىنىڭ" نازىل بولۇشى بىلەن ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىرقى سەپەرگە تەييارلاندى. ۋاپات قىلغانلار بىلەنمۇ، تىرىكلەر بىلەنمۇ ئىشارەتلىك بىر شەكىلدە خوشلاشتى. كېسەل بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن مەدىنىنىڭ "جەننەتۇل باقى" دېيىلگەن قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، قەبرىدىكىلەر ئۈچۈن:

«ئى ئۇلۇغ رەببىم! بۇ يەردە ياتقانلاردىن مەغفىرىتىڭنى ئايىما!» دەپ دۇئا قىلدى. (ئەھمەد: 3-جىلد، 489-بەت)

قەبرىستاندىن قايتقاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ ساھابىلىرىغا ئۇلار بىلەن خوشلىشىش ماھىيىتىدىكى شۇ خۇتبىنى ئوقۇدى:

«مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كەۋسەر بۇلىقىغا تۇنجى ئېرىشىدىغانلاردىن بولۇپ، سىلەرنى ئۇ يەردە كۈتۈۋالىمەن! سىلەر بىلەن ئۇچرىشىش جايىمىز ھەۋزى كەۋسەردۇر. مەن ھازىر ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن! مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا گۇۋاھلىق بېرىمەن! ھازىر ماڭا زېمىنىنىڭ خەزىنە-ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۈچۈن مەندىن كېيىن، مۇشرىكلىككە قايتىپ قالامسىلەركىن دەپ قورقمايمەن! ئەمما مەن سىلەرگە دۇنيانىڭ ئېچىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىڭلاردىن قىزغىنىپ،

بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلىشىدىن قورقىمەن!» (بۇخارى: «جەنائىز»، 73؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 31)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن بىئارام ھالدا ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى. بەكلا ئېغىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئاياللىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھەزرىتى ئائىشىنىڭ ھۇجرىسىدا قېلىشنى قارار قىلدى. (بۇخارى: «تىب»، 22؛ ئەھمەد: 6 ـ جىلد، 34، 38؛ بەلازۇرى: 1 ـ جىلد، 545 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتقىچە بۇنداق ئېغىر كېسەل بولۇپ باقمىغان ئىدى. لېكىن يىگىرمە ئۈچ يىللىق پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى[356] ئۇنى خېلىلا چارچىتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ مىڭلىغان يامانلىقى ئۇنىڭ مۇبارەك بەدىنىنى ئۇپراتقان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كېسەللىك ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇيۈك بىر ماقام ۋە يۈكسەك دەرىجىلەرگە نائىل قىلىدىغان نەرسە بولاتتى. بۇنىڭدا خەيبەردىكى زەھەرلىنىش ۋەقەسىنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ ئىدى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسىلى ئېغىرلاشقان بىر پەيتتە ئائىشە ئانىمىزغا:

«ئى ئائىشە! خەيبەردە يېگەن زەھەرلىك گۆشنىڭ ئەلىمىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇردۇم. شۇ ئاندا قەلبىمنىڭ تومۇرلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن» دېگەن. (بۇخارى: «مەغازى»، 83)

---

356. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندە، مۇبارەك بەدىنى ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. مەسىلەن: تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە بولسا، ئۇ چۆكۈشكە مەجبۇر بولاتتى، ئۆرە تۇرماقچى بولسا پاچاقلىرى ئىگىلىپ، ئېزىلىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. (ئەھمەد: 2 ـ جىلد، 176 ـ بەت، 6 ـ جىلد، 445 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 197 ـ بەت).

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: "بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم. قىستاڭچىلىق تۈپەيلىدىن، (تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىدۇق) ئۇنىڭ تىزى تىزىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. تويۇقسىز ئۇنىڭغا ۋەھيي كەلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىدىن ئېغىر نەرسىنى كۆرمىدىم. ئېغىرلىقىدىن تىزىم يەنچىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم". (ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 190 ـ 191 ـ بەتلەر).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ:

"رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىك تىلىنىڭ ئۈستىدە بۇ زەھەرنىڭ ئىزى ۋە تەسىرىنى كۆردۈم!" دېگەن. (مۇسلىم: «سالام»، 45)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ زەھەر تۈپەيلىدىن شېھىد ھالەتتە ۋاپات بولدى، ئۇنى پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا شېھىدلىك شەرىپىنىمۇ ئاتا قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 390-بەت؛ ۋاقىدى: 2-جىلد، 678-679-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 153-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گىرىپتار بولغان قىزىتمىنىڭ ھارارىتى ئېسقىلىق بىر سۇ تولۇمىدىن ئۈستىگە سۇ تامچىلاپ چۈشۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ بەدىنىدىن تەرلەرنى ئاققۇزاتتى. ئۇنى زىيارەتكە كەلگەن ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قىزىتماڭ نېمىدېگەن يۇقىرى! - دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

- قولۇمنى ئۈستىگە قويدۇم. ھارارىتىنى يېپىنچىنىڭ ئۈستىدىن ھېس قىلدىم.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ھارارىتىڭ بەك ئېشىپ كېتىپتۇ! - دېدىم.

- بىز (پەيغەمبەرلەر) مۇشۇنداق بولىمىز. بالا-قازا بىزگە قاتمۇ-قات كېلىدۇ، بۇنىڭغا قارشىلىق مۇكاپاتمۇ ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ، - دېدى.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ بالاغا مۇبتىلا بولىدىغان كىشىلەر كىملەر؟ - دەپ سورىدىم.

- پەيغەمبەرلەر، - دېدى.

- ئۇنىڭدىن كېيىن كىملەر؟ - دېدىم.

- كېيىن سالىھلار! - دەپ، مۇنداق دېدى:

- ئۇلاردىن بىرى كەمبەغەللىككە شۇ دەرىجىدە مۇبتىلا بولىدۇكى، ئۆزىگە ئارتىدىغان بىر يېپىنچىدىن باشقا نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلار سىلەر باياشاتلىقتا سۆيۈنگىنىڭلارغا ئوخشاش بالا-قازالارغا سۆيۈنىدۇ. (ئىبنى ماجە: «فىتەن»، 23)

ئاخىرقى كۈنلەردە كېسەل ئۇنى جامائەتكە چىقىشتىن توسۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جامائەتكە ئورنىدا ئىماملىق قىلىشقا تەيىنلىدى. ئارىدا ئۆزىنى بىر ئاز ياخشى ھېس قىلىپ مەسجىدكە چىقتى، ساھابە-كىرامغا نەسىھەت قىلىپ:

«بۈيۈك ئاللاھ بىر بەندىسىنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرى بىلەن ئۆز دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ئارىسىدا ئىختىيارلىققا قويىدى. ئۇ بەندە ئاللاھ دەرگاھىدىكىنى تاللىدى!» دېدى.

بۇ سۆزلەر بىلەن يۇمشاق قەلبلىك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشلىشىش خىتابىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قاتتىق قايغۇردى، يۈرىكى ئېغىر ئەلەم بىلەن، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى. ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ:

"ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا دادىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز، جانلىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىزنى پىدا قىلىمىز!" دېدى. (ئەھمەد: 3-جىلد، 91-بەت)

جامائەت ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى چۈشەنەلمىدى. چۈنكى ئايەت-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان سەۋر غارىدىكى "ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى" يالغۇز ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە:

«قەلبىمدە نېمە بولسا، ئەبۇ بەكرگە ئېيتتىم!» دېگەن[357].

357. ئەجلۇنى: «كەشفۇل خەفا»، 2-جىلد، 419-بەت.

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەزىز دوستىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن بىر-بىرىگە:
"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى تاللىغان سالىھ كىشى توغرىسىدا سۆزلىسە، بۇ مويسىپىتنىڭ يىغلىغانلىقىغا ھەيران بولمامسىلەر؟!" دېدى. (بۇخارى: «سەلات»، 80)
ھالبۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇمشاق قەلبى ئاخىرقى خوشلىشىشنى سېزىپ، ھەسرەت ئازابىدا ئىڭراشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى بىلەن باشقا ساھابىلارمۇ يېقىنلىشىپ قالغان ئايرىلىشنى ھېس قىلىپ كۆز يېشى قىلدى. مۇھاجىر ۋە ئەنسار مەجلىسلىرى ماتەمگە ئايلاندى. ئەتراپىدىكىلەر:
"ئى رەسۇلۇللاھ! شىپا ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ!" دېگەندە، ھەر قېتىم سالامەتلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم دۇئا قىلمىدى.
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:
" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا، مۇئەۋۋىزەتەين (سۈرە فەلەق ۋە ناس)نى ئوقۇپ قوللىرىغا ئۈفلەپ پۈتۈن بەدىنىگە سۈرتەتتى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندە مەنمۇ ئۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ قوللىرىمغا ئۈفلىدىم ۋە بەدىنىنى سۈرتتۈم. جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلگىرىكى بىر كېسىلدە ئوقۇغان ئىستىئازە دۇئاسىنىمۇ:
"ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى! بۇ كېسەللىكنى كەتكۈزگىن! شىپالىق بېرىش پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەندىن باشقا شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر. شۇنداق بىر شىپالىق بەرگىنكى، ھېچبىر كېسەللىك قالمىسۇن!" دەپ ئوقۇدۇم. ئەمما بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بېشىنى ماڭا بۇراپ):
«ئۈستۈمدىن قولىڭىزنى تارتىڭ! بۇ ئوقۇۋشىڭىز (ئەمدى) ماڭا بىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ! مەن ئەجىلىمنى كۈتىۋاتىمەن.» دېدى" (ئەھمەد: 6-جىلد، 260-261-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 210-ئايەت)

ئائىشە ئانىمىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆھتەرەم قىزى پاتىمەنى چاقىرتتى. ئۇ كەلگەندە: «مەرھابا قىزىم!» دەپ، ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېدى. پاتىمە يىغلىدى. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە بىر بىر نەرسە دېدى. بۇ قېتىم پاتىمە سۆيۈنۈپ تەبەسسۇم قىلدى.

مەن كۈلۈشنىڭ يىغلاشقا، سۆيۈنۈشنىڭ قايغۇرۇشقا بۇ دەرىجىدە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۇ كۈندىكىدەك كۆرمىدىم. پاتىمەدىن يىغلاش ۋە كۈلۈشنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا:

"گىرىپتار بولغان كېسەل نەتىجىسىدە ۋاپات بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا يىغلىدىم. كېيىن ئائىلىسىدىن ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ قوشۇلىدىغان كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا سۆيۈندۈم" دېدى" (بۇخارى: «مەغازى»، 83)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسىلى جەريانىدا، بىر ئاز يېنىكلەپ قالغان ۋاقىتلىرىدا جامائەتكە بىر قانچە قېتىم ناماز ئوقۇپ بېرەلىدى. بۇلارنىڭ بىرىدە كۆڭلىنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلىقى تۇيغۇسى بىلەن بۇيۇك بىر قايغۇ قاپلىغان ساھابىلىرىغا مۇنداق دېدى:

«ئى ئىنسانلار!

ئاڭلىدىمكى، سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقىدىن قورقۇۋېتىپسىلەر! مەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلىپ ئۈممىتى ئىچىدە داۋاملىق قالغان بىر پەيغەمبەر بارمۇ؟ ھەتتاكى مەنمۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا داۋاملىق قالاي؟ ياخشى بىلىڭلاركى، مەن پەرۋەردىگارىمغا ئۇچرىشىمەن! ئۇنىڭغا سىلەرمۇ ئۇچرىشىسىلەر! شەكسىزكى، پۈتۈن ئىشلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن داۋاملىشىدۇ.

شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، مەن سىلەردىن بۇرۇن ماڭىمەن ۋە سىلەرنى كۈتىمەن! دىققەت قىلىڭلاركى، (ئەتە ئاخىرەتتە) سىلەر بىلەن

ئۇچرىشىدىغان يېرىمىز ھەۋزى كەۋسەرنىڭ بېشىدۇر. ئەتە مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىغان كىشى قولى ۋە تىلىنى گۇناھتىن ساقلىسۇن!

ئى ئىنسانلار!

گۇناھ نېمەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. خەلق ياخشى بولغاندا، ئۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمۇ ياخشى بولىدۇ. خەلق يامان بولغاندا، باشقۇرغۇچىلىرىمۇ يامان بولىدۇ. جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن شۇ سائەتتە ھەۋزىمنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن، شۇ تۇرۇۋاتقان يەردىن ھەۋزىمگە قاراۋاتىمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىنىڭ بۇ يېرىدە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ:

«ئەبۇ بەكرى! يىغلىما!» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

«ئى ئىنسانلار!

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە جېنىدا، مېلىدا، دوستلۇقىدا، ماڭا نىسبەتەن ئەبۇ بەكرىدىن پىداكار ۋە مەرتلىك قىلغان بىر كىشى يوق! ئەگەر رەببىمدىن باشقا، ئىنسانلاردىن بىر دوست تۇتماقچى بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم.

مەسجىدكە ئېچىلغان ئىشىكلەرنى تاقاڭلار! پەقەت ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالسۇن! مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە بىر نۇر كۆرۈۋاتىمەن» (بۇخارى: «سەلات»، 80؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 227-بەت)

«ساھابىلىرىم!

نىھايەت، مەنمۇ بىر ئىنسانمەن. ئاراڭلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ ھەققى ئۆتۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن كىمنىڭ بەدىنىگە تېگىپ قويغان بولسام، مانا بۇ بەدىنىم! كەلسۇن، ئۇمۇ تەگسۇن، ھەققىنى ئالسۇن! كىمنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرغان بولسام، مانا بۇ دۈمبەم! كېلىپ ئۇرسۇن! كىمنىڭ مېلىدىن خاتالىشىپ ئالغان بولسام، مانا بۇ مېلىم! كېلىپ ئالسۇن!

ئى ئاللاھ! مەن پەقەت بىر ئىنسانمەن. مۇسۇلمانلاردىن قايسى بىر كىشىنى ئۇرغان بولسام ياكى قاتتىق گەپ قىلىپ سالغان بولسام، سەن بۇنى ئۇنىڭ ھەققىدە بىر پاكلىنىش، ئەجىر ۋە رەھمەت ۋەسىلىسى قىلغىن!» (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 400 ـ بەت)

ئى ئاللاھ! قايسى مۇئمىنگە ئېغىر بىر سۆز قىلغان بولسام، سەن ئۇ سۆزۈمنى قىيامەت كۈنىدە ئۇ مۇئمىن ئۈچۈن ساڭا يېقىن بولۇشىنىڭ ۋەسىلىسى قىلغىن!» (بۇخارى: «دەئاۋات»، 34؛ دارىمى: «مۇقەددىمە» 14؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 255 ـ بەت؛ تەبەرى: «تارىخ»، 3 ـ جىلد، 191 ـ بەت؛ ھەلەبى: 463 ـ 464 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن رازىلاشتى. بۇ سۆزلەردىن كېيىن ھارغىن ھالەتتە ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نامازغا چىقالمىدى. پەقەت بىر قېتىم ئۆزىدە بىرئاز يېنىكلىك ھېس قىلىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى.

نىھايەت، ئاخىرقى قېتىم رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچىسى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئۆزىنى بىر ئاز يېنىك ھېس قىلدى. ئەمما بەدىنىنىڭ كۈچى جامائەتكە چىقىشقا يەتمىدى. بۇنىڭ بىلەن ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى ۋە ئۇ ئەسنادا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىماملىقىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقان سۆيۈملۈك ساھابىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆردى. ئۇلارنى يانمۇيان سەپ تۇتۇپ، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ خۇشاللىق ئىچىدە تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كىيسلىنىڭ ئەلىمىنى چېكىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەينىدە سالىھلاردىن توپلانغان بىر جامائەت قالدۇرغانلىقىنىڭ ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋەزىپىنى تاماملىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىنى ياشىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 83، «ئەزان»، 46، 94؛ مۇسلىم: «سەلات»، 98؛ نەسەئى: «جەنائىز»، 7)

شۇنداق قىلىپ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى تەبەسسۇم قىلغان ھالدا كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھېچقاچان بۇ قەدەر سۆيۈنگەن ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدىم" (ئىبنى ھىشام: 4-جىلد، 331-بەت).

ئاللاھتائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرىگە بەرمىگەن بۈيۈك بىر نېمەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن تەبلىغ ۋەزىپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆردى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنى شېرىكتىن تازىلىدى. بۇتلار بىۋاستە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىن چېقىپ تاشلاندى. قىزلىرىنى تىرىك كۆمگەن ئىنسانلار مەرھەمەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان تەربىيەسىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقارغان ۋە ئۇلارنى ئاجايىپ ئېسىل كىشىلەر ھالىغا كەلتۈرگەن ئەڭ بۈيۈك تەربىيەچى ئىدى.

ئۇ ئەتىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەييارلىقى ئىلگىرى پۈتۈپ بولغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى سەۋەبلىك ھەرىكەت قىلىشى كېچىكتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ يولغا چىقىشىنى بۇيرىدى. ئۇ تەيىنلىگەن ياش قوماندان ئۇسامە ئىبنى زەيدكە:

«ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن چاشكاھ ۋاقتى يولغا چىقىڭلار!» دېدى. (ۋاقىدى: 3-جىلد، 1120-بەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزنىڭ يېنىدا بولغان ئالتە-يەتتە دىنارنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىشنى بۇيرىدى. بىرمۇددەتتىن كېيىن دىنارلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدى. ھەزرىتى ئائىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى بىلەن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇلارنى تارقىتىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلىشى بىلەن، دىنارلارنى ئەكەلدۈرۈپ قولىغا ئالدى. كېيىن:

«ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد بۇلارنى كەمبەغەللەرگە تارقاتماي، يېنىدا بولغان ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئۇچرىششنى ئۈيغۇن كۆرمەيدۇ!» دېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنسارلارنىڭ كەمبەغەللىرىدىن بەش ئائىلىگە تارقاتتى ـ دە:

«مانا ئەمدى كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى!» دەپ، يىنىك ئۇيقۇغا كەتتى[358].

(ئەھمەد: 6 ـ جىلد، 104 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 237 ـ 238 ـ بەتلەر)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەھلى بەيتىگە شۇنداق خىتاب قىلدى:

«ئى ئىنسانلار! ئوت ياللۇنلىدى. (دىققەت قىلىڭلار)، قاراڭغۇ كېچىلەردەك پىتنىلەر كېلىۋاتىدۇ! (كەلگۈسىدىكى ۋەقەلەرنى كۆزلىرى ئالدىدا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى). مەن پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان ھالال قىلغاننى ھالال، ئۇنىڭ ھارام قىلغىنىنى ھارام قىلدىم!

ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە! ئى سەفىييە! ئاللاھ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان ئەمەللەر قىلىڭلار! (بەندىچىلىك قىلمىغىنىڭلاردا) سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن!» (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 256 ـ بەت؛ بۇخارى: «مەناقىب»، 13 ـ 14 ـ بەتلەر؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 348 ـ دىن 353 ـ بەتلەرگىچە)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«نامازغا دىققەت قىلىڭلار! نامازغا داۋام قىلىڭلار! ئاگاھ بولۇڭلار، قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار! ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار! (ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە سەل قارىماڭلار! قورسىقىنى

358. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىمام قەستەلانى مۇنداق دەيدۇ: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتائالانىڭ ھەبىبى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنداق چۈشەنسە، ئۈستىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قان ۋە ئۆزىگە ھارام بولغان ماللىرى بولغان ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار، بىر ئويلانغىن!" (قەستەلانى: 2 ـ جىلد، 480 ـ 481 ـ بەتلەر)

تويغۇزۇڭلار! ئۇلارغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار!)» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 123 ـ 124\5156؛ ئىبنى ماجە: «ۋەسايا»، 1)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشتىياق بىلەن مىسۋاك ئىشلەتتى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىشلىرىنى مىسۋاكلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىلگىرى بۇقەدەر گۈزەل مىسۋاك ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھېس قىلدىم!" (بۇخارى: «مەغازى»، 83؛ ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 261ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى كىچىك بىر سۇ قاچىسىغا، پات ـ پات قولىنى پاتۇرۇپ يۈزىگە سۈرتۈپ:

«لا ئىلاھە ئىللەللاھ، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈمنىڭ سەكراتلىرى بار!» دەيتتى. (بۇخارى: «مەغازى»، 83)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالاغا مۇنداق مۇناجات قىلدى:

«ئى ئاللاھ! مېنى ئۆز مەرھەمىتىڭ بىلەن قورشىغىن! مېنى رەفىقۇل ئەئلاغا (ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت!)، ئى ئاللاھ! مېنى ئۆز مەرھەمىتىڭ بىلەن قورشىغىن! ماڭا رەھمىتىڭنى ئېھسان قىل! مېنى رەفىقۇل ئەئلاغا (ئۆز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت!)» (بۇخارى: «مەغازى»، 83؛ ئەھمەد: 6ـ جىلد، 126ـ بەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈرەك پارىسى قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تەسەللى بېرىپ:

«قىزىم! ھەرگىز يىغلىما! مەن ۋاپات بولغىنىمدا مۇنداق دېگىن:

إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ

**«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.»** (ئىبنى سائاد: 2ـ جىلد، 312ـ بەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىنىڭ قىيىن ۋاقتىدا "رەسۇلۇللاھ ئۆلدى" دېگەن ئىغۋالارغا قارىتا چېچىلىشقا باشلىغان

ساھابىلىرىغا تاللاش سۈپىتىدە ئۆزى ھەققىدە نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

وَمَا مُحَمَّدٌ اِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ اَفَائِنْ مَاتَ اَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلٰٓى اَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلٰى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللّٰهَ شَيْـًٔا وَسَيَجْزِي اللّٰهُ الشَّاكِرِينَ

**«مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى، (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)، ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن) ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.** (ئال ئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي پەرىشتىسى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

"ساڭا سالام بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ سېنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىگە ئاخىرقى قېتىم ئاياق بېسىشىمدۇر!" دېدى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 259 ـ بەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئېيتقان:

«ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ روھىي، جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە ئېلىنمايدۇ! كېيىن ئۇ ئورنىغا كېتىش ئارزۇسىغا قويۇپ قويۇلىدۇ!» دېگەن سۆزىنىڭ تەجەللىسىنى ياشىدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 83، 84؛ ئەھمەد: 6 ـ جىلد، 89 ـ بەت)

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:

”ئى رەسۇلۇللاھ! ئى ئەھمەد! ئاللاھتائالا مېنى ساڭا ئەۋەتتى. سېنىڭ ھەربىر بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىشىمنىمۇ بۇيرىدى. ئەگەر سەن خالىساڭ روھىڭنى ئالىمەن! خالىمىساڭ ئالمايمەن!“ دېدى.

ئۇ پەيتتە يېنىدا تۇرغان جىبرائىل ئەلەيھىسسالاممۇ:

”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى يېنىغا ئېلىشنى خالايدۇ!“ دېدى.

ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن رۇخسەت سورىغان ئۆلۈم پەرىشتىسىگە:

«ئى ئۆلۈم پەرىشتىسى! ئاللاھ دەرگاھىدا بولۇش تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ داۋاملىقتۇر!

ئى ئۆلۈم پەرىشتىسى! قېنى، بۇيرۇلغان ئىشنى ئىجرا قىل، روھىمنى ئال!» دېدى. (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 259-بەت؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 34-35-بەتلەر؛ بەلازۇرى: 1-جىلد، 565-بەت)

ئارقىدىن مۇبارەك قوللىرىنى يېنىدىكى سۇ قاچىسىغا پاتۇرۇپ ھۆل قىلىپ يۈزلىرىگە سۈردى ۋە ئىلاھىي ھەسرەت بىلەن تولغان ھاياتىنىڭ ئاللاھقا ئۇچرىشىش ئىشىكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا كەلىمە تەۋھىدنى تەكرارلىغان ھالدا:

«ئى ئاللاھ! رەفىقۇل ئەئلا، رەفىقۇل ئەئلا» دېگەنچە مۇبارەك روھىنى تەسلىم قىلدى. يۈزلىرىنى ھۆل قىلغان مۇبارەك قولى يېنىدىكى سۇ قاچىسىنىڭ ئىچىگە چۈشتى! (بۇخارى: «مەغازى»، 83)

يىللار ئىلگىرى نازىل بولغان:

اِنَّكَ مَيِّتٌ وَاِنَّهُمْ مَيِّتُونَ

**«سەن ھەقىقەتەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ.»** (زۇمەر سۈرىسى، 30-ئايەت) دېگەن ئايەت تەجەللى قىلدى.

ئى ئاللاھ! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىغا رەھمىتىڭنى ئاتا قىلغىن؛

(ھەممىسىنى) مۇبارەك قىلغىن ۋە (ئۇلارغا) سالام يوللىغىن! ۋە بۇ داۋاملىشىپ تۇرىدىغان رەھمەت ۋە سالاملار بولسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك روھىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن ھوجرىسىدىكى كىشىلەر كۆز ياشلىرىغا غەرق بولدى. شۇ پەيتتە ھېچكىمنى كۆرمىگەن ۋە سەزمىگەن بىر ھالدا تۇرۇپ، ئۇلارغا تەسەللى بەرگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى:

"ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن!"

ئەھلى بەيتمۇ ئوخشاش شەكىلدە جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئاۋاز تەكرار ئاڭلاندى:

كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ وَاِنَّمَا تُوَفَّوْنَ اُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَاُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيٰوةُ الدُّنْيَآ اِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ

**«ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرلىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنىغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 185 ـ ئايەت)

"ياخشى بىلىڭلاركى، ھەر مۇسىبەتنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا بىر تەسەللىسى، ھەر ئۆلگەننىڭ بىر ئىزباسارى ۋە ھەر ۋاپات بولغۇچىنىڭمۇ بىر بەدىلى بار! ئاللاھقا ئىشىنىڭلار ۋە ئۈمىد قىلىدىغان نەرسەڭلارنى ئۇنىڭدىن ئۈمىد قىلىڭلار! ھەقىقىي مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشى ساۋابتىن مەھرۇم قالغان كىشىدۇر. ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن!" (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 259 ـ بەت)

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

”بۇ سۆزلەرنى ئەھلى بەيتنىڭ ھەممىسى، مەسجىدى نەبەۋىدىكىلەر ۋە يولدىكىلەر ئاڭلىدى“ دېگەن. (بەلازۇرى: 1 ـ جىلد، 564 ـ بەت)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 260 ـ بەت)

جەننەت ئاياللىرىنىڭ مەلىكىسى پاتىمە ئانىمىز مۇبارەك دادىسى رەھمەت پەيغەمبىرىدىن ئايرىلغانلىقىدىن ئۇ قەدەر غەمكىن بولدىكى:

”كائىناتنىڭ پەخرىنىڭ ئۇ ئالەمگە تەشرىپ قىلىشى بىلەن ئۈستۈمگە شۇنداق مۇسىبەتلەر تۆكۈلدىكى، ئەگەر بۇ مۇسىبەتلەر كۈندۈزنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگەن بولسا، ئۇ نۇرلۇق كۈندۈز قاپقاراڭغۇ كېچىگە ئايلىناتتى“ دېدى. (دىيار بەكرى: 2 ـ جىلد، 173 ـ بەت)

پاتىمە ئانىمىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ياشىغان ئالتە ئاي ئىچىدە بىر قېتىم بولسىمۇ كۈلگەنلىكى كۆرۈلمىدى. (كامىل مىراس: 11 ـ جىلد، 25 ـ 26 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئون ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئېغىر كېسىلى نەتىجىسىدە، مىلادى 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ھىجرىينىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە، ئۆزىگە مۇبارەك جامالىنى ئاچقان، ئۇ ئۇلۇغ ھەبىب، رەفىقۇل ئەئلاسىغا، يەنى ئەڭ ئۇلۇغ دوست بولغان ئاللاھتائالاغا قايتتى.

ساھابە ـ كىرام شۇنى ھېس قىلىشۋاتاتتىكى، ھەركۈنى چىقىپ پېتىشۋاتقان قۇياشنىڭ ھېچ ئۆزگەرمىگەن نۇرىدا مەخپىي بىر نەرسە نەپەس ئېلىشۋاتاتتى. شۇ ھالەتتە ئىدىكى، ئۇ كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاسماننى لەرزىگە سالغان گۈزەل ئاۋازى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئەزان ئېيتالمىدى. قاچانكى، ساھابىلار ئۇنى زورلاپ ئەزان ئېيتىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئەزان ئېيتىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، مېھرابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلىكىدىن ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، ئاۋازى قىسىلىپ ئەزان

ئېيتالمايتتى. ئۇ ئاخىرى كۆڭلىنى قاپلاپ كەتكەن ئىشق ئوتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن مەدىنىدىن يىراقلىشىپ شامغا كەتتى. بىر كۈنى چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. پەيغەمبىرىمىز:

«بۇ نېمىدېگەن تاشلىۋېتىش ئى بىلال! مېنى زىيارەت قىلىدىغان ۋاقتىڭ تېخى كەلمىدىمۇ؟» دېدى. بۇنىڭ بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەمكىن ھالدا ئويغۇنۇپ، دەرھال يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يىغلىغان ھالدا سالام بېرىۋاتقان ۋاقتتا، ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن يېنىغا كەلدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى. ئۇلارنىڭ:

"ئى بىلال! ئەزىنىڭغا ھەسرەت قالدۇق!" دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئەزان ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقتتا مەدىنە تىترەپ كەتتى. "ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ" دېگىنىدە، ئەر ـ ئايال پۈتۈن ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىرىلدى دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى تەرەپكە يۈگۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەدىنىدە ئىنسانلار بۇ قەدەر كۆپ يىغلىغان بىر كۈن كۆرۈلمىگەن ئىدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 1 ـ جىلد، 244 ـ 245؛ زەھەبى: «سىيەر»، 1 ـ جىلد، 357 ـ 358)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"مەن ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ مەدىنىگە كەلگەن كۈندىن نۇرلۇق ۋە گۈزەل بىر كۈننى كۆرمىدىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈننىمۇ كۆردۈم! ئۇ كۈندىن قاراڭغۇ بىر كۈننى كۆرمىدىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرگەن كۈنى مەدىنىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر يورۇپ كەتتى، ۋاپات بولغان كۈنى، مەدىنىنىڭ ھەممە نەرسىسى قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى! ئۇنىڭ ئەزىز تېنىنى، ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشەنمەي، كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا دەپنە قىلدۇق" (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 221، 268، 287 ـ بەتلەر؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 1/3618؛ دارىمى: «مۇقەددىمە»، 14)

بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇسىبەت ۋە بالالار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمدى ھېچ نەرسىگە تەڭ ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەرقانداق بىر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار مېنىڭ ۋاپاتىم سەۋەبى بىلەن باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتنى ئويلاپ تەسەللى تاپسۇن ۋە سەۋر قىلسۇن» دېگەن. (مۇۋەتتا: «جەنائىز» ، 41؛ دارەمى: «مۇقەددىمە» ، 14)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھاياتىم سىلەر ئۈچۈن خەيرلىكتۇر، سىلەر مەن بىلەن پاراڭلىشىسىلەر، مەنمۇ سىلەر بىلەن پاراڭلىشىمەن! ۋاپاتىممۇ سىلەر ئۈچۈن خەيرلىكتۇر: ئەمەللىرىڭلار ماڭا كۆرسىتىلىدۇ، ياخشى ئەمەللىرىڭلارنى كۆرگىنىمدە، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، يامان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرگىنىمدە، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەيمەن» دېگەن. (ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 24)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەقىل قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى تەسبىھ، زىكىر، تەۋبە ۋە ھەمدۇسانالار بىلەن مەشغۇل بولۇش بولغان. پات ـ پات:

«سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ أَسْتَغْفِرُ اللهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ»

«سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، ئەستەغفىرۇللاھە ۋەئەتۇبۇ ئىلەيھى» : «مەن ئاللاھنى ئىلاھلىق ماقامىغا لايىق بولمىغان سۈپەتلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. ئاللاھتىن مېنى مەغفىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەن. (بۇخارى: «ئەزان» ، 123، 139؛ مۇسلىم: «سەلات» ، 218 ـ 220؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 392 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 192 ـ بەت)

ئۇنىڭ ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىككە ئائىت ئىلاھى بىر نىشان بار ئىدى. كۆپلىگەن ساھابىلەر ئۇنى سۆيۈۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ۋاقىتتا، مۇبارەك يۈزىدە ھېچبىر ئۆزگىرىش ئالامىتى كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساھابە ـ كىرام ئۇنىڭ ئاخىرەتكە كەتكەنلىكىدىن شۈبھە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ

بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئارقىسىدىكى مۇبارەك پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى ئىزدىدى. غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن، ئۇ ئاللاھقا سەپەر قىلغانلىقى بىلىندى[359].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن دىنار، دەرھەم ۋە بىر قۇلمۇ قويۇپ كەتمىدى. پەقەت ئۆزى مىنىۋاتقان ئاق قېچىرى، قورالى ۋە يولۇچىلار ئۈچۈن ۋەقپە قىلىۋەتكەن (فەدەك ۋە خەيبەردىكى) زېمىنى قالدى[360].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدى، سەيشەنبە كۈنى دەپنە قىلىندى. كىشىلەر نامازلىرىنى (جامائەت ھالىتىدە ئەمەس) بىر-بىردىن ئوقۇدى. ھېچكىم ئىماملىق قىلمىدى. بىر قىسمى: "مۇنبەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنسۇن" دېدى. بەزىلىرى: "باقى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنسۇن" دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ھەربىر پەيغەمبەر ۋاپات بولغان يېرىدە دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە قەبرە قېزىلدى[361].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۇيىدىغان ۋاقىتتا، كۆينىكىنى سالدۇرماقچى بولغاندا: "كۆينەكنى سالدۇرماڭلار!" دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆينىكىنى سالدۇرماي ئۈستىدىن يۇدى[362].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

359. ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 272-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 5-جىلد، 231-بەت.

360. بۇخارى: «مەغازى»، 83.

361. قازى ئىياز: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بولغان يەرنىڭ يەر يۈزىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك يېرى ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق" دەيدۇ. (شىفا: 2-جىلد، 96-بەت).
ئىمام بۇسىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:
"ئىككى ئالەمنىڭ سۇلتانى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك جىسمىنى قوينىغا ئالغان تۇپراقتەك گۈزەل پۇرايدىغان ھېچقانداق پۇراق يوق. ئۇ مۇبارەك تۇپراقنى پۇراپ، سۆيگەن كىشى نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!". (قەسىدەئى بۇردە: 58-بېيىت).

362. مۇۋەتتا: «جەنائىز»، 27؛ ئەھمەد: 6-جىلد، 267-بەت.

" پەيغەمبىرىمىز بىر ئاي بۇرۇن بىزگە ۋاپات بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

"ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ جىنازا نامىزىڭنى كىم چۈشۈرسۇن؟" دەپ سورىدۇق ۋە يىغلىدۇق. ئۇمۇ يىغلاپ:

«ئۆزەڭلارنى بېسۋېلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! سىلەرنى پەيغەمبىرىڭلار سەۋەبلىك ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! سىلەر مېنى يۇيۇپ كېپەنلەپ بولغان ۋاقتىڭلاردا، مېنى شۇ كارۋىتىمنىڭ ئۈستىگە ۋە شۇ ئۆيۈمنىڭ ئىچىدىكى قەبرىمنىڭ يېنىغا قويۇڭلار! كېيىن، يېنىمدىن بىرئاز چىقىپ تۇرۇڭلار! چۈنكى، مېنىڭ جىنازامنى تۇنجى بولۇپ ئىككى دوستۇم: جىبرائىل بىلەن مىكائىل، كېيىن ئىسرافىل، كېيىن يېنىدىكى پەرىشتىلەر قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈم پەرىشتىسى چۈشۈرىدۇ! ئۇنىڭدىن كېيىن يېنىمغا بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ كىرىڭلار، نامىزىمنى چۈشۈرۈڭلار، دۇرۇت-سالام يوللاڭلار! ئەمما، مېنى ماختاپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ بىئارام قىلماڭلار!

كېيىن مېنىڭ نامىزىمنى چۈشۈرۈشنى ئائىلەمدىكى ئەر كىشىلەر باشلىسۇن! كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى چۈشۈرسۇن! ئۇلاردىن كېيىن سىلەر چۈشۈرۈڭلار!

ساھابىلىرىمدىن بۇ يەردە بولمىغانلارغا سالام ئېيتىڭلار! قىيامەتكىچە دىنىم ئۈستىدە ماڭا ئەگەشكەن كىشىلەرگىمۇ مەندىن سالام ئېيتىڭلار!»
(ھەيسەمى: 9-جىلد، 25-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 256-257-بەتلەر)

ھەممە ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك قىلىندى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمامسىز جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلەمدۇ؟ دەپ شۈبھە قىلمىسۇن! ئۇ ھايات ۋاقتىدىمۇ، ۋاپات بولغاندىمۇ سىلەرنىڭ ئىمامىڭلاردۇر!" دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ:

"ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن!

ئى ئاللاھ! بىز ئۇنىڭ، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىلەرنى تەبلىغ قىلغانلىقىغا ۋە ئۈممىتىگە نەسىھەت قىلغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلغىنچە ۋە كەلىمىسىنى تاماملىغىنچە ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز!

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنىڭغا نازىل قىلغان نەرسىگە ئەگەشكەن كىشىلەردىن قىلغىن! ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە بۇ يولدا مۇستەھكەملىك ئاتا قىلغىن! بىزنى ئۇنىڭغا ئۇچراشتۇرغىن!" دەپ دۇئا قىلدى، ساھابە ـ كىرام "ئامىن! ئامىن!" دېدى. (ئىبنى سائاد: 2 ـ جىلد، 291 ـ بەت)

ئالەملەرنىڭ پەخرى پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسىنى ئۆز قوينىدا ساقلاۋاتقان بۇ زېمىن نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! شائىر بۇنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

تەرجىمىسى:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاللانغان ۋە ئالەمگە رەھمەت قىلىنغان بىر پەيغەمبەردۇر. يەريۈزى "ئۇنىڭ قەبرىسى مەندە" دەپ، ئاسمانغا ئېپتىخار قىلماقتا. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەۋزىسىنى زىيارەت قىلىپ: "بۇ يەر جەننەتتۇر. ئۇ يەرگە مەڭگۈ قېلىش ئۈچۈن كىرىڭلار!" دېگەن".

رەئىف ئەپەندىمۇ ئاسماننىڭ يەر يۈزىگە قاراپ ھەۋەسلەنگەنلىگىنى شۇ گۈزەل بېيىتىدا مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

"ئى چېھرى ئاپتاپ پەيغەمبەر! ئاسمان، يەر يۈزىنىڭ سېنىڭ بىلەن زىننەتلەنگەنلىكىنى كۆرگەندە ئىچ ـ ئىچىدىن "ئاھ! كاشكى تۇپراق بولۇپ كەتسەمچۇ!" دەپ ھەسرەت چېكىدىكەن".

دىن كامالەت تاپتى، ساھابىلاردىن تەبلىغنىڭ يەتكۈزۈلگەنلىكىگە بىۋاستە تەستىق ئېلىندى. ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبەدىيەت ئالىمىگە چاقىرىلدى. ئۇ ھازىر مەھشەردە، سىرات كۆۋرۈكىدە ۋە ھەۋزى كەۋسەردە ئۈممىتىنى كۈتمەكتە.

ئۇ رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلۇپ، دۇنيانى شەرەپلەندۈرگەن ئىدى ۋە يەنە رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى دۈشەنبە كۈنى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

"(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) دۈشەنبە كۈنىنىڭ روزىسى ھەققىدە سورالدى. ئۇ جاۋابەن: «بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان ۋە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن كۈنۈمدۇر.» دېدى. (مۇسلىم: «سىيام»، 197 ـ 198)

يەنە رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، مەدىنىگە كىرىپ يېڭى قۇرۇلغان ۋە قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. نىھايەت، يەنە رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى دۈشەنبە كۈندە ئاخىرەت ئالىمىگە سەپەر قىلدى. ئۇ ھازىر ئۇ ئالەمدە ئۆز شەپقىتى بىلەن شاپائەت ئۈچۈن ئۈممىتىنى كۈتمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالەمدىن سائادەت ئالىمىگە سەپەر قىلىشى بىلەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، ئەزىز مەھمۇد ھۇدايى شۇ مىسرالىرى بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىدى:

كىم كۈتەر سەندىن ۋاپانى،<br>
يالغان دۇنيا ئەمەسمۇسەن؟<br>
مۇھەممەدۇل مۇستاپانى،<br>
ئالغان دۇنيا ئەمەسمۇسەن؟

### كائىناتنى قاپلىغان قايغۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى بىلەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

يَا أَبَتَاهْ مَنْ رَبَّهُ مَا أَدْنَاه<br>
يَا أَبَتَاهْ أَجَابَ رَبًّا دَعَاه<br>
يَا أَبَتَاهْ مَنْ جَنَّةُ الْفِرْدَوْسِ مَأْوَاه<br>
يَا أَبَتَاهْ إِلٰى جِبْرِيلَ نَنْعَاه

”ئى پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولغان دادام! ئى پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتى بىلەن كەتكەن دادام! ئورنى فىردەۋس جەننىتى بولغان دادام!“ دەپ يىغلىدى. پەيغەمبىرىمىز دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

”ئى ئەنەس! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە تۇپراق تاشلاشقا كۆڭلۈڭلار قانداق رازى بولدى؟“ دېدى. (بۇخارى: «مەغازى»، 83؛ دارىمى: «مۇقەددىمە»، 14)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سوئالغا ئەدەب يۈزىسىدىن جاۋاب بەرمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھالىتى: ”ياق ئى پاتىمە! كۆڭلىمىز ھېچ رازى بولمىدى، ئەمما بىز رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش يۈزىسىدىن ئۆزىمىزنى زورلاپ، بۇ ئىشنى قىلدۇق“ دېدى. (كامىل مىراس: 11-جىلد، 25-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇسۇلمانلار مەسجىدتە يىغلاپ كەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

”ھەرقانداق كىشىنىڭ ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلدى!“ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالماي! بولمىسا قىلىچىم بىلەن كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىدىن كەتكەندەك ھوشىدىن كەتتى!“ دېدى، شۇ قەدەر كۆپ دېدىكى، ئېغىزلىرى كۆپۈككە تولدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەلەملىك خەۋەرنى ئېلىشى بىلەنلا دەرھال ئېتىغا مىنىپ مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى ئاچتى. كېيىن ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ:

”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بوپتۇ! ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾؛ ئىننا لىللاھ ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن“ "بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ساڭا ھېچبىر زامان ئىككى قېتىم ئۆلۈم تەمىنى

تېتتمايدۇ! سەن بىر قېتىم ئۆلدۈڭ ۋە تەقدىر قىلىنغان ئۆلۈم ئۆتكىلىدىن ئۆتتۈڭ! بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆلۈش يوق! ئاھ مېنىڭ پەيغەمبىرىم!" دېدى، ئېگىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى سۆيدى. بېشىنى كۆتەرگەندىن كېيىن: "ئاھ مېنىڭ دوستۇم!" دېدى ۋە ئېگىلىپ پىشانىسىدىن سۆيدى.

"ئاھ مېنىڭ تاللىغىنىم، ھەبىبىم!" دەپ، يەنە پىشانىسىدىن سۆيۈپ:

"سەن ھايات ۋاقتىڭدىمۇ گۈزەل ئىدىڭ، ۋاپاتىڭدىن كېيىنمۇ گۈزەلسەن! سېنىڭ ھاياتىڭمۇ، ۋاپاتىڭمۇ نېمىدېگەن گۈزەل" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنىڭ يوپۇقنى ياپقاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېخىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا:

"ئەمدى ئولتۇر ئى ئۆمەر!" دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرمىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سۆزىنى ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ، مۇنداق دېدى:

"ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىگە ئۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. سىلەرنىڭمۇ (ئەجىلىڭلار كېلىشى بىلەن) ئۆلىدىغانلىقىڭلارنى خەۋەر قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىمۇ ھېچكىم ھايات قالمايدۇ. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلغان بولسا، بىلسۇنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى! كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان بولسا، ھېچ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

ئاللاھتائالا:

وَمَا مُحَمَّدٌ اِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ اَفَائِنْ مَاتَ
اَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلٰىٓ اَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلٰى عَقِبَيْهِ
فَلَنْ يَضُرَّ اللّٰهَ شَيْـًٔا وَسَيَجْزِي اللّٰهُ الشَّاكِرِينَ

**«مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى، (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)، ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن) ئۇ، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت) دېگەن.

كىشىلەر بۇ ئايەتنى ئاڭلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى. ئۇ دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايەتنى ئوقۇغىچە، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك بىر ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈنگىچە بۇ ئايەتنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغاندەك ئىدىم! ئۇنى ئەبۇ بەكرىدىن ئاڭلاش بىلەن دەھشەت ئىچىدە قالدىم. پۇتلىرىمدا كۈچ قالمىدى ۋە تۇرغان يېرىمگە يىقىلىپ چۈشتۈم" (ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 266-دىن 272-بەتلەرگىچە؛ بۇخارى: «مەغازى»، 83؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 32-بەت؛ ئابدۇررەززاق: 5-جىلد، 436-بەت)

ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ پىشانىسىگە سۆيدى. يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

"ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! ئۈستىگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇغان خورما كۆتىگى مۇنبەر ياسالغان ۋاقىتتا سېنىڭدىن ئايرىلغانلىقىغا چىدىيالماي ئۈن سېلىپ يىغلىغان، قولۇڭنى ئۈستىگە قويغىنىڭدا جىم بولغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۈممىتىڭ سېنىڭ ئايرىلغانلىقىڭغا يىغلاشقا ئۇنىڭدىن لايىق!

ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! پەرۋەردىگارىڭ:

مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ اَطَاعَ اللّٰهَ

**«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)»** (نىسا سۈرىسى، 80-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ ساڭا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش دەپ ساناش بىلەن ئۆز دەرگاھىدىكى ئۇستۇنلۇكىڭنى كۆتۈرگەن!

ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سېنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى قىلىپ ئەۋەتكەن تۇرۇپ، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ياردەم قىلىش ھەققىدە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ئەھدىلەرنى ئېلىش بىلەن[363] ، سېنىڭ ئۆز دەرگاھىدىكى پەزىلىتىڭنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزدى.

ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! جەھەننەم ئەھلى ئازاب قىلىنىۋاتقاندا:

يَا لَيْتَنَآ اَطَعْنَا اللّٰهَ وَاَطَعْنَا الرَّسُولَا

**«كاشكى، بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!»** (ئەھزاب سۈرىسى، 66-ئايەت) دەپ ساڭا ئىتائەت قىلمىغانلىقىنىڭ ھەسرىتىنى چېكىشى سېنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى پەزىلىتىڭنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى!“ (قەستەلانى: 2-جىلد، 492-بەت)

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈن، ئەتراپىدا توپلىنىپ يىغلاۋاتاتتۇق. ئۇ كېچە ئۇخلىمىغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزدە ئىدى، ئۇنىڭغا قاراپ تەسەللى تاپاتتۇق. سەھەر ۋاقتىدا يەرنى كولاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن پەرياد چەكتۇق. مەسجىدتىكى جامائەتمۇ قاتتىق پىغانلىققا چۆمدى. مەدىنە بۇ يىغلار بىلەن تىترىدى. مانا بىلال

363. سۈرە ئال ئىمراننىڭ 81-ئايىتىگە قاراڭ.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان توۋلاپ "ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ" دەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىشى قايغۇمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كىشىلەر قەبرىگە كىرىش ئۈچۈن ئېتىلىپ كېلىشى بىلەن ئىچىدىكىلەر ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئۇ ئېغىر بىر مۇسىبەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بىر بالاغا مۇبتىلا بولغىنىمىزدا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىنى ئەسلەپ، ئۇ مۇسىبەتنى دىققەتكە ئالمايدىغان بولدۇق" (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 5-جىلد، 256-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىش ساھابە-كىرامغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. چۈنكى ئۇنى ھەممە نەرسە ۋە ھەممە كىشىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلار ئىچىدە ئۇنى كۆرمىگەن كۆزنى، ئۇنى ئاڭلىمىغان قۇلاقنى ۋە ئۇ ياشىمىغان بىر ھاياتنى خالىمايدىغانلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى مۇنۇ ھەدىستە ئىلگىرىلا بىلدۈرگەن:

«مۇھەممەدنىڭ جېنى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، مېنى كۆرەلمەيسىلەر. ئۇ ۋاقىتتا سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا، مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە كۆرۈشى ئائىلىسى ۋە مېلىدىن سۆيۈملۈك بولىدۇ.» (مۇسلىم: «فەزائىل»، 142؛ بۇخارى: «مەناقىب»، 25)

ئۇلار قايتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋە 18 مىڭ ئالەمنىڭ پەيغەمبىرىنى يېڭىدىن كۆرىدىغان كۈنلەرنى كۈتۈش ئىچىدە ئۆمرىنى تاماملىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ساھابە-كىرام ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئەڭ كۆپ قايغۇرغان بىرى بولسا، شۈبھىسىزكى، مەن. باشقىلارمۇ قايغۇرغان ئىدى. ھەتتا قايغۇدىن ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانلار بولدى. بىر قەلئەنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغىنىمدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ، ماڭا سالام قىلىپتۇ. قاتتىق قايغۇرغانلىقىمدىن ئۇنىڭ ئۆتكىنىنى، سالام بەرگەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئۆمەر ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەپتۇكى:

"ئوسمانغا ئۇچراشتىم، سالام بەردىم، لېكىن سالامىمنى قايتۇرمىدى، بۇنىڭدىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولامدۇ؟"

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكىر بىلەن بىرگە يېنىمغا كېلىپ ماڭا سالام بەردى. كېيىن ئەبۇ بەكىر دېدىكى:

- قېرىندىشىڭ ئۆمەر يېنىمغا كېلىپ، ساڭا سالام بەرگەنلىكىنى ۋە سېنىڭ سالامىي قايتۇرمىغانلىقىڭنى ئېيتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

- مەن بۇنداق بىر ئىش قىلمىدىم - دېيىشىمگە، شۇھامان ئۆمەر مۇنداق دېدى:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇنداق قىلدىڭ!

جاۋاب بەردىم:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ ئۆتكەنلىكىڭنى، سالام بەرگەنلىكىڭنى ئاڭلىمىدىم!

سۆزنى ئەبۇ بەكىر ئېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئوسمان توغرا ئېيتتى. (ئەھمەد: 1-جىلد، 6-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- تۇر! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىنى بولغان ئۇممۇ ئەيمەننىڭ يېنىغا بارايلى، رەسۇلۇللاھ زىيارەت قىلغاندەك بىزمۇ زىيارەت قىلايلى، - دېدى. يېنىغا بارغىنىمىزدا ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنها يىغلاپ كەتتى. ئۇلار:

- نېمىشقا يىغلايسىز؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئاللاھ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ - دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن:

– مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىمىدىم. ئاللاھ دەرگاھىدىكى نېمەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئەلۋەتتە تېخىمۇ خەيرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى سەۋەبلىك يىغلىدىم، – دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى، ئۇلارمۇ ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن بىرگە يىغلىدى. (مۇسلىم: «فەزائىلۇس سەھابە»، 103)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش مەقسىتىدە شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە بىر ئۆيدە شام يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ياشانغان بىر ئايالنىڭ يۇڭ ئىگىرىۋاتقانلىقى ھەم تۆۋەندىكى مەنادا شېئىر ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

”سالىھلارنىڭ سالام ۋە دۇئاسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن. ئى رەسۇلۇللاھ! پۈتۈن تاللانغان كىشىلەر ساڭا رەھمەت ئوقۇسۇن. سەن كېچىلىرى ئىبادەت قىلاتتىڭ، سەھەرلىرى كۆپ يىغلايتتىڭ. لېكىن ئۆلۈم بىرمۇ-بىر ھەممە كىشىگە كېلىدۇ. ئاھ! بىر بىلسەم ئىدىم! ئاخىرەت يۇرتى مېنى سۆيۈملۈك (پەيغەمبىرىم) بىلەن بىر يەرگە كەلتۈرەرمۇ؟“

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرۇپ، بىر ھازاغىچە يىغلىدى. كېيىن ئىشىكنى چەكتى. ياشانغان ئايال كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى:

– ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، – دەپ جاۋاب بەردى.

ئايال:

– ئۆمەرنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشى بار، بۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ – دەپ ئەندىشىلەنگەندە:

– ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭ ئىشىكنى ئاچ، قورقما! – دېدى. ئايال ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر:

- بىرئاز بۇرۇن ئوقۇغان شېئىرىڭنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغىن! - دېدى. ئايال ئوقۇدى. ئاخىرقى مىسراغا كېلىشى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- مېنىمۇ ئاراڭلارغا قوشۇۋېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن! - دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئايال ئاخىرقى مىسرانى:

- ئاھ! بىر بىلسەم ئىدىم! ئاخىرەت يۇرتى سۆيۈملۈك (پەيغەمبىرىم) بىلەن مېنى ۋە ئۆمەرنى بىر يەرگە كەلتۈرەرمۇ؟ - ئى غەففار (ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى) بولغان ئاللاھ! ئۆمەرنى مەغفىرەت قىل! - دەپ باغلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەمنۇن بولغان ھالدا قايتتى. (ئەلى ئەلمۇتتەقى: 12-جىلد، 562/35762)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

"چۈشۈمدە سۆيۈملۈك (پەيغەمبىرىم)نى كۆرمىگەن ھېچبىر كېچە يوقتۇر" دەپ يىغلايتتى. (ئىبنى سائاد: 7-جىلد، 20-بەت)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالغاندا، كۆپىنچە ھالدا "ھەبىبى: سۆيگىنىم"، "خەلىلى: دوستۇم" قاتارلىق سۆيگۈسىنىڭ جۇشقۇنلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى[364].

ئۇلار دۇرۇت-سالام ئېيتىش بىلەن ئۇ پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى. ئەمما ئۇنى ئەسلىشى پەقەت دۇرۇت-سالام ئېيتىش بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا مېڭىشى، سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشى ۋە ھەدىسلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشمۇ داۋاملىق رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەسلىتەتتى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

365. بۇخارى، "تەھەججۇد"، 33؛ سەۋم، 06؛ مۇسلىم، "مۇساپىرىين"، 85؛ ئىبنى ماجە، "ساداقات"، 10؛ دارىمى، سەۋم،38؛ ئەھمەد، 5-جىلد، 159؛ ئىبنى سائاد، 4-جىلد، 229.

"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرەتكە ماڭغاندا بىزنى شۇنداق بىر ئەھۋالدا تاشلاپ كەتتىكى، بىر قۇش ئاسماندا قانات قاقسا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ھەدىسىنى ئەسلىتەتتى. چۈنكى ئالىملەرنىڭ خوجىسى بىزگە: "جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان، جەھەننەمدىن يىراقلاشتۇرىدىغان نېمە بولسا ھەممىسى سىلەرگە بايان قىلىندى" دېگەن." (ئەھمەد، 5-جىلد، 153، 162؛ ھەيسەمى، 8-جىلد، 263)

پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشى ۋە نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىشى، ئۇنىڭ ئەمىر-چەكلىمىلىرىنى ئۆز ئارزۇسىدىن ئارتۇق بىلىشى ۋە پۈتۈن سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىشى لازىم.

# ئەڭ گۈزەل ئۈلگە

مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىش شەرىپى پەقەت ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جانابى ئاللاھ ئىمتىھان تەقەززاسى بويىچە ئىنساننى پاسىق ۋە تەقۋا ئاساسلىرى بىلەن قوراللاندۇرغان. ئۇنى ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ ماسلىشالايدىغان بىر ئالاھىدىلىكتە ياراتقان.

بۇ قاراشتىن دىنىنىڭ غايىسى بۇ شەكىلدىكى قارمۇ-قارشى تەجەللىلەرگە ئىگە بولغان ئىنساندىكى سەلبىيلىكلەرنى يوق قىلىش ياكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرانى سۈپەتلەرنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشتۇر. لېكىن بۇ غايىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، ئىنسان ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بىر مىسالغا، يەنى "ئەڭ گۈزەل ئۈلگە" دەپ تەبىر بېرىلگەن گۈزەل ئۈلگىگە ئېھتىياجى بار. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق بولغان مۇكەممەل نەمۇنىلىك شەخسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَٓا اَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ اِلَّا لِيُطَاعَ بِاِذْنِ اللّٰهِ

**«بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق. (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.)»** (نىسا سۈرىسى، 64-ئايەت)

بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فٖي رَسُولِ اللّٰهِ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ
يَرْجُوا اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثٖيرًا

**«سىلەرگە ـ ئاللاھنى ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 21 ـ ئايەت)

تارىختا ھاياتىنىڭ تامامى ئەڭ ئىنچىكە ئىشلارغا قەدەر تەپسىلى خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر پەيغەمبەر، يېگانە ئىنسان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى، سۆز، ھېس ـ تۇيغۇلىرى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە خاتىرىلىنىپ بىر شەرەپ لەۋھاسى سۈپىتىدە تارىخقا ئايلانغان. ئۇنىڭ ھاياتى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتۈن نەسىللەرگە ئۆرنەكتۇر. ئاللاھتائالا سۈرە قەلەمدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

وَاِنَّكَ لَعَلٰى خُلُقٍ عَظِيمٍ

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.»**

(قەلەم سۈرىسى، 4 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ۋە مۇبارەك شەخسىيىتى پەقەت ئىنسانىي ئىدراكقا سىغىدىغان، كۆز ئالدىمىزدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇئامىلە، ئەخلاق جەھەتلەردە، پۈتۈن ئىنسانىيەت كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەخلاق ۋە قانۇنلارنىڭ ئالدىدا، ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ئۆزىنى نامايەن قىلىپ تۇرماقتا. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇ مۇبارەك زاتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە "ئەڭ گۈزەل ئۈلگە" يەنى ئەڭ مۇكەممەل بىر ئۈلگە قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ سەۋەبتىنكى، ئاللاھتائالا ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدىكى ئىنسانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلالىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۈچۈن ئۆرنەك ئېلىپ ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن، ئۇنى ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئەڭ ئاجىز ھال بولغان يېتىملىكتىن ھاياتىنى باشلىتىپ، خىلمۇ ـ خىل ئۆتكەللەردىن ئۆتكۈزۈپ، قۇدرەت جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان دۆلەت رەئىسلىكىگە قەدەر يۇقىرلاتقان. بۇنىڭ بىلەن بۇ شاۋقۇنلۇق ھايات قايىنىمىدىكى ھەرقانداق كىشى جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆزى ئۈچۈن مۇكەممەل ئۆرنەك تاپالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي باشلامچىلىقى بىلەن ئۆرنەك، دۆلەت رەئىسى ھالىتىدە ئۆرنەك، ئىلاھىي مۇھەببەت بېغىغا كىرگەنلەرگە ئۆرنەكتۇر. پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىگە غەرق بولغان ۋاقىتلاردا، شۈكۈر قىلىشى ۋە كەمتەرلىكى بىلەن ئۆرنەك، قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا سەۋر قىلىشى ۋە ئاللاھقا تەسلىم بولۇشى بىلەن ئۆرنەكتۇر، غەنىيمەت ئالدىدا مەرتلىكى ۋە بىھاجەتمەنلىكى بىلەن ئۆرنەكتۇر. ئائىلىسىگە شەپقىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، ئاجىزلارغا، ئىگە-چاقىسىزلارغا، قۇللارغا مەرھەمىتى بىلەن ئۆرنەكتۇر، گۇناھكارلارغا ئەپۇچانلىقى بىلەن ئۆرنەكتۇر.

ئەگەر باي بىرسى بولساڭ، پۈتۈن ئەرەبىستانغا ھاكىم بولغان، پۈتۈن ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇھەببەت بىلەن رام قىلغان ئۇ پەيغەمبەرنىڭ كەمتەر ۋە سېخىلىقىنى تەپەككۇر قىل!

ئەگەر ئاجىز بىر كىشى بولساڭ، مەككىدە زالىم ۋە زوراۋان مۇشرىكلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەك ئال!

ئەگەر غەلىبە قىلغان بىر قوماندان بولساڭ، بەدىر ۋە ھۇنەيندە دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلغان تەسلىمىيەت پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئال!

ئاللاھ كۆرسەتمىسۇن، ئەگەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىڭ بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولۇپ يىقىلغان ياكى يارىلىنىپ ياتقان ساھابىلىرى ئارىسىدا جاسارەت بىلەن مۇستەھكەم يۈرۈۋاتقان ھەقىقىي تەۋەككۇلچى پەيغەمبەرنى ئەسلە!

ئەگەر مۇئەللىم بولساڭ، مەسجىدتە ئەھلى سۇففەگە مۇلايىملىق بىلەن قەلبىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى تەلىم بەرگەن پەيغەمبەرنى ئويلا!

ئەگەر ئوقۇغۇچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ۋەھىي ئېلىپ كەلگەن جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان پەيغەمبەرنى تەسەۋۋۇر قىل!

ئەگەر بىر ۋائىز ياكى ئىشەنچلىك بىر مۇرشىد بولساڭ، پەيغەمبەر مەسجىدىدە ساھابىلىرىغا ھېكمەت چېچىۋاتقان پەيغەمبەرگە قۇلاق سال! ئۇنىڭ تاتلىق ئاۋازىغا قۇلاق ۋە كۆڭلۈڭنى بەر!

ئەگەر ھەقنى تۇتماقچى، ئۇنى مۇداپىئە، تەبلىغ قىلماقچى بولساڭ، بۇ ھەقتە سېنى قوللايدىغان بىر ياردەمچىڭمۇ بولمىسا، مەككىدە ھەرتۈرلۈك ياردەمدىن مەھرۇم بولسىمۇ زالىملارغا ھەقنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىغا قارا!

دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى باش ئەگدۈرگەن بولساڭ، ئالدىڭدىكىنىڭ جاھىللىقىغا غەزەپ قىلىپ، ئۈستۈن كەلگەن بولساڭ، باتىلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ھەقىقەتنى ئېلان قىلغان بولساڭ، مەككە پەتىھ قىلىنغان كۈنى مۇقەددەس شەھەرگە غالىب بىر قوماندان تۇرۇپ، كەمتەرلىك بىلەن تۆگىسى ئۈستىدە سەجدە قىلىۋاتقاندەك بوينىنى ئېگىپ كىرگەن پەيغەمبەرنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر!

ئەگەر تېرىلغۇ يەر ئىگىسى بولساڭ ۋە ئۇ يەردىكى ئىشلىرىڭنى ئۆز يولىدا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولساڭ، بەنى نەزىر، خەيبەر ۋە فەدەك زېمىنلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەرلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، ياخشى ئىدارە قىلىدىغان كىشىلەرنى ئىش بېشىغا قويغان پەيغەمبەردىن ئۆرنەك ئال!

ئەگەر ئىگە-چاقىسىز بىر كىشى بولساڭ، ئابدۇللاھ ۋە ئامىنەنىڭ يېتىمى، جىگەر پارىسى بولغان مەسۇمى، نۇرلۇق يېتىمنى ئويلا!

ئەگەر يېتىشكەن بىر ياش بولساڭ، مەككىدە پادىچىلىق قىلغان پەيغەمبەر نامزاتى بولغان ئۇ ياشنىڭ پاك ھاياتىغا دىققەت قىل!

ئەگەر ئىسلامى بىر ئائىلە قۇرماقچى بولغان بىر ياش بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ھاياتى ۋە تەۋسىيەلىرىگە دىققەت قىل! تالىيىڭنىڭ تەقۋا بولسۇنكى، ئىككى جاھان بەخت-سائادىتىگە ئېرىشكىن!

ئەگەر تىجارەت كارۋانلىرى بىلەن يولغا چىققان بىر تىجارەتچى بولساڭ، سۈرىيەدىن بۇسراغا بارغان كارۋاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان زاتنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىل!

ئەگەر قازى ۋە سوتچى بولساڭ، مەككە خەلقى بىر-بىرىگە قارشى چىقىپ، ئۇرۇشماقچى بولغان بىر پەيتتە ھەجەر ئەسۋەدنى كەبىدىكى ئورنىغا قويۇش ھەققىدە ئۇنىڭ ئادىل ھۆكمىنى ئويلا!

كۆزۈڭنى تەكرار تارىخقا بۇراپ، مەدىنىدە پەيغەمبەر مەسجىدىدە ئولتۇرۇپ قىيىنچىلىق ئىچىدىكى كەمبەغەللەر بىلەن قول ئىلىكىدە بار بايلارنى ئۆز ھۇزۇرىدا باراۋەر كۆرۈپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم بەرگەن ئۇ پەيغەمبەرگە قارا!!

ئەگەر بىر ئەر بولساڭ، ھەزرىتى خەدىچە ۋە ھەزرىتى ئائىشىنىڭ يولدىشى بولغان، ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ پاك ھاياتىغا، شەپقىتىگە، پۈتۈن ئاياللىرى ئارىسىدا بولغان مىسلىسىز ئادالىتىگە دىققەت قىل!

ئەگەر دادا بولساڭ، پاتىمەنىڭ دادىسى ۋە ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى بولغان بۇ زاتنىڭ ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىكى ئەھۋالىنى ئۆگەن!

سىنىڭ سۈپىتىڭ نىمە بولسا بولسۇن، قايسى ئەھۋالدا بولساڭ بول، ئەتىگەن-ئاخشام، ھەرۋاقىت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل بىر يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئەڭ گۈزەل بىر رەھبەر كۆرىسەن.

ئۇ شۇنداق بىر يول كۆرسەتكۈچىكى، ئۇنىڭ سۈننىتى بىلەن ھەرقانداق نەرسىنى تۈزىتەلەيسەن. يولدىن چىققان ئىشلىرىڭنى يولىغا كىرگۈزۈپ، ھاياتىڭنى ئىسلاھ قىلالايسەن. ئۇنىڭ نۇرى ۋە رەھبەرلىكى سايىسىدە ھاياتىڭ ئەگرى-توقايلىقىدىن قۇتۇلۇپ ھەقىقي بەخت-سائادەتنى تاپىسەن!

ئەگەر ئۆزەڭنى ماددىغا رام بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ روھى بايلىق ئىچىدە قەلبىڭ راھەت ياشاشنى خالىساڭ، ئۇ ئالەملەرنىڭ نۇرى بولغان پەيغەمبىرىمىز

يېتىشتۈرگەن بىلال، ياسىر ۋە سەۋبانلارنى تاپ! ئۇلار بىلەن بىرگە بول ۋە دوستلاشقىنىڭ، مۇلايىم، ئەخلاقلىق ۋە پاك بىر قەلبكە ئىگە بولىسەن. ئۇنۇتمىغىنكى، جاھىلىيەت ئىنسانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دالالىتى بىلەن ھىدايەتكە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغانلىقى ئۈچۈن راستچىللاردىن بولدى. ئەسھابى كەھفنىڭ رەختلىرىمۇ (يەنى كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ)، راستچىللارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىدىن نېسىۋە ئالغانلىقىدىن بۈيۈك مەرھەمەتكە نائىل بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى كەنئان پاسىق ۋە زالىملار بىلەن بىرگە بولغانلىقى نەتىجىسىدە ئىلاھىي غەزەپكە دۇچار بولدى. ئۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولغانلار نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىدا بوغۇلۇپ زالىملار گوروھى بىلەن بىرلىكتە ھالاك بولدى.

ئۇ ھالدا ئۆمۈر سەھىپىلىرىڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق ۋە سالىھ ئاشىقلىرى بولغان زىكىر ئەھلى بىلەن بىللە بولغان ھالدا تولدۇرۇشقا غەيرەت قىلغىنكى، غاپىللاردىن بولمايسەن!

بىلىسەنكى، ئۇنىڭ ھاياتى نادىر، ناھايىتى ئېسىل ۋە خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر گۈلىستان ئىدى.

ئۇنىڭ روھى قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغىنىدەك، جىسمانى قۇرۇلمىسىنىڭ جامالىمۇ تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ بۇ قىممىتى سەۋەبىدىن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖ وَاتَّقُوا اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ سَمٖيعٌ عَلٖيمٌ يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا لَا تَرْفَعُوٓا اَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ اَنْ تَحْبَطَ اَعْمَالُكُمْ وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ**

**تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتلىرىنى ۋە ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 1-2-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر پۈتۈن مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىسىملىرى بىلەن خىتاب قىلىنغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا "يا مۇھەممەد" دېگەن بىرمۇ خىتاب يوق. ئۇنىڭغا "يا نەبى؛ ئى پەيغەمبەر، يا رەسۇل؛ ئى ئەلچى" شەكلىدە خىتاب قىلىنغان. ئاللاھتائالا پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ بۇ ئەدەبكە رىئايە قىلىشى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:

لَا تَجْعَلُوا دُعَآءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَآءِ بَعْضِكُمْ بَعْضًا

**«(ئى مۇئمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار.»** (نۇر سۈرىسى، 63-ئايەت)

بۇ ئايەت-كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت ئىسمى بىلەن تىلغا ئېلىنىشىنىڭ، ئۈممەتلىك تەربىيىسىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن مۇقەددەس سۈپەتلىرىنىڭ بىرگە تەلەپپۇز قىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر، ئەلچى، رەسۇلۇللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھەبىبۇللاھ، پەخرى ئالەم، رەسۇل ئەكرەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن ياد قىلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا سۈرە ئەھزابنىڭ 56-ئايىتىدىكى ئىلاھىي بۇيرۇقنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئۇنىڭ ئىسىم-شەرىپى

تىلغا ئېلىنغان يەردە، ئۇنىڭغا دۇرۇت ـ سالام يوللىنىشى كېرەك. بۇ جانابى ئاللاھ پۈتۈن ئۈممەتكە بۇيرىغان بۇيرۇقتۇر. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

اِنَّ اللّٰهَ وَمَلٰٓئِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَآ اَيُّهَا الَّذ۪ينَ
اٰمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْل۪يمًا

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ) پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار. (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر.)»**

ئۇ قۇرئاننى پەقەت لەۋزى بىلەن ئۆگەتكەن بىر مۇئەللىم ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننى ھاياتىدا ياشىغان، يەنى تەتبىق قىلغان جانلىق بىر ئۈرنەك ئىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھتائالا مېنى گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتتى!» دېگەن. (مۇۋەتتا، "ھۇسنۇل خۇلۇق"، 8)

1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى يېزىلغان پۈتۈن ئىسلامىي ئەسەرلەر بىر كىتابنى، يەنى قۇرئانى ـ كەرىمنى ۋە بىر ئىنساننى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يېزىلدى. جانابى ئاللاھ پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن:

﴿لَعَمْرُكَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى﴾ (ھىجر سۈرىسى، 72) دەپ ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىش مۇھەببەت بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. پۈتۈن سىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتى بىلەن ئېچىلىدۇ. بۇمۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئەڭ گۈزەل ئۈلگە"سىدىن ئىسۋە ئېلىش، ئەپسانىي دۇنيا ئىشتىياقىدىن يىراقلىشىپ ئىبادەت ۋە مەرىپەت سىرلىرىغا ئېرىشىش بىلەن مۇمكىن. ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئىسۋە ئېلىشقا باشلىغاندا ئىلاھىي تەجەللىلەرنىڭ نۇر ۋە ھەقىقەتلىرى ئاشكارە بولۇشقا باشلايدۇ.

شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ سىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى بىلەن ئورالغان قەلبىنىڭ سىرلىرىغا كۆرە ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى بىز ئۈچۈن يېگانە "ئەڭ گۈزەل ئۈلگە" بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ھەققىدە ئاللاھتائالا قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

وَمَآ اٰتٰيكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهٰيكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا
وَاتَّقُوا اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ

**«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت)

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوٓا اَطٖيعُوا اللّٰهَ وَاَطٖيعُوا الرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓا اَعْمَالَكُمْ

**«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»** (مۇھەممەد سۈرىسى، 33 ـ ئايەت)

وَمَنْ يُطِعِ اللّٰهَ وَالرَّسُولَ فَاُولٰٓئِكَ مَعَ الَّذٖينَ اَنْعَمَ اللّٰهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيّٖنَ
وَالصِّدّٖيقٖينَ وَالشُّهَدَآءِ وَالصَّالِحٖينَ وَحَسُنَ اُولٰٓئِكَ رَفٖيقًا

**«كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە) شېھىدلار ۋە ياخشىلار**

**بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.»** (نىسا سۈرىسى، 69 ـ ئايەت)

قُلْ اِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللّٰهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّٰهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّٰهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ قُلْ اَطِيعُوا اللّٰهَ وَالرَّسُولَ فَاِنْ تَوَلَّوْا فَاِنَّ اللّٰهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ

**«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئېيتقىنكى: «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە ئاللاھ كافىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 31 ـ 32 ـ ئايەت)

وَمَنْ يُطِعِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللّٰهَ وَيَتَّقْهِ فَاُولٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ

**«ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.** (نۇر سۈرىسى، 52 ـ ئايەت)

وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ اَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَاْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلٰوةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكٰوةَ وَيُطِيعُونَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ اُولٰئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللّٰهُ اِنَّ اللّٰهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ. زاكات بېرىدۇ. ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەنە شۇلارغا**

**ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت)

مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ اَطَاعَ اللّٰهَ وَمَنْ تَوَلّٰى فَمَٓا اَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفٖيظًا

**«كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى)، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتكۈچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.»** (نىسا سۈرىسى، 80 ـ ئايەت)

اَلَمْ يَعْلَمُٓوا اَنَّهُ مَنْ يُحَادِدِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَاَنَّ لَهُ

نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدًا فٖيهَا ذٰلِكَ الْخِزْىُ الْعَظٖيمُ

**«(بۇ مۇناپىقلار) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 63 ـ ئايەت)

وَاَطٖيعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ

رٖيحُكُمْ وَاصْبِرُوا اِنَّ اللّٰهَ مَعَ الصَّابِرٖينَ

**«(پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»** (ئەنفال سۈرىسى، 46 ـ ئايەت)

شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا ئاللاھ قورقۇسى ۋە بەدىئىي تۈيغۇلىرىنى ھېس قىلغان، روھنى

نەپسانىيەتكە ئائىت پۈتۈن نەرسىلەردىن بوشاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆرنەك شەخسىيىتىدىن نېسىۋە ئېلىش يولىغا كىرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ مۇبارەك شەخسىيىتىدىن نېسىۋە ئېلىپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ ئۆتكەن بۇ ئۈممەتنىڭ سالىھ كىشىلىرى قىيامەتكە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىگە گۈزەل ئۆرنەكلەرنى كۆرسەتكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىدىن ئوزۇق ئالغان.

ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئۆزىگە قەبرىگە ئوخشاش بىر يەرنى كولىتىپ، ھاياتى ۋە ئىبادەتلىرىنى ئۇ يەردە داۋاملاشتۇرۇپ:

”بۇ ياشتىن كېيىن ماڭا تۇپراق ئۈستىدە يۈرۈش ھارامدۇر“ دېگەن بۈيۈك ۋەلى سەييىد ئەھمەد يەسەۋى پەيغەمبەر سۆيگۈسى يولىدا ئابىدىلەشكەن كىشىلەردىن بىرىدۇر. شۇڭا ئۇ ياشىغان تۇپراقلار ھۆرمەت بىلدۈرلۈش يۈزىسىدىن ”ھەزرىتى تۈركىستان“ دەپ ئاتالغان.

ۋەيسەل قارانىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوھۇدتا بىر چىشىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكى خەۋىرى بېرىلگەندە، قايسىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن چىشلىرى ئۇنىڭغا يات تۇيۇلغان. ھەممىسىنى سۆكتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇش ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىدە ئەبەدىيلىشىشىنىڭ سىرىنى بۇزىدىغان ئۇ مەجھۇل چىشنى پۈتۈن چىشلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ تاشلىغان. (پەرىئۇددىن ئەتتار، 23-بەت)

ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش بولۇشىنىڭ (يەنى پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئۇنى ئۈلگە قىلىپ مېڭىش) ھاياجانى ئىچىدە ياشىدى، مەدىنە مۇنەۋۋەردە بىر ھايۋانغا مىنمىدى. مەدىنە ھەرەم چېگرىسى ئىچىدە ھاجەت قىلىشقا چىقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەۋزەسىدە ئىمام بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا داۋاملىق تۆۋەن ئاۋاز بىلەن گەپ قىلدى. شۇ دەۋرنىڭ خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلغاندا:

"ئى خەلىپە! بۇ ئورۇندا ئاۋازىڭنى پەس قىل! ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى سەندىن كۆپ پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۈستىگە چۈشتى!" دېدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

يَآ اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تَرْفَعُوٓا اَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ اَنْ تَحْبَطَ اَعْمَالُكُمْ وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار. سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار. (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى، 2 ـ ئايەت)

يەنە ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان مەدىنە ۋالىيسىنى كەچۈرۈپ:

"مەھشەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولغان بىر زاتقا دەۋاچى بولۇشتىن ھايا قىلىمەن!" دېگەن.

بەزمى ئالەم ۋالىدە سۇلتان:

مۇھەببەتتىن مۇھەممەد بولدى ھاسىل،
مۇھەممەدسىز مۇھەببەت بولماس ھاسىل!

دەپ، روھىنىڭ غىزاسىنىڭ پەقەت رەسۇلۇللاھ مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى يارقىن ئىپادىلىگەن.

ئاشىق يۇنۇسمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:

ئىزدەپ، ئىزدەپ تاپسام ئىزىنى،
ئىزىنىڭ توپا ـ چاڭلىرىغا سۈرسەم يۈزۈمنى،
ھەق نەسىب ئەيلىسە كۆرسەم يۈزىنى،
ئى مۇھەممەد جېنىم ئارزۇلايدۇ سېنى.

شائىر نابى 1678-يىلى دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەج سەپىرىگە چىقىدۇ. كارۋان مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا نابى ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇيقۇسىز بىر ھالغا كېلىدۇ. كارۋاندا بولغان بىر ھەربى قوماندانىنىڭ پۇتىنى غەپلەتتىن مەدىنە مۇنەۋۋەر تەرەپكە قارىتىپ سوزغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال قاتتىق تەسىر قىلغان نابى شۇ بېيىتنى يېزىشقا باشلايدۇ.

بامدات نامىزىغا يېقىن كارۋان مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېقىنلاشقاندا نابى يازغان بېيىتنى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ مۇنارلىرىدىن ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ:

تەرك ئەتمە ئەدەبنى سەن خۇدانىڭ مەھبۇبىدۇر بۇ،

نەزەرگاھى ئىلاھىدۇر، ماقامى مۇستاپادۇر بۇ!

(ئى نابى! بۇ دەرگاھقا ئەدەب قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا كىر! بۇ يەر، پەرىشتىلەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بوسۇغىسىنى ئەدەب بىلەن سۆيگەن مۇبارەك بىر ماقامدۇر)

بۇ ئەھۋال ئالدىدا قاتتىق ھاياجانلانغان نابى شۇ ھامان مۇئەززىننى تېپىپ:

"بۇ بېيىتنى كىمدىن ۋە قانداق ئۆگەندىڭىز؟" دەپ سورايدۇ.

مۇئەززىن:

"بۇ كېچە چۈشۈمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە:

«ئۈممىتىمدىن نابى ئىسىملىك بىر شائىر مېنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇ زاتنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر. بۇ ئاشىقى سەۋەبلىك ئۇنى مەدىنە مۇنارلىرىدىن ئۆز بېيىتى بىلەن كۈتۈۋېلىڭلار!» دېدى، شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىدۇق" دەيدۇ.

نابى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. ئۇ ھەم يىغلايدۇ ھەم شۇلارنى سۆزلەيدۇ:

"دېمەك، مېنى ئالالھنىڭ پەيغەمبىرى "ئۈممىتىم" دېدى! دېمەك ئىككى جاھاننىڭ قۇياشى مېنى ئۈممەتلىككە قوبۇل قىلدى!"

مەۋلىد مۇئەللىپى سۇلايمان چەلەبى:

”ئەجەپ بىر نۇركى قۇياش پەرۋانىسى“ دېگەن مىسراسى بىلەن قۇياشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرۋانە بولۇپ ئەتراپىدا ئايلانغانلىقى، يەنى مەدەنلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن!

”ئاشىقىم“ ئىمزاسى بىلەن يازغان قانۇنى سۇلتان سۇلايمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق يالۋۇرىدۇ:

ئالەمنىڭ نۇرىسەن بۇگۈن، ھەمدە مەھبۇبى خۇدا،
ئەيلىمە ئاشىقلىرىڭنى بىرلەھزە، ئىشقىڭدىن جۇدا

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

”مەن مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە يۈرەتتىم. بىر كۈنى بىرلىكتە مەككە سىرتىغا چىقتۇق. بىز ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر تاش، دەرەخ: ”دۇرۇت ۋە سالام ساڭا بولسۇن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى!“ دەپ، سالام بەردى“. (تىرمىزى، "مەناقىب"، 6/3626)

مەدەنلەردىكى بۇ سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ باشقا بىر نامايەندىسىمۇ مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىملىق سەپىرىدە ئۇچراشقان بىر بەدەۋىگە تەۋھىدنى تەبلىغ قىلدى. بەدەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەۋىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە بىر دەلىل تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى بىر دەرەخنى ئىشارەت قىلىپ يېنىغا چاقىردى. دەرەخ دەرھال پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ تۇپراقتىن قومۇرۇلغان پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۈچ قېتىم كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. كېيىن يەنە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتتى (ۋە ئەزەلدىن قومۇرۇلۇپ باقمىغاندەك ئۆز ھالىتىگە كەلدى. بۇ مۆجىزىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ تۇرغان بەدەۋى قەۋمىگە قايتىش ئالدىدا مۇنداق دېدى:

"ئەگەر قەۋمىم ماڭا ئەگەشسە، ئۇلارنى سېنىڭ يېنىڭغا ئېلىپ كېلىمەن، ئەكسىچە بولغاندا مەن قايتىپ كېلىپ سېنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن" (ھەيسەمى، 8-جىلد، 292-بەت)

جانسىز مەدەنىيەتلەرلا ئەمەس، ھايۋانات ۋە باشقا جانلىقلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ، ئىتائەت قىلاتتى. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بىر سەپەردىن قايتىۋاتاتتۇق. مەدىنىدە بەنى نەججارنىڭ باغلىرىغا كەلگىنىمىزدە، باغلارنىڭ بىرىدە ھېچكىمنى ئىچىگە كىرگۈزمەيۋاتقان، كىرمەكچى بولغان كىشىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىر تۆگە بارلىقىنى بىلدۇق. ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەندە ئۇ باغقا باردى، ھېچكىمنى يېنىغا يېقىنلاشتۇرمىغان ئۇ تۆگىنى يېنىغا چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۆگە كالپۇكى يەرگە تېگىپ قالغىدەك دەرىجىدە بېشىنى ئېگىپ يېنىغا كېلىپ، ئالدىدا يەرگە چۆكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ماڭا بىر تانا ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى.

كەلتۈرۈلگەن تانىنى تۆگىنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇردى. كېيىن ئۇ يەردىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

«جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىسيانكارلىرىدىن باشقا، ئاسمان-زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقات مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ» (ئەھمەد، 3-جىلد، 310-بەت)

شۇنى ئويلىشىمىز كېرەككى، جانسىز مەدەن ۋە ھايۋاناتلاردىكى بۇ چوڭقۇر مۇھەببەتكە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئەجىبا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك تەسلىم بولالايمىز؟ ئۇنىڭ يولىدا قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتەلەيمىز؟!

بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قانچىلىك موھتاجمىز. شائىر: ”تۇر ئى ئالەملەرنىڭ خوجىسى، قىيامەت بولماقتىدۇر!“ دەپ، تەسۋىرلىگەن پىتنە-پاسات تولغان بىر زامان ئىچىدىمىز![365]

دۇرۇتلىرىمىز، يەنى ئۇنىڭ بىلەن سالاملىششىمىز ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىز بىز ئۈچۈن بۈيۈك بىر تەسەللى!

ساپ كۆڭۈللۈك مۆئمىنلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھانىيىتى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشنى دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك نېمىتى دەپ قاراپ ئىلاھىي لەززەتلەرگە غەرق بولدى..

بىز بۇ يەردە سۆزلەرنىڭ چەكلىك ئىپادىلەش ئىمكانلىرى بىلەن خۇلاسە قىلىشقا تىرىشۋاتقان بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىككى جاھان قۇياشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىدراكىمىزغا تامچىلىغان شەبنەملىرىدۇر. داۋاملىق ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ سىرى ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، يەنى گۈزەل ئەخلاقىغا سەممىي قەلب بىلەن يېقىنلىشىش، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ياخشى كۆرگەنلەرگە مۇھەببەت، ئەكسىلىرىگە نەپرەت قىلىشتۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئالىي جەننەت بىلەن ئەڭ چوڭقۇر دوزاخ ئارىسىدەك يىراقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېسسىياتىدىن (نەپەسلىرىگىچە بولغان ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن) پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي ئۇنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا زىت بولغان نەرسىلەرگە نەپرەت قىلىشتۇر.

تارىختىن بۇيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدىن نېسىۋە ئالغان مۆئمىنلەر ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇقەددەس تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ، ئىنسانىيەتكە يول كۆرسىتىدىغان مەشئەل بولدى.

368. بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يەتكەن غەرپلىك مۇتەپەككۇر بېرناد شوۋ مۇنداق دەيدۇ: قاتمۇ-قات قىينچىلىقلارنى ئۈستىمىزنى بېسىۋالغان كۈنىمىزدە پۈتكۈل مەسىلىلەرنى راھەت ۋە ئاسان ھەل قىلىدىغان ھەزرىتى مۇھەممەدكە ناھايىتى موھتاجمىز.

مانا بۇ ئاجىز بىر مۆئەللىپنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتى ھەققىدە ئىدراكىغا ۋە ئۇ ئىشلىتەلىگەن سۆزلەرنىڭ چەكلىك ئىپادىلىرى ئىچىگە سىغقانلار...

ئېتىراپ قىلىمىزكى، بۇ ئەسەرنىڭ سۆز شەكلىدە قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنغانلىرى چەكسىز بىر ئوكياندىن بىر قانچە تامچا ئورنىدىدۇر. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىپادىلەر چوڭقۇر بىر سۆكۈتنىڭ ھەيۋەتلىك ئىشىكى ئالدىدا ئاخىرلاشتى.

ئى ئاللاھ! سۆزلەرنىڭ چەكلىك ئىپادىلەش ئىمكانلىرى بىلەن بايان قىلىمىز دەپ، جۈرئەت قىلغان بۇ ئاددىغىنە ئەسەرنى بىز ئۈچۈن رەھمەت ۋەسىلىسى قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىدىن نېسىۋە ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن! بىزنى مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى ۋە مەنبەسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە نائىل قىلغىن!

ئامىن!

# ئاخىرقى سۆز

ئىسلام جاھانشۇمۇل بىر دۇنيا قاراش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا قانۇن، ئەخلاق، ئىقتىساد قاتارلىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتنى رەتكە سالىدىغان پۈتۈن ئىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ بولۇشى تەبىئىدۇر. بۇ تۈزۈملەر ئاددىدىن مۇكەممەلگىچە، ئاشكارىدىن مەخپىيغىچە ھەر مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى زۆرۈردۇر. بۇ ئىسلامى ھۆكۈملەردىن بىر قىسمى ھەممە كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئاددى مەسىلىلەر بولسا، بەزى ھۆكۈملەر يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەرنىمۇ ئاجىز قالدۇرىدىغان چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەتلەردۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن بۇنداق مەسىلىلەرنى كەڭ دائىرىدە شەرھىلىمەي خىتاب قىلىۋاتقان بۇنداق بىر كىتابنى قولغا ئېلىپ مۇتالىئە قىلىشتىكى قىيىنچىلىقنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ ئىش بىر قاراشتىن تىك تاغلارغا يامىشىش ۋە ئىگىز دۆڭلۈكلەرگە چىقىشتا ئۇسسۇزلۇقتا چىداشقا بەل باغلاش دېمەكتۇر. چېكىش ۋە ئېنىق ھەقىقەتلەرنى ئىلىم ۋە تىلنىڭ ئىمكانلىرى ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىش كۆپلىگەن كىشىلەر ۋاز كەچمىگەن بىر ئىش بولسىمۇ، بۇنىڭدا كامىل مەناسى بىلەن بىر مۇۋەپپىقىيەت قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەسىلىلەر ئىنساننىڭ تاقىتى چېگرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تامامەن قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن بولمىغان نەرسىنىڭ تامامەن تەرك ئېتىلمەيدىغانلىقى، يەنى قولغا كىرگۈزۈلگەندىن ۋاز كېچىش تەلەپ قىلىنمايدىغانلىقىمۇ ئىسلامىي بىر ھۆكۈمدۇر. مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىزنىمۇ بۇنىڭغا رىئايە قىلغانلار قاتارىدا قوبۇل قىلىپ بايان قىلىش جەھەتتىكى نوقسانلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا شۇنى ئىپادىلەيلىكى، ئىنسانىي ئىدراك ۋە مۇھاكىمە بىز بۇ ئالەمدىن ئالغان ئۇچۇرلار بىلەن جەريان قىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن ئېيتقاندا، مۇتلەق مەنادا كۆرۈلۈشى ئىمكانسىز بولغان چېگىش ۋە ئېنىق ھەقىقەتلەر ئۈچۈن خاتالاشماسلىق ياكى ئۇلارنى ھېچبىر نۇقسانسىز چۈشەندۈرۈش قانداق مۇمكىن بولمىسا، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ مۆجىزىسى بولغان كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتى ۋە بۈيۈك ئاللاھنىڭ تەجەللىسى بولغان قۇرئان جەۋھىرىنىڭ ئىنسان تاقىتى بىلەن مۇكەممەل چۈشىنىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈلىشمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەستۇر. دەرۋەقە، جەننەت، جەھەننەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرلەر ئەسلى پەقەت ئاللاھتائالانىڭ ئىلمىدە بولغان بىر كەيپىياتنىڭ بىزنىڭ ئىدراكىمىزغا كۆرە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. دىنىنىڭ پۈتۈن مېتافىزىك ھەقىقەتلىرى ھەققىدە ئەقىل ۋە ساغلام قەلب بىلەن قىلىنغان ھۆكۈملەر توغرىدۇر، لېكىن كەمچىلدۇر. توغرىدۇر: بۇ ئالەمدىن ئېلىنغان ئۇچۇرلارغا كۆرە چۈشەندۈرۈلىشى ۋە ئىدراكى پەقەت بۇ قەدەردۇر. كەمدۇر: چۈنكى بۇ ئالەمدە كۆرۈلۈپ تونۇۋاتقان ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان كەيپىياتلار بىلەن ئۇلارنى قىياس زېمىندا ئىشلىتىپ چۈشەنگەن ۋە شۇنداق دەپ سانىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتلەر ئۈچۈن، باشقا بىر ئىدراك، باشقا بىر ئىمكانىيەت كېرەك. مەسىلەن: "ئاللاھنى كۆرۈش" ئەجەبا ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئۈچۈن بولىدىغان بۇ كەيپىياتنىڭ "كۆرۈش" كەلىمىسى ئىچىدە ئىپادىلىنىشى كەمچىل ئەمەسمۇ؟ چارىسىز كەمچىل، لېكىن چۈشەندۈرۈلىشى ئۈچۈن بىر زۆرۈرىيەتتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار بۇ چەكسىز ھەقىقەت ئوكيانىغا چۆكتۈرگەن قاچا ئېلىپ چىققان نەرسىدىن باشقا بىر نەرسىنى ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر ئىستاكانغا بىر دەريانى سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك. تىلىمۇ بىر قاچا، مېڭىمۇ بىر قاچا، كۆرۈش جەھەتتە كۆزمۇ بىر قاچا ۋەھاكازا... داۋاملىق ئاجىزلىق!

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە ئىنسان ئىدراكى بىلەن چۈشىنىلىشى مۇمكىن بولمىغان بۈيۈك قۇدرىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قُلْ لَوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِكَلِمَاتِ رَبّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ
قَبْلَ اَنْ تَنْفَدَ كَلِمَاتُ رَبّي وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا

**«ئېيتقىنكى: پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ.»** (كەھف سۈرىسى، 109-ئايەت)

شۇنى ئويلاش كېرەككى، ھېسابسىز ۋە چەكسىز ئىلاھىي سەلتەنەت ۋە قۇدرەت ئالدىدا ئىنسان قاچىسىنىڭ ھەجمى قانچىلىك؟

يەنە كېلىپ ئىدراك ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەقىقەت تەھدىتكە ئۇچرىمايدىغۇ!

يەنە بىر تەرەپتىن ھەر كەلىمە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا، ئۇنى ئىپادىلىگۈچىنىڭ ئىدراكىغا كۆرە بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھالبۇكى، بەزى چۈشەنچىلەر ئىچى چەكسىز چوڭقۇر. مەسىلەن: ئاللاھ، كائىنات، روھ قاتارلىقلار... بۇلارنى سۆز ۋە يازمىلىرىدا قوللانغانلار ئۆز ئىدراكىدىكى چۈشەنچىسىگە كۆرە چوڭقۇرلۇقتا چۈشەنەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىنىمۇ بۇنىڭغا قىياس قىلىش كېرەك.

مانا بۇنىڭغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر چوڭقۇرلۇقتا ئەگە بولغان چۈشەنچىلەردىن بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىدۇر. ئۇ ئىسىملاردىكى مەنالارنى نەقىل قىلىشتىكى ئاجىزلىقىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەقىل قىلغانلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى رەببىمىزنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ ئەھۋالدا ھەقىقەتنى چۈشىنىش ھەققىدە ئەڭ كەڭ ئىمكانغا ئىگە بولغان سۆكۈتكە قايتىپ سۆزنى بۇ يەردە تۈگىتىشكە مەجبۇرمىز.

پۈتۈن چارىسىزلارنىڭ يېگانە چارىسى ئاللاھتائالادۇر!

ئاجىزلىق ئوكيانىدا قۇتقاز يارەببى!